

(1)

# مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىن تاللانما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

WIDENER LIBRARY
HX EFII T

ISBN 7-228-05081-9

9 787228 050819 >

ISBN7 - 228 - 05081 - 9
I.1894(民文)定价:16.00 元

# مەشتىمەن ھوشۇر

# ھېكايىلەردىن تاللانما

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


1. نەي ئاۋازى ........................ 1
2. ئاخىرقى سىناق ........................ 14
3. ئىككى پارچە خەت ........................ 35
4. يىراقتىن يېزىلغان خەت ........................ 46
5. شەھەرگە كىرگەن بالا ........................ 55
6. گۈللىگەن دالا ........................ 58
7. بۇ چۈش ئەمەس ........................ 76
8. هاراق توغرىسىدا ھېكايە ........................ 110
9. بوغا ........................ 135
10. ئۆلۈككە خەت ........................ 140
11. «تەكشۈرۈش» ........................ 170
12. شاھ ۋە قاغا ........................ 174
13. ئايخان ........................ 195
14. دوستلار سۆھبىتى ........................ 217
15. بۆرى جىلغا ........................ 225
16. تەييا باي ........................ 244
17. «مۇساپىرلار قاۋىقى»دا ........................ 274
18. ئاتاقلىق ئەدىب، مېھرىبان ئۇستاز ........................ 295
19. ئاخىرقى سۆھبەت ........................ 311
20. ئۇنتۇلماس كۈنلەر ........................ 321
21. ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس ........................ 350

# نەي ئاۋازى

سىز «قىز بالىمۇ نەي چالامدۇ؟» دەرسىز. نەي چېلىپ پادا بېقىۋاتقان قىزنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

گۇڭشې مېنى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن خەۋەر يېزىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى ئەترەتكە ئەۋەتكەنىدى. بۇ ئەترەت ئىلى دەرياسى بويىدىكى كۆركەم بىر يېزىغا جايلاشقان بولۇپ، گۇڭشېمىزنىڭ ئىلغار ئەترەتلىرىدىن ئىدى. پېشقەدەم ئەترەت باشلىقى مەرۇپكام ئىككىمىز ئېتىزلارنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ، دەريا يېنىدىن چىقىپ قالدۇق. شۇ چاغدا دەريا تەرەپتىن كەلگەن يېقىملىق نەي ئاۋازى دىققىتىمنى جەلپ قىلدى.

— كىم چېلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن توختاپ.

— بىزنىڭ پادىچى قىزىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى مەرۇپكام.

— پادىچى قىز؟!

«پادىچى» دېگەندە مەن نان خالتىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، قولىدا پادا تايىقى تۇتقان، پۇشقاقلىرىنى ئېگىز قىلىپ تۈرۈۋېلىپ، يالاڭئاياغ كېتىپ بارغان ئوغۇل بالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. لېكىن، هازىر كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ هەيران بولدۇم، تۆۋەندە ئىلى دەرياسى يېيىلىپ ئېقىۋاتاتتى. سۇ بويىدىكى يېشىل ئوتلاقتا بىر توپ سىيىر ئوتلاپ يۈرەتتى. بىر قىز دەرياغا قاراپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ئاياغ يول

ئۇستىدە تۇرۇپ زوق بىلەن نەي چېلىۋاتاتتى.

مەرۇپكام بىلەن ئىككىمىز ئېتىز قىرىدىكى چۆپلۈك ئۇس-
تىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتۇق.

— سىز بۇ قىزىمىز توغرىسىدائاڭلىمىغانمۇ؟ — دەپ
سورىدى مەرۇپكام تېگىرقاپ قالغىنىمغا قاراپ كۈلۈپ.

— ياق، ئاڭلىماپتىكەنمەن، نەي چېلىپ، پادا باقىدى-
غان قىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم، — دەپ ئىقرار بولدۇم
مەن.

— بۇ ئەرلەردەك جىگىرى بار قىز، — دېدى ئۇ، — ئۇ
مۇشۇ يېزىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، كېيىن 8 - سىنىپقىچە
ئوقۇپ، يەنە يېزىغا قايتىپ كەلدى. مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ،
ئۆزىگە ئىش بېرىشنى سورىغاندا، مەن ئۇنىڭغا: «قىزىم، سەن
يەنە ئوقۇمامسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «مەرۇپ تاغا، هازىر
ئوقۇشنىڭ مەززىسى قالمىدى، بولدى، مەن ئەمدى ئىشلەيمەن»
دەپ چورتلا ئېيتتى. بۇ بەش — ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپ.
ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن باللارنىڭ ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇپ كەت-
كەنىدى. كېيىن، ئۇ بىزگە ئەزالارنىڭ سۈت مەسىلىسىنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن ئەترەتكە بىر قانچە سېغىن كالا سېتىۋېلىشنى
تەكلىپ بەردى. بىز قېتىلدۇق. شۇ يىلى نەسىللىك سىيىردىن
ئۈچنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى سېغىش ئىشىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە
تاپشۇردۇق، لېكىن ئۇ كالىلارنى سېغىشنىلا ئەمەس، ئۇلارغا
يەم بېرىش، پادىغا ئاچچىقىشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ-
دىن بېرى مانا بەش يىل بولدى، كالىلار هازىر چوڭ — كىچىك
بولۇپ ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتتى. هازىر بۇ كالىلارغا بىر قانچە
كىشى قارايدۇ، لېكىن ئۇلارنى پادىغا ئېلىپ چىقىش ئىشىنى
ئۇ هازىرغىچە ئۆزى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

— چوڭ بولۇپ قالغان قىزغا بۇ ئىش تازا قاملاشماس، —
دەپ سۆز قىستۇردۇم مەن.



— ئۇ بويىل يىگىرمىگە كىردى، — دېدى مەرۇپكام
بارماقلىرى بىلەن ھېسابلاپ، — مەن ئۇنىڭغا: «گۆھەر، پادا
بېقىشنى ئەمدى بولدى قىلساڭ بولارمىكىن، سېنى ئالىدىغان
يىگىت پادىچىكەن، دەپ ياراتماي يۈرمىسۇن» دېسەم، ئۇ ماڭا
قاراپ كۈلۈپ: «مەيلى، پادىچى قىزغا لايىق چىقمىسا ماڭا
چىقمىسۇن» دېدى. بۇ شەيتان قىزنىڭ سۆزىدە مەنە بار. بۇنداق
پادىچى قىزنى گەر ئالمايدىغان ئىش نەدە بولسۇن، يېزىمىزدىكى
ھەممە يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا.

دەريا تەرەپتىن ئۇرغان سالقىن شامال نەي ئاۋازىنى بىردە
كۆچەيتىپ، بىردە قاياقلارغىدۇر ئېلىپ قاچاتتى. مەرۇپكام
قولىدىكى تاماكىسىنى بىر قانچە نۆۋەت قاتتىق-قاتتىق تارتتى —
دە، قۇلىقىنى دەريا تەرەپكە تۇتۇپ، نەي ئاۋازىغا دىققەت قىلدى
ۋە ماڭا:

— گۆھەر هازىر كالىلارنى يىغىۋاتىدۇ، -دېدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىدىم، راست دېگەندەك نەي
ئاۋازىغا ئەگىشىپ، ئەتراپقا تاراپ كەتكەن كالىلار ئاستا — ئاستا
قىزغا قاراپ مېڭىپ كېلىشمەكتە ئىدى.

— قىزىق گەپ، نەي چالسا كالىلار يىغىلامدۇ؟ — دەپ
سورىدىم تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

— ھە، ئۇ كالىلىرىنى شۇنداق ئۆگەتكەن، — دېدى مە-
رۇپكام خاتىرجەم هالدا، -بۇ پادىچىلىقنىڭ سىرى. بۇ قىزنىڭ
دادىسىمۇ تەجرىبىلىك مالچى ئىدى. ئۇ مال باققان چاغلاردا بۇ
بىرتال قىزىنى ئوغۇلچە ياساپ، ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى. گۆھەر
نەي چېلىشنى كىچىكىدە دادىسىدىن ئۆگەنگەن. ئۇ يازلىق يىغىم
ئىشلىرى ئالدىراش بولغان بەزى چاغلاردا كالىلىرىنى دەريا
بويىغا ھەيدەپ كېلىپ، نەيىنى بىر خىل ئاھاڭغا چالىدۇ،
قارىسىڭىز ئۇنىڭ كالىلىرى ئۆزۈپ، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئا-
رالغا ئوتلاشقا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزى ئېتىز ئىشلىرىغا ياردەم-

لىشىدۇ. كەچكە يېقىن، قىرغاقتا تۇرۇپ نېمىنى يەنە بىر خىل
ئاھاڭغا چالىدۇ، قارىسىڭىز ئۇنىڭ پادا ئىتى كاللىلارنى باشلاپ
يەنە ئۈزۈپ بۇ تەرەپكە ئۆتىدۇ....

«كارامەت ئىشكەن!» دەپ ئويلىدىم مەن، شۇ چاغدا ئىت-
نىڭ «ھاۋ»، «ھاۋ» قىلغان ئاۋازى مېنى چۆچۈتىۋەتتى، مە-
رۇپكاممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئالدىمىزدىن يوغان ئاق ئىت
بىزگە قاراپ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ئارقىدىن بىر قىزنىڭ
«ئاقۋاي، قايت!» دەپ ۋارقىرىغان ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى —
دە، ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ دەرھال ئارقىغا چېكىندى.

مەن دەريا تەرەپتىن ھۇرۇنلۇق بىلەن قەدەم ئېلىپ چىقىۋاتقان
كاللىلارنى كۆردۈم. تويۇپ قورساقلىرى دومبايغان، سىمىزلىك-
تىن تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان بۇ چوڭ سىيىرلارنىڭ كەينىدىن
ئۈستىگە ئاق كوپتا، قارا يوپكا، پۇتىغا يېنىك باشماق كىيىپ،
چاچلىرىنى بېشىغا تۈرمەللەپ، نېپىز ياغلىق بىلەن مەھكەم
چىگىۋالغان بىر قىز كېلىۋاتاتتى. قىزنىڭ كىيىملىرى ئاددىي
ۋە پاكىز بولۇپ، بۇ ئاددىيلىق ۋە پاكىزلىق ئۇنىڭ تولغان
چىرايىنى تېخىمۇ ئېچىپ تۇراتتى، قىز بىزگە يېقىنلاشقاندا
ئەدەپ بىلە سالام بەردى.

— ھارما قىزىم! — دېدى مەرۇپكام ئۇنىڭغا قاراپ
كۈلۈپ، — ئىتىڭ بىزنى تونىماس بولۇپ قالدىمۇ، نېمە؟
چىشلىۋالغىلى تاسلا قالدى.

— مەرۇپ تاغا، سېنىڭغۇ تونۇيدۇ، بۇ مۇخبىر ئاكىمىزنى
نەدىن تونۇسۇن؟ — دېدى قىز ماڭا قاراپ سەدەپتەك ئاپئاق،
تەكشى چىشلىرىنى ئېچىپ، — قەدىمىڭىز قانداقلارچە بىزنىڭ
بۇ چەت يېزىمىزغا يېتىپ قالدى؟

— سىز مېنى تونۇمسىز؟ — دېدىم مەن.

— نېمىشقا تونۇماي، سىز بولتۇر گۇڭشېدا بىزنى سۈرەت-
كە تارتقان ئەمەسمىدىڭىز؟!



ھە! ئېسىمگە كەلدى. بۇلتۇر ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ ئەم-
گەك نەمۇنىچىلىرى گۇڭشې رەھبەرلىرى بىلەن بىللە سۈرەتكە
چۈشكەنىدى. شۇ چاغدا بۇ قىزمۇ بار ئىكەن ـ دە.

قىز قولىدىكى قامچىسىنى «قارس» قىلىپ سىلكىدى ـ
دە، ئارقىدا قالغان بىر ـ ئىككى كالىنى قوغلاپ يېنىمىزدىن
ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قارىغىنىمدا ئۇمۇ
بىز تەرەپكە قارىغانىكەن، كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ-
نىڭ بۇلاقتەك بىر جۈپ قارا كۆزى كۈلۈپ تۇراتتى.

قايتىپ كېلىپ، ئالبومىمدىن بۇلتۇر ئەمگەك نەمۇنىچىلە-
رى كوللېكتىپ چۈشكەن سۈرەتنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى خىلمۇ-
خىل كىشىلەر ئارىسىدىن ھېلىقى كۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ قارا
كۆزنى ئوڭايلا تاپتىم. سۈرەتكە قاراپ بۇ قىزنىڭ دەريانىڭ
ياپيېشىل قىرغاقلىرىدا يۈرۈپ، نەي چېلىپ پادا باقىدىغانلىقىنى
ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. سۈرەتتە ئۇ ئىككىنچى قا-
تارنىڭ ئەڭ چېتىدە، بىر قولىنى سەل ئارقىغا قىلىپ، كۆكرى-
كىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئۇزۇن بىرتال چېچىنى ئالدىغا تاشلاپ،
خۇددى سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىشقا تەمشىلىۋاتقان
ئارتىسلاردەك تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. بەللىك ئاددىي پۇرمە
كۆينەك ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقا-
نىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەن پادىچى قىزنى خۇددى شۇ
ئاددىي پۇرمە كۆينەك بىلەن سەھنىدە كۆردۈم.

ئەترەتنىڭ تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ئەزالارغا ئويۇن كۆرسى-
تىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ سەھنىسى ـ ئاشۇ كەڭ ئېتىز بولۇپ،
بەشلا كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ تەشۋىقاتچىلارنىڭ ئارقىسىدا
بىپايان بۇغداي دېڭىزى دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىردىنى-
بىر سازى ئاشۇ نەي ئىكەن. لېكىن، بۇ بىر نەي ئاۋازى بىلەن
بەش كىشى ئېتىز بېشىدىكى ئەللىكتىن ئوشۇق ئادەمگە خىلمۇ

خىل ئومۇرلارنى كۆرسىتىۋاتاتتى. «بۇ خىسلەتكە باي نەي
ئىكەن» دەپ ئويلىدىم، ئۈچىنچى ئەترەتكە كەلگەندىن بېرىكى
مۇشۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى،
گويا بۇ يېزىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا ئاشۇ ئاجايىپ نەيىنىڭ ئاۋازى
سىڭىپ كەتكەندەك ئىدى. تاڭ سەھەردىلا بۇ نەي ئاۋازى يېزىغا
يىراقتىن ئاڭلىنىدىكەن. قارىسىڭىز يېڭى سېغىلغان سۈتلەر
بېسىلغان ھارۋىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، نەي چېلىپ مەھەللىگە
كىرىپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆرىسىز. نەي ئاۋازى بىلەن تەڭ
ئەزالار تەرەپ - تەرەپتىن چىقىشىپ، ئۇنىڭدىن سۈت ئالىدى-
كەن، ئاندىن بۇ سۈتلەر نەي ئاۋازى بىلەن بىللە باللار باغچى-
سى، ئېتىز بېشىدىكى ئاشخانىلارغىچە يەتكۈزۈلىدىكەن. ئاندىن
يەنە بۇ نەي ئاۋازى سىيىرلارنى ئېتىزلار ئارىلىتىپ، دەريا بويىغا
ئېلىپ ماڭىدىكەن. سىيىرلار دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئاراللارغا
ئۈتكۈزۈۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ نەي ئاۋازى يەنە ئىش مەيدانلى-
رىدا ياڭرايدىكەن. پاھ! نېمىدېگەن يېقىملىق، نېمىدېگەن جا-
راڭلىق، نېمىدېگەن مۆجىزىلىك نەي ئاۋازى - ھە؟
مەن مەرۇپكامغا ئويلىغانلىرىمنى ئېيتتىم، ئۇ بېشىنى
لىڭشىتىپ، مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ كەتتى.
— سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا، بۇ نەي ھەقىقەتەنمۇ قال-
تىس، ئۇنىڭ ئاۋازى راستتىنلا خاسىيەتلىك. بىز مۇشۇ سى-
يىرلارنى سېتىۋېلىپ ئىككىنچى يىلى، — دەپ ھېكايە قىلدى
مەرۇپكام - بىر قىسىم كىشىلەر: «ئەترەتنىڭ قوشۇمچە كەسپى-
نى تۇتۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ جار سالدى ۋە سىيىرلارنى
سويۇپ يېۋېتىش شاماللىنى چىقاردى. بىز بۇنىڭغا قوشۇلمى-
دۇق. لېكىن، بىزنىڭ بىر تەجرىبىسىز ياش ئەترەت باشلىقىمىز-
مۇ تەۋرىنىپ، سىيىرلارنى سويۇش تەرەپدارى بولدى. ئاخىر
بىز بۇ مەسىلىنى ئەزالار چوڭ يىغىنىغا سالدۇق. ئەزالار غۇلغۇلا
قىلدى. يىغىندا بىزنىڭ پادىچى قىزىمىز گۆھەر سۆز ئېلىپ،



ئەترەتنىڭ سېغىن كالىلارنى بېقىشىنىڭ ئەزالارنىڭ، باللارنىڭ
سۈت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى پايدىسىنى، ئەترەتكە بولى-
دىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئەزالارغا ئىنچىكە ھېسابلاپ كۆرسەت-
تى. نەتىجىدە مۇتلەق كۆپچىلىك ئەزالار ماللارنى سويۇشقا بىر-
دەك قېتىلمىدى. شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ئىككى
بۇزۇق ئوغرىلىقچە كالىلار تۇرغان ئېغىلغا كىرىپ، كالىلارنى
ھەيدەپ مېڭىپتۇ. لېكىن، ئۇلار سىيىرنى ئەمدىلا ئېغىل قورا-
سىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشىغا، ئارقىدىن كۈچلۈك نەي ئاۋازى
كۆتۈرۈلۈپتۇ. كالىلار نەي ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەن ئارقىغا
تىرەجەپ، زادىلا ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ، ئوغرىلار ئۇرۇپ - سۆرەپ-
مۇ بىر قەدەم سىلجىتالماپتۇ - دە، ئامالسىز تاشلاپ قېچىشقا
مەجبۇر بوپتۇ.
يەنە بىر قېتىمدا، بىزنىڭ يېڭىدىن سېتىۋېلىپ كەلگەن
بىر نەسىللىك بۇقىمىز تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. گۆھەر ئۇنى
سىيىرلار بىلەن قېتىپ ئارالغا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىكەن. بۇقا شۇ
يەردە كالىلاردىن ئايرىلىپ كېتىپ قاپتۇ. بىز دەريا ئەتراپىنى
ئىزدەپ تاپالمىدۇق. گۆھەر «بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىم،
ئەسلىدە، يېڭى مالنى ياخشى ئۆگىنىۋالغۇچە بىرئاز ۋاقىت قويۇپ
بەرمەسلىك كېرەك ئىدى» دەپ يىغلىغۇدەك بولدى. بۇ بۇقىنىڭ
كېچىچە تېپىلمىسا، يامان ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى-
دىن ئەنسىرەپ، تازا جىلە بولدى. بۇ چاغدا، كەچ كىرىپ
قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا بۇزۇلۇپ، سىم - سىم
يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىدى. مەن گۆھەرنىڭ رايىغا بېقىپ،
ئۇنىڭغا 4-3 خەلق ئەسكىرى يىگىتلەرنى قوشۇپ بەردىم. «يى-
راققا بارماڭلار، يېقىن ئەتراپلارنى يەنە بىر ئىزدەپ كۆرۈڭلار،
تېپىلمىسا ئەتە ئىزدەيمىز» دېدىم. يېرىم كېچە بولغاندا، يىگىت-
لەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلدى، قارىسام گۆھەر يوق. يىگىت-
لەر: «ئۇ بىزنى بىر قانچە تەرەپكە ئىزدەشكە بۆلۈۋېتىپ، ئۆزى

ناشىۋل بويلاپ يۇقىرىلاپ كەتكەن» دېيىشتى. مەن بۇ قىزدىن ناھايىتى ئەنسىرىدىم، يامغۇر كۈچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ يۇقىرىلاپ كەتكەن بولسا نەگە بېرىشى مۇمكىن؟ بىز ئۇ بۇقىنى تاغ تەرەپتىكى فېرمىدىن سېتىپ ئالغانىدۇق. ئۇ بۇقىنى كونا ئورنىغا كېتىپ قالدىمۇ، قانداق؟ دەپ شۇ فېرمىغا ئىزدەپ كەتكەندىمۇ؟ . . . فېرما بىلەن يېزىمىزنىڭ ئارىلىقى ئاز يول ئەمەس. مۇنداق بىر يامغۇرلۇق قاراڭغۇ كېچىدە يالغۇز بىر قىز ئۇ يەرگە راستىنلا كېتىپ قالغاندىمۇ؟ دەپ ئەنسىرىشىم تېخىمۇ كۈچەيدى. بىر ئاتنى ياۋداقلا مىندىم - دە، ئۇنى ئىزدەپ ماڭدىم، فېرمىغا يېتىپ بېرىپ، بۇ يەرگە بۇقىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى، بۇقىنى ئىزدەپمۇ ھېچكىمنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ، قېتىپلا قالدىم. كۆڭلۈمگە باشقىدىن ئەنسىزچىلىك چۈشتى. بۇ قىزغا ئىچىمدە تازا خاپا بولدۇم. بىرەر مال يۈتسە نېمە بوپتۇ، ئەمدى بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئۇنىڭ ئۆزى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا، قانداق بولغىنى؟ . . . قايتىپ كېلىۋېتىپ: خۇدا بۇيرۇسا، ئۇنىڭ بىلەن سالامەت ئۇچرىشىدىغانلا بولسام، ئۇنى سېغىن كالىلارغا قاراش ئىشىدىن ئېلىپ تاشلايمەن، دەپ ئويلىدىم. يېزىغا يېقىنلاپ كەلگۈچە يامغۇر توختاپ، تاڭمۇ سەل - پەل سۇزۇلۇپ قالدى. شۇ چاغدا، ئالدىمدا قارا كۆرۈنەر كېتىپ بارغان ئىككى نەرسىنى كۆردۈم. «بۇ گۆھەرمىدۇ، ئۇ بۇقىنى تېپىپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتامدۇ، قانداق؟ ھەي خۇدا، شۇلار بولۇپقالسىمىغۇ!» دېدىم - دە، ئاتقا قامچا سالدىم. يېتىپ بېرىشقا تاقەت قىلالماي يەنە يىراقتىن ۋارقىرىدىم. شۇ چاغدا بىردىنلا نەي ئاۋازى ئاڭلاندى. «ھەي! شەيتان قىز» دېدىم - دە، كۈلۈۋەتتىم. كۆڭلۈمدىكى بارلىق خاپىلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدىم. ئۇنىڭ تۈنۈگۈن كەچ تامىقىنىمۇ يېمەي كەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. يامغۇرلۇق كېچىدە ئاچ قورساق يۈرۈپ ئەترەتنىڭ مېلىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ئۆزى نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ . . .



يېتىپ كېلىپ قارىسام، ئۇ پۇتىدىكى ئايىغىنى يېشىپ ئېلىپ، ئالدىدا كېتىپ بارغان بۇقىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇپتۇ. ئۈستۈبېشى پاتقاق، ھۆل كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايىدىن قىلچە ھارغىنلىق كۆرمىدىم. ئۇ بۇقىنى تېپىپ، غەلىبە بىلەن قايتقىنىغا خۇشال بولۇپ، ماڭا قاراپ شوخلۇق بىلەن نەي چېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۇچۇق چىراي ئاچمىدىم، لېكىن: «ئاپىرىن! بىر يېزىدا مۇشۇنداق ئەزىمەتلەردىن يەنە ئونى، يىگىرمىسى، يۈزى بولسا، ئىشلار قانچىلىك يۈرۈشۈپ كېتەر ئىدى — ھە!؟» دەپ ئويلىدىم. . .

مەرۇپكامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ قىز توغرىسىدا تېخىمۇ ئويلاندىم، ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدا ئۆسۈپ باراتتى. ئەجەب - ھە، بۇ قىزدىكى شۇنچىلىك غەيرەتنەدىن كېلىۋاتىدىكىن؟ . . .

بۇ يېزىدا يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، مۇشۇ قىز توغرىسىدىمۇ بىر نەرسە يېزىشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن، گۇڭشېدىن ماڭا قايتىش توغرىسىدا تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى. چۈشكىچە يەنە ئەترەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن يازغان ماتېرىياللىرىمنى رەتلەش بىلەن بولۇپ يولغا چىقالمىدىم، چۈشتىن كېيىن مەرۇپكام ماڭا:

— ئەمدى ماڭسىڭىز كەچ قالىسىز، ئەتە مېڭىڭ، — دېدى.

مەن كەچ قالسامۇ گۇڭشېغا بۈگۈن يېتىپ بېرىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتىم.

— ئەگەر بۈگۈن جەزمەن ماڭىمەن دېسىڭىز، سىزنى بېلىقچىلىرىمىز دەريا بىلەن يەتكۈزۈپ قويسۇن، سۇ بىلەن ماڭغاندا پەقەت ئىككى سائەتلىكلا يول، — دېدى مەرۇپكام.

مەن ماقۇل بولدۇم. مەرۇپكام بىردەم ئويلاندى — دە:

— سىز دەريا بويىدىكى بىزنىڭ كالىلىرىمىز ئوتلايدىغان

ئورونداا كۆتۈك، مەن شۇ يەرگە قولۋاق ئەۋەتمەن، ــ دېدى.
مەن خۇشال بولدۇم، بىرىنچىدىن گۈگۈشىغا ۋاقتىدا يېتىپ باردى.
مەن، ئىككىنچىدىن، تەلىيىم بولسا ھېلىقى نەي ئاۋازىنى يەنە
ئاڭلايمەن.

دەريا بويىغا كەلسەم، كالىلار ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. لېكىن،
نەي ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم. پادىچى قىز يېشىل چۆپ ئۈستىدە
جەينەكلەپ يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ
ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ــ سىز قايتىدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى
ئۇ.

ــ ھە، مېنى گۈگۈشى چاقىرتىپتۇ، مەن سىلەرنىڭ بىر
قولۋاقنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قولۋاق مۇشۇ يەرگە كەل-
مەكچى ئىدى.

ــ ھە، قولۋاق مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ، ماڭا مەرۇپ تاغام
ئېيتقان. سىز ئارقىلىق گۈگۈشىغا ئېيتىدىغان سۆزلىرىم بار
ئىدى، شۇڭا مەنمۇ سىزنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان. ماڭا
قاراڭ، مۇنۇ كىتابتا، ــ دەپ باياتىن مەن نېمە كىتابكىن دەپ
قىزىقىپ تۇرغان كىتابنى ماڭا كۆرسەتتى قىز، ــ سېغىن كالى-
لارنى زامانىۋى ئۇسۇلدا بېقىش، زامانىۋى ئۇسۇلدا يەم - خە-
شەك تەييارلاش، توك بىلەن سېغىش ئىشلىرى ئۈستىدە، بەك
قىزىق، بەك كەڭ سۆزلەپتۇ. گۈگۈشىمىز بۇ توغرىدا ئويلىنى-
ۋاتقاندىمۇ، قانداق؟ گۈگۈشىنىڭ مال بېقىش ئىشلىرىنى زاماند-
ۋىلاشتۇرۇشتا قانداق پىلانلىرى بار ئىكىن؟ بىزنىڭ ئەترەتنىڭ
بۇ سىيىرلىرىنىڭ ھەممىسى نەسىللىك، ياخشى سىيىرلار، ياخ-
شى كۈتۈلسە ھەربىر سىيىردىن كۈنىگە يىگىرمە كىلودىن ئاشۇ-
رۇپ سۈت ئېلىش مۇمكىن. لېكىن، بىز مۇنداق بېقىپ، قولدا
سېغىپ، بۇ سۈتنىڭ يېرىمىنىمۇ ئالالمايمىز. ئەرلەر بىلمەيسى-
لەر، قارىماققا كالا سېغىش ئوڭاي ئىشتەك كۆرۈنىدۇ. يېگى



ساغقاندا مېنىڭ بارماقلىرىم يېرىلىپ، بىلەكلىرىم ئىششىپ
كەتكەن. ھازىر بۇ كالىلارنى ئۈچ - تۆت كىشى سېغىپمۇ
ئۈلگۈرەلمەيمىز. ئەگەر بۇ كالىلار ياخشى بېقىلسا، يەم -
خەشەك ياخشىلانسا، سېغىش زامانىۋىلاشسا، ئويلاپ بېقىڭا، ئۇ
چاغدا ئەمگەك ئۈنۈمى قانچىلىك يۇقىرى بولىدۇ؟ ئەمگەك قانچى-
لىك يېنىكلىشىدۇ؟ ئۇ چاغدا ماللارنىڭ نەسلىنى تېخىمۇ ياخشى-
لىساق، سانىنى كۆپەيتسەك، ئەزالارغا، باللارغا تېخىمۇ كۆپ
سۈت بەرسەك، دۆلەتكە، بازارلارغا ئەكىرىپ سېتىپ بەرسەك،
بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش، ئەترەتكە قانچىلىك چوڭ ئىقتىسا-
دىي كىرىم؟...

قىز توختىماي سۆزلەيتتى. مەن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارى-
دىم. ئۇنىڭ بىلەك ۋە بويۇنلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان بو-
لۇپ، بەدىنى چىڭ ۋە مەھكەم ئىدى. قىپقىزىل مەڭزى ۋە
ئوماق چىرايىغا قاراپ ھېچكىم ئۇنى يىگىرمە ياش دەپ ئويلى-
مايتتى، ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا ئۇلاشقان قىزلاردەك
ئىدى. ئەمما، بۇ ياش قىزنىڭ قەلبىدىن ھازىر زامانىۋى يېڭى
يېزا قۇرۇشنىڭ ئاجايىپ تەسەۋۋۇرى، سېغىن كالىلارنى بې-
قىش، ئۇلاردىن سۈت ئېلىشنىڭ مۇكەممەل پىلانى تىزىلىپ
چىقىۋاتاتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئاددىي بىر پادىچى قىزغا
ئەمەس، زامانىمىز يېتىشتۈرگەن كۈچلۈك بىر ئەۋلادقا، لاۋۇل-
داپ يېنىۋاتقان كۈچلۈك بىر يالقۇنغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

بىر بېلىقچى بوۋاي قولۋاق بىلەن كېلىپ، قىزغاقتا توخ-
تىدى. قىز بىلەن خوشلىشىپ، بوۋايغا سالام بەردىم - دە،
قولۋاققا چىقتىم، قولۋاق دولقۇنلارغا قاراپ يېنىك قوزغالدى.
شۇ چاغدا پادىچى قىزنىڭ ئاپتاپتا قارايغان قوللىرىدا مۆجىزىلىك
نەي يەنە پەيدا بولدى - دە، قىز ئۇنى لەۋلىرىگە ئېلىپ بېرىشى
بىلەن دەريا ئۈستىدە يېقىملىق نەي ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

— ئوغلۇم، سەن قانچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى پالاق ئۇرۇۋاتقان بوۋاي مەندىن تۇيۇقسىز.

— بۇ يىل يىگىرمە تۆتكە كىردىم بوۋا، — دېدىم.

— سەن ئۆيلەنگەنمۇ؟ - دەپ سورىدى بوۋاي يەنە.

— ياق، ماڭا تېخى ئەتىگەن، — دېدىم — دە، نېمىشقىدۇر قىزىرىپ كەتتىم.

— ھە، باشقىچە ئويلاپ قالما، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ، — بىز كونا ئادەملەر، يەنىلا بۇرۇنقى زامانىنىڭ گېپىنى قىلىمىز. بىزنىڭ زامانىمىزدا كىچىكلا چېتىپ قويۇشۇۋېرىدىغان، ھازىر زامان نېمىدېگەن ياخشى. ياشلار تولۇپ، ۋايىغا يېتىپ، ئۆزلىرى خالىشىپ توي قىلىشىدۇ. توي قىلىشقا ئالدىرىمىغان ياخشى، بۇ ئۆمۈر سودىسى، تۇرمۇشتا ئۆزۈڭنىڭ جۈپتىڭنى ياخشى تاللىمىساڭ، بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالىسەن. سەن بىزنىڭ بۇ قىزىمىزنى مال ئايىغىدا يۈرۈيدىغان بىر پادىچىكەن، دەپ مۇنداقلا ئويلاپ قالما، ئۇنىڭ ئىچىمۇ گۆھەر، ئۆزىمۇ گۆھەردەك ساپ قىز. يېزىمىزدا ئۇنى ماختىمايدىغىنى يوق. سېنى گۇڭشې رادىئوسىغا بىر نەرسىلەرنى يازىدۇ، دەيدۇ، نېمىشقا مۇشۇنداق ياخشى قىزلار توغرىسىدا يازمايسىلەر؟

— مەن ئۇ قىز توغرىسىدا چوقۇم يازىمەن بوۋا، — دېدىم بوۋايغا. ئىچىمدە بولسا «يېزىشقىمۇ، سۆيۈشكىمۇ ئەرزىيدىغان قىزكەن، — دەپ ئويلىدىم، — لېكىن بۇ ئاجايىپ قىز نېمە دەركىن؟ . . . پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئومۇمنىڭ ئىشىغا بېرىلىگەن، شۇ ئىش ئۈچۈن يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان بۇ قىزدا مۇھەببەتكە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقىت بارمىدۇ؟ . . .»

قولۋاق بارغانسېرى قىرغاقتىن يىراقلاپ كەتمەكتە ئىدى. بارا - بارا ئوتلاپ يۈرگەن سىيىرلارمۇ، نەي چېلىۋاتقان قىزمۇ، ئاخىردا شۇ يېشىل قىرغاقمۇ غۇۋالىشىپ كۆزدىن ئۆچتى. لې-



كىن، قولىقىم تۈۋىدە نەي ئاۋازى يەنە جاراڭلاپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن بېرى ماڭا بۇ نەي ئاۋازى تونۇش بولۇپ قالدى، شۇنىڭدىن بېرى مەن بۇ نەي ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدۇم، قاچانكى ئىش بىلەن يىراق يەرلەردە يۈرگىنىمدە، ئۇ نەي ئاۋازىنى سېغىنىدىغان بولدۇم . . .

1979-يىل، غۇلجا

# ئاخىرقى سىناق

گۆلى!

ئىككىمىز تەڭ ئوتۇن تاشلاپ يالقۇنجاتقان مۇھەببەت يالقۇنى ھازىر ئۆچۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. گويا ئىككىمىزنىڭ قانچە ئايدىڭ كېچىلەرنى سەيلە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىرىمىز، باغچىلارنىڭ ئورۇندۇقلىرىدا بىر گەۋدە بولۇپ ئولتۇرۇپ سىرداشقانلىرىمىز، كەلگۈسى ھاياتىمىزنىڭ چىرايلىق پىلانلىرىنى قۇرۇشقانلىرىمىز ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، خەيرلىشىش كېچىلىرىدىكى ۋەدىلەر ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك، سىز: «... بۇ قانداق سۇس، يېقىمسىز مۇھەببەت — ھە!... مۇھەببەتنىڭ بۇنچىلىك ئوتى بىلەن قانداقمۇ ئاداققىچە بىللە ياشىيالايمىز؟ قوشۇلسىڭىز، ئاۋۋالقىدەكلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالساق، بۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئويلىشىپ بېقىڭ!» دەپ يېزىپسىز.

سىزنىڭ خەتلىرىڭىزگە جاۋاب بەرمەي، ئۇزاق جىمىپ كەتكەندىن كېيىن يازغان بۇ خېتىڭىز مېنى كۆپ ئويلاندۇردى. مەن سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. سىزنىڭمۇ مېنى چىن يۈرىكىڭىزدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. قاراڭغۇ كېچىلەردە، تۈن يېرىمىدىن ئۆتكۈچە سانسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كەچۈرمىشلىرىمىزنى ھېكايە قىلىشقانلىرىمىز ئېسىمگە كەلسە، ھېلىمۇ يۈرىكىم ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ ئۇرىدۇ. سىزنىڭ يازغانلىرىڭىزغا ھەيران بولدۇم.



سىز شەبنەم تامچىسىدەك تازا مۇھەببىتىمىزنى قارىلاپسىز. كىشى ئىختىيارسىز «گۆلى باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، مۇناسىۋەتنى مۇشۇنداق باھانىلەر بىلەن ئۈزمەكچىمۇ قانداق؟» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. لېكىن سىزنىڭ ئۇنداق بىمەنە قىز ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ...

يېقىندا، ياشانغان بىر كىشى بىلەن سەپەر ئۈستىدە تونۇشۇپ قالدىم، ئۇ مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى — دە، بىر چاغلاردا قولىغا قانداقتۇر ياشلارنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرى چۈشۈپ قالغانلىقىنى، بۇ خەتلەر ناھايىتى قىزىقارلىق بولغاچقا ھازىرغىچە ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، خەتلەرنى ماڭا بەرمەكچى بولدى. كېيىن مەن كۆرسەتكەن ئادرېس بويىچە ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ، ھېلىقى خەتلەرنى ئالغانىدىم. شۇ خەتلەرنى سىزگە ئەۋەتتىم. كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خەتلەرنى ماڭا قايتۇرۇۋېتەرسىز. بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان مۇھەببىتىمىز ھەققىدە بۇ خەتلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشەرمىز.

سىزنى ھېلىمۇ قەدىرلەپ:

ئوبۇل.

× × ×

راھىلە، سالامەتمۇسەن؟

بۇ خەتنى ساڭا ئالدىراش يېزىۋاتىمەن. 19 — ئاۋغۇست كۈنى ئىلى دەرياسىدا بىر قىز ئېقىپ ئۆلدى. «بۇ كىم؟» دېمەمسەن، بۇ ھەممىمىز ياخشى كۆرىدىغان قىز، سېنىڭ سىرداش دوستۇڭ زاھىدە. ۋەقە مۇنداق بولغان:

شۇ كۈنى يەكشەنبە بولغاچقا قىزلار يىغىلىپ سەيلىگە چى-

قىشقان. چۈشتىن كېيىن دەريا بويىغا كېلىپ سۇغا چۆمۈلۈشكەن. زاھىدە سۇغا ئۈچىنچى قېتىم چۈشكەندە كۈچلۈك ئېقىن نەرەپكە كېتىپ قالغان. گويا ئۇ قىرغاقتىكى دوستلىرى بىلەن ۋىدالاشماقچى بولغاندەك قولىنى بىرلا پۇلاڭلىتىپ دولقۇن ئىچىدە غايىب بولغان. قىزلار چۇرقىرىشىپ، تېپىرلىشىپلا قالغان. مەن بۇ خەۋەرنى كەچقۇرۇن ئاڭلىدىم. ئىنتايىن قايغۇردۇم. ئەجەب ياخشى قىز ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتى بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن دەريانىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىن تېپىلدى. . .

بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرغان ھالدا ئارىمىزدىن ئەنە شۇنداق كەتتى. مەن بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە ئۈستىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدىم، ئويلىغانسېرى كاللامغا «زاھىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن كۈچلۈك ئېقىن تەرەپكە كېتىپ قالغان ئەمەس، ئۇ ئەتەي ئۆزىنى ئەجەل قوينىغا ئاتقان» دېگەن پىكىر كەلدى. مېنىڭدە ئۆز گۇمانىمنى تەستىقلايدىغان مۇنداق پاكىتلار بار: زاھىدە شۇ كۈنى ناھايىتى مەيۈس يۈرگەن. بۇ كۆلگەنچەك قىزدىكى ئۆزگىرىشنى دوستلىرى دەرھاللا سەزگەن ۋە ھەيران بولۇشقان. شۇ كۈنى كۈن قاتتىق ئىسسىپ كەتكەچكە، قىزلار سۇغا چۆمۈلۈپ سالقىنداپ قايتماقچى بولۇشقان. باشقا قىزلار سۇغا بىر - ئىككى قېتىمدىن چۈشۈپلا بولدى قىلىشقان. لېكىن، زاھىدە ھەممە قىزلار كىيىنىۋاتقاندا، يەنە ئۈچىنچى قېتىم سۇغا قاراپ ماڭغان. . .

زاھىدە دەپنە قىلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى مەن زاھىدە بىلەن تىككۈچىلىك ئىشخانىسىدا بىللە ئىشلەيدىغان رىزۋان دېگەن قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز زاھىدە توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا زاھىدەنىڭ تېخى يېزىپ تۈگىتىشكە ئۈلگۈرمىگەن بىر پارچە خېتىنى بەردى (مەرھۇمەنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يازغان بۇ خېتىنىڭ پوچتىدا تاسادىپىي يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ساڭا خەتنىڭ ئۆزىنى ئەۋەتمىدىم. مەزمۇ-



نىنى تولۇق كۆچۈردۈم). خەتتە مانا مۇنداق دېيىلگەن:

«زوردۇن!

ھېلىقى كىشىدىن ئەۋەتكەن خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم ۋە سېنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىڭ ھەققىدە ئۇ كىشىدىن تولۇق ئاڭلىدىم. خەۋەر ماڭا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلدى. قەلبىمدىكى چىگىش ھېسسىياتلارنى قەغەزگە يېزىشقا ئاجىزلىق قىلدىمەن. . . مەن سېنى كۈتتۈم، لېكىن سەن كۈتەلمىدىڭ؛ قانچە كېچىلەر قايتا - قايتا قىلىنغان ۋەدىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن مەن چىقالىدىم، ئەمما سەن چىقالمىدىڭ؛ مۇشۇ بىر نەچچە يىللىق ئايرىلىش جەريانىمىزدا مەن قىلالىغان ساداقەت، سەۋرى - تاقەتنى سەن قىلالمىدىڭ.

زوردۇن، مەن سېنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ساڭا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم بىلەن سېنىڭ خاتالىقىڭغا ئېچىنىمەن. جازالىنىشتىن قۇتۇلۇش يولى پەقەت سېنىڭ شۇ قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشۇڭ ۋە بىزنىڭ «ئۆمۈرلۈك» دەپ ۋەدە قىلىشقان مۇھەببىتىمىزنىڭ لەيلىقازاقتەك توزۇپ كېتىشى بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا، مەيلى، مەن سېنىڭ مۈشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا رازى. ئەمدى مەن سېنى ئۇ قىزدىن تارتىپ ئېلىشنى خالىمايمەن. مېنى دەپ ئازابلانما، سىلەر بەختلىك بولۇڭلار!

زوردۇن، يالغۇزلۇقتا تارتقان كۈلپەتلىرىمنى، سەن ئۈچۈن تارتقان ئېغىرچىلىقلىرىمنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش ئەمدى ھاجەتسىز. ئارىمىزدىكى ھەممە نەرسە تامام بولدى. . . ئەمدى بىز ئائىلە قۇرغىنىمىز بىلەنمۇ ئائىلىمىز بىز ئويلىغاندەك بەختلىك ئائىلە بولمىغان بولاتتى. چۈنكى مۇھەببەتنىڭ ساپ مىنۇتلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ بولغانىكەن. مەن ھەقىقەتەنمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئىكەنمەن. شۇنداق بولار دەپ پەقەتلا ئويلىماپتىمەن. ئەمدى ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش. . .» خەت مانا مۇشۇ يەردە

تۇگەيدۇ. خەتنىڭ داۋامىدا ئېيتىلىدىغان دەردلىك سۆزلەرنى
زاھىدە ئۆز يۈرىكىدە ئېلىپ كەتكەن. راھىلە، قانداق؟ مېنىڭ
گۇمانىمنىڭ توغرىلىقىغا ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟
ئېھتىمال، مېنىڭ پەرىزىم خاتادۇر. چۈنكى، زاھىدە ھا-
ياتتىن ئوڭايلا ۋاز كېچىدىغان ئۇنداق بوش، ئىرادىسىز قىزلار-
دىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن ئېغىر
زەربىلەرنى ياش قىزغا تەسىر قىلمىدى، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ . .
زاھىدە زوردۇننىڭ خېتىنى ئېلىشتىن ئىلگىرى ئائىلىدە قىيىن
كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. خەتنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ-
نىڭ دەرد - ئەلەملىرىگە يېڭى ھەسرەتلەر كېلىپ قوشۇلغان.
زاھىدە ئاخىرىدا ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلگەن. ئۇ ئۆلۈشتىن
ئىلگىرى زوردۇنغا پۈتۈن دەرد - ئەلەملىرىنى، ئۆز مۇھەببىتى-
نىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى
ئويلىغان. 19 - ئاۋغۇست كۈندىكى كۈتۈلمىگەن ساياھەت
ئۇنىڭ ئۆلۈم سائىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. زاھىدە دولقۇنلاپ
تۇرغان دەريانى كۆرۈپلا مۇنداق قولاي پۇرسەتنى قولدىن بېرىش-
نى خالىمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھاياتتىن تەسلىكتە ئۈمىد ئۈز-
گەن (بولمىسا ئۇ بىرىنچى قېتىم سۇغا چۈشكەندىلا كېتىپ
قالغان بولاتتى). قىز ئۆلگەن، زوردۇنغا بېغىشلانغان خەتنىڭ
داۋامى يېزىلماي قالغان. . .
راھىلە، سەنمۇ ئۆز پىكرىڭنى يازارسەن. ئەمدى مەن ئىك-
كىنچى شەخس زوردۇن توغرىسىدا ئازراق سۆزلەي: زوردۇننى
بىز «ئوبدان بىلىمىز» دەپ ئويلايتتۇق. ئۇ ياخشى پىكىرلىك
دوست ئىدى. زاھىدە ئىككىسىنىڭ مىجەزى ئوخشىشىپ كېتەت-
تى. زوردۇن ئوغۇللار ئىچىدە ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. بىز زور-
دۇن بىلەن زاھىدە ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ
قالغانلىقىنى دەسلەپتە ئاڭلىغىنىمىزدا ھېچقايسىمىز ئەجەبلەنمە-
گەندۇق. بىزگە خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلغان-



دى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە ناھايىتى ئامراق،
خۇددى زوردۇن زاھىدە ئۈچۈن، زاھىدە زوردۇن ئۈچۈن تۇغۇل-
غاندەكلا ئىدى. . . ئارىدىن يىللار ئۆتتى. زوردۇن ۋاقتىنىڭ
سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى. ئاقىۋەتتە سۆيگەن قىزىنىڭ جېنىغا زا-
مىن بولدى. ھازىر مەن زوردۇننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم
نەپرەتلىنىمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىشى كې-
رەك. ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدىغان ئاز سانلىقلاردىن باشقا
ھەممە كىشى زاھىدەنى «ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېقىپ ئۆلدى»
دەپ ھېسابلايدۇ. بىزمۇ «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دەپ داۋراڭ
سالماقچى ئەمەسمىز، شۇڭا، ئۇنىڭ جىنايىتى قانۇن ئالدىدا
يېپىق پېتى قالىدۇ. ئەمما، دوستلارنىڭ ئۇنىڭغا جازاسى بار،
ئۇ بولسىمۇ زوردۇندىن مەڭگۈ نەپرەتلىنىش!
راھىلە، سالامەت بول.
ئابلىز.

× × ×

ئابلىز!
يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالدىم. زاھىدەنىڭ ئۆلۈم
خەۋىرىنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتتىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى قىز ئى-
دى. سىزنىڭ خېتىڭىز يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالدىدىلا مەن ئۇنىڭ
15- ئاۋغۇستتا يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالغانىدىم. ئۇ خېتىدە
ئۆزىنىڭ تارتقان دەرد - ئەلەملىرى ھەققىدە يازغانىكەن. ئۇنىڭ
خېتىنى ئوقۇپ يۈرەكلىرىم مۇجۇلغانىدى. ئابلىز، سىزنىڭ
زاھىدەنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى پەرەزلىرىڭىزگە قوشۇلىمەن.
سىز ئۇنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ:
«دوستۇم راھىلە!
ساڭا ئۇزاقتىن بېرى خەت يازالمىدىم، رەنجىمىگەنسەن؛

زاھىدەخانغا نېمە بولدى، دەپ ئويلىغانسەن؟ دوستۇم، بۇ ئارى-
لىقلاردا مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشتى. ئىلگىرى مەن
نېمىدېگەن خاتىرجەم ئىدىم. يېقىن دوستلىرىم، مېھرىبان ئاتا-
ئانام، ياخشى كۆرگەن يىگىتىم بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى مەن
ئەركىن قىز ئىدىم. بىر قىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت
بولامدۇ؟!...

راھىلە، سەن بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھەققىدە كۆپ نەرسى-
لەرنى بىلىسەن. شۇنداق قىلىپ، زوردۇن ئالىي مەكتەپكە
كەتتى، مەن ئۆيدە قالدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، دادام كونا قائىدى-
لەرنى ياقلايدىغان ئادەم. ئاپاممۇ ئۇنىڭغا يول قويىدۇ. مەن
ئائىلىدە بارغانسېرى قىسىلىشقا باشلىدىم. مېنى ئىشخانىغا بې-
رىشتىن توسۇپ قويۇشتى، مەن ئۈچۈن زېرىكەرلىك كۈنلەر
باشلاندى. بىكارچىلىقتا ئۆگەنمىگەن ئادەمگە بىكارچىلىقنىڭ بىر
زۇلۇم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ھېچنېمىدىن غەمسىز چۇر-
قىرىشىپ ئوينىغان ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزنىڭ قەدرىگە يەتتىم.
شۇ كۈنلەردە مەن قىزلارغا خاس ئۇزۇن قولاقلىقىم بىلەن ئائى-
لىدىكىلەرنىڭ مېنى تۇرمۇشقا چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلى-
ۋاتانلىقىنى بىلىپ قالدىم. بۇ ئىش توغرىسىدا زوردۇنغا ئېغىز
ئاچمىدىم. ئاخىرىدا ھەممىنى ھەل قىلىدىغان ئۆزۈمغۇ. مەنلا
چىڭ تۇرسام، كىممۇ مېنى مەجبۇرلىيالايتتى؟ دەپ ئويلايتتىم.
زوردۇن تۈز كۆڭۈل يىگىت، مەن ئۇنى جېنىمدىن ياخشى كۆرد-
مەن. شۇڭا ئائىلىدىكى مۇشكۈلچىلىكلەرنى ئۆزۈملا تارتاي،
زوردۇن بولسىمۇ خاتىرجەم ئوقۇسۇن، ئۇ قايتىپ كەلگەندە،
سۆيگەن قىزىنىڭ قانداقلىقىنى ئاندىن بىلسۇن، ھەقىقىي ساپ
مۇھەببەتنى چۈشەنسۇن، دېدىم...

كۈنلەر ئېغىر ئۆتتى. مېنى تۇرمۇشقا چىقىرىش توغرىسى-
دىكى گەپلەر بارغانسېرى راستقا ئايلاندى. ھەربىر كېچىنى
تەشۋىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئالدىمدا مېنى كۈتۈپ تۇرغان سى-



ناقلارنى ئويلىسام قورقاتتىم. بۇ توقۇنۇشتا چوقۇم يېڭىپ چىقى-
شىم كېرەك، دەپ غەيرەتلىنەتتىم... ئاشۇ كۈنلەردە ئاپام
ماڭا بەك سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. كۈلكىسى
بەكمۇ قىممەت دادام مېنى كۆرگەندە «قىزىم!» دەپ كۈلۈپ
قويانتتى. 15 ياشلىق سىڭلىممۇ ماڭا غەلىتە قارايدىغان بولۇپ
قالدى. ماڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك
تۇيۇلاتتى. پەقەت، ئۈچ ياشلىق ئىنىم رىشاتلا ھېچ نەرسىدىن
خەۋەرسىز، ماڭا ئىلگىرىكىدەكلا مۇلايىم ئەركىلەيتتى...

ئۇلار ماڭا توي توغرىسىدا مەسلىھەت سالىدىغان دەھشەتلىك
كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەن تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدىم.
چۈشەندۈرۈش، ئىشەندۈرۈش، دوق قىلىشلار بىر ھەپتە داۋا-
لاشتى. مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەس، ھېچنېمىگە ئىشەنمەس
بولۇۋالدىم؛ دوقلارغا تەرسالىق بىلەن جاۋاب قىلاتتىم. شۇ
ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە تاماق يېيىشتىنمۇ باش تارتتىم.
ئۆيدىكىلەر ئاخىر مېنىڭ كۆڭلۈمدە ۋەدىلىشىپ قويغان بىر
ئادىمىمنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىشتى، دادامنىڭ بۇ ئىشقا قاتتىق
غەزىپى كەلدى. ئۇ ماڭا دارتىملاپ، سىڭلىمغا: «قىز بالا
دېگەننى خۇدايىم ئىت - ئېشەككە بەرسۇن، نېمىشقىمۇ ھەر
قايسىڭنى كىچىك چېغىڭدىلا تىرىك كۆمۈپ تاشلىمىغاندىمەن!»
دەپ ۋارقىرايتتى. ئاپام ماڭا قېيداپ ھېچ ئىشنى قىلدۇرمايدى-
غان بولدى. ئۇ: «بولدى، سەن يەپ - ئىچىپ قاراپلا ئولتۇر،
ئۆينىڭ ئىشىغا ئۆزىمىز يېتىشىمىز» دەيتتى. يېگەن تاماقلىرىم
گېلىمدىن زەھەر بولۇپ ئۆتىدىغان بولدى. ئۆيدىكىلەر مەن
بىلەن تۈزۈك گەپلەشمەيتتى. ھەتتا رىشاتمۇ ماڭا كېلىپ ئەركى-
لىگىنى ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم تاياق يېدى. ماڭا بۇ ئۆيدە
كىتابتىن باشقا دوست قالمىغانىدى. كېيىن، دادامنىڭ سۆزى
بىلەن ئېيتقاندا، «ئادەم بۇزىدىغان» بۇ كىتابلارمۇ تىنتىۋېتىلدى.
ئەلەمگە چىدىماي چوڭ دادامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھالىمنى ئېيت-

تىم، يىغلىدىم. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دەپ ئىشخانىغا كېتىۋەردىم. ئۆيدىكىلەر چىرايىمۇ ئېچىشمىدى، گەپمۇ قىلمىدى. . . شۇنداق قىلىپ مەن قاراڭغۇ زىنداندىن، بىكارچىلىق ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، يەنە ئىشخانىغا بېرىپ ئىشلەشكە باشلىدىم.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. ئائىلىدىكى تولۇق ئاستا - ئاستا ئېرىشكە باشلىدى. ئاتا - ئانىنىڭ يۈرىكى ئۆز پەرزەنتىنى ئازابلاشقا چىدامدۇ؟! ئۇلار مەن بىلەن ئانچە - مۇنچە پاراڭلىشىدىغان بولدى. بىر قېتىم، ئۇزاقتىن بۇيان ئويۇنغا بارمىغانلىقىمىزنى ئەسلەپ، رىزۋان ئىككىمىز ‹رىزۋان بىلەن ئىشخانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ دوست بولۇپ قالدىم. ئۇ ئىش تىكىشكە ئۇستا، سەن كەلگەندە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن› كىنوغا باردۇق. كىنودىن يېنىپ، رىزۋاننى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، ئاي ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. قورققۇدەك ھېچنىمە يوق ئىدى. ئۆيگە ئاز قالغاندا تۇيۇقسىز ئالدىمدىن ئىگىز بويلۇق بىرى چىقىپ ئۇدۇللاپ كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا يول بوشاتتىم. لېكىن ئۇ توپتوغرىلا ئالدىمغا بېسىپ كېلىپ، يۈزۈمگە بىر كاچات سالدى - دە، تېز مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. تاياق تەگكەن مەڭزىم ئوت بولۇپ ياندى. يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى. دوستۇم، ئۆيگە كېلىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ كېچىچە يىغلىدىم. ئەمما، بۇ ئىش توغرىسىدا رىزۋاندىن باشقا ھېچ كىشىگە ئېغىز ئاچمىدىم. كېيىن ئۇقسام، مېنى ئۇرغان ھېلىقى لوكچەك ئۆيدىكىلەرنىڭ مېنى بەرمەكچى بولغان ئادىمى ئىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن كىنوغىمۇ بارماس بولدۇم.

راھىلە، ئەنە شۇنداق كۈنلەر بېشىمدىن ئۆتتى. ھەممىنى يەڭدىم. ئويلىغىنا، مەن نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن شۇ كۈلپەتلەرنى تارتتىم؟ شۇ ئۇنتۇلماس ئېغىر كۈنلەر، ئۆيدىكىلەرنىڭ



سالغان خورلۇقى ۋە بىگۇناھ يېگەن بىرشاپىلاقنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئىچىم ئېچىشىدۇ، لېكىن بۇ ئىشلارغا قىلچە مەيۈسلەنمىدىم. چۈنكى، سۆيگەن ئادىمىمگە سادىق بولۇپ قالغانلىقىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم كۆتۈرۈلەتتى. لېكىن، مەن يېڭىلگەنىكەنمەن. . .

مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا ماڭا بىر كىشى زوردۇندىن بىر پارچە خەت ئەكېلىپ بەردى. خەت مۇنداق قىسقىلا يېزىلغان:

‹زاھىدە! مەن خاتالاشتىم. ئالدىڭدا تۇزىتىپ بولماس ئېغىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزدۇم. بۇ ئىشنى ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىشقا قانداقمۇ يۈزۈم چىدىسۇن! قالغان گەپنى بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان كىشىدىن ئۇقارسەن. ئەھۋال شۇنداق. مەن ئۇنىڭغا باغلىنىشىم كېرەك. سەن مېنى كۈتمىگىن. . .›

بۇ خەتنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، زوردۇن ئۆرۈمچىدە بىر قىز بىلەن تونۇشقانىكەن. ھازىر قىز ئۇنىڭدىن ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىككىسى توي قىلمىسا بولمايدىكەن.

دوستۇم، مەن زوردۇننى ‹ئۆزۈمنىڭ› دەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ھەممە ئېغىرچىلىقلارنى تەمتىرىمەي يەڭگەنىدىم. لېكىن، بۇ قېتىم نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپلا قالدىم. مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. ئاللىبۇرۇنلا كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلەك بولۇشنى قارار قىلىپ بولغانىدىم. ئارىمىزدىكى مۇھەببەتنىڭ چىنلىقىغا قىلچىمۇ گۇمانىم يوق ئىدى. ھەتتا، ھازىرمۇ زوردۇننىڭ ئاشۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. . . قىسقىسى، مەن ئالدانغانىكەنمەن. مەن ئەمدى ئىككىنچى بىر كىشىنى زوردۇننى ياخشى كۆرگەندەك كۆرەلەرمەنمۇ؟ . . . بۇنداق بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ھەسرەتلىك قەلبىمگە تەسەللى بولغۇدەك ھېچ نەرسە يوق!

خەير، راھىلە، سۆزلىرىم توگەپمۇ قالدى. سەن بەختلىك-

سەن. بۇرۇن مەن سېنىڭ تۇرمۇشۇڭغا قىزىقمايتتىم. ئۆزۈم
بەختلىك چاغلاردا سېنىڭ بەختىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمىگەندى.
ئەمدى ئويلىسام، سەن ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنسەن. سېنىڭ
ئابلىزىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالىمنى سوراپ تۇرىدۇ.
ئۇ ياخشى يىگىت. سەن دەم ئېلىشقا كەلگەندە بىللە بولارسىلەر،
ئۆتكەن ئىشلارنى ــ بىللە ئوقۇغان چاغلىرىمىزنى، مېنىڭ بى-
چارە بولۇپ سۇنغان مۇھەببىتىمنى ئەسلەرسىلەر. سەن ئۇنىڭ
كۆكرىكىگە بېشىڭنى قويىسەن. جېنىم دوستۇم! مەن ئۇنداق
بەختتىن مەھرۇم بولدۇم. زوردۇننىڭ كەڭ كۆكرىكىگە بېشى-
نى قويغان نامەلۇم قىزنى ئويلىسام، ئۇنى بوغۇپ قويغۇم كېلى-
دۇ. بىراق، قىزدا نېمە گۇناھ؟... ئاھ، تونۇش كۆكرەككە
ئەمدى يات بىر قىز بېشىنى قويىدۇ. ئۆزۈمنىڭ دەپ ئىشەنگەن
قوي كۆزلەر ئەمدى يات قىزنىڭ بېشى ئۈستىگە تىكىلىدۇ.
ئويلىساڭ قانچىلىك ئەلەم ـ ھە!؟
خەير راھىلە، بەختلىكسەن. يېرىم يولدا ئۈچۈپ كېتىدى-
غان بەختتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن. مەڭگۈ بەختلىك بول.
ھەسرەتلىك دوستۇڭ زاھىدە.〉

ئابلىز، سىز ئېيتقاندەك زاھىدەنىڭ ئۆلۈمىگە زوردۇن
سەۋەبچى بولغان. بىز ئۇنىڭدىن مەڭگۈ نەپرەتلىنىمىز. بولغان
ۋەقەگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. مانا، تۈنۈگۈنلا ماڭا
ئۆز ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ خەت يازغان، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلى-
دىغان، كۆزلىرى دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ قىز بۈگۈن
دۇنيادا يوق، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ كۆزلىرى مەڭگۈ
يۇمۇلغان، دېسە كىممۇ ئىشىنىدۇ!؟ ماڭا ئەتىلا ئۇنىڭدىن يەنە
خەت كېلىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. ھەي، ئېسىت!...
ئابلىز، بولغان ۋەقەلەر توغرىسىدا زوردۇن تېخى ھېچنېمە



ئۇقماسلىقى مۇمكىن. ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ ھىيلىقى نامەلۇم كىشى-
دىن ئەۋەتكەن خېتىگە زاھىدەنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى
كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ. ئۇنىڭغا سادىر بولغان ھەممە ئىشنى قاتتىق
ئۇقتۇرۇش كېرەك. مېنىڭچە، بۇنى سۆزبىلەن ئېيتقاندىن كۆ-
رە، ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن بىزنىڭ يېزىشقان خەتلىرىمىزنى ۋە
زاھىدەنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا يازغان خەتلىرىنى ئۇنىڭغا بەرسەك،
ئۇ ئۆزى ئوقۇپ چۈشەنسۇن، دوستلار ئالدىدا قانچىلىك نەپرەت-
لىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلسۇن. بۇ ئۇسۇلنى مۇۋا-
پىق دەپ قارىسىڭىز، قولىڭىزدىكى خەتلەرنى ماڭا ئەۋەتەرسىز.
ئۇنى قولۇمدىكى خەتلەر بىلەن قوشۇپ زوردۇنغا بېرىمەن.
سالامەت بولۇڭ.
سىزنىڭ راھىلە.

× × ×

ئابلىز، سالامەتمۇ سەن؟
تۈنۈگۈن راھىلە ماڭا ھەممە خەتلەرنى ئەكېلىپ بەردى.
راھىلەنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولدۇم. لېكىن، ئۇنىڭ سو-
غۇق مۇئامىلىسى مېنى ھەيران قالدۇردى. پەقەت ئۇ كېتىپ،
بارلىق خەتلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىنلا ھەممى-
نى چۈشەندىم.
ئابلىز، مەن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. سىلەر
مېنىڭدىن نەپرەتلىنىشكە ھەقلىقسىلەر. مەن جىنايەتچىمەن.
سىلەرنىڭ نەپرەت بىلەن قارىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىمەن ۋە
يەنە ئۆز ۋىجدانىم تەرىپىدىن ئازابلىنىمەن... ئابلىز، چۈشى-
نەمسەن؟ كاشكى مەن راستتىنلا شۇنداق غەيرىي بىر قىز بىلەن
يۈرۈپ، زاھىدە بىلەن بولغان مۇھەببىتىمىزگە خىيانەت قىلغان
بولسام، ئۇ چاغدا ئۆز سۆيگىنىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ۋە سىلەر-

نىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرىڭلارنىڭ ئازابى ماڭا مۇنچە ئېغىر چۈشمىگەن بولاتتى. ھازىرمۇ مەن زاھىدەگە بولغان مۇھەببىتىمنى پاك ساقلاپ كەلمەكتىمەن. لېكىن، مېنىڭدە ئۇنىڭ ماڭا بولغان ياخشى كۆرۈشىگە ئىشەنچ كەم ئىدى. مانا شۇ ئىشەنچسىزلىك مېنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈمگە، زاھىدەنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدى. زاھىدەگە بولغان مۇھەببىتىم ئاشقانسېرى ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىم كېمىيىپ باراتتى. گويا ئۇ مېنى ئاخىرغىچە كۆتەلمەيدىغاندەك، ئاخىرىدا مېنى ئېغىر نادامەتتە قويىدىغاندەك سېزىلەتتى. ھەتتا بەزىدە: ئۇ ھازىر باشقا بىرى بىلەن يۈرۈۋاتامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتى، بۇلاقتەك چىرايلىق كۆزلىرى ۋە يېيىلىپ چۈشكەن بوستان چاچلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم چۆچۈپ كېتەتتىم. شۇ قامەت، شۇ ئاجايىپ كۆزلەرنىڭ كەلگۈسىدە ماڭا تەئەللۇق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. قىسقىسى، مەن ئۆز قولۇمدىكى بەختىمنى پېتىنىپ ئۆزۈمنىڭ دېيەلمىدىم. ئەنە شۇنداق گۇمانى پىكىرلەر نەتىجىسىدە زاھىدەنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى سىناپ باقماقچى بولدۇم. نامەلۇم بىر قىز بىلەن بولغان ۋەقەنى توقۇپ چىقاردىم، زاھىدەنى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنى بىر كىشىگە مۇراجىئەت قىلدىم ۋە ھېلىقى كىچىكىنە بىر پارچە خەتنى قوشۇپ ئەۋەتتىم. مەن زاھىدەنىڭ بۇ ئىشقا قايتۇرغان ئىنكاسىدىن ئۇنىڭ مېنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدىغان ياكى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، بۇ سىناق مەن خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىنتايىن دەھشەتلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپچىقاردى... سىلەر ئەۋەتكەن خەتلەرنى ئوقۇپ كېچىچە كۆز يۇممۇدۇم، قانچە قېتىم كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياش تۆكۈلدى. مانا ئەمدى زاھىدەنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك پاك، كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ۋاقتىمدا ئۇ يوق. بۇ نېمىدىگەن ئېغىرئاقىۋەت-



ھە!...

ئەمدى زاھىدە يوق. ئۇ بولغان بولسا مەن ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلغان بولاتتىم. ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قۇچاقلايتتىم. ئۇنىڭ ھاياتىغا ئۆزۈم زامىن بولدۇم، سۆيگەن ئادىمىمنىڭ مۇھەببىتىگە ئىشەنچسىز قارىغانلىقىم بەدىلىگە تەقدىر ماڭا شۇنداق ئېغىر جازا بەردى. بارلىق دوستلار، سىلەر مەندىن نەپرەتلىنىڭلار، ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگەن ۋاپادار قىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن قاتىلمەن!!...

ئابلىز، سەن بولساڭمۇ مېنى توغرا چۈشەن. مۇھەببەتكە خىيانەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، مۇھەببەتكە ئىشەنچسىز قارىغانلىقىم ئۈچۈن زاھىدەنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم. ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمدىن ئايرىلدىم. قايغۇلىرىمنى ساڭا خەت يۈزىدە سۆزلەپ تۈگىتىشىم قىيىن. قالغان گەپلەرنى كۆرۈشكەن چاغلاردا سۆزلەپ بېرەرمەن. لېكىن، ئالدىمىزدىكى كانىكۇلدا بارالمايمەن. زاھىدە بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى ئەسلەش، ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاش، باغچىلاردىكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئورۇندۇقلارنى، تونۇش يوللارنى كۆرۈش، دوستلار بىلەن يۈزلىشىش ماڭا ناھايىتىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. باشقا يىراق يۇرتلارغا كېتىمەن.

زوردۇن.

× × ×

ئابلىز!

يازغان خېتىڭنى راھىلە ئارقىلىق تاپشۇرۇپ ئالدىم. سېنىڭ راھىلەڭ ياخشى قىز. ئۇ ماڭا زادىلا چىراي ئاچمايدۇ. مەيلى، بۇ مەن ئۈچۈن تېگىشلىك جازا!

خېتىڭنى ئوقۇپ، مېنى توغرا چۈشەنگىنىڭگە خۇرسەن

بولدۇم. خېتىڭىزدە سەن ماڭا تەسەللى بېرىپ: «زوردۇن، ئۆل-
گەنىنىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى
ئويلاۋېرىپ، ياشلىق ھاياتىڭنى خاراب قىلىشتىن ساقلان. ئوي-
نا، كۈل؛ ئۆزۈڭگە جۈپ بولالايدىغان بىر قىزنى تاللاپ يۈرە-
كىڭگە داۋا تاپ. شۇ چاغدا ھەسرەتلىرىڭ يېنىكلىشىدۇ. . .»
دەپ يېزىپسەن. مەسلىھەتىڭگە رەھمەت! ئەمدى ھەرقانداق بىر
قىز مېنىڭ ھەسرەتلىرىمنى يېنىكلىتەلمەيدۇ. مەن كۆپ ئويلان-
دىم. سەن ئېيتقاندەك ياشلىق ھاياتىمنىمۇ خاراب قىلمايمەن.
يارىلانغان يۈرىكىمگە داۋا ئىزدەپ قىزلارنىڭ ئارقىسىدىمۇ پالاق-
لاپ يۈرمەيمەن. زاھىدەگە بولغان مۇھەببىتىمنى مەڭگۈ پاك
ساقلاش قارارىغا كەلدىم. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئايرىلىش ۋاقتى-
مىزدا زاھىدە ماڭا چاقچاق قىلىپ:
— ئالىي مەكتەپكە بارغانغا تۇشلۇق ياخشى ئوقۇڭ —
ھە! — دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا:
— كۆرىسىز، تويىمىزغىچە مەن سىزگە بىر كىتاب يې-
زىپ سوۋغا قىلىمەن، — دېگەنىدىم.
بىر كىتاب يازماق ئوڭاي ئىشمۇ؟ بۇ شۇ چاغدىكى بالىلارچە
بىر خىيال ئىدى. لېكىن، ئەمدى مەن بۇ خىيالنى رېئاللىققا
ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىمەن. بىر ئەمەس، بىر قانچە كىتاب يازى-
مەن. مەن ئىجتىھات بىلەن ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا زاھىدە
بېشىمدا قاراپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ. ھەربىر كىتابىم پۈتكەندە
ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن تويلاشقاندەك ھېس قىلىمەن. مانا مۇ-
شۇلا مېنىڭ يۈرىكىمگە تەسەللى بېرىدۇ، ھەسرەتلىرىمنى يەڭ-
گىللەشتۈرىدۇ.
خەير، زاھىدەنىڭ سۆيگەن يىگىتىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەن-
لىكىنى كېيىن كۆرەرسەن.

زوردۇن.



× × ×

زوردۇن، ياخشىمۇسىز؟
سىز مېنى تونۇمايسىز، مەن سىزنى سىرتىڭىزدىن خېلى
بىلىمەن، زاھىدە بىلەن يېقىن دوست بولغانلىقىم ئۈچۈن سى-
لەرنىڭ مۇھەببىتىڭلار توغرىسىدا خېلى كۆپ ئىشلاردىن خەۋ-
رىم بار. زاھىدە ئوتتۇراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە سىر
ساقلايتتى. ئەمما، ئۇ ۋاپاتىدىن بىر كۈن ئىلگىرى، ماڭا ئى-
شەنگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ چاغدا مەن
بۇ قىزنى ئۆلۈپ كېتەر، دەپ زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. قىز
ۋاپات بولدى. قىزنىڭ ئۆلۈمىگە سىزنىڭ جاۋابكارلىقىڭىز بار-
لىقىنى بىلىمەن. شۇڭا سىزدىن قاتتىق نەپرەتلەنگۈچىلەرنىڭ
بىرىمەن.
زاھىدە بىزنىڭ ئىشخانىدا ئىشلىگەنىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا
بىز ئىنتايىن قايغۇردۇق. مەن سىزنىڭ يېقىندا ئابلىزغا يازغان
خېتىڭىزنى ئوقۇپ، ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ سىزنىڭ ئويلاپ چىقار-
غان بىمەنە چاقچىقىڭىزدىن چىققانلىقىنى بىلىپ ئىنتايىن غەزەپ-
لەندىم. سىز نېمىدېگەن گۇمانخور ئادەمسىز - ھە؟ مۇبادا،
زاھىدە ھايات بولۇپ، سىلەر توي قىلىشقان تەقدىردىمۇ، سىز
شۇ گۇمانخورلۇقىڭىز بىلەن كەلگۈسىدە ئەشەددىي بىر كۈنچىگە
ئايلىنىپ، بىچارە دوستىمىزنى بىر ئۆمۈر قىينىغان بولاتتىڭىز-
كەن. . . ئەگەر سىز ئاراڭلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا ئىنچى-
كىلەپ قارىغان بولسىڭىز، زاھىدەنىڭ سىزنىڭ بۇ سىناقلىرى-
ڭىزدىن باشقىمۇ يەنە قانچە سىناقلاردىن تەۋرەنمەي ئۆتكەنلىكىنى
بىلەتتىڭىز، سىلەر يېڭىدىن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چېغىڭلار-

دا سىز زاھىدەگە:

«زاھىدە!

سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭگە رەھمەت. مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن. بىراق، چوڭقۇر ئويلىسام، ئىككىمىزنىڭ ئىشىنىڭ ئاخىرغا چىقىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. سەن ھەممە نېمىسى تەل، باي ئائىلىنىڭ قىزى؛ مەن بولسام ھېچنېمىسى يوق بىر يېتىممەن. مېنىڭ ئوقۇپ، جەمئىيەتكە چىقىپ، مۇستەقىل بىر ئائىلىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ چىقىشىمغا تېخى ئۇزاق بىر جەريان لازىم. مېنى كۈتمەكچى بولساڭ ئېغىر كۈنلەرگە قالىسەن. ئۆزبەختىمنىلا دەپ سېنىقىسىناپ قويۇشنى خالىمايمەن...» دەپ خەت يازغانلىقىڭىز ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك. شۇ چاغدا زاھىدە سىزگە:

«زوردۇن!

خاتىرجەم بولۇڭ. مەن سىز ئۈچۈن ھەممىنى يېڭىمەن، ئىككىمىزنىڭ بىرگە بولۇشى مېنىڭ بەختىم. مېنى بەختلىك قىلىمەن، دېسىڭىز ئىككىلەنمەي ئاداققىچە ماڭا ۋاپادار بولۇڭ» دېگەن قىسقىلا جاۋابنى بەرگەن. بۇنىڭ ئۆزى بىر سىناق ئىدى. زاھىدە بۇ سىنىقىڭىزدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلدى. سىزنىڭ بىمەنە چاقچىقىڭىز يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا دۈچ كەلگەنىدى. بىلەمسىز؟ بۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا قاراپ ياشاۋاتقان ئاجىز بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقاندا قورقۇنچلۇق سىناق. زاھىدەنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغاندىمۇ ئۇ يەنە يېڭىپ چىقتى. بۇ ھەممىلا قىزلارنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، پەقەت زاھىدەگە ئوخشاش مۇھەببەتنىڭ قەدرى - قىممى-



تىنى بىلىدىغان، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالايدىغان ئىرادىلىك قىزلارلا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سىناق ئىدى. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مۇھەببەت تىكلەنگەندىن بۇيان ئۇنىڭ بىزگە نامەلۇم يەنە قانچە سىناقلاردىن ئۆتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟!...

ئەپسۇسكى، شۇنچىلىك جاسارەت بىلەن سىزگە سادىق بولغان ئاشۇ قىز ئۆلدى. سىزنىڭ زاھىدە ئۈستىدە ئېلىپ بارغان بۇ قېتىمقى سىنىقىڭىز ھەممىنى ۋەيران قىلغۇچى ئەڭ ئاخىرقى سىناق بولۇپ قالدى. سىزنىڭ ئىشەنچسىزلىكىڭىز دوستىمىزنىمۇ بىزدىن ئايرىدى. سىز ئابلىزغا يازغان خېتىڭىزدە يەنە «بۇ كانىكولدا غۇلجىغا بارمايمەن، دوستلارنىڭ يۈزىگە قاراش ماڭا ئېغىر كېلىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپسىز. سىزنىڭ نومۇس ۋە ئەلەمدىن ئۆزىڭىزنى ئېسۋالمىغىنىڭىزغا ھەيرانمەن. خەير، بىز ئۆلگەنگە قوشۇلۇپ ئۆلۈشنى تەشەببۇس قىلمايمىز. بىراق، سىزنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىشتىن باش تارتىشىڭىزمۇ ناھايىتى ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىمايدۇ. ئەركەك بولسىڭىز ۋاپادارىڭىزنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياقىلىرىڭىزنى يىرتىپ يىغلاڭ، يۈرىكىڭىزدىكى قايغۇ - ھەسرەتلىرىڭىز چىن بولسا ياش تامچىلىرىغا ئايلىنىپ، مەرھۇمەنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تامسۇن!...

زوردۇن، كانىكولدا جەزمەن كېلىڭ. مەن زاھىدەنىڭ سىزگە تېگىشلىك بەزى ئامانەتلىرىنى تاپشۇرىمەن. كەلمىسىڭىز بۇ سىز ئۈچۈن يەنە بىر جىنايەت بولۇپ قالىدۇ.

خەير، سالامەت بولۇڭ،

رىزۋان.

× × ×

ئاچچىقى يامان راھىلە!

سالامەتمۇ سىز؟ كانىكولدا كېلەلمىگەنلىكىڭىزگە ھەممىمىز ئەپسۇسلاندۇق. مەن سۆيۈملۈك شەھىرىمىزگە 29-ئىيۇل كۈنى يېتىپ كەلدىم. ماشىنىدىن چۈشۈشىم بىلەنلا رىزۋان بىلەن ئۇچراشتىم. رىزۋان ماڭا بىر پارچە خەت بەردى. خەتكە:

«زوردۇن!

مېنى كەچۈرۈڭ. سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. سىزگە ئۆمۈر بويى ئاچچىق قىلماس ئىدىم، لېكىن مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئېلىپ بارماقچى بولغان سىنىقىڭىز ماڭا ئېغىر كەلدى. سىزنىڭ ئۇنداق رەسۋاچىلىقلارنى قىلىشىڭىزغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەلمىدىم. بۇ پەقەت توقۇپ چىقىرىلغان گەپ ئىكەنلىكىنى سەزدىم. سىزگە شۇنچە ۋاپادار بولساممۇ، سىزنىڭ ماڭا مۇنداق ئىشەنچسىز قارىشىڭىز مېنى رەنجىتتى. مەن كۆپ ئويلاندىم. تۇيۇقسىز مېڭەمگە: «زوردۇن مەندىن قۇتۇلالماي شۇنداق قىلىپ يۈرەمدۇ، قانداق؟!» دېگەن دەھشەتلىك پىكىر كەلدى. شۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتىم ۋە سىزنى مەنمۇ بىر قېتىم سىناپ بېقىشنى لازىم تاپتىم. شۇنداق قىلىپ، ئابلىز ۋە رىزۋانلارنىڭ ياردىمى بىلەن سىزنى سىناشقا باشلىدىم. راھىلە ۋەقەنى راست ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تېخىمۇ ياخشى رول ئوينىدى. سىز مېنى راستىنلا ئۆلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ كۆپ ئازابلاندىڭىز. بۇ سىزنىڭ سۆيگىنىڭىزگە گۇمان بىلەن قارىغانلىقىڭىز ئۈچۈن بېرىلگەن جازا بولدى...

زوردۇن، بىز بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۇق، سىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزۈم چىقماقچى ئىدىم. بىراق، «ئۆلگەن ئادەم» نىڭ ئالدىڭىزدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى سىزنى ھودۇقتۇرۇپ قويمىسۇن، دەپ ئويلاپ، بۇ خەت بىلەن رىزۋاننى ئالدىڭىزغا چىقاردىم. ئەتە چۈشتىن كېيىن توپتوغرا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ. ھەيران بولماڭ، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئاپامغا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىم. ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىر بۇ ئىشقا قوشۇلدى. تارتىنماي كېلىۋېرىڭ.

سىزنىڭ زاھىدە»

دەپ يېزىلغانىكەن. ئۇچقۇر شاماللار قارا بۇلۇتلارنى قوغلاپ، پاللىدە كۈن نۇرى پەيدا بولغاندەك، مېنىڭ ھەسرەت چىرماپ تۇرغان قەلبىم بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئۆزۈمنى بىر قۇر تەرتىپكە سېلىپ، ئەتىسى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا زاھىدەنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردىم. مېنى دەرۋازا ئالدىدا يەنە شۇ رىزۋان كۈتۈۋېلىپ ئۆيگە باشلىدى. ھويلىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. مەن خىجالەتچىلىكتە ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدىم. بىر توپ ئادەمنىڭ قاتتىق كۈلكىسى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۆيگە بىر مۇنچە ئوغۇل-قىزلار يىغىلغانىكەن. شەرقىي تام تەرەپتە زاھىدە — شۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك زاھىدەم كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆرە تۇراتتى. يۈزلىرىم قىزىرىپ ئوت ئالدى. يۈرەكلىرىمنىڭ شۇ مىنۇتتا قانداق دۇپۇلدىگەنلىكىنى تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن...

راھىلە، سىزنىڭ ھېلىقى نەپرەتلىك قاراشلىرىڭىزنى ئويلىسام ھازىر كۈلگۈم كېلىدۇ. خەير راھىلە، خەتنى ئالدىراشلا يازدىم. كېيىن زاھىدە ئىككىمىز ئايرىم خەت يازىمىز.

سىزنى ھۆرمەتلەپ:

زوردۇن.

× × ×

قەدىرلىك ئوبۇل!

خېتىڭىزنى ۋە شۇ خەتكە قوشۇپ ئەۋەتكەن نامەلۇم يىگىت-قىزلار يېزىشقان خەتلەرنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. بۇ خەتلەرنى ماڭا نېمە ئۈچۈن «ئوقۇپ بېقىڭ» دەپ ئەۋەتكەنلىكىڭىزنى چۈشەندىم.

ئوبۇل، سىز ھەقلىقسىز. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز قانداقمۇ سۇس، يېقىمسىز بولسۇن؟! شەبنەم تامچىسىدەك تازا مۇھەببىتىمىز توغرىسىدا شۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىمدا سىز ئېيتقاندەك باشقا سەۋەب بار ئىدى - زوردۇنغا ئوخشاش مېنىڭمۇ مۇھەببەتكە ئىشەنچىم يوق ئىدى. مېنى كەچۈرۈڭ، ئۆزئارا ئىشەنچ بولمىغاندا ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئورۇنسىز ھالاكەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەندىم...

سىزنى ئۆمۈرۋايەت — زاھىدە زوردۇننى ياخشى كۆرگەندىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ:

سىزنىڭ گۈلىڭىز.

1963-يىل ئۈرۈمچى.



# ئىككى پارچە خەت

ئايشەم مۇئەللىم، ياخشىمۇ سىز؟

مەن ئۈرۈمچىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلىپ، داشۆگە ئورۇنلاشتىم. سىزنىڭ سۆزىڭىز بىلەن ئېيتقاندا، خاتىرجەم بولدۇم. سىز مېنى تەربىيىلىگەن شۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە مېنىڭ كەلگۈسىم ئۈچۈن كۆپ غەم يېدىڭىز. ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن داشۆگە تاللانغان چېغىمدا سىز ماڭا: ئامىنە، ئەمدى خاتىرجەم بولدىڭىز، مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم، دېگەنىدىڭىز.

تۈنۈگۈن بىزنى يېڭى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. بالىلار تولۇق يىغىلىپ بولماپتۇ. دەرس يەنە ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ. بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا سىزگە خەت يېزىۋېتىشنى ئويلىدىم، تاماقتىن قايتىپ كىرىپ، ياتاق دېرىزىسى ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەل يېنىدا قەلەمنى تۇتقىنىمچە يىراقلارغا قاراپ خىيال سۈردۈم. ئوچۇق دېرىزىدىن كۆك ئاسمان ۋە يىراقتىكى بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ھازىر ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا نەچچە يۈز كىلو مېتىرلىق ئۇزۇن يول سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. لېكىن، سىزنىڭ مېھرىۋان چىرايىڭىز كۆز ئالدىمدىلا تۇرىدۇ، قىلغان سۆزلىرىڭىز ھېلىمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ. ئويلىسام، سىزگە بەكمۇ ئۆگىنىپ قالغانىكەنمەن.

سىزگە ئېيتىدىغان سۆزلىرىم ناھايىتىمۇ تولا، گەپنى قەيەردىن باشلاپ يازسام بولىدىكىن؟ ... ھە، راست، سىز بىر

چاغدا مېنىڭدىن ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدىڭىز. ئۇ چاغدا مەن ئانام توغرىسىدا سۆزلىشىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغان، سىزمۇ مېنىڭ رايىمغا بېقىپ، ئانام توغرىسىدا ئىككىنچىلەپ ئېغىز ئاچمىدىڭىز. ئانامنى ئەسلەش ماڭا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. مەن ئېسىمنى تاپقاندا، كىشلەر ماڭا، سىزنىڭ ئانىڭىزغا يامان ئادەملەر زىيانكەشلىك قىلغان، دېيىشتى. مومامنىڭ ئېيتىشىچە، ئانامنى قانداقتۇ بىر «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» نىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلىدۇ، دەپ تۇتۇپ، ئۇ بۇزۇقلار ئۇدا بىرقانچە ھەپتە قىيىنىغان. ئانام يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشنى رەت قىلغان ۋە شۇ ئازابلار تۇپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. مەن ئۇ چاغدا تېخى ئەمدىلا يەتتە ياشقا قەدەم قويغانىدىم.

مەن ئانام ۋاپات بولغان يىلى مەكتەپكە كىرەلمىدىم. مومام سېغىپ بەرگەن سۈتنى سېتىش مېنىڭ ئۈستۈمگە يۈكلەنگەنىدى. ئائىلىمىز ئاشۇ بىر كالىنىڭ سۈتىدىن بولغان كىرىمگە قاراشلىق ئىدى. ئۇمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان پۇل بولاتتى. شۇ قاتتىق كۈنلەردە، مومام شۇ ئازغىنە پۇلنى ئائىلىنىڭ خىراجىتىگە قانداق يەتكۈزگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئېسىمدە قالغىنى قىش كۈنلىرى يەرگە يورۇق چۈشمەستىنلا كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ قوپۇپ، كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە سۈت تارقىتاتتىم. سۈت چۆگۈننى تۇتقان قولۇم مۇزلاپ قېتىپ كېتەتتى. چۆگۈننى ئۇ قولۇمدىن بۇ قولۇمغا يۆتكەپ، مۇزلىغان قولۇمنى ھورداپ ئىسسىتىشقا تىرىشاتتىم. ئەنە شۇنداق چاغلاردا، سۈت ساتقىلى كىرگەن ئۆيلەردىكى بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان بەختلىك بالىلارنى كۆرگىنىمدە، ماڭا يىغا ئۇلىشاتتى. مەنمۇ ئاشۇنداق ئىسسىق ئورۇنغا يۆگىنىپ يېتىپ، تېخى كۆزۈمدىلا تۇرغان ئۇيقۇمنى داۋاملاشتۇرۇشنى قانچىلىك خالايتتىم ـ ھە!...

ھۆرمەتلىك مۇئەللىم، شۇ چاغدىكى تەتۈر زامان ۋە كۆڭلىدىكى قارا مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن ھېچنېمىدىن قايتمىغان



فاشىستلار مېنى ئانامنىڭ ئىسسىق قۇچىقىدىن ئەنە شۇنداق ئەتىگەنلا مەھرۇم قىلىپ، مېنى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن تەمتىرەپ يۈرۈشكە كوچىغا تاشلىۋەتكەنىدى... سۈتنى سېتىپ بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىمدا، ھېلىقى توققۇزى تەل بالىلار ئىسسىق ئۆينىڭ دېرىزىلىرىدىن ماڭا قاراپ، تىللىرىنى چىقىرىپ زاڭلىق قىلىشاتتى. جىلتىلىرىنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىپ بارغان بەزى بەڭۋاش بالىلارغا ئۇچراپ قالسام، ئۇلار ماڭا قارنى پومداقلاپ ئېتىشاتتى...

سىز مېنى «ئامىنە، سىزنىڭ مىجەزىڭىزدە ئاجايىپ بىر تەرسالىق بار» دەيتتىڭىز، ئاشۇ ئېغىر تۇرمۇش سىز ئېيتقان تەرسالىقنى مېنىڭدە كىچىكىمدىلا يېتىشتۇرگەن. مەن دائىم: «مېنىڭ باشقىلاردىن نەرىم كەم؟ نېمە ئۈچۈن مېنى باشقىلار بوزەك قىلىدۇ؟» دەپ ئويلايتتىم. ئاشۇ ئاتا ـ ئانىسى بار بالىلاردەك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

ئىككىنچى يىلى مومام «ئاناڭنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن، ئوقۇۋال» دەپ مېنى مەكتەپكە بەردى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى سۈت سېتىپ، جىلتام بىلەن سۈت چۆگۈننى كۆتۈرۈپ، دەرسكە ئارانلا ئۈلگۈرۈپ كېلەتتىم. سىنىپتىكى بالىلار ماڭا «سۈتچى» دەپ لەقەم قويۇشتى. لېكىن، ئۇلار نېمە دېيىشسە دېيىشسۇن، مەن تەرسالىق بىلەن تىرىشىپ ئوقۇدۇم.

ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ، سىزنىڭ قولىڭىزغا ئۆتكەن چېغىمدا، سىز مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپلا بىر نەرسە سەزگەندەك بولدىڭىز، مەكتەپكە يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ياسىنىپ كېلىشكەن قىزلاردىن مەن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتىم. ئۇستۇمدە ئانامدىن قالغان ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە كېلەڭسىز چاپان، ئايىغىمدا يوغان ئۆتۈك، بېشىمدا گۈللىرى ئۆڭۈپ كەتكەن يىپ ياغلىق بار ئىدى. ئوغۇل بالىلار بۇ يەردە ماڭا دەرھاللا «موماي» دېگەن يېڭى لەقەمنى ئويلاپ تېپىشتى. ھامان باشقىلارنىڭ

زاڭلىق قىلىشى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىغان چېغىمدا، تەرسالىقىم كۈچىيىپ، غەيرەتكە كېلەتتىم. باللار ئىچىدە ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا ياخشى نەتىجەم بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدىم، ئاستا - ئاستا باشقىلارمۇ مېنى سەل چاغلىمايدىغان بولۇشتى.

شۇ دەسلەپكى يىللىلا سىزمۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى، مىجەزىمنى چۈشىنىپ يەتتىڭىز. سىز مېنىڭ ئوقۇشتىكى ھەربىر نەتىجەمگە ئۆز قېرىندىشىمدەك خۇشال بولاتتىڭىز، ھەر قېتىم ئاتا-ئانىلار يىغىنى بولغاندا، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى نەتىجىلىرىنى ئاڭلىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق چاقنايدىغۇ؟ لېكىن مېنىڭ نەتىجىلىرىمنى ئاڭلاپ خۇشال بولىدىغان كىمىم بار؟ بېچارە مومامنىڭ بولسا مېنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىمنى سۈرۈشتۈرۈشكە چولىسىمۇ يوق ئىدى. سىز، پەقەت سىزلا مېنىڭ نەتىجىلىرىم ئۈچۈن ئالاھىدە خۇشال بولاتتىڭىز. بۇنى سىزنىڭ خۇرسەنچىلىك بىلەن قارىغان كۆزلىرىڭىزدىن مېنىڭ يۈرىكىم سېزەتتى.

ھېلىقى شىۋىرغانلىق بىر كۈنى، مەكتەپكە مۇزلاپ كەلگىنىمدە، مېنى ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىگە چاقىرتىپ چىقىپ، ئۆزىڭىزنىڭ بېشىدىكى ئىسسىق يۇڭ ياغلىقىڭىزنى ماڭا بەرگىنىڭىز زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ، باشقا ئادەم بەرگەن بولسا، مەن ئالمايتتىم. لېكىن، سىز ياغلىقنى مېھرىبان ئانامدەك بېشىمنى سىيلاپ تۇرۇپ چىگىپ قويدىڭىز، مەن رەت قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدىم، ھاياجانلانغىنىمدىن خالىي يەرگە بېرىپ تازا يىغلىدىم. مەن ئۇ ياغلىقنى قەدىرلەپ بىر قانچە يىل سالدىم، ھەر قېتىم ئۇ ياغلىقنى قولۇمغا ئالسام، بۇرنۇمغا ئۆز ئانام پۇرىغاندەك بولاتتى.

ساۋاقداشلار ھېيت - بايرامنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. لېكىن، مەن ئۈچۈن ھېيت - بايرام ئەڭ كۆڭۈلسىز كۈنلەر بولىدۇ. ھەممە باللار چىرايلىق ياسىنىشىپ



يۈرگەن كۈنلەردە، مېنى غېرىبلىق بېسىپ، كۆڭلۈم ئىختىيارسىز يېرىم بولىدۇ. مەكتەپ دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن ھېلىقى كۈن ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ كۈنى سىز مېنى سىنىپتا يالغۇز ئولتۇرغان يېرىمدىن تاپتىڭىز، سىز: «ئامىنە، نېمىشقا چىقىپ كۆڭۈل ئاچمايسىز؟» دېدىڭىز، مەن تەرسالىق بىلەن «ياق!» دەپ رەت قىلدىم. سىزمۇ مېنىڭ ئۇستۇۋېشىمغا بىر قارىدىڭىز - دە، چىقىپ كەتتىڭىز، سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچى! مەن قوللىرىم قاداقلىشىپ كەتكەن بىر نامرات «سۈتچى»، ئانامدىن قالغان كېلەڭسىز كىيىملەرنى تۈزەشتۈرۈپ كىيىپ يۈرگەن بىر «موماي» تۇرسام، ماڭا كۆڭۈل ئېچىش قانداقمۇ ياراشسۇن؟! . . . شۇ بايرامدا مومام ماڭا يارىشىملىق بىر كۆڭلەك تىكىپ بېرىپ، مېنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. مەن كۆڭلەكنى كىيىپ شادلىقتا چۆمۈپ، مومامنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم، ئەسلىدە بۇ كۆڭلەكنى سىزنىڭ ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىڭىزنى كېيىنلا ئۇقتۇم.

قىممەتلىك ئوقۇتقۇچى! بىز ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئاخىرقى يىلى مەن ئۈچۈن قانچىلىك جاپا چەككەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن. سىز دائىم ماڭا: «داشۆگە كېتىۋالالىسىڭىز تۇرمۇشىڭىز خاتىرجەم بولاتتى» دەيتتىڭىز، داشۆگە ئۆتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىڭىز. لېكىن، يەنە ئەندىشە قىلاتتىڭىز. دېگەندەك شۇ يىلى مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. ئانامنىڭ ئورنىدىكى ئانام، ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ھەمرىھىم — مومام ئۆلۈپ كەتتى. مەن بېشىمغا ئاق چىگىلەپ، كالىنى سېتىپ، بۇ ئۆلۈمنى ئۇزاتتىم. مەن شۇ قېتىمدا مومام ئۈچۈنمۇ، ھېلىقى ئالا كالا ئۈچۈنمۇ يىغلىدىم. ئۇمۇ بىز بىلەن جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ تارتقان ۋاپادار جانىۋار ئىدى. . .

شۇنداق قىلىپ، مەن ئۆيدە تىكەندەكلا يالغۇز قالدىم. سىز مېنى ئۆز ئۆيىڭىزدە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىڭىز، لېكىن سىز

ئۆمرىڭىز بالىلار ئۈچۈن سەرپ بولۇۋاتقان جاپاكەش ئوقۇتقۇچى-
غۇ، سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز ئەتراپىدىكى قارا داغ ۋە چاچلىرىڭىز-
نى ئاقارتقان ئاشۇ ئاقلار سىز چېكىۋاتقان مۇشەققەتلەرنىڭ يالدا-
مىسىغۇ؟! مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرۇپ، ئېغىر چىلىقىمنى
سېلىشنى خالىمىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئانام بىلەم مومام
تونۇتقان ئاشۇ قەدىناس ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىكنى ئويلى-
دىم. سىز بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلەرنىڭ مېنىڭ مەكتەپ
پۈتتۈرۈش ۋە يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىھانىغا تەييارلىنى-
شىمغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتىڭىز. بىر
ئايدىن كېيىن مەكتەپكە قايتىپ بارغىنىمدا، سىز يەنە قانچە
كېچىلەرنى ماڭا دەرس تولۇقلاپ بېرىش بىلەن ئۆتكۈزدىڭىز،
مەن سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى ئاقلاشقا تىرىشتىم، كۆز ياشلىرىمنى
سۈرتۈپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانسېرى كۈچىيىدىغان ھېلىقى
تەرسالىقىمغا ئېلىپ تىرىشتىم.....

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى شۇن-
چىلىك پاتىپاراق بولۇشتى. مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا پە-
كاپلارمۇ پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىسى ئۆز پەرزەنت-
لىرى ئۈچۈن يول مېڭىپ يۈرەتتى، شۇ چاغلاردا سىزمۇ جىد-
دىيلىشىپ كەتتىڭىز. مېنىڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلىشىمگە
ئىشەنسىڭىزمۇ، يەنە، مېنىڭدەك بىر يېتىم بىچارىنىڭ نەتىجە-
سىگە سوغۇق قول تېگىپ، بۇ نەتىجىنىڭ باشقىلار نامىغا يېزى-
لىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىڭىز. مەن سىزنىڭ ماڭا ئوخشاشلا
مەن ئۈچۈن غەم يەپ، ئىمتىھان زالىدا ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ
يۈرگەنلىكىڭىزنى ئويلىسام، ئىمتىھاندا ئولتۇرۇپ غەيرەتكە كې-
لەتتىم، يۈرىكىمگە ئىسسىق بىر ئېقىم قويۇلغاندەك بولاتتى.

ئاخىر ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم. مېنىڭ ئىمتىھان نەتىجەم غۇل-
غۇلا كۆتۈردى. بۇ باشقىلار ئوڭايلىقچە ئۆزىنىڭ قىلىۋالالمايدى-
غان ئالاھىدە نەتىجە ئىدى، بۇ سىزنىڭ كۆپ يىللىق ئەجرىڭىز-
نىڭ مېۋىسى ئىدى... سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچى، ئېسىڭىزدى-



مۇ؟ شۇ چاغدا مەن كۆزۈمگە لىققىدە ياش ئېلىپ، «ئانام بولغان
بولسا قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتى - ھە!» دېگىنىمدە،
سىز چاچلىرىمنى سىيلاپ تۇرۇپ: «ئامىنە، نېمىشقا كۆڭلۈ-
ڭىزنى يېرىم قىلىسىز، مەن سىزنىڭ ئۆز ئانىڭىزدەك ئەمەس-
مۇ؟» دېدىڭىز. ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز دائىم مېنى: «ئامىنە،
سىز نېمانچە ئورۇق، نېمانچە ئاجىز؟» دەپ ماڭا ئېچىناتتىڭىز.
مەن بەختىنىڭ، ئانا مېھرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي چوڭ
بولغان قىز تۇرسام، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بەدەنلىرىم ئورۇق،
چىرايىم سولغۇن بولمىسۇن؟! لېكىن، شۇ قېتىم سىزنىڭ:
«مەن سىزنىڭ ئۆز ئانىڭىزغۇ؟» دېگەن سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلى-
غىنىمدا، يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ، چىرايىمغا قان يۈگۈردى. مەن
ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلدىم...

مەن داۋامى بىلمەيمەن، ئۇنى مۇشۇ ئۆرۈمچىدە بىر ئىدارى-
دە چوڭ باشلىق، دېيىشىدۇ. لېكىن، ئۇ كىشى ئەزەلدىن
بىزنى ئىزدەپ باققان ئەمەس. ئېھتىمال، ئۇ ھازىر ماڭا يېقىنلا
يەردە تۇرىدىغاندۇ، ئەمما ئارىلىقىمىز قانچىلىك يىراق بولسى-
مۇ، سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىمسىز. سىز مېنىڭ قايغۇمنى
قايغۇرغان، خۇشاللىقىمغا خۇشال بولغان ھەقىقىي ئانامسىز.
مەن بۇ قېتىمقى كانىكولدا قېشىڭىزغا چوقۇم بارىمەن، شۇ
چاغدا سىزنى ئۆز ئۆيىڭىزنىڭ بوسۇغىسىدا، ئۆز ئانامنى قۇچاق-
لىغاندەك قاتتىق - قاتتىق قۇچاقلايمەن.

تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەپ:

ئۆز قىزىڭىز ئامىنە.

## 2

قىزىم ئامىنە!

خېتىڭىزنى ئوقۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي يىغلىۋەتتىم.
تاڭ ئاتقۇچە خىيال بىلەن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىدىم. سىزگە

دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى، سىز مېنىڭ قولۇمدا ئوقۇغان شۇ يىللار ئىچىدە بۇ سۆزلەرنى سىزگە ئېيتىشقا قانچە تەمشەلگەن بولساممۇ ئېيتالمىدىم. ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، بىز ئانا - بالىدەك بولۇپ قېلىشقاندۇق. مەن ئۇ گەپلەرنى ئېيتسام ئوتتۇرىمىزدىكى مۇھەببەتكە تەسىر يېتەمدىكىن، دەپ ئەنسىرىدىم. بىلەمسىز؟ سىز مېنىڭ ئالدىمدا بولغان شۇ يىللار ئىچىدە مەن سىزگە قاراپ ھەم خۇشال بولدۇم ھەم ئازابلاندىم، ئەمدى ئويلىسام، بۇ سۆزلەرنى ئېيتمىغاندىن ئېيتقان ياخشىراقتەك تۇرىدۇ. ھازىر چوڭ بولۇپ قالدىڭىز، سىزنى مەسىلىلەرگە توغرا قارىيالايدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

ئامىنە، مەن سىزنىڭ دادىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ پۈتۈن ئۆمرى يۇقىرىغا يامىشىش بىلەن ئۆتكەن ئادەم. ئۇ ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تۇتقان ئالاھىدە يولى بار. شۇڭا ئۇ ھازىرغىچە پۈتلاشماي بالداقمۇ - بالداق ئۆرلەۋەردى. دادىڭىزنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە بۇنچىۋالا گەپلەرنى قىلىپ كەتكىنىمگە ھەيران بولماڭ، ئۇ مېنىڭ تۇنجى يولدىشىم ئىدى. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر ئوغۇل بولغان، بالا ئون ياشلاردىن ئاشقاندا بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق. ئۇ ئىككىنچى قېتىمدا سىزنىڭ ئانىڭىز بىلەن توي قىلدى. سىزنىڭ ئانىڭىز ماڭا قارىغاندا ياش ھەم چىرايلىق ئىدى. مەن بۇ ئىشلار ئۈچۈن ھېچقانداق ھەسرەت قىلمىدىم. مەن ئۇ ئادەمدىن قۇتۇلغىنىمغىلا خۇش ئىدىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق مېھرىمنى بىر تال ئوغلۇمنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ يالغۇز ياشىدىم. كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ مەنسىپى يوغىنىغانسېرى ئاياللارغا بولغان تەلىپىمۇ يوغىناشقا باشلىدى. سىزنىڭ ئانىڭىز گۈزەل، لېكىن ئاددىي ئائىلە ئايالى ئىدى، دادىڭىزغا بولسا ئۆزىنىڭ مەنسىپىگە ماسلىشىدىغان «ئوقۇمۇشلۇق» ئايال لازىم بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئادەم سىزنىڭ



ئانىڭىزغىمۇ ۋاپا قىلماي ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ چاغدا سىز تېخى ئىككى ياشتا ئىدىڭىز... ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئىشلار، دەپلا قاراشقا بولاتتى، لېكىن يەنە ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى بىر - بىرىگە باغلىنىپ قالدى. كىشىلىك تۇرمۇش بىر كومېدىيىگە ئوخشايدۇ، دىگەن سۆزنى ئاڭلىغانىدىم. توپتوغرا ئون يىل ھۆكۈم سۈرگەن ھېلىقى چوڭ قالايمىقانچىلىقتا بۇ كومېدىيە دەھشەتلىك تۈس ئېلىپ، قىزىپ كەتتى. شۇ يىللاردا مېنىڭ ئوغلۇم باشتىن - ئاياغ ماشىرەڭ كىيىم كىيىپ، يېنىغا يان قورال ئېسىپ، نەق ھېلىقى سىز ئېيتقان فاشىستلارنىڭ چوماقچىلىرىدىن بولۇپ چىقتى. مەن ئۇنى بىر تال ئوغلۇم، دەپ ئەركە باققانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۈيىقەستچىلەر بۇ بالىلارنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويۇشى بىلەن ئۇ ئۇچۇپ نەگە چۈشۈشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدى. ئېھتىمال، سىزنىڭ ئانىڭىزغا ئوخشاش قانچە بىگۇناھلارغا زىيانكەشلىك قىلغانمۇ بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىرقانچە قېتىم قاتتىق گەپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى يىلغىچە ئۆيگە دەسسىمىدى. شۇ قاتتىق كۈنلەرنىڭ قارا كېچىلىرىنى مەن كىرپىك قاقماي تاڭغا ئۇلاشتۇردۇم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىمنى، بالا تەربىيىلەش ئۈچۈن ئانىنىڭ رولىنىڭمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم چۈشىنىپ يەتتىم. مەن بالىنىڭ ئاتىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش قارارىغا كەلدىم. بۇ سوغۇق كۈز شامىلى كوچىلاردا چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ پارچىلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ يۈرگەن كۆڭۈلسىز بىر كۈز كۈنى ئىدى. مەن دادىڭىز ئىشلەۋاتقان ئىدارە بىناسىنىڭ پەلەمپەيلىرىگە قەدەم قويدۇم، ئىدارىنىڭ ئىچى - تېشى چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، شۇ چاغدا، بىردىنلا، ئۇ ۋاپاسىز ئاتىنىڭ ئالدىغا كىرىش نىيىتىدىن

يالتايدىم. كۆڭلىدە «ئۆزۈم» دىن باشقا ئۇقۇم بولمىغان، ھازىر بولسا ئۆزىنى قوغداش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ قالغان ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى ئايدىڭ ئىدى. مەن قايتتىم، ئەتىسى ئۆيگە ئوغلۇمنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. ئىككى تەرەپ قاتتىق توقۇنۇشقان بىر قېتىملىق ئەلەم كۆرۈشىدە تەگكەن ئوق نەق بۇ «قەھرىمان» نىڭ يۈرىكىنى يۇلۇپ كەتكەنىدى. ۋاقتى كېلىپ، مېنىڭ ئۇ گەپ يېمەس ئوغلۇم ئۆز جىنايەتلىرىدىن ھېساب بەرگۈچە تەقدىر ئۇنى ئەنە شۇنداق جازالاپ بولدى... قاتتىق يىغلىدىم. يامان بولسىمۇ ئۇ مېنىڭ باغرىمنى يېرىپ چىققان بالا ئىدىغۇ؟ بىر چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن بوينۇمغا گىرە سېلىپ، يېنىمدا پۇشۇلداپ ئۇخلىغانىدىغۇ؟ مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەنىغۇ؟ قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتى، ياشلىقى مۇشۇ پاجىئەگە بېرىپ يەتتى ـ ھە؟!... قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، باللارنى ئازدۇرۇۋاتقان چوڭ-كىچىك ئەبلەخلەرنىڭ ھەممىسىگە لەنەت ئوقۇدۇم..

ئامىنە، ئارىدىن 4 — 5 يىلچە ئۆتۈپ، بۇ ھەسرەتلەر ئۇنتۇلۇشقا باشلىغاندا، سىز مېنىڭ ئالدىمدا پەيدا بولدىڭىز. مەن يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ، سىزنىڭ كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ قالغان كۈنى كېچىسى تاڭغىچە ئۇخلىيالمىدىم، تۇرمۇش كومېدىيىسىنىڭ بۇ يېڭى، ئاجايىپ ئۇچراشتۇرۇشىغا ھەيران بولۇپ، كۆپ ئىشلارنى ئويلىدىم. سىز ئېزىتقۇلار ئىش تەۋرەتكەن قارا يىللار ئىگىسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بىگۇناھ گۆدەك ئىدىڭىز. شۇلارنى ئويلىغىنىمدا، يۈرىكىمگە ئوت تۇتىشىپ، مېنىڭدە سىزگە ئانا بولۇپ قېلىش ھېسسىياتى ئويغاندى. مەن سىزنىڭ مېنى ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈشىڭىزنى ئىستەيتتىم. شۇڭا سىز ھېلىقى چاغدا «ئۆز ئانام بولغان بولسا قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتى- ھە!» دې-



گىنىڭىزدە، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي: «ئامىنە مەن سىزنىڭ ئۆز ئانىڭىزغۇ!» دەۋەتتىم...

ئامىنە، سىز ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ ئۆز قىزىمغۇ؟ تۇرمۇش دېگىنىڭىزنىڭ قايناملىرى سىزنى ئانىڭىزدىن، مېنى ئوغلۇمدىن ئايرىدى. بىز ھەر ئىككىمىز يېتىمغۇ؟!... ئالدىمىزدا تۇرمۇش يولى تېخى ئۇزۇن، نېمە ئۈچۈن بىز ئانا ـ بالا بولۇپ بىللە ماڭالمايمىز؟! جېنىم قىزىم، سىز كېلىڭ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىقىمەن، ماشىنىدىن چۈشۈشىڭىز بىلەنلا، باغرىمغا بېسىپ، يېنىپ ـ يېنىپ قۇچاقلاپ سۆيىمەن.

سىزگە سالامەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ:

ئانىڭىز ئايشەم.

# يىراقتىن يېزىلغان خەت

رىزۋان:

ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئىككىمىز بىر ئۆيدە ئىدۇق. ھازىر بۇ خەتنى سىزگە يىراقتىن يېزىۋاتىمەن. ئۆيدىن كېتىش ئالدىدا خەت قالدۇرۇپ كەتكەنىدىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سىز ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، جوزا ئۈستىدىكى خەتنى كۆرۈپ ھەيران بولغانسىز؟ مەن ئۇ خەتكە ئاددىيلا قىلىپ: بۈگۈن سىرتقا ماڭىمەن، ئەنسىرىمەڭ، قايسى ۋاقىتتا قايتىپ كېلىدىغانلىقىم توغرىسىدا ئايرىم خەت ئەۋەتىمەن، دەپ يازغانىدىم. بۇ سىزنى ئالاقزادىلىككە سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈنلا دېيىلگەن گەپ ئىدى. كۆڭلۈمدە بولسا، بۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمەيمەن، دېگەن قارارغا كېلىپ بولغانىدىم.

شۇ كۈنى كېچىدە شەھەرلىك باغچىنىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇقىدا يېتىپ تاڭ ئاتقۇزدۇم. سەھەرلىكى باغچىنىڭ دەرەخلىرى ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللىرىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، نېمە قىلىشىم توغرىسىدا قايتا ئويلاندىم . . . ئازدىن كېيىن، ئەتىگەنلىك قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ رەڭمۇ رەڭ شولىلىرىنى تۆكتى. گۈللۈكلەردىكى گۈللەر قىزغۇچ نۇرغا چۆمۈلدى. مەن ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادىن قېنىپ نەپەس ئالدىم. ھايات نېمىدېگەن گۈزەل! لېكىن، مەن ئۆلۈشنى خالايمەن. سىز ھەيران بولماڭ. ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتتىن بىزار بولغان بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىـ



ـدە ھاياتنى سۆيىدىغان، ئەمما ۋىجدانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئۆزى ئىجرا قىلىدىغانلارمۇ بار . . . ئىككىمىز ئاشۇ گۈللۈكلەر ئارىسىدىن كۆپ قېتىم ئۆتكەنىدۇق. ئەنە، سىز ياخشى كۆرىدىغان ئاق، سېرىق ئەترە گۈللەر يەنە ئىلگىرىكىدەكلا كۈلۈپ ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ. بىز ھەر دائىم كېلىپ ئولتۇرىدىغان دەرەخلەر ئارىسىدىكى ھېلىقى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى مەن بۈگۈن كېچە ئۆز بەدىنىم بىلەن ئىسسىتتىم. بۇ مېنىڭ خاتىرىلىك جايلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىشىم ئىدى.

ئەتىسى مەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، «ئا» يېزىسىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ يەردە توختىشىمدىكى سەۋەب، بۇ يەردە مېنىڭ يېقىن بىر ساۋاقدىشىم تۇرىدۇ. كۆڭلۈمدىكى بارلىق گەپلەرنى شۇ بۇرادىرىمگە ئېيتىپ، ئاندىن ئاشۇ يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۆزۈمنى تاشلىماقچى ئىدىم. ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە توختىدىم. مېنىڭ بۇ يەرلەرگە كەلمىگىنىمگە يەتتە ـ سەككىز يىلدىن ئاشقانىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئېرىق بويلىرىغا يېڭىدىن تىكىلگەن كۆچەتلەر ھازىر ئېگىز بوي تارتىپ، يوغىناپ كېتىپتۇ، ھويلىدىن بالىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بىلەن بىر ئايالنىڭ بالىلارنى تاماققا چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ چاغدا، مېنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشكە كۆڭلۈم تارتمىدى. ئۆز تۇرمۇشى، ئۆز بالىلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان بۇ كىشىلەرگە ھەسرەت تۆكۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامىنى بۇزۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ئىچىمدە: ياشاپ قالىدىغان كىشىلەرنىڭ ئارامىنى بۇزۇدىغان ھەسرەتمۇ مەن بىلەن بىللە كەتسۇن، دېدىم ـ دە، كېتىپ قالدىم.

يېزىدىن چىقىپ، شىۋاقلار بىلەن قاپلانغان دۆڭلۈكتىن تۆۋەنلەپ چۈشۈپ، دەريا بويىغا يېتىپ كەلدىم. ئېگىز يار ئاستىدا لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا ھەيۋەتلىك شارقىرايتتى. مەن

يوغان قورام تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، تاماكا چەكتىم. پايانسىز كۆك ئاسماندا چۆل قۇشلىرى قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچماقتا ئىدى. تۆۋەندە بىر يەردىن پادىچى بالىنىڭ نەي ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. پۈتۈن ۋادا گويا ئاشۇ مۇڭلۇق نەي ئاۋازى بىلەن بىللە يېنىك نەپەس ئېلىۋاتقاندەك ئىدى. مەن ئېچىنىش بىلەن ئويلىدىم: تەبىئەتمۇ، قۇشلارمۇ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريامۇ-بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ، شۇنچە چىرايلىق ياشناپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، مەن ئۆلمەكچى. . .

رىزۋان، مەن ئۆلمىدىم، قولۇمدىكى تاماكىنى ئېچىمگە قاتتىق - قاتتىق تارتىپ، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە، ھاياتىم بىلەن ئۆلۈمۈم ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىر - ئىككى چامدام ئارىلىق قالغان بۇ دەھشەتلىك يار ئۈستىدىن كېتىپ قالدىم.

تۈنۈگۈن مەن × شەھىرىگە كەلدىم. ئېھتىمال، بۇ خەت سىزنىڭ قولىڭىزغا تەگكەن چاغدا مەن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتكەن بولارمەن. نىمە ئۈچۈن سىزدىن ئايرىلىشنى ئىستەپ قالغىنىمنى ئېيتسام، گەپنى يىراقتىن سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز دەسلەپكى تونۇشقان ۋاقتىمىزدا سىز مېنىڭدىن:

— سىز ئىلگىرى بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپباققانمۇ؟ — دەپ سورىغانىدىڭىز، مەن پەرۋاسىزلا:

— ياق، — دەپ جاۋاپ بەردىم، سىز:

— مەن ياخشى كۆرگەن، لېكىن ئۇ يىگىت «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا يامان ئادەملەر تەرىپىدىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، ئۇنى ئۆمرۈم بويى ئۇنتۇيالمايمەن، — دەپ يەرگە قارىدىڭىز.

مەن سىزگە قارىدىم. سىزنىڭ مەڭزىلىرىڭىز ھاياجاندىن قىزارغانىدى. بۇ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىكى ماڭا نامەلۇم يىگىت سالغان ئوتنىڭ تەپتى ئىدى. . . رىزۋان، سىزنىڭ ماڭا بىرىنچى قېتىم ئەتىرگۈل ئۈزۈپ بەرگەن ۋاقتىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟



ئۇ گۈل مۇھەببەتنىڭ بەلگىسىمىدى؟ ياق! بىز پەقەت تۇرمۇش زۆرۈرىيىتى بىلەنلا ئۇچرىشىپ قالغان ئادەملەر. ھەقىقىي سۆيگۈ مۇھەببىتىنى باشتىن كەچۈرۈش ئىنسانغا پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. ئۇ شۇنچىلىك نازۇك ھېسسىياتكى، قايتا تەكرارلانمايدۇ. سىز باشقا بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈشكە ئۆزىڭىزنى زورلاپ باقسىڭىزمۇ، ئۇ ئالدىنقىسىدەك چىن بولمايدۇ. سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ئاللىبۇرۇن ھېلىقى نامەلۇم يىگىتكە بېغىشلىنىپ بولغان. . .

بىز توي قىلىشتىن ئىلگىرى، سىز يېشىل ئوتلار بىلەن قاپلانغان دۆڭلۈك ئۈستىدە يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرى ياخشى كۆرگەن شۇ يىگىتىڭىزنى ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ، مېنىڭدىن: شۇ يىگىت توغرىسىداگەپ-سۆزلەرنى قىلىشىڭىزغا، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى ساقلىشىڭىزغا رۇخسەت قىلىشىمنى، ئۇ يىگىتكە بولغان مۇھەببىتىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلدىڭىز. مەن ئۇ شەرتنى قوبۇل قىلدىم. چۈنكى، مېنىڭ ھاياتىمدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇھەببەت ۋەقەلىكى بار ئىدى، مەن ئۇنى سىزگە ئېيتىشنى خالىمىدىم. ئۇ قىز ھازىرمۇ ھايات تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى تاشلاپ كەتكەندە مەن ئازابلاندىم. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا مۇھەببەت بىلەن قارىغان كۆزلىرىنى، بوينۇمغا گىرە سالغان ئىسسىق قوللىرىنى زادى ئۇنتۇيالمىدىم، شۇڭا، سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھېسسىياتلىرىڭىز ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئىككىنچىدىن، سىزنىڭ ئۇ يىگىتىڭىز ئالەمدىن ئۆتكەن، مېنىڭ ئۇنىڭغا تارلىق قىلىشىمنىڭ، ئۇنىڭدىن سىزنى قىزغىنىشىمنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق ئىدى.

ئەمما رىزۋان، مەن سىز بىلەن بىللە بولغان شۇ يىللار ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇ نامەلۇم يىگىتنىڭ سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا مەن پەرەز قىلغاندىنمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى

ھېس قىلدىم. سىز ئۇنى ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم تىلغا
ئالاتتىڭىز. تۇرۇپلا تاتلىق خىياللارغا چۆكۈپ كېتەتتىڭىز.
شۇنداق چاغلاردا سىز ئۆتمۈشنى ئويلايتتىڭىز، شۇنداق چاغلاردا
سىز خىيال كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن يە-
گىت بىلەن ياشايتتىڭىز. . . نېمە ئۈچۈن تەقدىر سىزنى ئۆز
يىگىتىڭىزگە، مېنى ئۆز قىزىمغا قوشماي، ئىككىمىزنى بىر
ئۆيدە قىلىپ قويىدى؟ بۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ ياكى مەسخىرى-
سىمۇ؟ بىزگە ئوخشاش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى
نېمە دېيىش مۇمكىن؟ بىز بىر بىرىمىزنى ھۆرمەتلەيمىزغۇ، بىر
بىرىمىزنى سۆيىمىزغۇ. شۇ يىللار ئىچىدە بىز بىرمۇ قېتىم
جاڭجاللاشمىدۇققۇ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت مۇھەب-
بەت بولمىسا، ئەمىسە نېمە؟! سىز بۇ سوئالغا «بىز ئىناق-
ئەر-خوتۇن» دەپ جاۋاب بېرەتتىڭىز. سىز راستىنى ئېيتتى-
ڭىز. بىز ئەنە شۇنداق ئىناق ئەر-خوتۇن ئىدۇق. بىز مۇھەببە-
تىمىزنى بەرگەن ھېلىقى نامەلۇم كىشىلەر بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە
بىز بىلەن بىللە ياشايتتى.

رىزۋان، سىز مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل ئايالسىز. سىز بىلەن
مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆيدە تۇرالىدۇقكى، سىزنىڭ گېپىڭىز
ئوچۇق، كۆڭلىڭىزدە يامانلىق يوق؛ مەن بولسام سىزنىڭ ھېلى-
قى يىگىتكە بولغان ھېسسىياتلىرىڭىزغا ھۆرمەت قىلدىم، سىز-
نىڭ مۇھەببەتتىكى ساداقەتلىكىڭىزنى قەدىرلىدىم . . . مەن
سۆيگەن قىز مۇھەببەتكە ئۇنداق سادىق بولالمىغان. مەن ئۇ قىز
بىلەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى قالايمىقانچىلىقلار باشلىنىش-
تىن ئىلگىرى تونۇشقانىدىم. سېھىرلىك ئايدىڭ كېچە، شىرىل-
داپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ، ھاياجاندىن دۈپۈلدىگەن بىر جۈپ
يۈرەك، قاراڭغۇ تۈن قوينىنى يېرىپ ئۆتكەن مۇھەببەتلىك ناخ-
شىغا ئوخشاش گۈزەل خاتىرىلەر شۇ چاغدىكى مېنىڭ ھاياتىمنى
بېزىگەنىدى. قالايمىقانچىلىق يىللارغا يېتىپ كەلگەندە مېنىڭ



مېڭەم قىزىپ كەتتى. نېمە قىلىپ، نېمە قويۇۋاتقانلىقىمنى
بىلمىگەن ھالدا ۋاڭملداپ ئېتىلىۋاتقان ئوق، ئۇرۇش - چېقىش
قايناملىرىنىڭ ھەممىسىگە بېشىمچە كىرىپ كەتتىم. بىزدەك-
لەرنى مايمۇن ئويۇنىغا سېلىۋاتقان ئەبلەخلەر ئۇ چاغدا بىزگە
«يېڭى شەيئى» دېگەن چىرايلىق ئۇنۋاننى بېرىشكەنىدى، بىز
شۇ چاغدىكى «يېڭى شەيئى» لەر جەمئىيەتنى ۋەيرانچىلىققا سېلى-
ۋەتكەنلىكىمىز بىلەن مەغرۇرلانغانىدۇق، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ
دات پەريادلىرى بىزنى ھوزۇرلاندۇرغانىدى. مەن شۇنچىلىك
تەلۋىلەشكەن ئىدىمكى، ھېچكىمنىڭ نەسىھەت گېپى قۇلىقىمغا
كىرمەيتتى. شۇ چاغدىكى شوئار ۋە تەشۋىق گەپلەر كاللامغا
قوغۇشۇندەك قۇيۇلغان بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ ماڭغان يولىنى
«شەكسىز توغرا» دەپلا بىلەتتىم. لېكىن، مېنىڭ بىر ئاجىزلى-
قىم بار ئىدى. باشقا ئىشتا قانچىلىك قاتتىق بولساممۇ، ھېلىقى
ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن قىز ئالدىدا شۇنچىلىك مۇلايىم، رايىش
ئىدىم، ئۇ نېمە دېسە، مەن شۇنى قىلىشقا تەييار ئىدىم. ھازىر
ئويلىسام، ئۇ چاغدا مېنى، مەن پېتىپ كېتىۋاتقان پاتقاقتىن
قۇتقۇزۇپ قالىدىغانمۇ پەقەت شۇ قىزلا ئىدى. لېكىن، ئۇ ماڭا
بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى - دە، مەن بىلەن بولغان مۇناسىۋى-
تىنى ئۈزۈپ كېتىپ قالدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مەندەك بىر «يېڭى
شەيئى» نى نېمە ئۈچۈن تاشلاپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدىم.
ئۇنىڭ «ئەقىلسىز» لىقىغا كۈلدۈم. پەقەت يىللار ئۆتۈپ، ھە-
قىقەت ئايدىڭلاشقاندىلا، ئاندىن مەن ئۇ قىزنىڭ توغرا قىلغانلى-
قىنى چۈشەندىم.

رىزۋان! سىزنىڭچە ئادەمنىڭ ھاياتى نېمىگە ئوخشايدۇ؟
مېنىڭچە، ھايات — ئۇ بىر ئاق دەپتەر، ياشاش جەريانىدا
ھەركىم بۇ دەپتەرگە ئۆز تارىخىنى يېزىپ ماڭىدۇ، شۇ شەخس
ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى بۇ تارىخي ئەسىرمۇ
يېزىپ تاماملىنىدۇ. مېنىڭ ھاياتىمنىڭ نۇرغۇن سەھىپىلىرى

ئەنە شۇنداق لەنەتلىك تارىخ بىلەن يۇتۇلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئون يىلچە ئەخمەق بولغانلىقىمنى تونۇپ يەتكەندە، مېنىڭ سۆيگەن قىزىم تۇرمۇشلۇق بولۇپ بولغانىدى. ئۆتكەن كۈنلەرگە قاتتىق ئۆكۈندۈم. ھاياتىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەھىپىلىرىنى ياخشى يېزىش ئۈستىدە ئويلاندىم. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە سىز ماڭا ئۇچرىدىڭىز. رىزۋان، مەن يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ھۆرمەتلەيتتىمكى، سىز ۋە سىزگە ئوخشاش يەنە بىر بۆلۈك ياشلار — سىلەر ھېلىقى قارا يىللاردىمۇ ئۆزۈڭلەرنى بۇلغىماي ئۆتكەن كىشىلەردىن ئىدىڭلار.

ئالدىنقى ئاينىڭ 23-كۈنى ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ. شۇ كۈنى سىز ماڭا كۆزلىرىڭىزنى تىكىپ:

— نۇرى، مەن ئايوپىنىڭ ئانىسىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ رەسىمىنى ئالدۇرغانىدىم. ئۇنى چوڭايتىشقا بېرىپ قويغان، بۈگۈن چىقىدۇ، رەسىمنى ئەكېلىپ ئېسىپ قويسام، رۇخسەت قىلامسىز؟ — دەپ سورىدىڭىز، مەن كۈلۈپ:

— شۇنىمۇ مەندىن سوراپ يۈرەمسىز، ئەكېلىڭ! — دېدىم.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ئۆيگە كېلىپ، تامدىكى يوغان رەسىمنى كۆردۈم. رەسىمدە قارا قاشلىق، چىرايلىق كەلگەن بىر يىگىت تۇراتتى. مېنىڭ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. رەسىمدىكى يىگىتنىڭ سول پېشانىسىدە تۇرغان يوغان قارا مەڭمىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان چېچىمىدۇ؟! . . . مەن رەسىمنىڭ يېنىغا بېرىپ سەپسالدىم. سول پېشانىسىدە تۇرغان بۇ قارا باشقا نېمە ئەمەس، مەڭ ئىدى. بېشىم قېيىپ، ئولتۇرۇپ قالدىم. . .

1968-يىلنىڭ بىر كېچىسى ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇ «جىن - شەيتانلارنى يوقىتىش جەڭگىۋار ئەترىتى»نىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىدە بولغان ۋەقە ئىدى. مەن 25 ياشلار



چامىسىدىكى بىر داشۆ ئوقۇغۇچىسىنى سوراق قىلدىم، ماڭا، باشقىلار ئۈچ كېچە سوراق قىلىپ ھېچ نەتىجە چىقىرالمىغان بۇ «جىن - شەيتان»نى ئىنىدەككە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلابى تەشكىلاتى بارلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىيالغا قول قويدۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. مەن ئۇنى تاسما بەلۋاغ بىلەن ھارغىچە دۇمبالىدىم، ئاخىردا ئۇ ئەلەمگە چىدىماي، مېنى بىر تېپىپ ئارقامغا ئۇچۇرۇۋەتتى. بۇ قارشىلىق مېنىڭ ئەسەبىيلىكىمنى تېخىمۇ قوزغىدى، تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇردۇم، ئۇ بىر تەرەپكە قىيشىيىپ يىقىلىپ، ئاغزىدىن كەلگەن قويۇق قان سېمونت ئۈستىگە يامرىدى. ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىگە تەگكەن تۆمۈر كۆزىگە باغلانغان قارا لاتىنىمۇ كېسىپ تاشلىغان بولۇپ، يىگىتنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزى ماڭا نەپرەت بىلەن توپتوغرا قادالغانىدى. ئۇ مېنى تونۇۋالدى. ئۇنىڭ ساق قالسا مېنىڭدىن ئۆچ ئېلىشىنى ئويلاپ، ئۇنى ئېتىپ تاشلىدىم. شۇ چاغدا، ئۆلگۈچىنىڭ سول پېشانىسىدە تۇرغان قاپقارا مەڭ مېنىڭ ئېسىمدە ئېنىق قالغانىدى.

رىزۋان! شۇ كۈنى مەن سىزنىڭ كۆزىڭىزگە زادى قارىيالمىدىم. شۇ كېچىسى سىز تامدا تۇرغان رەسىمگە قاراپ قويۇپ خاتىرجەم ئۇخلىدىڭىز. ئېھتىمال مەڭلىك يىگىت بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى چۈشىڭىزدە يەنە قايتا كۆرگەنسىز. لېكىن، مەن ئۇخلىيالمىدىم، ئەتىدىن باشلاپ سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قانداق قارىشىمنى ئويلاپ ئازابلاندىم. بىزنىڭ ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا رەسىمدىكى ئاشۇ يىگىتمۇ بىز بىلەن بىللە ياشايدىغۇ؟ سىز مېنى «ھاياتىمدىكى ياخشى ھەمرا» دەپ قارايسىز. لېكىن، مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى بېزەيدىغان چىرايلىق گۈلنى غازاڭ قىلغان ۋىجدانسىزغۇ؟! قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى، مېنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىمنى بىلگەن چېغىڭىزدا ماڭا قانچىلىك نەپرەت بىلەن قارارسىز؟ . . . مەن

ئەنە شۇلارنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم-دە، كېتىش قارارىغا كەلدىم.

سىز بۇ خەتنى ئوقۇپ، ئۆزىڭىز ئوقۇشماي بىللە ياشىغان قاتىلدىن نەپرەتلىنىپ: «سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى دەرياغا تاشلىمىدىڭ؟!» دەرسىز، مەن ئۆلۈمدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، ھاياتنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىمىدىم. مەن ئۆلىمەن، ئالدى بىلەن بىزنى بىر بىرىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىشقا قۇتراتقان باش جىنايەتچىلەر سوراق سەھنىسىگە تارتىپ چىقىرىلغاندا، ئۇلارغا تېگىشلىك بىر نەچچە ئېغىز گېپىمنى قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۆلىمەن. شۇ چاغدا قانۇن ئالدىغا ئۆزۈم بېرىپ جىنايەتلىرىمنى تاپشۇرۇپ، ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆلىمەن. ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندە، مېنى باشقا كىشى ئەمەس، دەل سىزنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈشىڭىزنى خالايمەن. سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن مېڭەمدىن تۆشۈك ئېچىپ، «ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم» دەپ ئۆزىڭىزگە تەسەللى بەرگەندە، مەنمۇ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم كۆز يۇمغان بولىمەن. سىزگە بەختلىك تۇرمۇش تىلەپ:

نۇرى.

1979-يىل.



# شەھەرگە كىرگەن بالا

— دادا، مەن كىچىك چاغدا سەن نەدە ئىدىڭ؟
— يىراق شەھەردە، ئوقۇشتا ئىدىم.
— دادا، سەن مېنى نېمىشقا شەھەرگە ئېلىپ كېتىسەن؟
— ئەمدى سەن مېنىڭ بىلەن شەھەردە تۇرىسەن.
— ئاپام نېمىشقا بىز بىلەن بارمايدۇ؟
— مەن ئاپاڭ بىلەن ئاجراشتىم. ماڭا بالا كېرەك، بالام! ئاپاڭنى شەھەرگە ئاپارمايمىز.
— دادا، شەھەر يىراقمۇ؟
— يىراق، ئۇ يەرگە ماشىنا بىلەن بارىمىز.
— مەنمۇ ماشىنىغا چۈشەمدىم؟
— ھە، سەنمۇ ماشىنىغا چۈشىسەن، ئوغلۇم.

× × ×

— دادا، بۇ شەھەرمۇ؟
— ھە، شەھەرگە كەلدۇق.
— كوچىدا ئادەم نىمانچە تولا؟
— شەھەر دېگەندە ئادەم كۆپ بولىدۇ.
— قارا، ئۇ قانداق ماشىنا؟
— ئۇنى «پىكاپ» دەيدۇ.
— ئاۋۇ ئۆيلەر نېمانچە ئېگىز؟

— شەھەرنىڭ ئۆيلىرى شۇنداق ئېگىز بولىدۇ. بىز تۇرىدىغان ئۆيمۇ شۇنداق ئېگىز.
— دادا، سەن ئىشقا كەتكەندە مەن قورقمامدىم؟
— نېمىدىن قورقىسەن؟ مەن ساڭا يەنە چىرايلىق بىر ئاپا تېپىپ بېرىمەن.

× × ×

— سەن نىمىشقا دېرىزىنى ئېچىۋېلىپ تالاغىلا قارايسەن، شەھەرنى تېخىچە كۆرۈپ تويمىدۇڭمۇ؟
— دادا، نېمىشقا بۇ يەردە يۈگۈرۈپ ئوينايدىغان دۆڭلەر يوق؟
— شەھەردە دۆڭ بولمايدۇ.
— نېمىشقا بۇ يەردە چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان ئۆستەڭلەر، بالىلار دۈم يېتىپ، سۇ ئىچىدىغان بۇلاقلار يوق؟
— ئەخمەق، شەھەردە بۇلاق نېمە قىلسۇن؟
— نېمىشقا بۇ يەردە موزايلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغان كالىلار يوق؟
— شەھەر كوچىلىرىدا كالا ماڭمايدۇ.
— قوزىلىرى بىلەن ماڭىدىغان قويلارچۇ؟
— قويمۇ ماڭمايدۇ.
— دادا، سەن نېمىشقا ئەمدى مېنىڭ قېشىمدا ياتمايسەن؟
— سەن ئەمدى چوڭ يىگىت بولدۇڭ. مۇشۇ ئۆيدە ئايرىم ياتىسەن.
— دادا، يېڭى ئاپام نېمىشقا كالپۇكىغا بوياق سۈركەيدۇ؟
— يوقىلاڭ گەپلەرنى سورىما.
— دادا، يېڭى ئاپام نېمىشقا، «مېنى ھەدە دېگىن» دەيدۇ؟



— شەھەرنىڭ مەدەنىيەتلىك بالىلىرى ئاپىسىنى «ھەدە» دەيدۇ، مېنىمۇ «ئاكا» دېسەڭ بولىدۇ.
— دادا سەن نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ ئاپامنى ئەكەلمەيسەن؟
— . . .
— سەن يوق چاغلاردا ئاپام سېنى: داداڭلار ناھايىتى ياخشى، دەپ گېپىڭنى قىلىپ بېرەتتى. ئاكام سېنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈپ ئويناتقانلىرىڭنى سۆزلەپ ھارمايتتى. ئۇلار سۆزلىگەندە مەن: دادام زادى قانداق ئادەمدۇ؟ دەپ قالاتتىم.
— داداڭ قانداق ئادەمكەن؟
— . . .
— ئاپاڭنى سېغىنغان ئوخشىمامسەن؟
— سېغىندىم، ئاپام ھەر كۈنى ئەتىگەندە چايغا ئوت ياققىلى تۇرۇپ كەتكەندە، مەن يۆمىلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كىرىۋالاتتىم. ئۇنىڭ يوتقىنى ئىسسىق ئىدى. قانچە قېتىم: «داداممۇ ئۆيدە بولغان بولسا، ئاپام بىلەن دادامنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ، بىردە ئاپامنىڭ، بىردە دادامنىڭ قوينىغا كىرىۋالغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلىغانىدىم. دادا، جېنىم دادا! مېنى ئۆز ئاپامنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويساڭ، «ئاپا!» دەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتسام. . .

1984 - يىل - غۇلجا

# گۈللىگەن دالا

دەريا بويىدىكى بۇ كەڭ ئوچۇقچىلىقتا يېقىنقى يىللاردىن
بېرى بىر يېڭى بازار پەيدا بولغانىدى. بازار ھەر يەكشەنبە كۈنىلا
بولاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاۋاتلىقى چوڭ شەھەرلەردىكى ھېچبىر
بازاردىن قېلىشمايتتى. ئاشخانا ئىگىلىرى، سودىگەرلەر شەنبە
كەچلىكىلا يېتىپ كېلىپ، چېدىرلىرىنى تىكىپ، ئەتىكى بازار
ئۈچۈن تەييارلىقىنى باشلىۋېتەتتى. يەكشەنبە كۈنى سەھەردىن
باشلاپ، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يىراق - يېقىن يېزىلارنىڭ
دېھقانلىرى ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ بازارغا قاراپ ئاقاتتى. دەريا-
غا سېلىنغان كېمە بۇ كۈنى ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى.
ئۇ ئېغىر غىچىلداپ، ئۇ قاتقا كېلىپ توختىغان ئادەملەر، قوي،
كالا ۋە باشقا ماللارنى بازار تەرەپكە توختىماي توشۇيتتى. بىر
دەمدىن كېيىن قارىسىڭىز، يېڭى سويۇلغان گۆشلەر كانارىلارغا
ئېسىلىپ، كاۋاپدانلار بىلەن ئاشپەزلەرنىڭ ئوچاقلىرىدىن ئاچ-
چىق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، ھەر خىل تاماقلارنىڭ پۇرىقى دىماغنى
غىدىقلاشقا باشلايتتى. مېۋە، كۆكتات، ئاشلىق، يەم - خەشەك
سېتىلىدىغان مەيداندىن ئۆتۈپ، مال بازىرىغا كېلىپ قالغان
كىشى بۇ يەردە ئىختىيارسىز توختىماي قالمايتتى. كالا- قوي
توپى ئارىسىدا تۇرغانلار گۇرەنلىرىنى كۆپتۈرۈپ باھا تالىشاتتى.
سۆزمەن دەلاللار ئالارمەن بىلەن ساتارمەننىڭ ئالىقانلىرىنى-
بىر- بىرىگە جۈپلەپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ قىزىشىپ، سودىنى
كېلىشتۈرمەكچى بولاتتى. كىشىنى ھەممىدىنمۇ بەك جەلپ قى-



لىدىغان يەر يايمىچىلارنىڭ قاتارى ئىدى، بۇ يەرگە يېزا ماگى-
زىنچىلىرى، خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئۆز ماللىرىنى تۆككەن
بولۇپ، تاۋار - دۇردۇن، كىيىم - كېچەك، رادىئو - تېلېۋى-
زور، سائەت، گىلەملەردىن تارتىپ يىپ، يىڭنە، خاجۇ -
قارىمۇچ، ئىپار، بۇغا مۈڭگۈزىگىچە سودا بولاتتى. ئات قامچى-
سىنى قونچىغا قىستۇرۇۋالغان چارۋىچىلار، بىر - بىرىنى قۇش-
لاپ يۈرگەن قىز-يىگىتلەر، ھوسۇلى ياخشى بولغان دېھقانلار
يايمىچىلار ئالدىدا مىغىلدايتتى. يەنە بۇ يەردە قىزىقچىلىق كۆ-
رۈش ئۈچۈن نە - نەلەردىن يېتىپ كەلگەن بىكارچىلارمۇ ئاز
ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىپ
شۇنچىۋالا تېز بېيىپ كېتىۋاتقىنىغا ئەقلى يەتمەي ھەممىگە ھەي-
ران بولۇپ قارايتتى؛ شاراقشىپ قولدىن - قولغا ئۆتۈۋاتقان
پۇللار ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلاتتى. . . كىشى بۇ
بازاردا كېتىپ بارغىنىدا ئۆزىنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا
بويىدا — چوڭ شەھەردىن يىراق بىر سەھرادا تۇرغىنىنى
ئۇنتۇپ قالاتتى. شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ يەنە بۇگۈن كەچكىچە تە-
رەپ - تەرەپكە تاراپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەتىدىن باشلاپ يەنە بىر
يەكشەنبىگىچە پۈتۈن بازاردا قېرى بىر كۆزەتچىدىن باشقا ھېچ-
كىمنىڭ قالمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەل-
مەيتتىڭىز.

ئەنە شۇ قايناق بازارنى مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ يۈرەتتىم،
قۇلىقىمغا يېقىملىق بىر ناخشا ئىشىتىلدى. ئىتتىك ئۆپچۆرەمگە
قارىدىم، يېقىن ئەتراپتا يە بىر رادىئو كۆرۈنمەيتتى. ئىككى
تەرىپىگە شەخسىي تىجارەتچىلەرنىڭ يايمىلىرى زىچ جايلاشقان بۇ
قىستاڭ رەستە ئالارمەن — ساتارمەنلەرنىڭ ۋاڭ — چۇڭى
بىلەن گۇرۇلدەيتتى. شۇنچە شاۋقۇن ئىچىدىن قۇلاققا يەنە ھېلى-
قى ناخشا ئاۋازى ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ناخشا كىشى-
نىڭ كۆز ئالدىغا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن كەڭ دالىنى، يېڭى

سۇ كەلگەن ئېرىقنى بويلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بالىلارنى، ئوچۇق ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن كەپتەرلەرنى، يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ تۇرغان سالقىن ئايدىڭ كېچىنى كەلتۈرەتتى؛ ناخشىنىڭ ئەۋجى قېلىن قارىغايزارلىقلار ئىچىدىن سىرغىپ ئېقىپ چىقىۋاتقان تاغ سۇلىرىدەك يېنىك ۋە دولقۇنلۇق ئىدى... بىردىنلا كۆزۈم كىچىككىنە پوكەينىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئايالغا چۈشتى. يۇقىرىغا ئېسىپ قويۇلغان كىيىم - كېچەك، يىپەك رەختلەر ئايالنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغانىدى. ناخشا ئەنە شۇ تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئېڭىشىپ قاراپ، لەرزان ئاۋازدا ئاستا ناخشا ئېيتىۋاتقان بىر چوكاننى كۆردۈم. قاش - كۆزى جايىدا كەلگەن بۇ ئايالنىڭ سىياقىدىن ياشلىق ۋە ساغلاملىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— پاھ، ئەجەپمۇ چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىكەنسىز، سىڭلىم!

— راستىمۇ؟

ئايال كۈلۈمسىرىگىنىچە ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— ئىشەنسىڭىز باياتىن بېرى مۇشۇ ئەتراپنى ئەگىپ كېتەلمەيمەن، بۇ ناخشىنى كىم ئېيتىۋاتقاندۇ؟ دەيمەن، ئاۋازىڭىزنى بىر تۇرۇپ، داڭلىق ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىمەن، بىرتۇرۇپ، «ياق بۇ ناخشىدا باشقىچە بىر پۇراق بارغۇ!» دەيمەن...

— قويۇڭە، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز.

— چىن گەپ. ماڭا شۇنداق يېقىملىق بىلىنىدىمۇ، بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، ئاۋازىڭىزدا ئۆزگىچە بىر مۇڭ بارئىكەن... بۇرۇن ئارتىس بولغانمۇ يە سىز؟

— ۋاي نېمە دەيدىغانسىز، مەن نەدە يۈرۈپ ئارتىس بولاي.

— ئەمىسە...



— سىزچە ئارتىستىن باشقا ئادەم ناخشا ئېيتالمامدا؟

— ئېيتىدۇ، بىراق سىزدەك قاملاشتۇرۇپ ئېيتالمايدۇدە.

— بولدى، بولدى، بەك ماختىۋەتتىڭىز. گېپىڭىز راست بولسا ماللىرىمدىن بىرەر نەرسە ئېلىپ، سودا قىلىپ قويامسىز؟ ئەرزان بېرىمەن.

— ئاپلا، نېمە ئالسام بولار؟ بىر نېمە ئالىدىغان نىيىتىممۇ يوقتى، ئۆزۈمچە مۇنداقلا ئايلىنىپ يۈرگەنتىم.

— قاراپ بېقىڭە، سىزگە لازىملىق بىر نېمە چىقىپ قالار، ئايالىڭىزغا مۇنۇ ياغلىقتىن ئېلىڭ، رەڭگى ياخشى، ھازىر ئاياللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدىن ئارتىشىۋاتىدۇ، كىچىك بالىلىرىڭىز بولسا، ماۋۇ كۆڭلەكلەردىن ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ بازاردىكى ماللارنىڭ نەرقى ھۆكۈمەت دۇكانلىرىدىكىدىن ئەرزان.

پوكەينىڭ ئۈستىدىكى ئەينەك جازا ئىچىدىمۇ سۆزگە، تارغاق، يىپ - يىڭنە، ئۆيماق، تۈگمە دېگەندەك ھەر خىل ماللار تۇراتتى.

— ئاۋۇ سائەت بېغى قانچە؟

— ئىككى يۈەن بېرىڭ.

— قىممەتقۇ؟ ماگىزىندا باھاسىنى بىر يۈەن 70 پۇڭدەك كۆرۈۋېدىم.

— بوپتۇ، ماگىزىن نەرخىگە ئېلىڭ.

— ئەرزان بېرىمەن، دېۋېدىڭىز...

— بوپتۇلا، ناخشامنى ماختىغىنىڭىز ئۈچۈن بەرگىنىڭىزنى بېرىڭ، — دەپ سائەت بېغىنى قولۇمغا ئېلىپ بەردى ئۇ.

پوكەي ئالدىغا يەنە بىر نەچچە خېرىدار كەلدى، ياش چوكان مەن سۇنغان پۇلنى ياندىكى غەللىگە سانىمايلا تاشلىدى - دە، يېڭى خېرىدارلار بىلەن بولۇپ مېنى ئۇنۇتتى. مەن كەتتىم،

شاۋقۇنلۇق بازار، ھېلىقى يېقىملىق ناخشا ئارقامدا قالدى. . .

× × ×

نېمىشقىدۇر شۇ ياش چوكاننى ئۇزاققىچە ئۇنتۇيالمىدىم. بەزىدە ئۇنىڭ ناخشىسى قۇلىقىمغا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنداق چاغدا گۈللەپ تۇرغان كەڭ دالا، ئاشىقلار پىچىرلىشىپ تۇرغان گۈزەل ئايدىڭ كېچە، ئېرىق ياقىلاپ يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان بالىلار يەنەكۆزئالدىمدىن كەتمەيتتى. . . ئېھتىمال، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇ تەسىراتمۇ كونىراپ، ئۇنتۇلۇپمۇ كېتەر ئىدى، لېكىن بىر كۈنى مەن ئۇ ئايال بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم.

بۇ قېتىم مەن بازاردا ئەمەس، يېزىنىڭ توپىلىق يولىدا خىيال سۈرۈپ كېتىپ باراتتىم. قۇلىقىمغا تونۇش ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەجەبلىنىپ ئارقامغا قارىدىم. بىر كىچىك بالا ھەيدىگەن ئېشەك ھارۋا ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ قالغانىدى ھارۋىدا بىر نەچچە چوڭ سومكا ۋە بىر تاغار بار ئىدى، تاغار ئۈستىدە ھېلىقى چوكان ئولتۇراتتى. ئۇ ئەتراپتىكى كەڭ ئېتىزلارغا، يىراقتىكى قارلىق تاغلارغا تۇتىشىپ كەتكەن بىنەملىكلەرگە قارىغىنچە ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى تونۇشتەك قىلاتتىيۇ، يەنە مەن ئاڭلىغان ھېچبىر ناخشىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ناخشىسىدا ئوغلىنى سېغىنغان ئانىنى، يۇرتىنى سېغىنغان مۇساپىرنى، ئاشىقىنى سېغىنغان دەردمەننى كۈيلەيتتى.

— قانداقراق سىڭلىم ئەھۋالىڭىز، ھارۋاڭلارغا چىقىۋالسام بولارمۇ؟

— نەگە باراتتىڭىز؟



— يار مەھەللىگە.

— بىزغۇ ناھىيە تەرەپكە كېتىمىز، مەيلى، ئالدىمىزدىكى ئەگىلىشكىچە بولسىمۇ چىقىۋېلىڭ، شۇ ئارىلىقمۇ خېلى يول.

ھارۋىغا چىقتىم، ھارۋىكەش بالا:

— ئاكا، ئالدىغىراق ئولتۇرۇڭ، كەينى ئېغىر بولۇپ كەتتى، — دېۋىدى، يەنە ئايال تەرەپكە سۈرۈلدۈم.

— سىڭلىم، مېنى تونۇمىدىڭىز — ھە؟

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلدى — دە:

— بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، ئەسلىيەلمىدىم، — دېدى.

— بىر قېتىم، دەريا بويىدىكى بازاردا ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ زوقلىنىۋېدىم . . . ئېسىڭىزدىدۇ؟ مانا بۇ سائەت بېغىنى سىزدىن سېتىۋالغانتىم.

— ھە، ھە، ئېسىمگە كەلدى. بازار دېگەندە ھەممە خېرىدارنىڭ چىرايىنى ئەستە ساقلاپ كەتمەك تەس، خوتۇن خەق دېگەن ماختىغاننى ياخشى كۆرۈمىز، ناخشامنى ماختىغىنىڭىز ئېسىمدە.

— راستلا چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىكەنسىز، كىمدىن ئۆگەنگەنتىڭىز؟

بالا ئېشەكنى تاياق بىلەن نوقۇپ ئىتتىكلىتىپ قويدى. چوكان قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. كۈلگەندە ئۇنىڭ مەڭزىدە چىرايلىق ئىككى زىناق پەيدا بولۇپ، ئاپئاق، بىجىرىم چىشلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى.

— ماڭا كىم ناخشا ئۆگەتتى دەيسىز، مەن سەھرا قىزى، بىزنىڭ يېزىدا ھەممە ئادەم ناخشا ئېيتىدۇ: ئورما ئورۇپ، خامان تېپىۋاتقان دېھقانلار، سۇ تۇتۇۋاتقان يىگىتلەر، ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار ھەممىسى ناخشا ئېيتىدۇ. ۋاي — ۋۇي، نېمىسىنى ئېيتىسىز، كىچىك چېغىمدا ماڭا شاـ

ماللارمۇ، شىلدىرلىشىپ تۇرغان يوپۇرماقلارمۇ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلارمۇ ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى... ئۆيىمىز مەھەللىنىڭ چېتىدىكى جاڭزىدا ئىدى. جاڭزا يېنىدا كەڭرى كەتكەن بىر تۈزلەڭ بار ئىدى. يىراقتىن كەلگەن بۇلاق سۇلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ ئەشۇ تۈزدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. بۇ يەر شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى دەڭ، باھار پەسلىدە رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كېتەتتى.

— تۇۋا! — دېدىم مەن، — سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلىسام كۆز ئالدىمغا شۇنداق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن كەڭ بىر دالا كېلەتتى.

— راستىما؟ ... دادام كىچىك ۋاقتىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى، بىچارە ئاپامۇ بەزىدە غورۇنىڭ ياغىچىغا يۆلىنىپ، مۇڭلىنىپ ناخشا ئېيتاتتى، مەنمۇ ئەپكەشنى دولامغا سېلىپ ئاشۇ گۈللۈكلەر ئارىسىدىن كەتكەن يول بىلەن سۇغا ماڭغاندا ناخشا ئېيتاتتىم...

ئايال خۇددى كونا تونۇشلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندەك بەھۇزۇر گەپكە چۈشۈپ كەتتى. ھارۋىكەش بالا بىر ماڭا، بىر ئايالغا قاراپ قويۇپ گەپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى، ئارىلاپ ئېشەكنى ساۋاپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمايتتى. ئېشەكنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن يېنىك چاڭ ئارقىدا قالاتتى. ئايالنىڭ سۆزلىرى ماڭا يىراق ئۆتمۈشنى، قەدىمىي يېزىلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەندەك بولاتتى.

— بىر — ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بىر يەردە سىزنىڭ ناخشىڭىزنى يەنە ئاڭلىدىم، — دېدىم مەن.

— قەيەردە؟

— شەھەردە.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ شەھەرگە كىرمىگىنىمگە يىلدىن ئېشىپتۇ...



— شەھەردىكى «شياڭگاڭ بازىرى» نى بىلىدىغانسىز؟ ئۇ يەرگە شەھەرنىڭ ھەممە شەخسىي تىجارەتچىلىرى دېگۈدەك يىغىلغان، ئالامەت چوڭ بازار.

— بىلىمەن، بىلىمەن.

— ناخشىنى دەل شۇ بازارنىڭ بېشىدىراق بىر يەردە ئاڭلىدىم. دەسلەپتە مەنمۇ ھەيران بولدۇم، تىڭشىسام، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز، قارىسام، ناخشا بىر دۇكاندىكى ئۈنئالغۇدىن چىقىۋېتىپتۇ. دۇكاندار ئالدىدىكى بىرنەچچە ياش چوكانلار بىلەن ۋاتىلدىشىپ تۇرۇپتۇ، بىر چەتتە تۇرۇپ ناخشا تىڭشىدىم، خاتاسىز سىزنىڭ ئاۋازىڭىز، شۇ ئارىدا ھېلىقى ئاياللار كېتىپ قېلىشتى. دۇكاندار مېنى كۆرۈپ:

— خوش، نېمە ئالىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچنېمە، ناخشىدىن پەيزى ئېلىۋاتىمەن، — دەپ ئۈنئالغۇنى شەرەت قىلىۋېدىم، خوجايىن ئاچچىقى كەلگەندەك بولۇپ، ئۇنى شاققىدە ئۆچۈرۈپ قويدى.

— مەن نەدە يۈرۈپ ئۈنئالغۇغا ناخشا ئېيتاي، سىز دېگەن شۇ دۇكاندار كېلىشكەن ئادەممىكەن؟

— تازا سەپسالماپتىمەن، قىزىليۈزلۈك، بۇرۇتلۇق... ئېھتىمال بەش-ئون يىلنىڭ ئالدىدا كېلىشكەن يىگىت بولسا كېرەك.

— ئۇ مېنىڭ يولدىشىم بولىدۇ.

— يولدىشىڭىز؟!

— ئاجرىشىپ كەتكىنىمىزگە خېلى يىللار بولۇپ قالدى، ناخشامنى ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق قىلىپ لېنتىغا ئېلىۋالغانلىقىنى ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ، شۇنداق بىر لېنتىنى قويۇپ ئاڭلاپ يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلايمەن... مەن ئۇنى يېقىن كۆرگەندە ناھايىتى كېلىشكەن يىگىتتى، يە ماڭا شۇنداق كۆرۈنەتتىمىكىن، بىلمىدىم. ئۇ چاغلاردا ئۇ ماللىرىنى بىز تەرەپتىكى

سەھەرلارغا ئاچىقىپ يېيىپ ساتاتتى، يولدىن ئۆتكەندە بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچەتتى. بەزىدە سېتىلماي قالغان ماللىرىنى شۇ يەرگە قويۇپمۇ قوياتتى. خېلىلا كىچىك بولسام كېرەك، ئۇنىڭ مال قاچىلايدىغان تاغىرى ماڭا چۆچەكلەردىكى سىرلىق داستىخانلاردەك بىلىنەتتى؛ ئۇنىڭ ئىچىدىن رەڭمۇ رەڭ رەختلەر، چىرايلىق ئاياغلار، گۈللۈك كۆڭلەكلەر، تارغاق، مارجان، پۇراقلىق سوپۇن دېگەندەك خىلمۇ خىل نەرسىلەر تۆكۈلەتتى. ئۇ مەھەللە چېتىدە پەيدا بولغاندا مەن ئېرىق ياقىلاپ يۈگۈرەيتتىم نېمىشقىدۇر، ناخشىلارنى ئېيتاتتىم. . .

— يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قاپسىزكەن — دە؟

— بىلمىدىم.

— ئۇمۇ سىزنى ياخشى كۆرەتتىمۇ؟

— ۋاي تاڭەي! بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئۇ ناخشىلىرىمنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. كېيىن ئۆيگە ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. ئاپام «قول ئىلكىدە بار، تۈزۈك يىگىت كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولساڭ جاپا تارتمايسەن» دېدى، مەنمۇ كۆپ ئويلىنىپ كەتمىدىم. ئۇ چاغدا چىرايلىق يىگىتنىڭ جۈپتى بولۇش، شەھەرنى كۆرۈش دېگەننىڭ ھەممىسى ماڭا قىزىق بىر ئىشتەكلا تۇيۇلاتتى. . . سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممۇ، قانداق؟

— ياق، خۇددى قىزىق بىر رومان ئوقۇغاندەك بولۇۋاتىمەن.

— سەھەرلىقلارنىڭ گەپلىرى شۇنداق ئۇچۇقلا بولىدۇ، قاراڭ، شۇنداق قىلىپ، تويىمىز بولدى، توي كۆچۈرۈپ ماڭىدىغان ماشىنىلار قوزغالغاندا ئاپام قاتتىق يىغلىدى، مەھەللە باللىرى ماشىنىغا تاش — داڭگاللارنى ئاتتى. .

شۇ كېچىدىن باشلاپ شەھەرگە كىرىپ، تاملىرى ئېگىز بىر قورۇغا سولاندىم، بۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ، ئىككى قىز تۇغدۇم. يولدىشىمنىڭ ئېتى سەلەي ئىدى، قىزلارغا سەييارە،



سەلىمە دەپ ئىسىم قويدۇق. شۇ ئۈچ يىلدا سەلەينىڭ تاپاۋىتىمۇ يامان ئەمەس بولدى. ماللىرىنى دۇمبىسىگە يۈدۈپ، يېزىمۇ يېزا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئىشتىن قۇتۇلۇپ، بازار ئىچىدە ئوبدان بىر دۇكان ئاچتى، ئەمما ئۇ باي بولغانسېرى ئەسكىلىشىپ كەتتى. شۇ چاغقا يەتكەندە ئۆزۈمنىڭ سەلەيگە تېگىپ بىتەلەي بولۇپ قالغانلىقىمنى چۈشەندىم. ئۇ كېچە - كېچىلەپ ئۆيگە كەلمەي سىرتتا قونۇپ قالاتتى. مۇنداق كۈنلىرى يېزامنى سېغىناتتىم، ھېلىقى گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ ئۆتىدىغان كەڭ تۈزنى، يېزىنىڭ كۆپكۆك ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغان قۇشلارنى قوشاقىقا قېتىپ، بالىلىرىمنى ئەللەيلەپ ئۇخلىتاتتىم؛ بەزىدە «نېمىشقا ئۇ مەندەك بىر سەھەرلىق قىزنى ئالغان بولغىيدى؟» دەپ ئويلايتتىم. كېيىن چۈشەندىم، سەلەيگە خوتۇن ئەمەس، ئۇ قانداق ئەسكىلىك قىلسا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خىزمىتىنى قىلىدىغان قول لازىم ئىكەن؛ بۇ قول ھەم چىرايلىق ھەم ئىتائەتمەن بولۇشى كېرەككەن. شەھەردىن بۇنداق چاكارنى تاپماق ئوڭايمۇ دەيسىز؟ . . . بىر چاغلاردا ئۇ مېنىڭ بېشىمنى سىيلاپ، مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ ناخشامنى تىڭشايتتى، بارا — بارا پۇل ساناشتىن، كوچا خوتۇنلىرىنىڭ يېنىغا قاتراشتىن باشقىغا قىزىقمايدىغان بولۇۋالدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مېنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىغان، «سەتەڭ» لەرنى ئۆيگىمۇ باشلاپ كېلىدىغان بولدى. يۈرىكىم قاتتىق ئازابلاندى، سەلەينىڭ بۇرۇتلىرى، مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان يۈزلىرى كۆزۈمگە يىرگىنچلىك كۆرۈنىدىغان بولدى. . . ئاخىر بۇ خورلۇقلارغا چىدىمىدىم. ئىككى بالامنى ئېلىپ، ئاپامنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتىم. ئۇ مېنى ئىزدەپمۇ چىقمىدى. شۇ يەردە تۇرۇپ دەۋالىشىپ خېتىمنى ئالدىم. بالىلارنىمۇ تالاشمىدى، ئۇنداق ئادەملەر ئۇچۇن بالىنىڭ نېمە قىممىتى دەيسىز؟ ! ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «خوتۇن دېگەن يولدا، بالا دېگەن بەلدە. . . » سوت ئاززاق ئۆي

جابدۇقلىرىنى ئېلىپ بەردى. «باللارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن سىزگە ئايدا بىر ئاز پۇل بەرسۇن» دېدى. مەن ئاشۇ پۇلنى دەپ ھەر ئايدا ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىدا سارغىيىپ يۈرۈشنى خالىمىدىم. «باللىرىم ئۈچۈن دۇكاندىكى مېلىدىن ئازراق بەرسۇن» دېدىم. سەلەي قاقشاپ تۇرۇپ بىر قىسىم ماللىرىنى بۆلۈپ بەردى. قانداق قىلىمەن، ماڭىمۇ جاھان لازىم-دە! ھېلىقى ماللارنى سېتىپ يەپ ياتقان بولسام، بىر يىلغىمۇ يەتمەيتتى، «ئەرلەر قىلالىغان ئىشنى مەن قىلالمامدىم» دەپ يەڭنى تۈرۈپ سودىگەرچىلىككە كىرىشىپ كەتتىم. يالغان سۆزلىمىدىم، ئادەم ئالدىمىدىم، پايدام ئاز بولسىمۇ، خېرىدارىم كەم بولمىدى. شۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردا قەيەردە بازار بولسا شۇ يەرگە يايىما يېيىپ، باللىرىم بىلەن ئاپامنى خار قىلماي بېقىپ كېتىۋاتىمەن...
سەلەينى دەمسىز؟ مەندىن كېيىن ئىككى سەتەڭنى ئېلىپ يولغا سېلىپ بولدى. ئاڭلىسام، ھازىر يەنە بويتاق ئىكەن. زېرىكسە ھېلىقى لىبىتىنى قويۇپ ئاڭلىغۇدەك. قايسى شەيتاننىڭ ئىشىكىن، ناخشىلىرىمنى ماڭا تويدۇرماي لىبىتىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىپ ساتقان ئوخشايدۇ. بوپتۇ، ناخشىلىرىمنى سېتىۋېلىپ ئاڭلىسا ئاڭلىسۇن، ئەمدى مېنى سېتىۋالالمايدۇ...

ئايالنىڭ ھېكايىسى مېنى خىيالغا سېلىپ قويدى. ھارۋا ناھىيىگە كېتىدىغان يول ئېغىزىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. بالا ھارۋىنى توختىتىپ ماڭا قارىدى. شۇ چاغدا ئېسىمگە كېلىپ:

— خەير سىڭلىم، كېيىن يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، — دەپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتۈم — دە، سومكىلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان چاپىنىمنى ئېلىپ دولامغا تاشلىدىم، — ساڭىمۇ رەھمەت! — دەپ ھارۋىكەش بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدۇم.

— توختاڭە، سىزنىڭمۇ باللىرىڭىز باردۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى ئايال.

— بار، مېنىڭمۇ ئىككى قىزىم بار.



— مانا بۇ مارجانلار مېنىڭدىن قىزلىرىڭىزغا خاتىرە بولۇپ قالسۇن.

خۇشاللىق بىلەن قولۇمنى سۇنۇپ مارجاننى ئالدىم

× × ×

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە مەن خىزمەت بىلەن باشقا يۇرتلاردا بولدۇم. قايتىپ كېلىپ، بىرىنچى يەكشەنبىدىلا دەريا بويىدىكى ھېلىقى بازارغا چىقتىم. بازار تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى، قۇياش بۇ كەڭرى مەيدانغا ئۆزىنىڭ نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكمەكتە ئىدى، ئاشخانىلارنىڭ تۆرخۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆپكۈك ئىسلار تولغىنىپ، يۇقىرى ئۆرلەيتتى، دولقۇنلىنىپ تۇرغان دەريا بوغۇق گۈركىرەيتتى، ئادەملەر بىلەن تولغان بازار بولسا تېخىمۇ كۈچلۈك گۈرۈلدەيتتى... مەن بۇ يەرنى كەچ كىرگىچە قىدىرىپمۇ ھېلىقى ياش چوكاننى ئۇچرىتالمىدىم. ئاخىردا بازار تاراپ، بۇ يەردە قېرى بىر كۆزەتچىدىن باشقا كىشى قالمىدى.

— خوش، نېمىشقا قايتاي دېمەيسەن؟ — دەپ سورىدى كۆزەتچى مەندىن ھەيران بولۇپ، — يە ئۆيۈڭ يېقىن ئەتراپتىمۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ قايت، قارا، كۈن ئولتۇرۇپ بولدى. ھېلىلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر يەكشەنبىدە كېلەرسەن.

— يەنە بىر يەكشەنبىگىچە مەن بۇ يەردە يوق چوڭ دادا، بىر كىشى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، تاپالمىدىم.

— كىمنى ئىزدەيتتىڭ؟

— بىر سودىگەر ئايال، ياش چوكان، ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ، مال ساتىدۇ. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئۇنى مۇشۇ بازاردا كۆرگەن، كېيىن ناھىيىگە كېتىدىغان يول ئۈستىدىمۇ-

ئۇچراتقانىدىم. ئۇستىگە ئاددىي ئەترەك پىلاتا ــ يوپكا كىيىۋالا-
تتى، سىز تونۇمسىز؟

ــ بۇ يەرگە مال ئەكېلىدىغانلارنىڭ قايسى بىرىنى تونۇپ
كېتىمەن. تىجارەتچىلەرنىڭ ئىچىدە ئەرلىرىمۇ، ئاياللىرىمۇ
بار. ناخشا ئېيتىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

ــ سەھرالىق ئايالمەن، دېگەنىدى.

ــ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان سەھرالىقلارنى بىر-ئىككى-
لا ئادەم دەمسەن. ھازىر ھەربىر يېزىدىن بەشتىن، تۆتتىن
ئوقەتچى چىقتى. تۇۋا، دەيمەن، بۇرۇنلاردا شۇنچىۋالا يەر تۇرۇپ
يەنە پەمىدۇر ــ لازىنى شەھەردىن ئاچىقىقان ساتارمەنلەردىن
سېتىۋالاتتۇق، بىر چاغلاردا مېنىڭمۇ يېزىدا دۇكىنىم بولىدى-
غان، ئۇنىڭدا نېمە بولىدۇ، دەيسەن، شىمىشكە، پۇرچاق،
تاماكا قەغەز، بېدە ــ قوراي، سىركە ــ لازا، ئۇششاق باللار
يەيدىغان خوراز مەنپەسى دېگەندەك بىر نېمىلەر بولاتتى. ھازىر-
قى ئادەملەرنىڭ قانداق بېيىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلىپبولمايدۇ. .
سەن دېگەن ئايال سېنىڭ نېمەڭ بولاتتى؟

ــ ھېچنېمەم ئەمەس.

ــ ئەھە! ــ دەپ گېلىنى قىردى كۆزەتچى، ــ ئېتى نې-
مىدى؟

ــ مانا قاراڭ، ئېتىنىمۇ سورىۋالماپتىكەنمەن.

ــ بىر كۆرۈپلا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغان، دېگىنە،

ــ نېمە دەيدىغانسىز؟ مېنىڭمۇ بالا ــ چاقام بار چوڭ
دادا.

ــ ئەمدى كۆڭۈل دېگەنگە ھېچ نەرسە دەپ بولمايدۇ،
دېگىنە ياكى بايراق خوتۇن بولسا پۇلىغا قىزىققانسەن. . . ياش
ۋاقتىمدا مەنمۇ خوتۇنلارنىڭ ئارقىسىدا خېلى پالاقلاپ باققان.
ھازىر ئويلىسام، قىپقىزىل ئەخمەقكەنمىز. . ئۇنداقتا ئۇ ئايالنى
نېمىگە ئىزدەپ قالدىڭ؟



ــ ئۇ ماڭا «قىزلىرىڭىز تاقىسۇن» دەپ ئىككى كىشىلىك
مارجان بېرىۋېدى. مەنمۇ قارىمايلا ئالغانىكەنمەن، كېيىن قارى-
ساق، ھەممىسى ساپمەرۋايىت ئىكەن. ئەلۋەتتە مۇنداق پۇل-
لۇقنېمىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر نەرسە قايتۇرمىسام بولمايدۇ ــ
دە! ؟

ــ شۇنداق، بۇنى توغرا ئويلاپسەن، پۇلبەرمەكچىمىدىڭ؟

ــ پۇل بەرسەم ئالماس. . . ئۇمۇ «ئىككى قىزىم بار»
دېگەندەك قىلىۋېدى، قىزلىرىغا لايىقىدا سوۋغات ئېلىپ كېلىۋې-
دىم.

ــ تۇرىدىغان يېزىسىنى دەپ بەرمىگەنمىدى؟

ــ ئۇنىمۇ سورىماپتىكەنمەن، ئىشقىلىپ، ئۆيىمىز
يېزىنىڭ چېتىدىرەك بىر جاڭزىدا، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا كەڭ
بىر تۈز بار، ئۇ يەردە دالا گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ، دېگەن-
دى.

ــ قىزىق ئادەمكەنسەن ــ دە، ئۆمرۈڭ شەھەردىلا ئۆت-
كەن ئوخشىمامدۇ؟ بۇ يەردىكى ھەممە دالىلاردا گۈللەر ئېچىلىپ
تۇرىدۇ. . .

× × ×

ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ، ئايالنىڭ ئىلگىرىكى يولدىشى-
نىڭ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتتۇم، سەلەي دۇكاندا ئىدى. ئۇنىڭ
بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە
ھەيران قالدىم. دۇكاندىكى ماللارنىڭمۇ تايىنى قالمىغان بولۇپ،
بۇ ئادەم ئۆزى سەمرىگەن، مەڭزىلىرىنىڭ قىزىللىقى يىتۈپ،
گۆشلىرى ئېسىلىپ قالغانىدى، ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قاراپ
ئۇگدەپ ئولتۇراتتى. «ھە، بۇزۇقچىلىق سېنى زەئىپلەشتۈ-
رۈپتۇ ــ دە!» دېدىم ئىچىمدە. يېنىغا قويۇقلۇق ئۇنئالغۇدىن

يەنە هېلىقى ياش چوكاننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، لېنتا قايتا — قايتا قويۇلۇۋەرگەچكىمىكىن، ناخشىچىنىڭ ئاۋازىمۇ بوغۇلۇپ قالغاندەك قىلاتتى. . .

شۇ چاغدا دۇكان ئالدىدا بىر — ئىككى خېرىدار پەيدا بولدى. سەلەي سېمىز بارماقلىرى بىلەن ئۈنئالغۇنى بېسىپ ئۆچۈرۈپ قويۇپ ئورنىدىن قوپتى. خېرىدارلارغا نېمىنىدۇر ئېلىپ كۆرسىتىپ: «هارام بولسۇن، ماڭا بىر تىيىنمۇ پايدا قالمايدۇ. . . ئىشەنسىڭىز، سىزگە ئىككى كوي زىيىنغا بېرىۋاتىمەن. . . ئەزبىرايى خۇدا. . . » دەپ قەسەملەرنى ياندۇرۇپ سودىلاشقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ دېگىنىچە بولسا، دۇنيادا هالال نەرسە قالمىغان بولاتتى. مۇنداق سودىگەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئون فۇڭ پايدا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئانىسىنى سېتىۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى. . . مەن ئۇنىڭدىن هېلىقى ياش چوكاننى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش نىيىتىدىن ياندىم

× × ×

ئارىدا يەنە بىر نەچچە ئايلىق كاماندىروپكىغا چىقىپ قايتىپ كەلدىم. ئەمدى قەهرىتان قىش كېلىپ قالغانىدى. شەهەر كوچىسىدا پىيادىلەر يولى بىلەن كېتىپ باراتتىم. ئالدىمدىن كېلىۋاتقان ئايالغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئەڭ يېڭى مودىدىكى ياقىلىق جۇۋا، سېرىتمىلىق ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. يولنىڭ چىڭدالغان قارىنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ ماڭغان ئاۋاز قۇلاققا ئېنىق ئاڭلىناتتى. «پاه، خېلى نوچىلىقى بار ئايالكەن - هە! » دەپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ تونۇشتەك تۇرغان چىرايىنى قايتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم — دە، «هوي، بۇ هېلىقى مەن ئىزدەپ يۈرگەن ناخشىچى چوكاننىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ! » دەپ بېشىمغا بىرنى ئۇردۇم. ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام،



ئۇمۇ مەندىن بەش - ئون قەدەملا نېرىغا ئۆتۈپ توختاپ، ئارقىسىغا قارىغانىكەن.

— ياخشىمۇسىز سىڭلىم؟ — مەن ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدىم، — مانا قاراڭ، بۇيەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى. . .

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەهۋالى قانداق؟

— ياخشى، ياخشى، ئاپئاق بولۇپ تولۇپ، چىرايلىق بوپكېتىپسىز، تونۇماي قالغىنى تاسلا قاپتىمەن.

— بۇرۇن سەتمىدىم؟

— بۇرۇنمۇ چىرايلىقتىڭىز، هازىر يەنە باشقىچە. . يۇرۇڭ، ئىشىڭىز بولمىسا مەن سىزنى مېهمان قىلاي، دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار ئىدى.

ئۇنى مەركىزىي كوچىدىكى زامانىۋى بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردىم. بۇ يەرنىڭ تامىقىمۇ تايىنلىق ئىدى. ئەمما، مۇنداق پوزۇر كىيىنگەن ئايالنى مۇشۇنداق پاكىز، ئازادە سورۇنغا باشلىماي، هېلىقىدەك ئىسلىشىپ كەتكەن ئاشخانىلارغا ئەكىرگەن بىلەن ئەپلەشمەيدىغاندەك قىلاتتى.

گۆشلۈك سەي بىلەن ئىسسىق جىڭموما، بىر قاچىدىن شورپا سېتىۋالدىم. بىز تاماق يېگەچ پاراڭلاشتۇق.

— سىزنى جىق ئىزدەپ كەتتىم. دەريا بويىدىكى هېلىقى بازارغا باردىم. ئۇچرىشىپ قالارمىكىن، دەپ ناهىيىگە كېتىدىغان يوللارنى ئارىلاپمۇ باقتىم.

— مەن هازىر دۇكان ئېچىۋالدىم، ناهىيىنىڭ ئۆزىدە، ئاپام بىلەن باللىرىمنىمۇ يېنىمغا ئەكېلىۋالدىم. ئايال كىشىگە ماللارنى توشۇپ بازارمۇ — بازار قاتراپ يۈرمەك بىئەپ بولىدىكەن.

— ئوبدان بوپتۇ.

— نېمىشقا شۇنچىۋالا ئىزدەپ كەتكەنسىز، ناخشامنى ئاڭلاشقىمۇ؟

— شۇنداق، ناخشىڭىزنىمۇ سېغىندىم، مۇھىمى ھېلىقى چاغدا مارجان بېرىۋىدىڭىز، ئۇ ساپمەرۋايىت ئىكەن. . .

— ياخشى مەرۋايىتتى، مېنى ئۇقماي بېرىۋەتتىمىكىن، دېدىڭىزما؟

— ئۇنداققۇ دېمىدىم، بىز ئەرلەر ئاياللارنىڭ بەزى نەرسلەرنىڭ قىممىتىنى نەدىن بىلەيلى، راستىمنى ئېيتسام، ئۇ چاغدا ئاددىيلا بىر مارجانغۇ دەپلا ئېلىپ يانچۇقتا ساپتىكەنمەن.

— ئىككى قىزىم بار، دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز، ئاپامنىڭ قېشىدا تۇرۇۋاتقان قىزلىرىم ئېسىمگە كەلدى. . . قارالڭ، قىز بالا دېگەن دادىسى ئېلىپ بەرگەن نەرسىنى يەنە باشقىچە كۆرىدۇ.

— رەھمەت، ئۆيگە ئاپىرىپ ئوبدان قارىسام، مەرۋايىت ئىكەن، قىزلىرىمنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى ئېيتايمۇ. . . سىز دېگەن ئايال كىشى، مەنمۇ شۇنىڭغا لايىق بىر نەرسە قايتۇرمىسام قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا ئىزدىگەنتىم، قىزلىرىڭىزغا ئازراقلا سوۋغات ئېلىپ قويغانتىم.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ!

— بولدى دېمەڭ، ئەمدى تۇرىدىغان يېرىڭىزنى بىلىۋالدىم، بىر — ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

بىز ئاشخانىدىن چىقتۇق. ئون - يىگىرمە قەدەم ماڭمايلا كۆتمىگەن بىر ۋەقەگە يولۇقتۇق، نېرىراقتا تام تۈۋىدە ئىككى ئادەم ياقىلىشىپ كەتكەنىدى، قارىغاندا ئۇلار سەل - پەل كەيىپ بولسا كېرەك. ئېگىزرەكى سېمىز كەلگەن يەنە بىرىنى تامغا ئوبدانلا نىقتىۋالغانىدى. تامغا نىقتىلىپ تۇرغان بۇ بۇرۇتلۇق، سېمىز ئادەمنىڭ سەلەيلىكىنى خاتاسىز تونۇدۇم. «ئەجەب ئەددىپىڭنى يەپسەن!» دېدىم ئىچىمدە. كۆتمىگەندە يېنىمدىكى ئايال يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى - دە، ھېلىقى ئېگىز كىشىنى ئارقىدىن كېلىپ، كۈچ بىلەن تارتىپ سەلەيدىن ئاجرىتىۋالدى.



— ئارىلاشماڭ، تونۇمايۋاتامسىز، ئۇ ھېلىقى سىزنى خورلىغان ئەبلەخ! — دەپلا قالدىم.

— نېمە دەۋاتسىز؟ — دېدى ئايال ماڭاقاراپ، — قانداقلا بولمىسۇن ئۇ مېنىڭ قىز تەگكەن يولدىشىم، ئىككى بالامنىڭ ئاتىسى.

بۇ گەپ شۇنچە ئاستا ئېيتىلغان بولسىمۇ سەلەيىنىڭ قۇلىقىغا جاراڭلاپ ئىشتىلدى، ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ ئالدىدىكى ئايالغا قارىدى. تەسىرلىنىشىمۇ ياكى ئۆتمۈشىنىڭ ئەسكە چۈشۈپ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشىمۇ، بىلمىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش يالتىرىغاندەك بولدى. ھېلىقى ئېگىز ئادەم بىر سەلەيگە، بىر ئايالغا قاراپ قويدى - دە، غىپلا قىلىپ كېتىپ قالدى.

— نېمە دەپ كوچىدا خەق بىلەن ياقا سىقىشىپ يۈرىدىغانسىز؟ — دېدى ئايال.

— ئۇ مېنىڭ دۈكىنىمدىن ناخشا بار لېنتىنى سورىمايلا ئېلىپ كېتىپتۇ.

— بىر لېنتا ئۈچۈن ئۆلەمسىز؟

— لېنتىنىڭ قېپىغا قىزلىرىم بىلەن سېنىڭ رەسىمىڭ قىستۇرۇقلۇقتى. . .

ئايال خۇددى سەلەيدىن تۇنجى قېتىملىق مۇھەببەت سۆزىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىزىرىپ كەتتى . . . بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوشۇقچە ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ قالدىم - دە، مەنمۇ كېتىپ قالدىم . . .

قۇلىقىمغا ھېلىقى ياش چوكاننىڭ ناخشىسى باشقىدىن ئاڭلانغاندەك بولدى، يەنە گۈللىگەن بىر دالا كۆز ئالدىمغا كەلدى. شۇنداق، بۇ كەڭ دالىدا گۈللەرمۇ، گۈل بىلەن بىللە تىكەنلەرمۇ ئۆسىدۇ؛ تىكەنلەر كىشىنى بىئارام قىلىسمۇ، گۈللىرى ھامان كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ.

# بۇ چۈش ئەمەس

1

كېچىدە يېزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئوتنى ھەممە ئادەم كۆردى. دەسلەپتە، شامال تۇتەپ كۆيگەن بىر نەرسىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلگەندەك قىلىۋېدى، ئارقىدىنلا ھەيۋەتلىك يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپنى يورۇتىۋەتتى، قورقۇنۇچقا چۈشكەن ئادەملەر چۇۋۇلدۇشۇپ كوچىغا چىقىشتى. دەھشەتكە چۈشكەن ئاياللار چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

— ھوي خوتۇنلار، نېمىگە ۋارقىرىشىسەن؟ ئاناڭ ئۆلۈۋاتقىنى يوق، ھېلىقى توختەكنىڭ ئۆيى كۆيۈۋاتىدۇ، توختەكنىڭ!...

يۇقىرىدىن ئاتلىق چېپىپ كەلگەن بىرى ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ توختىنىڭ ئۆيى كۆيۈۋېتىپتۇ!

— توختىنىڭ ئۆيى!؟

— ئەجەبمۇ ئۆيتى-دە!...

— ۋاي بىچارە، قانچە جاپالار بىلەن سېلىۋېدى-ھە!



— قانداق بولۇپ ئوت كەتكەندۇ!؟....

2

شۇ كۈنى كەچكە يېقىن، توختىنىڭ يېڭى سالغان ئۆيىگە گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسى باستۇرۇپ كەلگەنىدى، ئۇلار ھويلىدا تۇرۇپ ۋارقىراشتى:

— توختەك! ھاي توختەك!...

توختى پېشايۋانغا چىقىشىغىلا ئۈچى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇرۇپ كېتىشتى. توختىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تېتىغۇچىلىكى بار ئىدى، لېكىن ئۇ قول ياندۇرمىدى. ئۇلارنىڭ تۆپە - تۆپىلەپ ئاتقاپ مۇشتىغا ئۆرۈلۈپمۇ چۈشمىدى. ئۇلار ئادەمگە ئەمەس، ئازاب ۋە ئاغرىق ھېس قىلمايدىغان تۈۋرۈككە مۇشت ئېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى-دە، نېمىشقىدۇر ئۆزلىرىمۇ توختاپ قېلىشتى. توختىنىڭ يېرىلغان قاپىقىدىن ئاققان قان مەڭزىنى بويلاپ كۆينىكىگە ئېقىۋاتاتتى.

— تۈفى .... ئىت، يوقال بۇ يەردىن!

— ئۆزۈڭچە بىزنى ساڭا قىز بېرىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟!

— نەدىن كەلگەن بولساڭ خوتۇنىڭنىمۇ شۇ يەردىن ئال!

— مۇشۇ سالغان سارايلىرىڭغا شۇنچە كۆرەڭلەپ كەتتىڭما؟ بۇ نېمەڭ...

توختى ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزى يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. غۇۋا ئۇپۇققا تۇپلانغان بۇلۇتلار ئۈستىدە پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى، ئاسماندا ئايمۇ پەيدا بولغانىدى. لېكىن توختىنىڭ كۆز ئالدىدىن باشقا بىر مەنزىرىلەر ئۆتەتتى.

ئەنە، جەنۇبنىڭ تاشلىق يوللىرى ... ئۇ ئوغرىلىقچە

چۈشۈۋالغان ھېلىقى ماشىنا... ئاقسۇ بازىرىدا ئاچ يۈرگەن كۈنلەر ... ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭغا بىر نەچچە كۈن ئاتىدارچىلىق قىلغان مېھرىبان ئاشپەز ... ئۇ قانداق قىلىپ شۇنچە كەڭ ماكاننىڭ ئاشۇ بىر چېتىدىن مۇشۇ كىچىككىنە يېزىغا كېلىپ توختاپ قىلىۋېدىكىنە!؟ ئۇ ھاياتلىق، ياخشى تۇرمۇش، خۇشاللىق ئىزدىگەنىدى...

توختى ئېسىنى يىغقاندا گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى ھويلىدىن چىقىپ كېتىشكەنىدى. توختى ئىچ-ئىچىدىن بېسىپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى تەستە توختىتىۋالدى. خورلۇق ئۇنى ئازابلايتتى، يۈرىكىدە بىر ئوت يېنىۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇ غەزەپمۇ، پۇشايمانمۇ، ھەسرەتمۇ ياكى ۋىجداننىڭ قىساس ئېلىشقا ئۈندىشىمۇ؟ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

تېخى ئالدىنقى كۈنى كەچتىلا توختى گۈلشەن بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشكەنىدى.

— كېتىڭ، كېتىڭ! — دېگەنىدى قىز ئۇنىڭغا تىترەپ تۇرۇپ، — يىراقلارغا كېتىڭ... ئاكىلىرىمنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، ئۇلار سىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ھېچبولمىغاندا، بىر-ئىككى ئاي كۆزدىن يىراقراق تۇرۇڭ.

— گۈلشەن، مەن سىزنى تاشلاپ ھېچ يەرگە كەتمەيمەن. يۈرۈڭ، كەتسەك ھازىرلا بىللە كېتەيلى. نېمىدەپ ۋەدىلەشكەنتۇق؟... سىزنى ئۇلار باشقا بىرىگە زورلاپ بېرىۋېتىدۇ...

— قورقىمەن، مەھەللىگە ئۆمۈرۋايەت قايتىپ كەلمەمدىم؟ ئاكىلىرىمنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟...

تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئاكىلىرى گۈلشەننى ئامبار ئۆيگە سولاپ قويۇشتى. ئىشىكتە داتلىشىپ كەتكەن، يېرىم سائەت ھەپىلەشمىگۈچە ئاچقىلى بولمايدىغان يوغان قارا قۇلۇپ پولاڭلاپ



تۇراتتى.

توختى شۇلارنى ئويلاپ تىت-تىت بولدى. ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى... تۈنجى قېتىم ئۇنى سۆيۈپ شەلپەردەك قىزىرىپ قېچىپ كەتكەن، يوشۇرۇن كۆز ئېقىشلارنى ئاتا قىلغان، ئايدىڭ كېچىلەردىكى پىچىرلاشلاردا بىللە بولغان ۋاپادار قىز بۈگۈنكى مەيۈس، قورقۇنچاق گۈلشەنگە زادىلا ئوخشىمايتتى... توختى ئاسماننىڭ كۆمتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن، ئىنسان قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان جىمى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشىدىن قورقمايتتى. پەقەت «گۈلشەن ئاجىزلىق قىلارمۇ، ۋەدىسىدىن يېنىۋالارمۇ؟...» دېگەن ئەندىشىلەرلا ئۇنى ئۈمىدسىزلىككە سالاتتى.

## 3

دۆڭلۈكتە كۆيۈۋاتقان بۇ ئوت تىللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، قاراڭغۇلۇقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالمايتتى. بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان يالقۇن ئۆز ئەتراپىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەن بولۇپ، يىراق ئېگىزلىقلارمۇ سارغۇچ شۇلىغا كۆمۈلگەنىدى؛ ئاسماندىكى تولۇن ئاي ۋە يۇلتۇزلارمۇ خىرەلىشىپ، ئۆچۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەرلەر دۆڭگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. كىمنىڭدۇر بوشاپ كەتكەن كالىسى بىلەن بىر نەچچە ئىت يورۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. بالىلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭى، ئاياللارنىڭ چۇۋۇلداشلىرى تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى.

— بۇ ھەقىچان ھېلىقى ئۈچ لۈكچەكنىڭ قىلغان ئىشى.

ئوتتۇرا ياش بىر ئايال كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ بۇ گەپنى قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ياشانغان ئايال ھەيران

بولۇپ سورىدى:

— قايسى ئۈچىنى دەيسەن، سىڭلىم؟

— قايسى بولاتتى، ھېلىقى ئاۋۇت، ساۋۇت . . . يەنە بىرىنىڭ نېمىدى، خۇدايىم ؟ . . . ھە، داۋۇت. شۇ خەقنىڭ ئىشى بولمايدۇ.

— توۋا، بىر ئادەمنى شۇنچىمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟ !

— مۇساپىر بولسىمۇ ئادەم - دە، ئۇ!

— سىڭلىڭنى بەرمەسەڭ بەرمە، ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكىنىڭ نېمىسى؟ !

— ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ ئەر خەقلەر: ئۆينىڭ كۆيۈپ ھېچنېمىسى قالماپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

— ھېلىقى ئۈچىنىمۇ ساقچىلار ئىزدەپ يۈرگۈدەك . . .

شۇ چاغدا يولدا مەھەللە ئىمامىنىڭ ئېگىز، سۆلەتلىك گەۋدىسى پەيدا بولدى. ئاياللار ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتى.

— ھەي مەزلۇملار، — دېدى ئىمام ھاسىسىنى ئىككى قوللاپ ئالدىغا تىرەپ، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ تۇرۇپ، — ئۇقمىغاندىن كېيىن، ئاغزىڭلارغا كەلگەننى جۆيلۈۋەرمەڭلار. ئۆينى توختىنىڭ ئۆزى كۆيدۈرۈۋەتتى.

خوتۇنلار ئىمامنى ئورىۋېلىشتى.

— نېمە دەيدىغاندىلا، ئۆزىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئۆزى ئوت قويۇۋېتەمدۇ؟

— قازايى تەقدىر، — دېدى ئىمام بىر توپ مېكىياننىڭ ئارىسىدا چوخچىيىپ تۇرغان خورازدەك گەۋدىسىنى رۇسلاپ، — توختى باياملا مېنىڭ قېشىمغا كىرىپتىكەن . . . ئۆزۈممۇ ئەمدىلا خۇپتەندىن يېنىپ تۇراتتىم، دەرۋازىنى بىرى شاراقشىتقاندەك قىلىپ قالدى. «كىمكىن، چىقىپ بېقىڭلارچۇ» دەپ بالىلارنى چىقىرىۋىدىم، توختىنى باشلاپ كىرىشتى. قارىسام، چىرايى ئۆمسەلا، «ھە،



نېمە گەپ؟» دېۋىدىم، بوسۇغىدا تۇرۇپلا سۆزلەپ كەتتى. گۈلشەننىڭ ھېلىقى بەغەرەز ئاكىلىرى ئۇنى قاتتىق رەنجىتكەن ئوخشايدۇ، ئۇرۇپ باش - كۆزىنى ئىششىتىۋېتىپتۇ. توختى مەندىن: «ئىمام دادا، بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشىمۇ گۇناھمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «يوقسۇ ئوغلۇم، ئاشىقلىق ئوتىنىمۇ خۇدا سالىدۇ» دېدىم. ئۇ «مېنىڭ مۇشۇ يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قېلىشىممۇ گۇناھمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ياراتقان ئىگەم كىمنىڭ رىسقىنى نەگە چاچقان بولسا، شۇ يەردىن رىسقىنى تېپىپ يەيدۇ» دەپ جاۋاب قىلدىم. توختى يىغلىۋەتتى. «خۇدا گۈلشەننىڭ ئوتىنى يۈرىكىمگە ساپتىكەن. مۇشۇ مەھەللىنى ئەگىپ كېتەلمىدىم، تىرىشتىم - تىرماشتىم، پۇل تاپتىم، شۇنچە چىرايلىق ئۆيلەرنى ياساتتىم. يولىنى قىلىپ قىزغا ئەلچىلەرنى كىرگۈزدۈم . . . نېمە گۇناھىم بارلىقىنى ئۇقمايمەن، مانا خەۋەرلىرى باردۇ؟ گۈلشەننى قاماپ قويۇشتى. مېنى ئۇرۇپ قىلمىغان ھاقارىتى قالمىدى . . . ئىمام دادا، ئاڭلاپ قويسىلا، تاقىتىم چېكىگە يەتتى، جامائەت، توختىنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ، دەپ قالمىسۇن. مۇشۇ مەھەللىدىن زادى كەتسەملا بولامدۇ؟ كېتىمەن، ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋېتىپ كېتىمەن. قالغان ئىشنى خۇداغا قويدۇم . . . » دېدى. يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېگەندەك قىلىۋىدى، ئېسىمدە يوق. ئۇ چىقىپ كەتتى. كۆزلىرى بىر قىسمىلا. ھەي، مۇشۇ بالا ئەقلىدىن ئېزىپ قالمىغىدى، دېگەن بىر شەك كۆڭلۈمدىن كەچتى. كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ. دېگەندەك ئاز ئۆتمەيلا «ۋاي ئوت كەتتى!» دېگەن چۇقاننى ئاڭلىدىم.

— توۋا! — دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى ئاياللار، — توختى ئۆيىگە ئۆزى ئوت قويۇۋېتىپتۇ.

— توختى ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ مەھەللىدىن كېتىپتۇ . . .

— توختى ساراڭ بوپتۇ! . . .

بۇ گەپ قۇلاقتىن - قۇلاققا تېزلا تارىدى. كۆپچىلىك توختىغا كەلگەن پاجىئەگە ئېچىنىشتى. لېكىن، بەش بارماق تەڭ بولمايدۇ. بىر توپ دەرەختىن بىر - بىرىگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىككى تال يوپۇرماقنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. توختىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنگە مەھەللىدىكى ئايرىم كىشىلەر خۇشالمۇ ئىدى.

— خوي ئوبدان بولدى، — دېيىشتى ئۇلار، — يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى، دەپ سەن توختەككە ئۇنچىۋالا ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى سېلىشنى كىم قويىدى.

— ئۇنىڭ بۇ تۆت تام ئىچىدە ئولتۇرغۇدەك ئۇرۇق - ئەۋلاد، خوتۇن، بالا— چاقىسى بولسىمۇ كاشكى...

راست، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق، توختى بۇ مەھەللىدە پەيدا بولغاندا تېخى ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردىكى بالا ئىدى. ئۇنى كوچىدىن چاقىرىپ ئەكىرىپ، تۇنجى قېتىم ئىسسىق چاي بەرگەن كىشى ئەترەتنىڭ ماخوسىغا قارايدىغان مەرۇپ بوۋاي بولدى. بوۋاي قولىقى يۇمشاق، ئايىقى ئىتتىك، چىرايى ئىللىق بۇ بالىغا ئامراق بولۇپ قالدى. بالا بوۋايغا ياردەملىشىپ بېدە توغرايتتى، ئاتلارغا يەم بېرەتتى، ھارۋا قاتاتتى، كېچىلىرى ماخونىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە ئۆيدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇخلايتتى.

— مەرۇپكا، ئەجەپ ئوبدان ئوغۇلدىن بىرنى تېپىۋاپسەنا؟ — دېيىشەتتى ھارۋىكەشلەر.

— ھە، خۇدايىم بەردى، — دەيتتى بوۋاي توختىنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

مەرۇپ ئاكا ياشلىقىدا ھارۋىكەشلىك قىلىپ يۇرت كەزگەن، كۆپنى كۆرگەن ئادەم بولغاچقا، بۇ مۇساپىر بالىنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى، ماخو ھارۋىكەشلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭىدىن خالىي بولۇپ قالغان بەزى كۈنلىرى ئۇ قوزۇقتىكى ھېچقانداق نەقىشسىز، سىداملا ياسالغان دۇتتارنى ئېلىپ، كونا پەدىلەرگە



چېلىپ، ناخشا ئېيتاتتى،

— ماۋۇ ئېيتقىنىم «لەيلۇن»، ئەمدى ئاڭلايدىغىنىڭ «خانلەيلۇن»، — دەپ چۈشەندۈرەتتى بوۋاي بالىغا.

توختى بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىسا مۇڭلىناتتى، ئېڭىكىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن تىرەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كېتەتتى. لېكىن، ئۇ قايسىسى «لەيلۇن»، قايسىسى «خانلەيلۇن»، زادىلا ئايرىيالمايتتى. ئۇنىڭغا بۇ ناخشىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئاھاڭدا ئېيتىلىۋاتقاندەك ياكى بىرى يەنە بىرىنىڭ داۋامىدەك ئاڭلىناتتى.

— ھەي — ي ... ئوغلۇم! — دەپ دۇتتارنى توختىتاتتى مەرۇپكام بەزىدە، — مانا بىر چاغلاردا مېنىڭمۇ بالا — چاقام، ئۆي - ماكانىم بولىدىغان، تەقدىر ھەممىدىن ئايرىپ، ئاخىرىدا مەن قېرىنى تىكەندەك يالغۇزلا قويدى.... بۇنىڭغىمۇ شۈكرى! قارا، خۇدايىمنىڭ يەنە سېنى ماڭا يەتكۈزۈپ، ھەمراھ قىلىپ قويغىنىنى.... — دەيتتى.

بالا بوۋاينىڭ سۆزىدىن رازى بولۇپ كۈلۈپ قوياتتى. بوۋاي:

— ئۇنداق ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرما، يامان بولىدۇ. يەنە بىر كۈلۈۋەتكىنە... ھە مانا، تېخى بەختىڭ ئالدىڭدا بالام ....— دەيتتى.

ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ مېھرىبان ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى. بوۋاينىڭ بىر پارچە كىگىز، كونا يوتقان - كۆرپە ۋە ھېلىقى كىچىككىنە ھۇجرىسى بىلەن دۇتتارى توختىغا قالدى. توختىمۇ بۇ چاغدا قاۋۇل كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغانىدى، ئەترەتتە كىملا ئىشقا بۇيرىسا ئۇ «ياق» دېمەي يۈگۈرۈيتتى.

— توختى، ئاتلارنى بېقىپ كەل.

— توختى، ھارۋا قات.

— توختى بالام، تۈگمەنگە ئۇگۇت ئاپىرىشىپ بەرسەڭ.

— توختى، ئازراق كېسىكىمىز بار ئىدى، تۆكۈشۈپ بەرسەڭ.

— توختى، پالانچىنىڭ توي ئىشى بار ئىدى، يۈگۈر - يېتىمگە ھە - ھۇ دېيىشىۋەت!...

ۋاي - ۋۇي! بۇ مەھەللىدە توختى قىلمىغان ئىش قالغانمۇ دەيسىلەر؟ ئۇ ھېچكىمدىن ئۇشۇقچە ھەق تەلەپ قىلمايتتى. قولىغا بىر نەرسە بەرمەي، قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويسا شۇنىڭغىمۇ رەھمەت دەيتتى. ئېھتىمال، پەلەك شۇندىقىسىغا چۆرگىلەۋېرىپ، توختىنىڭ كۈنىمۇ ئاشۇ مەدىكارچىلىقتىن نېرى بارمىغان بولسا، بۈگۈنكى پاجىئەلەر بولماسمىكىن. ئەمما، شۇ ئارىدا كىشىلەر ئويلىمىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ قالدى، ئەترەتنىڭ يەرلىرى ئەزالارغا كۆتۈرە بېرىلدى.

ماخودىكى ئات - ھارۋىلار تەقسىم قىلىنىۋاتقاندا، توختى نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەندەك بىر چەتتە تامغا يۆلىنىپ قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئەترەت باشلىقى سايىمنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالدى.

— ھوي ئاغىنىلەر! — دېدى. ئۇ، — مۇنۇ توختاخۇنغىمۇ بىر نېمە بېرەرمىز؟

— توختىغا نېمىدەپ بېرىمىز، ئۇ ئەترەتنىڭ ئەزاسى بولمىسا؟!

توغرا، توختى بۇ ئەترەتنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسمى بۇ يەرنىڭ نوپۇس دەپتىرىدىمۇ يوق.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى سايىم، — مەرۇپكام رەھمەتلىك مۇشۇ ماخۇغا يىگىرمە نەچچە يىل قارىغانتى، توختىنى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. شۇ بوۋاينىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئاۋۇ كونا ئۆكۈز ھارۋىنى بەرمەيلىمۇ؟

— بوپتۇلا، — دېيىشتى يەنە بىر نەچچەيلەن، — توختىمۇ



مەھەللىمىزنىڭ ئۆز بالىسىدەك بولۇپ قالدى.

— ئۇنىڭغىمۇ بىر تىرىكچىلىك لازىم - دە!

— ھەي توختاخۇن، قېنى سەن؟... ماڭ، بوينۇڭنى قىسىپ تۇرماي، ئاۋۇ ھارۋىنىڭ قېشىغا بار.

توختى ماخۇنىڭ چۆلدەرەپ قالغان يوغان ھويلىسىدا غېرىبسىنىپ تۇرغان ھېلىقى ئۆكۈز ھارۋىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى كۈن خىيال سۈردى: ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟... بۇ كېلەڭسىز ھارۋىغا قاتىدىغان ئۆكۈز قېنى، ئۇ ئۆكۈزنى سېتىۋالىدىغان پۇل نەدە تۇرۇپتۇ؟... بېرەيلەنىنىڭ.

— توختى ئۇكام، ئولتۇرۇشۇڭ ئىسسىقتىنمۇ، سوغۇقتىنمۇ؟ — دېگەن ئاۋازى توختىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەترەتنىڭ ھارۋىكەشى قادىرنى كۆردى. ئىلگىرى بۇ ئادەم كۆپرەك مۇشۇ ئۆكۈز ھارۋىنى ھەيدەيتتى. قادىر ھارۋىكەش بېشىدىن دوپپىسىنى ئېلىپ، ئالقىنىغا ئۇرۇپ - ئۇرۇپ قويۇپ يەنە كىيدى - دە، يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ، موخۇركا يۆگىگەچ توختىنىڭ يېنى - - غا بېرىپ ئولتۇردى، — ئاپتاپ ئېزىپ قويىۋاتامدۇ ئوكا، يا يۈرتۈڭ ئېسىڭگە چۈشۈپ قېلىۋاتامدۇ؟

— خىيال ئاكا، خىيال..

— ياش تۇرۇپ ساڭا نېمە خىيال؟ قارا، بىنەمنىڭ قارلىرى كېتەي، دەپ قاپتۇ. بۇدا يەنە بىر بوران چىقسا قارىغۇجىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. قىش كەتتى دېگەن شۇ... خۇدايىم بۇيرىسا ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا...

— سىلەرگۇ كۆتۈرە ئالغان يەرلەرنى تېرارسىلەر، مەن بۇ قۇرۇق ھارۋا بىلەن نېمە ئىش قىلارمەن؟

— راست ئېيتتىڭ، بۇنىڭ ئۆكۈزىنى ماڭا تەقسىم قىلىپ، ھارۋىسىنى ساڭا بەرگىنىنى دېمەمسەن... مۇنداق

قىلمىسىز ئۇكا، يا سەن ماڭا هارۋاڭنى بەر، يا مەن ساڭا ئۆكۈزنى ئۆتۈنەي،

— ئۇنداق قىلمايلى.

— قېنى سەنمۇ ئالتە شەھەرلىك ئوغۇل بالىغۇ، تۆت ئوشۇق تېپىپ كېلەي، «دەتتىكام!»لا دېيىشمۇيتىمىزمۇ يا؟!

— ئۇنداقمۇ قىلمايلى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ قورسىقىڭدىكى گېپىڭنى بىر دەپباقسىنە.

— ئۆكۈزھارۋىنى ھويلىڭىزدا بىكار ياتقان ئېشەك هارۋىغا تېگىشەيلى.

— ئېشەك هارۋىغا؟! — قادىر دوپپىسىنى پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ گەدىنىنى تاتىلىدى، — ئۇنىڭدا كەم زىيان تارتار، سەنمۇ، مەنمۇ؟...

— پايدا - زىيىنىنى ھېسابلىشىپ نەگە بارىمىز؟ سىزنىڭمۇ ئۆكۈزىڭىز بىكار ياتمىسۇن، مەنمۇ ئېشەك هارۋا بىلەن چامىم يەتكۈچە مىدىراپ بىر نېمە قىلىپ باقاي. ئۇزۇن - قىسقا يېرى بولسا كېيىن تەڭشىۋالمايمىزمۇ.

— بوپتۇ، چىدىغانغا چىقارغان، ئەكەل قولۇڭنى...

قادىر ئېشەك هارۋىسىنى ئىشكى بىلەنلا بېرىۋەتتى.

توختى يەنە ئۆتنە - يېرىم قىلىپ، يوغان تۇڭدىن ئىككىنى سېتىۋالدى. زامان -* زامانلاردىن تارتىپ بۇ يېراق يېزىدىن ھېچكىم شەھەرگە سۈت ئەكىرىپ سېتىپ باقمىغانىدى. توختى مۇشۇ ئىشقا بەل باغلىدى. دەسلەپتە، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئۆيمۇ- ئۆي كىرىپ سۈت يىغدى. كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئۆزى يېڭى سېغىۋېلىنغان سۈتلەرنى ماخوغا ئەكىلىپ توختىغا ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

توختى باشقا يېزىلارنىڭ سۈتچىلىرىدىن بىر - ئىككى سائەت ئىلگىرىرەك ئۇيقۇسىنى ئاچاتتى -دە، سۈتنى بېسىپ،



«خۇدا!» دەپ يولغا چۈشەتتى. شەھەرگە قاراپ سوزۇلغان يول مەھەللىدىن چىقىپ يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، دەريا ياقىلاپ تۆۋەنلەپ كېتەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەھەرچى تورغايلار چۇرۇقلىشاتتى. دەريا ئوتتۇرىسىدىكى تاللىقلاردا بېلىقچىلارنىڭ كەپىلىرى كۆرۈنەتتى. دەريا دولقۇنلىرىدا ئەتىگەنلىك شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جۇلالىناتتى...

توختى ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى مەرۇپ بوۋاي ئېيتقان «لەيلۇن» غىمۇ، «خانلەيلۇن» غىمۇ ئوخشىمايتتى. ناخشىنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ئۇدۇل كەلگەن بېيتلارنى سىلىپ ئېيتىۋېرەتتى. لېكىن، كۆز ئالدىغا بولسا ماخونىڭ ئارقا تېمى يېنىدا ئۆسكەن يوغان بىر توپ ئۈجمە كېلەتتى.. توختى تۇنجى قېتىم — ئۈجمە تازا پىشىپ تۆكمە بولغان چاغدا گۈلشەننى ئەنە شۇ ئۈجمە تۈۋىدە ئۇچراتقانىدى. ئۇ چاغدا توختى ئۈجمە ئۈستىدە بولۇپ، تۆۋەنگە بىر توپ قىزلار ئولاشقانىدى. ئۇلار: «توختىكا، ئېغىتىپ بېرىڭا، ئېغىتىپ بېرىڭا!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. يوپۇرماقلارنىڭ كۆلەڭگۈسى ئۇلارنىڭ يۈزىدە چىمىرلايتتى. گۈلشەن بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ، ئاپتاپ چاققان كۆزلىرىنى سەل قىسىپ، توختىغا قىزىقسىنىپ قارايتتى... كېيىن بۇ قىزنى توختى كۆل بويىدا پات - پات ئۇچرىتىدىغان بولدى. بۇ كۆلنى دېھقانلار مال سۇغۇرۇش ئۈچۈن ياسىغانىدى. يۇقىرىدىكى كىچىك بۇلاقلاردىن ئېقىپ چىققان سۇلار شۇ كۆلگە قۇيۇلۇپ توپلىناتتى. توختى ئاخشىمى — ئەتىسى بۇ يەرگە ئاتلارنى سۇغارغىلى ئېلىپ چىقاتتى. بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ يانغان قىزلار كۆل بويىدىن ئۆتۈشەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىدىن ھۈركىگەن ئاتلار سۇ ئىچىشتىن توختاپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ كىشنىشەتتى. گۈلشەننىڭ شولىسى كۆل سۈيىگە چۈشكەندە نازۇك تەۋرىنىپ، توختىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە

سالاتتى. نېمىشقىدۇر ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرگەندە تەڭلا قىزىرىشاتتى. قىزنىڭ كۆزىدە خەتەرگە يولۇققان توشقاننىڭ كۆزىدىكى ھوشيارلىق، ھۈركىگەن كىيىكنىڭ كۆزىدىكى يېتىمرقاش، قوزىسىنى يالاۋاتقان قوينىڭ كۆزلىرىدىكى مۇلايىملىق ئەكس ئېتەتتى... ھازىر گۈلشەن بويىغا يېتىپ، يېزا بويىچە ئەڭ گۈزەل ساھىبجامالغا ئايلانغانىدى. بىراق، ئەمدى ئۇنى ئاكىلىرى تالا - تۈزلەرگە چىقارمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ توختى بىلەن قىزنىڭ ۋەدىلەشكەن چاغلىرى، خۇپىيانە ئۇچرىشىدىغان ئورۇنلىرى بار ئىدى... شۇلارنى ئويلىغاندا توختى ئۆز - ئۆزىگە كۈلۈمسىرەيتتى -دە، ناخشىسىنى تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئېيتىپ، ئېشەكنى جېدەللەپ ھەيدەيتتى. قىش كۈنلىرى دەريا ساھىلى تۇمانلىشىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە توختى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن بۇلۇتلار ئىچىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، گويا ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىرايدىغاندەك قىلاتتى... شۇنداق، ئۇنىڭ يېتىشكە ئالدىرايدىغان مەنزىللىرى ئازمۇ دەيسىلەر؟! ئۇ پۇلنى كۆپرەك تېپىپ، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرايتتى؛ گۈلشەن ئۈچۈن گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا، چىرايلىق سارايلارنى سالدۇرۇپ، قىزنى بالدۇرراق ئېلىپ كېلىشكە ئالدىرايتتى...

توختى ئىككى يىل سۈت سېتىپلا پۇللۇق بولۇپ قالدى.

بۇ يېزىدا ئەتىدىن - كەچكىچە چوڭ يول ئۈستىدىكى ماگىزىننىڭ تېمىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ، قۇرۇق پاراڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر نەچچەيلەن بار ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن ئەتىيازدا يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، كۈزدە ئورۇۋېلىشتىن باشقىسى ئىش ھېسابلانمايتتى. ئۇلار مۇشۇ مەھەللىدىن بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ يىراقلارغا بارمىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى، ئۇلار ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئەڭ چىرايلىق يەرمۇ مۇشۇ يېزا، ئەڭ گۈزەل



ئاسمانمۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئاسمىنى ئىدى. ئېلىم - سېتىم ئىشىنى «ئالدامچىلىق» دەپ قارايتتى، سىرتلارغا ئىش - ئوقەت ئىزدەپ چىقىشنى «قەلەندەرچىلىك» دەپ بىلىشەتتى... تامغا سۆركىشىپ ئولتۇرۇۋەرگەچكە ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ چاپىنىنىڭ دۈمبىسى يىرتىلاتتى. خوشى تۇتقان بىرىنىڭ گېزىت قەغىزىگە قوپال قىلىپ يۆگىگەن تاماكىسىنى «ئەكەلگىنە، بىر - ئىككى شورىۋالاي!» دېيىشىپ، قولىدىن - قولغا ئېلىپ چېكىشەتتى. بەزىدە ئۇلار داق يەردىلا ئولتۇرۇشۇپ، ئالدىدىكى شىمىشكە شاكاللىرىنى بۆۋلىۋېتىپ، ئۈچ بۇرجەك سىزىق سىزىپ بۆرە قاتار ئوينىشاتتى. ئىشتىنىنىڭ كەينى يىرتىلىپ كەتسە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، «يامۇۋەتسەڭا» دەپ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا دۈملا يېتىپ بېرىشەتتى.... توختىنىڭ ھال - ئەھۋالدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشنى دەسلەپتە ئەنە شۇلار بايقىغاندەك بولدى.

— قاراڭلار ۋۇي، ماۋۇ كارامەتنى! — دېيىشتى ئۇلار بىر كۈنى بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ، — توختى كاستۇم كىيىپتۇ!

توختى يېپيېڭى كاستۇمنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ، شەھەر تەرەپتىن پەرۋايى پەلەك چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ قاترىشىغا تەڭكەش بولۇپ، ھارۋىدىكى قۇرۇق تۇڭلار رېتىملىق داراڭلايتتى

— كاستۇم كىيىپ ئېشەك ھارۋىسى ھەيدىدى، دېگەن گەپ ئېغىلغا زەدىۋال تارتقاندەك بىر ئىش - دە.

— توختەك كاستۇم كىيگەن بولسا، كاستۇم دېگىنىڭمۇ تايىنلىق نېمىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاستۇم تىكتۈرۈشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئەمدى ئۇنداق نېمىنى كىيىشتىنمۇ رايى قايتتى.

لېكىن، ئىش بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئاز ئۆتمەي توختى مەھەللە بويىچە بىرىنچى بولۇپ تېلېۋىزور سېتىۋالدى.

ياز كۆنلىرى بۇ تېلېۋىزورنى هويلىغا قارىتىپ، كىچىك هۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىگىلا قويۇپ قوياتتى. كەچكە يېقىن ئۇششاق - چوڭ، قېرى - ياش بىر توپ ئادەم كىچىك بەندىڭلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ماخوغا يۇگۈرۈشەتتى. . . . يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن توختىنىڭ ئاستىدا قىپقىزىل بىر موتوتسىكلىتمۇ پەيدا بولدى.

— ئاۋۇ قوڭغىدىن ئىس چىقىرىپ كېتىۋاتقان قايسۇي؟!

— ئۆمرىدە ئىشەك قۇلىقى تۇتۇپ باقمىغان بىر نېمىنىڭ. . .

— ئۇ نېمىسىگە شۇنچىۋالا تاراقشىپ كېتىۋاتىدۇي؟

— نېمىگە بولاتتى، ئۇنى يوغارتىۋاتقان مەھەللىمىزنىڭ سۆتى.

— توغرا ئېيتتىڭ، نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ مەھەللىسىنىڭ سۈتىنى ئۆزىمىز ساتمايمىز؟. . .

ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە. قوشنىمىز بېيىپ كەتكىلى تۇرسا، ھېچبولمىغاندا بىر يېرىمىز ئېچىشقاندەك بولىدۇ، ئەگەر بىز كۆزىمىزگىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان بىرى بىزدىن ئېشىپ كەتكىلى تۇرسا، تېخىمۇ ئازاب ھېس قىلىمىز. . . توختىنىڭ «تاراقلاپ» كېتىۋاتقىنىغا چىدىمىغان بىر نەچچەيلەن ئاخىر كەنت باشلىقى — ئىلگىرىكى ئەترەت باشلىقى سايىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىشتى.

— ھوي سايىم، بىز نېمىدەپ ئۆزىمىزنىڭ سۈتىنى ئۆزىمىز ساتمايمىز؟

— قايسى سۈتنى؟

— مەھەللىنىڭ سۈتىنىچۇ؟

— ئەجەپ خەقكەنسىلەر، — دەپ تېرىكتى سايىم، — ئۆزۈڭلار بىر ئىشنى جۆندەپ قىلالمايدىكەنسىلەر، خەق قىلسا كۆرەلمەيدىكەنسىلەر. . . .

— كۆرەلمىگىنىمىز ئەمەس، نەچچە ۋاقىتنىڭياقى



توختىنىڭنى سەل ئۆزىنى جۆندىۋالسۇن، دەپ قويۇپ بەردۇق.

— بىردىن ئېشەك هارۋا قىلىپ سىلەرمۇ ساتمامسىلەر، كىم سىلەرنى تۇتۇۋاپتۇ؟!

— ۋاھ، قىزىق گەپ قىلىسەنغۇ سايىم. بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە يېزىدا نەچچە هارۋىدا ئەكىرىپ ساتقۇدەك نەنىڭ سۈتى بار؟

— ئۇنداق بولسا، مېنى نېمە قىل دەيسىلەر؟

— سۈتنى ئۆزىمىز ساتىمىز.

— توختەك باشقا ئىش قىلسۇن.

— ئۇنىڭ هارۋىسىنى بىزگە ئېلىپ بېرىسەن!

— خەقنىڭ هارۋىسىدا نېمە ھەققىڭ بار؟

— نېمىدەپ خەقنىڭ بولىدىكەن؟ ئۆزىمىزنىڭ هارۋىسى ئۇ. ئات - هارۋىلارنى تەقسىم قىلغاندا يېپيېڭى بىر ئۈكۈز هارۋىنى قاراپ تۇرۇپ توختىغا بېرىۋەتكىنىڭ ئېسىڭدىدۇ؟. . . توختى ئۇنى غاچچىدە قادىرنىڭ ئېشەك هارۋىسىغا تېگىشىۋالدى. تېگى بىزنىڭ مۈلكىمىز، دېگەن شۇ.

— ھوي خەق، ئىنساپ قىلىڭلار. توختى ئىچىپ بولالماي قېتىق قىلىپ، قۇرت سېلىۋېتىدىغان سۈتلىرىڭنى شەھەرگە ئەكىرىپ پۇل قىلىپ بېرىپ يامان قىلمىغاندۇ؟

— سايىموي، ئۇ قىلالىغان ئىشنى بىزمۇ گول چىقىرىۋېتەلەيمىز. . . هارۋىنى چىرايلىقچە ئېلىپ بەرسەڭ ئېلىپ بەر، بولمىسا يولنى توسۇپ ئۆزىمىز تارتىۋالىمىز. . . ئەترەتنىڭ هارۋىسىدا ئانىسىنىڭ ھەققى بارمىكەن!؟. . .

سايىم ئۇزاق ئويلاندى — دە، كەچقۇرۇن كونا ماخوغا بېرىپ، توختىنى بىر چەتكە تارتىپ ئەھۋالنى ئېيتتى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ گېپىنى يىغىنچاقلاپ، پىنەكچە يۆگىگەن قەغەزگە موخۇركا سېلىپ تۇرۇپ، — بەش قول ئوخشاش بولمايدۇ، دېگىنە، هال - كۆڭۈلنىڭ ياخشىلىنىپ

قالغىنىغا ئارىمىزدىكى بەزىلەرنىڭ كۆزى قىزىرىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ. هارۋىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشۋەتسەڭ بېرىشۋەت، سۆتنى شۇلار ئۆزلىرى ساتسۇن، قولۇڭدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتكەنسەن، يەنە ئاچ قالماسسەن.

توختى يەرنى سىجاپ، بىر هازا ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتقىنى هارۋىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەمەس، مەهەللىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنى تېخىچە ئارىغا ئالمايۋاتقانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا تېخى توك تۈگمەن، ماي تارتىش ماشىنىسى، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، ئاشخانا دېگەندەك ئاجايىپ پىلانلار بار ئىدى.

— بوپتۇ، — دېدى توختى، — هارۋىنى راست ئۆزىڭىز بېرىۋېتىڭىز، ئوتتۇرىدا سىز خىجالەت بولۇپ قالماڭ. . . . مەن زادى مۇشۇ خەقنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغان يىراق بىر يەرگە بېرىپ ئوقەت قىلاي!

توختىنىڭ قورسىقىدا يەنە باشقىچە بىر چوت سوقۇۋاتقىنىنى ياكى قېيدىغىنىنى هېچكىم بىلەلمەي قالدى. ئۇ هارۋىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، موتوتسىكلىت بىلەن تېلېۋىزورنى شەهەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، پۇلىنى بەلگە مەهكەم تۈگۈپ، يېزىدىن كېتىپ قالدى.

توختى سۈت سېتىپ يۈرۈپ بىر - ئىككى سودىگەر ئاغىنىلەر بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىۋېدى، بۇ قېتىم ئۇ شۇلار بىلەن شېرىكلىشىپ، شەهەر ئاتلاپ ئوقەت قىلىشقا تەۋەككۇل قىلدى. يولى كەلسە بۇ پۇلغا هەسسىلەپ پۇل قوندىغان سەپەر ئىدى. توختى سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ پويىز ئىستانسىلىرىدا قىستىلىپ يۈرۈپ، پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقىدا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن چوڭ شەهەرلەرنى ئارىلىدى. ئۇ يەرلەردە ئاسمان پەلەك ئېگىز بىنالار، ۋاڭ - چۇڭغا تولغان بازار، هەشەمەتلىك مېهمانخانىلار بار ئىدى، لېكىن، توختى



نېمىشقىدۇر يىراقتا قالغان هېلىقى خىلۋەت يېزىنى ئۇنتالمىدى. ئۇ چۈشىدىمۇ دەريا ياقىلاپ كەتكەن يوللارنى، داكىدەك نېپىز تۇمان ئىچىدە ياتقان تاللىقلارنى، مەهەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سۈيى تاتلىق بۇلاقلارنى، ياپيېشىل سۇ ئوتلىرى قاپلىغان هېلىقى كۆل ۋە لويلا كۆكتاتلار بېسىپ كەتكەن هويلىلارنى كۆرەتتى. ئۇ يەردە ئىسسىق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالغان بىر قىز قالغانىدى، ئاشۇ ئاددىي يېزا قىزىدىكى سەممىيلىك، پاكلىقنى بۇ شەهەرلەردىكى پۇلنى كۆزلەپ قىلتاق قويۇپ يۈرگەن نايناقلارنىڭ جىلۋىسىگە زادىلا ئوخشاتمايتتى. . .

ئېھتىمال، گۈلشەننى هېسابقا ئالمىغاندا، مەهەللىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر توختىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ بولاتتى، بىراق، ئىككىنچى يىلى باهاردا ئۇ يېزىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. توختى ئۇستىگە ئەترەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا غاچىلداپ تۇرىدىغان سۆپەتلىك شىبلىت كىيگەن بولۇپ، كالتە قىلىپ قويۇۋالغان بۇرۇتلىرى بىلەن ئۇ باشقىچە بىر سۆلەتكە كىرگەنىدى. ماگىزىنىغا غوجاتام بولۇپ قاتارلىشىپ ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەن ئۇنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى. قىزلار بىر - بىرىنى نوقۇپ پىچىرلىشاتتى. توختى ئۇدۇل كەنت باشلىقى سايىمنىڭ ئۆيىگە باردى.

— خوش، شۇنداق قىلىپ دېگىنىڭىزغىچە يېتىپ باردىم، — دە؟ ! — دېدى سايىم توختىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، — قېنى چاي ئىچ، مانا جىگىرىڭ بار يىگىتكەنسەن، ئەل كۆرۈپسەن، يۇرت ئارىلاپسەن، «هەم زىيارەت ، هەم تىجارەت» دېگەن شۇ. مېنى دېسەڭ، شۇ يېشىمغا كېلىپ تېخى سايرامنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقماپتىمەن.

— شۇنچە يەرلەرنى ئايلاندىم سايىمكا، — دېدى توختى ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، — نېمىسىنى ئېيتىسىز، يەنە مەشەگە ئۆگىنىپ قاپتىمەن. . . سىز ئۆز قېرىندىشىمنىڭ

ئورنىدىكى ئادەم، كۆڭلۈمدىكى گەپنى سىزگە ئېيتماي كىمگە ئېيتىمەن؟ پۇلنىغۇ تاپتىم، لېكىننزە، بۇ سەرگەردانلىق تۇرمۇش جېنىمغا تەگدى. . . ئەمدى. . .

توختى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي توختاپ قالدى.

— ھە، نېمە دېمەكچىدىڭ؟ قورساقتا بار گەپنى دەۋەر. مېنىڭ ياردىمىم بىلەن پۈتىدىغان ئىش بولسا مانا مەن تۇرۇپتىمەن.

— ئەمدى مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ماڭىمۇ مەھەللە ئەتراپىدىن بىرەر جايلىق يەر كېسىپ بەرسەڭلار، پۇلىنى تۆلىسەم، تۆت تامنى سوقۇپ، ماۋۇ ئۇزۇمنىڭ ئۆيىگەن، دەپ پۈت - قولۇمنى سۇنۇپ ئولتۇرسام.

— ياخشى گەپكەن، ئەمما يېزىنىڭ يەرلىرىنى سېتىپ بېرىشكە بولمايدۇ، دېگىنە — دەپ ئويلىنىپ قالدى سايىم، — مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭنى بىلىسەنغۇ؟. . . ھە، ياراتساڭ شۇ يەردىن 5—6 پۇڭ يەر بېرەيلى. ئۇ يەرگە سۇ چىقمايدۇ، تەرگىلىمۇ بولمايدۇ، باشقىلار مۇدىمۇ قوپۇپ كەتمەس. . .

بۇ يېزىنىڭ ئۆيلىرى تولىسى دېگۈدەك ئاددىي توپا تام ئۆيلەر ئىدى. قەدىمىي دېھقانلار بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئېچىۋەرگەندەك قىلاتتى. بەزى ئۆيلەردە ھەتتا دېرىزىمۇ يوق بولۇپ، ياغاچ بىلەن شادىلانغان پەنجىرە ياكى ئۆگزىگە ئېچىلغان تۈڭلۈككىلا بولاتتى. ئىشلەمچان يېزا ئاياللىرىنىڭ سېغىز لاينى كالا پوقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، تىنىم تاپماي سۇۋاپ تۇرۇشىدىن ئۆرە بولغىنىنى دېمىسە، بۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللىبۇرۇن تۆگەشكەنمۇ بولاتتى. توختى شەھەر كۆرۈپ، يۇرت ئارىلىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئۆي سېلىش پىلانى باشقىچىرەك بولدى. ئۇ ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ياغاچ - تاش، پىششىق خىشلارنى تەييارلىدى. ئۆينىڭ



ياغاچچىلىق، تامچىلىق ئىشلىرىنى شەھەرنىڭ ئۇستىلىرىغا كۆتۈرە بەردى. شۇنداق قىلىپ، 3—4 ئايغا قالماي مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭ ئۈستىدە كېلىشكەن بىر ئىمارەت قەد كۆتۈردى. ئىشىك - دېرىزە، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى توق زەڭگەر سىرلانغان، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، كۈنگەيگە قارىغان بۇ جاينىڭ سۈلىتىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، بۇ مەھەللىدىكى سەدىر پومىچچىكنىڭ ئۆيلىرىگىلا سېلىشتۇرۇشقا بولاتتى. ئەمما، باينىڭ ئۇ ئۆيلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر ئىسكەتتىدىن كەتكەنىدى. پەقەت ئۇنىڭ قاپقاقلىرى سۇنۇپ چۈشكەن چوڭ - چوڭ دېرىزىلىرى، كۆك خىش بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئۇلى، قىيسايغان چوڭ دەرۋازىسىلا ئۆز ۋاقتىدا ئاجايىپ قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

— توختىنىڭ ئۆيى قانچە تەڭگىگە پۈتكەندۇ؟

— ئون مىڭ سوم.

— يىگىرمە مىڭ سوم.

— ئوتتۇز مىڭ سوم.

بۇنچىلىك سوملارنىڭ زادى قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى بەزى دېھقانلار تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى.

— توختەك شۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپقاندۇ؟

— سۇت سېتىپمۇ شۇنچىلىك بېيىپ كەتكىلى بولارمۇ؟

— ئوغرىلىق قىلامدۇ يە؟!

— يالغان گەپ قىلىپ گۇناھكار بولماڭلارەي خەقلەر، مال - ۋارانىمىز ئېغىلدا، تاپقان - تۈگكىنىمىز ساندۇقىمىزدا تىنچ تۇرۇپتىغۇ! . . .

— ئەمىسە، كېيىنكى سۇتچىلەر نېمىشقا ئۇنداق باي بولۇپ كېتەلمەيدۇ؟

— ئاڭلىمىدىڭمۇ، ئۇرۇمچى دەمدۇ، شاڭخەي دەمدۇ، يەنە نېمە دەيدۇ خۇدايىم . . . بارمىغان يېرى قالماپتۇدەك. دۆڭ

سودىدىلا نۇرغۇن پايدا كۆرۈپتۇدەك . . .

توختىنىڭ مۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆي سېلىشى گويا بەزىلەرگە ھاقارەتتەك بىلىندى. قېرىشقاندەك بۇ ئۆي دۆڭ ئۈستىگە چۈشكەچكە، كىملا ئۆيىدىن چىقىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، خۇددى پېشانىسىغا ئەكىلىپ ئېسىپ قويغاندەك ئېنىق كۆرۈنەتتى. . . سەدىر بايغۇ ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن. ھازىر مەھەللىدە ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىر نەچچەيلەن بار ئىدى. مۇنداق كاتتا ئۆينى ئەنە شۇلار سالغان بولسا ھېچكىم ئەجەپلەنمىگەن بولاتتى؛ قانداقلا بولمىسۇن، ئەسلى باينىڭ ئەۋلادى، ماي ئالغان قاچىنىڭ يۇقى بولىدۇ — دە! . . . لېكىن، توختى كىم؟ ئۇ بىر جىنىنى جان ئېتەلمەي كېلىپ، مۇشۇ يېزىدا توختاپ قالغان يېتىمەك! . . .

ئاياللار ئاجايىپ خەق - دە! ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىشى يەنە باشقىچىرەك ئىدى. بۇگۈنكى بۇ يېزا ئاياللىرى ئۆتمۈشنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار رادىئو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور دېگەنلەردىن بۇ ئالەمنىڭ تولىمۇ كەڭ، رەڭگارەڭلىكىنى، ئاجايىپ توق، خۇشال - خۇرام ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىشكەنىدى، ئۆز ئەرلىرىنىڭمۇ ھەرىكەت قىلىشىنى، يېڭى، گۈزەل، باياشاد دۇنيا يارىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

— توختىنى قاراڭلار، — دېيىشەتتى ئاياللار بىر - بىرىنى نوقۇپ، — تۈنۈگۈنلا مەھەللىگە يالىڭاياغ كېلىۋېدى، تىرىشىپ، بىر نېمىلەر قىلىپ بېيىپلا كەتتى.

— سالغان ئۆيلىرىچۇ؟ . . . ئۇ كۈنى مەن ئوغرىلىقچە بېرىپ قاراپ باقتىم. ساراي دېگىنە، ساراي.



— ئۇ ئۆينى قايسى تەلەيلىك خېنىم تۇتاركىن؟

— كىم بولاتتى، گۈلشەنچۇ؟! . . .

4

ئوت يالقۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ھەممە نېمىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ، ئاستا - ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى. توختى ئېسىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، نېمىلەرگىدۇر پۇتلىشىپ كېتىپ باراتتى. . . ئارقىسىدا يىراقلاپ قېلىۋاتقان ئاشۇ يېزىغا بىر چاغلاردا ئۇ مۇشۇنداق قۇرۇق قوللا كىرىپ كەلگەنىدى، ھازىرمۇ قولىنى سىلىپلا يېنىپ چىقتى. ئۇ چاغدا توختى يوقسۇل ئىدى، ئەمما قەلبىدە ئۈمىد، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش تېپىشقا ئىنتىلىش بار ئىدى. ھازىر بولسا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر ھەسرەت چۇلغىغانىدى، ئۈمىد ئۇچقۇنىنى ئۆچكەندەك قىلاتتى. ئۇ تىرىشتى - تىرماشتى، پۇل تاپتى، ئاخىرىدا نېمە بولدى!؟ . . . بايلىقنىڭ ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى.

ئۇ پات - پات توختاپ ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى، كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتقان ئۆيگە ئەمەس، قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان مەھەللىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى نىشانىغا قارايتتى. ئۇ يەردە توختىنىڭ مەشۇقى گۈلشەن قاماقلىق قالغانىدى. توختى قىزغا ئېچىناتتى، قىزدا سەللا جۈرئەت بولسا ئىدى، توختى ئۇنى ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇ گۇندىخانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان بولاتتى، خەير! . . . ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ يوللار ئۇنى نەگە ئېلىپ بارار؟ جەنۇبتىكى ئېتىزلىرى تەكلىماكانغا تۇتىشىپ كېتىدىغان يىراق يېزىلارغىمۇ ياكى ئىمارەتلىرى بۇلۇتلارغا تاقاشقان چوڭ شەھەرلەرگىمۇ؟ . . . ئۇ يەنە قايتىپ كېلەرمۇ؟!

توختى ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تەقدىر ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرغان ئوۋچىغا ئوخشايدۇ، بۇ ئوق ئۇچۇپ چىقتى، نەگە چۈشۈپ، قايسى نىشانغا تېگىشى پەقەت ئىگىسىنىڭ كۆڭلىگىلا ئايان.

5

گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسى بار ئىدى، بالىلارنىڭ دادىسى گۈلشەن ئىككى - ئۈچ ياش ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، تۇل ئانا ئۇلارنى ناھايىتىمۇ جاپادا چوڭ قىلغانىدى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە تۆت بالىسىنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، يامىقىنى ياماپ، ئاش - تامىقىنى ئېتەتتى. ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ، «ئوغۇللارنى نومۇر جىقراق تېگىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساڭ» دەپ يالۋۇراتتى. چاي - تۇز، نورما ئاشلىق ئۈچۈن كاسىر، ئىسكىلاتچىلارنىڭ ئىشىكىدە سارغىياتتى. . . ئانا ئەنە شۇنداق پالاقلاپ يۈرۈپ بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا يىقىلدى — دە، بىر - ئىككى كۈنلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆينىڭ ھەممە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى گۈلشەننىڭ بېشىغا قالدى.

گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەترەت باشلىقى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراپ، مەجبۇرىي ئىشقا ئاچىقىدىغان كۈنلەر ياخشىراق ئىدى، قانداقلا بولمىسۇن، ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ ئەمگەك نومۇرى يىغىلىپ، يىل ئاخىرىغىچە خېلى بىر نېمە بولۇپ قالاتتى. يەرلەر ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى خارابلاشتى. بۇ ئاكا - ئۇكىلار بىر - ئىككى ياشتىنلا پەرقلەنگەچكىمىكىن، بىر - بىرىنىڭ گېپىگە ئانچە كىرىپ كېتىشمەيتتى، مىجەز - خۇيىمۇ ھەر تۈرلۈك ئىدى. ئۇلار كۈزدە خەقنىڭ تاپا - تەنىسى بىلەن



ئورۇقنى يەرگە ئارانلا چۆكتۈرۈۋېلىشاتتى - دە، كېلەر يىلى تېرىم - يىغىم ۋاقتىغىچە ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ، ئۆزى بىلگەن يولدا يۈرۈشەتتى.

چوڭى ئاۋۇت نەشىگە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئانچە - مۇنچە بامدات، جۈمە نامازلىرىغا چىقىپ قوياتتى، قالغان ۋاقىتلىرى ماگىزىنىنىڭ تېمىنى يۆلەيدىغان «خوجاتام» لار بىلەن قورۇق پاراڭدا ئۆتەتتى. ئۇنى پۇل تاپتى دېگەندىمۇ، تاپقان پۇلى چېكىدىغان نەشىسىگە يەتمەيتتى.

كىچىكى داۋۇت كۆپىنچە ئۆيدە تۇرمايتتى، ئۇنىڭ نەدە ئوتلاپ، نەلەردە تونەپ يۈرگىنىنى بىلىپ بولمايتتى، ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى شۇ يەرلەردە ھاراق ئىچىپ تۈگىتىۋېتىپ، يەنە ئۆيگە قۇرۇق قوللا يېنىپ كېلەتتى. بەزى مەست كەلگەن كۈنلىرى گۈلشەنگە ھال ئېيتىپ:

— مەندىن رەنجىمە سىڭلىم، دەردىم بار، شۇڭا ئىچىمەن. . . . بىز كىمنىڭ ئەۋلادى بىلەمسەن؟ . . . مانا، سەن تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيسەن. سەدىر باينىڭ ئۇرۇق - جەمەتى بولىمىز. سەدىر باينىڭ ! چوڭلاردىن سوراپباققىنا، بوۋىمىزنىڭ تاغدا مىڭلاپ قويى، شەھەردە بىر قانچە يەردە قورۇ - جايى بولغانىكەن. . . مېنى بىكار لەلەڭلەپ يۈرىدۇ، دەمسەن، ئاۋۇ مەكتەپ قىلىۋالغان جاينىڭ دەۋاسىنى قىلىپ يۈرىمەن، جاي قولىمىزغىلا قايتسا، بېيىپ كەتكىنىمىزنى ئاندىن كۆرۈسەن. . . .

گۈلشەن مۇنداق گەپلەرنى ئۇنچىقماي تىڭشايتتى. داۋۇت شۇ گەپلىرى بىلەن سىڭلىسىنى خاتىرجەم قىلىپ قويغانداك بولۇپ، خارقىراپ ئۇخلاپ قالاتتى ۋە تاتلىق چۈشلەرنى كۆرەتتى. . . ئۇ چوڭلاردىن «سەدىر باينىڭ كۆمۈپ قويغان ئالتۇنى بار» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئەگەر ھېلىقى مەكتەپ قىلغان جاي قولغا كېلىپلا قالسا، داۋۇت بۇ ئۆيلەرنى چۇۋۇپ، ھېلىقى

ئالتۇنلارنى تاپماي قويمايتتى. . . .

ئوتتۇرانجىسى ساۋۇت كەپتەر باقاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چىيىنى ئىچىپ چىقىپ، پېشايۋاندا موخۇركىسىنى چەككەچ دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرگە قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئاندىن ئۆزۈن ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلانغان قىزىل لاتىنى پۇلاڭلىتىپ، كەپتەرلەرنى ھاۋاغا ئۈرلىتىپ پەيزى ئالاتتى. ساۋۇت ئات - هارۋا تۇتۇشقا ھېرىس ئىدى. قولى بوشاپ قالسىلا ئېتىنىڭ دۈمبىسىنى تاتلاپ، هارۋا - جابدۇقلىرىنى مايلايتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ساۋۇت قالغان ئىككى ئەر قېرىندىشىغا قارىغاندا پەرقلىكرەك ئىدى. ئانچە - مۇنچە كۆمۈر - پۈمۈر توشۇپ، كىراكەشلىك قىلىپ، ئۆينىڭ چاي - تۇزىدىن خەۋەر ئالاتتى.

مۇنداق بىر ئۆيدە قازاننى ئۆكسۈتمەي قاينىتىشنىڭ قانچىلىك مۇشكۈللۈكىنى گۈلشەنلا بىلەتتى. ئاكا - ئۇكىلار باشقا ئىشتا كېلىشەلمىسىمۇ، سىڭلىسىنى باشقۇرۇشقا كەلگەندە بىر پىكىردە ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، بويىغا يېتىپ قالغان قىزنى چىڭ تۇتۇش ئەرلەرنىڭ تالىشىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولغان مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىناتتى. گۈلشەن بولسا ياۋاش، تىرىشچان قىز ئىدى، ھەممىگە شۈكرى قىلاتتى، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۈچ ئاكىسىدىن «تاغدەك ئۈچ يۆلەنچۈكۈم بار» دەپ پەخىرلىنەتتى.

بۇ نامرات ئۆي ئاشۇ قىز بىلەن ئاۋات ئىدى. گۈلشەن ئۆي ئىچى، ھويلا - ئارامىلارنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ، ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتەتتى. پەس ئاۋازدا قانداقتۇر بىر ئاھاڭنى تەكرارلىغىنىچە، سۈپىنىڭ كىگىز ياپالمىغان يېرىدىن تارتىپ قازان بېشى، يازلىق ئۇچاقلارغىچە سېغىز لايدا سۇۋاپ ئاقارتىپ چىقاتتى. ياز كۈنلىرى قىز ھويلىغا گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى. ئۆينىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە باغچىغا كىرىپ ئوتلارنى يۇلاتتى،



ھەلگە يەتمەيدىغان ئارقا تامدىن قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتقان داللارغا، كۆپكۆك ئېتىزلارغا، دولقۇندەك بولۇپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدىرلارغا قارايتتى. بۇ بىپايان كەڭلىك، رەڭگارەڭ تەبىئەت يېزا قىزىنىڭ قەلبىنى شادلىق بىلەن تولدۇراتتى. . . .

گۈلشەننىڭ گۈزەللىكى كىنو، تېلېۋىزوردىكى چولپانلارنىڭ ياكى يېزىلىقلار شەھەرگە كىرگەندە ھەيران بولۇپ قاراپ قالىدىغان «پەرى» لەرنىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ھېچقانداق زىبۇ زىننەت، ئۇپا - ئەڭلىكلەرسىزمۇ چاقناپ تۇراتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان بىر ماكاندا ئۆسۈۋاتقان دالا گۈلىگە، يىراق بىر ئورمانزارلىقنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئايغا ئوخشىشاتتى. بۇ ئاينىڭ نۇرى ئۆزىنى توسۇپ تۇرغان يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، توختىنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياققانىدى. . . قىزمۇ تىنىمسىز بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە ئۇ: «بۇ يىگىت يېزىمىزغا قاچاندىن بېرى پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟ بەلكىم، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئۆزى ئۇنى مەن ئۈچۈن ئاسماندىن چۈشۈرگەندۇ!» دەپ ئويلاتتى. قىزنىڭ نەزەرىدە توختى يەردە ماڭمايتتى، ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. قىز ئۇنى كۆرمىسىمۇ قەدەم ئاۋازىدىن تونۇيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشىقنىڭ ئۆزىنى قاچان، قەيەردە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى غايىبانە ھېس قىلاتتى -دە، توختىنى توپتوغرا تېپىپ بارالايتتى. . . ئەمما، قىز بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى، ئاكىلىرىنىڭ توختىنى نىمشكە ياقتۇرمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپمۇ يېتەلمەيتتى.

بىر كۈنى قىز ئاكىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە پىچىرلاشقىنىنى قورقۇنچ ئىچىدە ئاڭلاپ قالدى.

— ئەمدى گۈلشەننى ئادەم تېپىلمىغاندەك ئاشۇ توختەككە بېرىمىزما؟!

— ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ، تەپتارتماي گۈلشەنگە ئېغىز ئاچقىنىنى...

— نېمىسكە يوغان سۆزلەيدۇ ھوي ئۇ؟...

— شۇنى دەيمىنا، بىز كىم، ئۇ كىم؟... بىز دېگەن سەدىر باينىڭ ئەۋلادلىرى!

— مۇشۇنىڭ بىلەن توختىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئەلچى قويۇشى. شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، دېگەن گەپ بار. توختىغا سىڭلىمىزنىڭمۇ ئازراق مەيلى بارمۇ، قانداق؟

— مۇشۇنداق گەپنى سىرتتا مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلىۋېدىم...

— شۇنداقمۇ؟... ئۇنداقتا، بۇ بۇزۇقنى ئۆيگە مەھكەم سولايلى، ئاۋۇ تۆختەكنى مەھەللىدىن سۈرۈپ چىقىرايلى.

— شۇنداق قىلايلى، بولمىسا، بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكۈدىغان بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن!

6

دۆڭدە كۆتۈرۈلگەن يالقۇن گۈلشەن سولاقلىق ئۆيگىمۇ قىپقىزىل شولا چاچقانىدى. سىرتتىن ئادەملەرنىڭ ئەنسىز ۋاڭ - چۇڭى، دۈكۈلدەپ ئۆتكەن ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىناتتى. قىز ئۆينىڭ يۇقىرىسىدىكى پەنجىرىگە ياماشتى. ئارقىدىكى ھويلىدا قوشنا ئايال راھىلەخاننىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى.

— راھىلە ھەدە، ھوي راھىلە ھەدە! — دەپ ئۈنلۈك چاقىردى گۈلشەن.

راھىلەخان چۆچۈپ توختاپ، ئاستا مېڭىپ، پەنجىرە يېنىغا يېقىنلاشتى.

— راھىلە ھەدە، نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ دۆڭدە بىر نەرسە



كۆيۈۋاتامدۇ، نېمە؟...

— ساڭا ئېيتىشقا ئاغزىم كۆيىدۇ، گۈلشەن... ئەمدى ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپسەن، توختىنىڭ يېڭى سالغان ئۆيى كۆيۈۋاتىدۇ...

— نېمە!؟

— ئاكىلىرىڭ ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئەر خەق دېگەن بەزىدە ساراڭ بولىدۇ. ئۆيگە ئاچچىقىدا توختى ئۆزى ئوت قويۇۋەتتىمۇ، ئاكىلىرىڭنىڭ قىلغان ئىشىمۇ... بەزىلەر تېخى توختى ساراڭ بولۇپ، مەھەللىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، دېيىشىدۇ. قايسىنىڭ گېپى راست، خۇدايىم ئۆزى بىلمىسە...

گۈلشەننىڭ پەنجىرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىدا جان قالمىدى. ئۇ سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

7

ھەممە نېمە كۆيۈپ تۈگىدى. خىلۋەت يېزىنىڭ توخۇلىرى يەنە بىر يېڭى تاڭدىن خەۋەر بېرىپ، بەس - بەستە چىللاشقا باشلىدى. ئەمدىلىكتە دۆڭدىن پەقەت تۈتەپ كۆيگەن ئاچچىق ئىسلا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قويلار ئېغىللىرىدا تىپىرلاپ ئارامسىزلانغىلى تۇرىدى، موزايلار ئۆز ئانىلىرىنى ئىزدەپ مۆرىشەتتى. كىشىلەر ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ، ھەر كۈندىكىدەك تىرىكچىلىكىنى باشلىۋەتتى.

ئاۋۇت ئويغىنىپ ئوياق - بويىقغا قارىدى -دە، يېنىدا يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ ياتقان داۋۇتنى ئويغاتتى.

— داۋۇت، ساۋۇت! قوپۇي، ئاۋۇ ئۆينى ئېچىۋەت.

— قايسى ئۆينى!

— ئامبار ئۆينى.

— نېمىشقا؟

— گۇلشەن چىقىپ چاي قايناتسۇن.

داۋۇت ئۇيقۇلۇق بىرىپ ئامبار ئۆينىڭ قۇلۇپىنى بىر ھازا ھەپىلىشىپ ئاران ئاچتى -دە، ئۆيگە كىرىپ، بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۆيدە گۇلشەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ھوي، ھوي، قوپۇڭلارچۇ، گۇلشەن يوق!

— نىمە دەيدىغانسەن؟ !

ئاكا - ئۇكىلار ئامبار ئۆيگە يۈگۈرۈشۈپ كىرىشتى. يىللاردىن بىرى ئامبارنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرىدىغان يوغان ئۇن ساندۇقى پەنجىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغانىدى ( بۇ ساندۇقنى قىزنىڭ قانداق يۆتكىيەلىگىنىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى ) . ياغاچلىرى سۇنغان پەنجىرىدىن تاڭنىڭ غۇۋا يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى.

— قېچىپتۇ!

— نەدىن قاچىدۇ؟

— كۆرمىدىڭمۇ؟ . . . پەنجىرىدىن قېچىپ چىكىتىپتۇ. شۇ چاغدا ئاۋۇت ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى قەغەزنى كۆردى.

— ماۋۇ نىمە خەت؟

— ئوقۇغۇنا.

— مە، سەن ئوقى.

داۋۇت قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، يورۇققا تۇتۇپ دۇدۇقلاپ ئوقۇدى:

«مەن كەتتىم. . . سىلەرمىنى كەچۈرمەيسىلەر. . . مەنمۇ سىلەرنىڭ توختىنى ئۇرۇپ، مەھەللىدىن قوغلىغىنىڭلارنى كەچۈرمەيمەن . . . يېقىندىن بېرى. . . ئاپام رەھمەتلىك تولا چۈشۈمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى. . . ماڭا شۇ يەر تىنچراق ئوخشايدۇ. . . ئاپامنىڭ قېشىغا كەتتىم. . . »

— نىمە دەيدۇي ماۋۇ! — دېدى ئاۋۇت ھېچنېمە چۈشەنمەي.



— ئەكەلگىنە! — دەپ داۋۇتنىڭ قولىدىن خەتنى شارتتىدە تارتىۋالدى ساۋۇت.

— ھە، سەن بىر ئوبدانراق ئوقۇغىنا!

ساۋۇت قايتۇرۇپ ئوقۇدى.

— قەيەردىكى ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېتىدۇ، ئاپىمىز ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى ئاۋۇت.

— ھە، شۇ مەنمۇ ئۆلۈۋاتىمەن، دېگەن سۆز!

ھەممىسى بىر بىرىگە قارىشىپ داڭ قېتىپلا قالدى.

— يۈگۈر! — دېدى ئاۋۇت داۋۇتقا.

— نەگە يۈگۈرەيمەن ؟ !

راست ئۇ نەگە يۈگۈرەيدۇ؟ گۇلشەن نەگە بارىدۇ. ئۆزىنى ئېسىۋالامدۇ، دەرياغا تاشلامدۇ، بوغۇزلامدۇ؟ بۇنى كىم بىلىدۇ.

شۇ تاپتا، ئۆلۈۋېلىشىنىڭ خىلمۇ خىل تۇرلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتقان ئاكا - ئۇكىلارنى قاتتىق دەھشەت باستى. . . .

لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بۇ پاك گەۋدىنى ئۆزىنىڭ لاتقىلىرى بىلەن يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشىنى راۋا كۆرمىگەندەك، يېقىنلا بىر يەردىكى جىغانلىق ئارالغا چىقىرىپ قويدى. قىز ئوڭدا بولۇپ قالغانىدى، دەريا دولقۇنلىرى ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تاراپ، يېنىك داۋالغۇتاتتى. سۇ قۇشلىرى ئۇنىڭ جامالىنى تاماشا قىلماقچى بولغاندەك شۇ ئەتراپنى ئەگىپ ئۇچۇشاتتى. سەھەردە ئويغانغان بىر بېلىقچى يىراق قىرغاقتا ئۆزىنىڭ تورلىرىنى يىغماقتا ئىدى. . .

جەسەتنى بىرىنچى بولۇپ سەلىم بوۋاي كۆردى. بوۋاي قىزنى سۇدىن سۇزۇپ ئېلىپ، پۇت قولىنى تۇزلەپ قىرغاققا ياتقۇزدى — دە، يۈزىنى چاپىنى بىلەن يېپىپ قويۇپ،

مەھەللىگە قاراپ يۈگۈردى.

يولدا ئۇنىڭغا ساۋۇت ئۇچراپ، يىراقتىنلا ۋارقىردى.

— ھوي سەلىمكا! مۇشۇ تەرەپلەردە بىزنىڭ گۈلشەننى كۆرگەندەك بولدۇڭمۇ؟

بۇۋاي دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ ھاسىراپ كەتكەن ئىدى. ئاڭغىچە ساۋۇتمۇ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەنىدى.

— كۆردۈم.

— قەيەردە؟ . . . تىرىكمۇ؟ !

— خۇدا ئامانىتىنى ئاپتۇ، ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن.

8

جامائەت قىزنىڭ جىنازىسىنى نامازدىگەردىن كېيىن ئېلىپ چىقىشتى. مەھەللىنىڭ قەبرىستانلىقى توختى ئۆي سالغان دۆڭنىڭمۇ ئۈستىدىرەك بىر ئوچۇقچىلىقتا ئىدى. شۇۋاق بېسىپ كەتكەن سانسىز قەبرىلەر ئارىسىدا يەنە يېڭى بىر قەبرە پەيدا بولدى. بېلىگە يوغان ئاق باغلاشقان ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئۈنچىقماي يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئاۋۇتنىڭ كاللىسىدا «ھەي — ي ، ماۋۇ ھاماقەت قىزنىڭ قىلغان ئىشىنى قاراڭلار! . . . ئەمدى كىرىمىزنى كىم يۇيۇپ، ئاش تامىقىمىزنى كىم ئېتىپ بېرەر؟» دېگەن ئەندىشە كېزەتتى. داۋۇت ئۆز ئۆزىگە: «ئەخمەق! بىزنىڭ جاپالىرىمىزدىن بۇرۇنراق قۇتۇلماق بولۇپ مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭ— ھە؟ . . . بوۋام كۆمگەن ئالتۇنلارنى تاپقاندا ئىش باشقىچە بولاتتى ئەمەسمۇ. . . . » دەپ پىچىرلايتتى. ساۋۇتنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر تاتلاپ ئازابلىغاندەك قىلاتتى. كاشكى ئۇ سىڭلىسىغا ئاشۇ كەپتەرلىرىگە قارىغانچىلىك كۆيۈنگەن بولسا، ئۇنىڭ بېشىنى ھارۋىغا قاتىدىغان ئېتىنىڭ دۈمبىسىنى سىيلىغانچىلىك مېھرى بىلەن سىيلىغان بولسا؟ . . .



ساۋۇت شۇلارنى ئويلىغاندا كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈپ، مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى.

ئەتىسى سەھەردە قەبرىستانلىقتا بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ئاستا - ئاستا مېڭىپ، يېڭى قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى. مەھەللىدىكىلەر يىراقتىن بۇ كىشىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرمىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلدى.

توختى ئايەت ئوقۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا گۈلشەننىڭ بىر جۈپ كۆزى پەيدا بولغاندەك بولدى. بۇ كۆز بىلەن قىز ئۇنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت تۇتاشتۇرغانىدى، بۇ كۆز ئۇنىڭغا نۇرغۇن سىرلارنى بايان قىلغانىدى، بۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا توختىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان نۇرغۇن ناخشىلارنى ئېيتقانىدى. . . توختى دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن يىراقتا كۆكۈش بولۇپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان دەريا ساھىلىنى كۆردى. ئۇ يەردە سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان بىر كېچىك بار ئىدى، توختى بىر يىللىرى گۈلشەننى ھاپاش قىلىپ ئاشۇ كېچىكتىن بىر قانچە قېتىم ئۆتكۈزگەن، ئۇلار ئۇ قاتتىكى ئارالدا زىرىقلارنى تېرىشكەنىدى. كېيىن، گۈلشەن ئۆيدىن نېرى بارالمايدىغان بولۇپ قالغاندا، توختى ئۆزى يالغۇزمۇ ئۇ يەرگە بىر نەچچە رەت بارغان، زىرىقلىق ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقچىلىقتا گۈلشەننى سېغىنىپ، ئاسمانغا قاراپ يېتىپ خىياللار سۈرگەن، نېمىشقىدۇر ھېلىقى كېچىكتىن قايتا - قايتا كېچىپ ئۆتكەنىدى. . . بۇ كېچىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بارغاندا سۇ يىغىلىپ ئېقىپ، خەتەرلىك قايناملارنى ھاسىل قىلاتتى. قىز تۈنۈگۈن كېچە ئۇ يەرگە توختىنى ئىزدەپ بارغانمىدۇ ياكى ھايات بىلەن ئاشۇ خاتىرلىك

جايدا ۋىدالىشىشنى خالىغانمىدۇ؟ ! . . . .

توختى يۈزىنى سىيپاپ، قوللىرىنى چۈشۈردى ـ دە، بىردىنلا ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. « نېمىشقا مەن تۈنۈگۈن كېچە شۇ يەرگە بارمىدىم؟ . . . . نېمىشقا ئىشىكلەرنى چېقىپ تاشلاپ، بۇ قىزنى ئېلىپ كەتمىدىم؟ مېنىڭ ئېتىممۇ ئەرمۇ؟ . . . گۈلشەن! گۈلشەن! مۇلايىم، ئاجىز گۈلشەن! . . . » ئۇ نەمخۇش تۇپراقنى قۇچاقلايتتى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش توپىغا سىڭىپ، يۈز ـ كۆزىگە سۇگۇشۇپ لايغا ئايلانماقتا ئىدى. . .

بىر چاغدا ئۇ ئۆرۈلۈپ مەھەللە تەرەپكە قارىدى. ئالدى تەرەپتە ئۇ ئۆي سالغان دۆڭ چوقچىيىپ تۇراتتى. توختى تۆۋەنلەپ چۈشۈپ ھويلىسىغا كىردى. كۆز ئالدىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئىمارەتنىڭ قارايغان تاملىرى تۇراتتى. توختى دەرۋازىنىڭ قېشىدىكى كۆمۈر قويۇش ئۈچۈن سېلىنغان پاكار ئۆيگە بۇرۇلدى. بۇ يەردە تامچىلار ئىشلەتكەن لاي چېلەكلىرى، ئارغامچا، ئەپكەش، ياغاچ پۈزەكلىرى دېگەندەك نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئارقا بۇلۇڭىغا باردى ـ دە، تۇرۇسقا قولىنى سۇنۇپ، يوغان داستىخانغا پۇختا يۆگەپ ئېسىپ قويغان دۇتارنى ئاۋايلاپ يېشىۋالدى، توختى بۇ ئۆيلەردىن ۋاز كەچكەن چاغدا ھېچنىمە كۆزىگە كۆرۈنمىگەن، ئەمما مەرۇپ بوۋاينىڭ مۇشۇ كونا دۇتارىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە چىدىماي، دۇتارنى بۇ ئۆيگە ئاچىقىپ قويۇپ كەتكەنىدى. رەھمەتلىك بوۋاي جان ئۈزۈشتىن بىر نەچچە سائەت ئىلگىرىمۇ قولىغا بۇ دۇتارنى ئېلىپ، توختىغا ئاجىز ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېيتقىنى«خانلەيلۇن» مۇ، «لەيلۇن» بولغىدىمۇ؟ ! . . .

شۇ تاپتا توختى بولغان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چۈشكە



ئايلىنىپ قېلىشىنى، ھېلىقى ماخۇدا مەرۇپ بوۋاينىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالىدىغان كۈنلەرگە قايتىپ، ھەممە ئىشنى باشقىدىن باشلاشنى خالايتتى. لېكىن، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. ئۇ دۇتارنى قولتۇقىغا مەھكەم قىسىپ، مەھەللىدىن يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇرۇلۇپ قارىغاندا، تۆۋەندە يېيىلىپ ياتقان مەھەللە ئۇنىڭ كۆزىگە مۇشۇ بىر كېچىدىلا ئۆزىدىكى ھەممە گۈزەللىكلەرنى يوقىتىپ، قېرىپ، مۈكچىيىپ كەتكەندەكلا كۆرۈندى. . .

# هاراق توغرىسىدا ھېكايە

هاراقكەشلىكىمنىغۇ بىلىسىلەر، هاراقنى تاشلىۋەتكەنلىكىمدىن تېخى خەۋىرىڭلار يوقتۇ؟ هاراق تاشلىغىنىمغا خۇدا بۇيرىسا بۈگۈن تولۇق بىر كۈن بولدى. مۇنداق چوڭ ئىشنى سىلەر تۇرماق، تېخى مەھەللىدىكىلەرمۇ ئاڭلىغۇدەك بولمىدى. ئاڭلىسىمۇ ئىشەنمەيدۇ دەڭلا، ئاخشاملا مەھەللىنىڭ كوچىلىرىدىن تارازىسى تەڭشەلمىگەن لەگلەكتەك يەڭدەپ دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمنى بۈگۈن هاراق تاشلاپتۇ، دېسە، ھەر قانداق ئادەم ئىشەنمەيدۇ - دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلگىرى ئىككى قېتىم هاراق تاشلايمەن، دەپ گېپىم گەپ بولماي قالغان يېرىمۇ بار. بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كەلسەم، ھېكايىنى ناھايىتى يىراقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بىزنىڭ يېزىنى كۆرۈۋېدىڭلارمىكىن، ئەمما، مەھەللە بالىسى مۇنداق چىرايلىق كەلمەيدۇ -دە! كۈنگەي يانتۇلۇققا جايلاشقان بۇ مەھەللىنىڭ ئۈستى بېنەم، ئاستى سۇلۇق يەر. بۇغداي مايسىلىرى تاختا بولۇپ يەلپۈنۈشكە باشلىغان چاغلاردا تۆپىلىكتە تۇرۇپ قارىسىڭىز، بۇ مەھەللە دولقۇنلاپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بىر ئارالغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. بۇ ئارالغا ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت، شاپتۇل دېمىسىز، ئىشقىلىپ، دۇنيادا بار مېۋىنىڭ ھەر قاندىقىنى ئەكىلىپ تىكسىڭىز، شاخلاپ مېۋە بېرىۋېرىدۇ... باھار كېلىشى بىلەن ھويلا - ئاراملاردىكى مېۋىلەر چېچەكلەپ،



رەڭمۇرەڭ گۈللەر قۇياشقا قاراپ چىراي ئېچىپ، ھەشقىپىچەك، جاڭدۇ گۈللەر تەرمىلەرگە يامىشىپ قىڭغىر - قىيسىق دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ھەممە ئەيىبلىرىنى يېپىپ كېتىدۇ. يىراقلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان تاغ سۇلىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ، تېخى ئىنسانغا سىرى مەلۇم بولمىغان، پەقەت ئاشۇ سۇغا چېلىشىپ تۇرغان چىمەنلەرلا چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن ئۆز قوشاقلىرىنى ئېيتىشقا باشلايدۇ؛ بۇلبۇل، تورغاي، قارىغۇجا ۋە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان قۇشلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ بۇ نەغمىنى تېخىمۇ قىزىتىۋېتىدۇ.

يېزىمىزنىڭ شۇنداق گۈزەللىكىدىنمۇ، قانداق، بىلمىدىم، بۇ يەردىن سازەندە بىلەن ناخشىچىلار كۆپ چىقىدۇ. ئەمما، هاراق ئىچىدىغانلارنىڭمۇ سانى ئاز ئەمەس. ئىچسە نېمە بوپتۇ؟! مەن شۇنداق قارايمەن. ھۆكۈمەتنىڭ قايسى قانۇنىغا «هاراق ئىچمەڭلار» دەپ يېزىلىپتۇ، دېيىسلەر؟... تەبىئەتنىڭ قىش - زېمىستانى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كېلىدىغان باھار - يازلىرى بار، ئادەمنىڭ پۇغانى ئۆرلەپ قالىدىغان، خۇشال بولىدىغان چاغلىرى بار. ئىنساننىڭ ئۆز ئۆمرىدە بىرەر رومكا ئاچچىق شارابنى يۇتۇشتىن خالىي بولمىقى ئاسانمۇ!؟

ئۆزۈمنىڭ قاچاندىن باشلاپ هاراق ئىچكەنلىكىمنى ئېيتىدىغان بولسام، بۇمۇ بىر قىزىق گەپ. بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، مەھەللىمىزدە داۋۇت هارۋىكەش دەپ بىر ئادەم بولىدىغان، ناخشىنىمۇ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ توۋلايتتى، هاراقنىمۇ بولۇشىغا ئىچەتتى. ئۆزى ئات بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەچكىمىكىن، ساق ۋاقتىدا ئۇچراپ قالسىڭىز «مانا، سىلەر بىلمەيسىلەر، بىر يىللىرى قولۇمدا بىر تۇرۇق ئات بولىدىغان...» دەپ ئاتنىڭلا گېپىنى قىلاتتى. بىر كۈنى

داۋۇتكام:

ۋادەرىيخا" دەردى بىلەن
مەن ئادا بولدۇم نىتەي . . .

دەپ، «ۋادەرىيخا» غا ۋارقىراپ كوچىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى. ناخشىغا ھەۋەسىم كېلىپ يۈگۈرۈپ چىقمايمەنمۇ، قارىسام داۋۇتكام غىق مەست، تازا ئۆزىنى توختىتىپ دەسسەپ، دەرۋازىمىزنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىكەن. مېنى كۆرۈپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا توختاپ:

— ھاشىرمۇ سەن؟ — دېدى.

— ھە، ئەسسالامۇئەلەيكۇم داۋۇتكا، بۈگۈن پەيزى قىپسىز — دە، — دېدىم

— داداڭ رەھمەتلىك لېۋىركام ئالامەت ئادەمتى — دە! — دېدى ئۇ تۇۋۇى بوشاپ كەتكەن تېرەكتەك ئېغاڭلاپ تۇرۇپ، — ماڭا بىر يىلى بىر جىرەن ئايغىرنى ئىگەر - توقۇمى بىلەن مىنگۈزۈپلا قويغان، كېيىن بىر ياماقمۇ ئالمىغان. قالتىس مەرد ئادەمتى، ئەمما ھاراقنىمۇ سۇدەك ئىچەتتى. . . سەنچۇ، ئىچمەيدىغانسەن؟

— خۇداغا شۈكرى، ھازىرغىچە ئاغزىمغا ئېلىپ باقمىدىم داۋۇتكا.

— ھەي، دۇنيانىڭ بىرلەززىتىدىن مەھرۇمكەنسەن — دە! قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون سەككىز - ئون توققۇزلارغا كىرىپ قالغاندىمەن داۋۇتكا، ھەر قايسىڭلارنىڭ ئالدىدا چوڭ بولدۇمغۇ. . .

— شۇنداق بولماي، سەن تېخى بالا — دە! مانا ئاۋۇ تۈگمەندىكى سايىتكامنى ئالساڭ، دەسلەپتە ھاراق ئىچكەن چاغلىرىدا بويى قاۋاقنىڭ پوكىيىگە ئارانلا يېتەتتىكەن. ئۆمرى ئىچىپلا ئۆتۈپ كەتتى رەھمەتلىكنىڭ، مەنمىغۇ بۇ ھاراقنى



ئوتتۇزدىن ئۆتكەندە ئاندىن ئاغزىمغا ئالغان. ھازىر ئويلىسام، ئوتتۇز يىل ھاراق ئىچمەي ئۆتكەن شۇ ئۆمرۈمگە ناھايىتى ئېچىنىمەن، دېگىنە! . . .

داۋۇتكام شۇ گەپەرنى قىلدى — دە:

دۇررى گۆھەرنى يىتتۇردۇم
تاپمىدىم ئەمدى نىتەي. . .

دەپ، «ۋادەرىيخا» سىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. «ۋاھ، ھاراق دېگەن شۇنداق ئېسىل نېمىمىكىنا؟ توغرا، توكۇرلارنى ئۇسسۇلغا سېلىپ، كېكەچلەرنى ناخشا ئېيتقۇزۇۋېتىدىغان بۇ سۇيۇقلۇقتا بىر سىر بولسا كېرەك. . . » دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رەھمەتلىك دادامنىڭمۇ ھاراقنى سۇدەك ئىچىدىغانلىقىنى زادى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن.

باھارمۇ، يازمۇ، شەنبىمۇ، يەكشەنبىمۇ، ئېسىمدە يوق. ئىشقىلىپ، يېشىللىققا چۆمگەن كائىناتنىڭ ئۈستىدە قۇياش خۇش خۇي پارلاپ تۇرغان ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يېزىنىڭ چوڭ بېغىدا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتقانلار بىلەن ئۇلپەت بولۇپ قالدىم. سورۇندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېشى مەندىن چوڭ كىشىلەر ئىدى، مەن دېھقانچىلىق بىلەن ... ئەمەلدار ئىدى.

ئىككى سازەندە دۇتار - تەمبۇرنى تەڭكەش قىلىپ ناخشىغا تەككەندى، ھاراقنى داۋۇت ھارۋىكەش قۇيۇۋاتاتتى. نېرىراقتا قولىرىغا چىۋىق تۇتقان ئىككى بالا ئالما دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرغىنىچە تاماشا كۆرمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا يوغان بىر ئالا سىيىر ئىشتىھا بىلەن ئوتلاۋاتاتتى. ساز توختىشى بىلەن داۋۇتكام ھاراق قۇيۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماڭا بىر رومكا ھاراق سۇندى.

— ھاشىر ئىچمەيدىغۇ دەيمەن، — دېدى ھېلىقى مەن

دىمەتلىكلەردىن بىرى.

— ئەسلىدىغۇ ئىچمەيتتىم، داۋۇتكامنىڭ قولىنى قايتۇرماي، — دەپ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ رومكىنى ئالدىم ـ دە، قىينى كەلمەمسىلەر، — دەپ قويۇپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتىم.

نېمە بولغىنىنى بىلمەي قالدىم، ئېغىزىمدىن كىرگەن بىر يالقۇن ئۇچەي ـ باغرىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ياﺋاللا! ، چىرايىم بىر قىسما بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئالمىغا يۆلىنىپ تۇرغان ھېلىقى ئىككى بالىنىڭ ماڭا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. سورۇندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ «ئوغۇل بالا» دېيىشتى.

بىر قۇر ھاراق ئىچىلگەندىن كېيىن يەنە ساز باشلاندى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان بالىلارنىڭ چوڭراقىنى شەرەتلەپ چاقىرىپ، قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ يېزا ماگىزىنىغا ھاراققا يۈگۈرتتۈم. ئىككىنچى ئايلىنىشتا كەلگەن بىر رومكا ھاراقنىمۇ بايقىدەك ئازابتا يۇتتۇم ـ دە «ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈم» دەپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قويدۇم. بىر نەچچەيلەن:

— ھوي، بۇ قانداق گەپ! — دېيىشتى. داۋۇتكام:

— قائىدە بىلىدۇ، ئاتا بالىسى — دە! — دەپ ماختاپ قويدى.

ئارقىدىنلا بىر ـ ئىككىسىنىڭ «خوش كەتتى» سى كەلدى. «بولغۇلۇق بولدى» دەپ ئۇنىمۇ ئىچتىم. شۇنىڭ بىلەنلا جايلاشتىم. كۆڭلۈم ئاينىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشقىلى تۇردى. ئىچىمدە «ھاراق دېگەننىڭ ئانىسىغا مىڭ . . .» دېدىم — دە، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىزىپ، قولىقىنى تۇتۇپ ناخشىغا قوشۇلغىنى تۇرغاندا، ئاستالا تويتىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتىم.

باغدىن چىقىپ نېمىشقىدۇر يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپتىمەن. مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۆپىلىككە چىققاندا، ھاراقنىڭ



ئازابى ئۇنتۇلۇپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. بۇ يەردىن مەھەللە تەرەپكە قارىغاندا قاراڭغۇلۇشۇپ تۇرغان باغلار، يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلار، قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ كەتكەن ئۆستەڭلەر ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى. «ياﺋاللا، يېزىمىزنىڭ شۇنچىۋالا گۈزەللىكىنى بۇرۇن ئەجەبمۇ بىلمەپتىكەنمەن» دەپ قالدىم. نېرىراقتا بىر جۈپ تورغاي تىككىدە ئۇخچۇپ چىقىپ، تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. «خۇدا ئىنسانلارغىمۇ شۇنداق بىر جۈپ قانات بەرسە، كىشى ئاشۇ غۇۋالىشىپ تۇرغان ئۇپۇقلارغىچە ئۇچۇپ بېرىپ باقسا، دۇنيانىڭ ئۇ تەرەپلىرىدە نېمە قىزىقچىلىقلار باركىن!؟ . . .» دېگەن ئارزۇ كۆڭلۈمدىن كەچتى. ئۆتكۈر پۇراق چېچىپ تۇرغان يۇمشاق شىۋاق ئوت ئۈستىدە بېشىمنى ئالقىنىمغا قويۇپ سوزۇلۇپ يېتىپ، كۆپكۆك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارغا قارىغىنىمچە خىيالغا كەتتىم. كۆز ئالدىمغا مەكتەپتە ئوقىغان چاغلىرىمدا قوغلىشىپ ئوينىغان قىزلار بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. . . بىر چاغدا ئېسىمگە كەلسەم، ئاۋازىمنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتقىلى تۇرۇپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ: «بۈگۈن مەن نېمە بولدۇم؟ — دېدىم — دە، — ھە، ھېلىقى داۋۇتكام دېگەن دۇنيانىڭ لەززىتى مۇشۇكەن — دە،» دەپ چۈشەندىم .

× × ×

پالاكەتنىڭ بېشى ئەنە شۇنداق باشلاندى. شۇندىن باشلاپ مانا بۈگۈنگىچە توپتوغرا ئون يىل ئىچىپتىمەن. قانچە قېتىم مۇشتلىشىپ قاپاقلىرىمنى يارغىنىمنى، قانچە قېتىم ئۆينى تېپىپ كېلەلمەي تالادا تۈنىگەنلىرىمنى ئېيتمايلا قوياي،

بولغۇلۇق شۇ بىچارە ئاپامغىلا بولدى. دۇنيالىقتا ئانا ـ بالا بىر ئۆيدە ياشايتتۇق، بېقىپ چوڭ قىلغاننى ئاز دەپ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىرى «بالام ساق كېلەرمۇ، مەستمۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە ئۆتەتتى.

بايا سىلەرگە بۇرۇنمۇ ئىككى قېتىم هاراق تاشلاپ ۋەدەمدە تۇرالمىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. بىرىنچى قېتىمقىسى ئۆمرۈمدە تۇنجى نۆۋەت يېڭى شىبلىت كىيگەن چېغىمدا بولغان ئىش ئىدى. ئەجەبمۇ شىبلىتتى ـ دە! كالا خورۇم، چوتكىنى ئۇرۇپلا قويسا ئەينەكتەك پارقىراپ كېتىدىغان ئاياغ ئىدى. ئۇ يىللاردا دېھقانىنىڭ مۇنداق ئاياغ كىيىشكى ئوڭايمۇ دەيسىلەر. ئاپام بىچارە «بالام ، ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، دوست باشقا قارايدۇ، دۈشمەن ئاياغقا، چىرايلىقىنە كىيىپ يۈر» دەپ، تۇخۇم سېتىپ يىغقان پۇللىرىنى قېتىش ـ قۇراش قىلىپ ئېلىپ بەرگەنىدى.

تازا قۇربان هېيت كۈنى ئىدى. يېڭى شىبلىتىمنى غاچىلدىتىپ كىيىپ، قوشنىمىزنىڭ ۋېلسىپىتىنى سوراپ مىنىپ، ئاغىنىلەر بىلەن شەهەرگە هېيت ئوينىغىلى كىردىم. شۇ قېتىمقى هېيتنىڭ قىزىغىنىنى دېمەمسىلەر، هاۋامۇ تازا ئوبدان كۈن بولغانىدى. قارىساق، شەهەرنىڭ ناغرىخانىلىرىدا ناغرا دېگەن قايناپ كېتىپتۇ، ئالا يېشىل كىيىنگەن قىز ـ چوكانلار شەهەر كوچىلىرىغا پاتماي قاپتۇ. شەهەرلىكلەرنىڭ ئاشلىق تېرىماي، يەنە شۇنداق قورسىقى توق ياشايدىغانلىقىغا زادى ئەقلىم يەتمەيدۇ. . . هەي، هاراقكەشلىك دېگەن شۇ — دە، شۇنچە تاماشا تالادا تۇرسا، ئازراقتىن ئىچىپ قىزىۋالايلى، دەپ ئۇدۇل بېرىپ بىر ئاشخانىغا چۆكۈپتۇق. قىزىغانسېرى «ماۋۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ماۋۇ پالانچىنىڭ كۆڭلى» دەپ، ئاغىنىلەر بىر ـ بىرلەپ قوپۇپ يەنە هاراق ئەكەلگىنى تۇردى. شۇنداق قىلىپ، سەككىز ئادەم ئون بوتۇلكىنى ئوڭدا قىپتۇق،



كېيىن ئەمەت نەدە قالدى، سەمەت نەدە قالدى، بىلمىدىم، بىر چاغدا ئېسىمگە كەلسەم، ۋېلسىپىتىمنى يېتىلەپ شەهەرنىڭ چېتىگە چىقىپ قاپتىمەن. قارىغاندا خېلىدىن بېرى مۇشۇ پەددە مېڭىپ يۈرگەن ئوخشايمەن، قاتتىق شىبلىت ئايىغىمنىڭ نەرىنىدۇ قىستاپ ئاغرىتقىلى تۇرۇپتۇ. پۇت ـ قولۇمدا جان يوق، يېنىم يەر تارتىپلا تۇرىدۇ. چوڭ يولدىن ئايرىلىپ، يوغان بىر توپ پور سۆگەت سايە تاشلاپ تۇرغان سۇ بويىغا باردىم ـ دە، ۋېلسىپىتنى يېنىمغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، گۈپلا چۈشتۇم. . .

سۆگەتنىڭ سايىسىدا يېتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. تۇۋا! چوڭلارنىڭ «خەق نېمە دېمەيدۇ، چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ» دېگىنى راست گەپكەن، چۈشۈمدە ئۇخلاۋاتقۇدەكمەن، بىرى هەدەپ مېنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋاتقۇدەك. كۆزۈمنى ئاچسام يېنىمدا بىر ساهىبجامال قىز ئولتۇرۇپتۇ. شامالدا ئۇنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى يېپەكتەك يۇمشاق تەۋرىنىپ تۇرغۇدەك. ئۇ: « هاشىرجان، تۇرۇڭ، تۇرۇڭ، ئۇخلاۋېرەمسىز، قايتمايمىزمۇ؟» دەۋاتقۇدەك. مەن بۇ قىز بىلەن ئۇزۇندىن بېرى تونۇشكەنمەن، دېگۈدەكمەن. ساهىبجامالغا پۇتۇمدىكى يېڭى شىبلىتىمنى كۆرسەتكۈم كېلىپ كەتتىمۇ، «قاراڭا، مۇنۇ يارامسىز ئاياغنىڭ پۇتۇمنى قىستاپ ئارامىمنى قويمايۋاتقىنىنى» دەپتىمەن. قىز: «يېڭى ئاياغكەن ئەمەسمۇ، كېيىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ» دەپتۇدەك. نېمىشقىدۇ ئاياغنى يېشىپ قىزغا تەڭلەپ: «سىز بۇ شىبلىتىمنى ئېلىپ ئالدىمدا مېڭىپ تۇرۇڭ، مەن ۋېلسىپىت بىلەن ئارقىڭىزدىن يېتىمەن» دەپتىمەن، ساهىبجامال كۆزدىن غايىب بوپتۇ. يەنە بىر تۇرۇپ بۇقىزنى مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ بىرىكەن، دېگۈدەكمەن، ئىككىمىز مەكتەپنىڭ مەيدانىدا قوغلىشىپ يۈرگۈدەكمىز. . .

شۇنداق قىلىپ، قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن،

بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، مەستلىكىم يېشىلىپ يېپيېڭىكلا بوپ قاپتىمەن، كۈنمۇ ئولتۇراي دەپ قاپتۇ. شۇنداق قارىسام، پۇتۇمدىكى شىبلىت يوق. چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ۋېلسىپىت يېنىمدا شۇ پېتىچە يېتىپتۇ، باشقا كىيىم-كېچەكلىرىممۇ جايىدا، يانچۇقۇمدىكى ھاراقتىن ئاشقان پارچە-پۇرات پۇللىرىممۇ تۇرۇپتۇ، نېرىدىكى چوڭ يولدا ھېيت ئويناپ قايتقان دېھقانلار ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېتىشىۋېتىپتۇ. «پاھ، پەقەت پۇتۇمدىكى شىبلىتقىلا كەلگەن ئەجەپ ئوغرىكەنا بۇ؟ چوقۇم ھېلىقى مەست ئاغىنىلەرنىڭ قىلغان ئىشى...» دېدىم — دە، ۋېلسىپىتكە پايپاق بىلەنلا شاققىدە مىنىپ، مەھەللىگە قاراپ ئۇچقاندەك كەتتىم. ئىتتىك ماڭغانلىقىمدىن پۇتۇمدىكى قارا پايپاق باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئاياغ كىيىمدەك كۆرۈنۈپ كەتتىمۇ، بىلمىدىم. يولدىكىلەرمۇ ماڭا ئانچە ئەجەبلىنىپ قاراپ كەتكۈدەك بولمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە مەھەللىگە يېتىپ چىقتىم.

ئەتىسى پاشنىسى مايماق كەتكەن كونا باجىڭگىرىمنى سۆرەپ، شەھەرگە ئويۇنغىلى كىرگەن ئۇلپەتلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىر-بىرلەپ بېرىپ، شىبلىتىمنى سۈرۈشتۈرۈپ ھېچكىمدىن دېرىكىنى ئالالمىدىم. ئاغىنىلەرنىڭ بىر ئىككىسى تېخى شەھەردىن يېتىپ چىقالماپتۇ. ماڭا ئوخشاش چاپان-چارىلىرىنى نەگە قويغىنىنى بىلمەيدىغانلاردىنمۇ بىر-ئىككىسى بار ئىكەن. ھېلىقى شىبلىت شۇ يوتكەنچە يوتكەن بولدى. مانا شۇ چاغدا بىرىنچى قېتىم: «ئاغىنىلەر، مۇندىن كېيىن مېنى ھاراققا زورلىغۇچى بولماڭلار. ھاراق دېگەننى ئىككىنچى ئاغزىمغا ئالىدىغان بولسام...» دەپ قەسەم ئىچىۋەتكەنىدىم. نەدىكىنى، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتمەيلا بىر ئولتۇرۇشتا ساز تىڭشاپ ئولتۇرۇپ ئېسىمدە يوق ساقىغا: «ھارىقىڭدىن ماڭىمۇ بىر رومكا قۇيە،» دەپ يەنە ئىچىپ ساپتىمەن



× × ×

ئىككىنچى قېتىم ھاراق تاشلىشىمغا سەۋەب بولغان ئىشنى ئېيتسام، بۇمۇ بىر قىزىق ۋەقە. بىر يىلى يېزىمىزنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى قارىياغاچلىقتا چوڭ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلدى. قەدىمكى يوغان دەرەخلەر كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرىنى توسۇپ تۇرىدىغان بۇ قارىياغاچلىقنىڭ ئاستى ياپيېشىل چۆپلۈك ئىدى. كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئوچۇقچىلىقلاردا بولسا، ئاچكۆك چىغىتماق گۈللەر، ساپسېرىق مامكاپلار ئېچىلىپ كېتەتتى. قارىياغاچلىقنىڭ يېنىدىكى سايدا تاغدىن كەلگەن ئۇلۇغ سۇ يېيىلىپ ئاقاتتى. ساي تەرەپتىن ئۇرغان غۇر-غۇر شامال سۇنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، بوغۇق گۈركىرەپ ئاققان ئاۋازىنى ئېلىپ كېلەتتى...

مۇشۇنداق كۆركەم، خىلۋەت جايغا يىغىلغان بۈگۈنكى سازەندىلەرنىڭ سەرخىللىقىنى دېمەمسىز! ھاراق-شاراب ئىچىلىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ كەيپى تازا كۆتۈرۈلگەندە، «خەپشۇك، ھەي خەپشۇك» دەپ دىققەتكە چاقىرغان ئاۋاز چىقتى. ئارقىدىنلا تەمبۇرچى تەمبۇرنى لەرزان چېكىپ، مۇقامنى باشلىۋەتتى:

ئۆلۈمدىن بىخەۋەر بولما، بولۇر ناگاھ ساڭا پەيدا،
ياقاڭدىن ئالسا قويماس، ئەيلىسەڭ يۈز ئاھۇ ۋا ۋەيلا.
ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا شاھۇ-گاداي بارچە باراۋەردۇر،
ئۇ شۇنداق مۇستاپا ئۆتتى، يەنە ئۆلمەس كىشى قايدا...

سورۇننى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. ھاراقنىڭ كەيپى، مۇقامنىڭ تەسىرى بىلەن مەنمۇ بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ،

چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. «ياﺋاللا، ئۆلۈپمۇ كېتىمىز ـ ھە! ھېلىقى داۋۇتكام ئېيتقان ھاراق بىلەن بولىدىغان مۇشۇ لەرزەتتىن باشقا ھاياتنىڭ يەنە نېمە خۇزۇلۇقىنى كۆردۈم؛ ئۆيلىنىدىغان، ئۆيلۈك ـــ ئوچاقلىق بولۇپ، 〈دادا! 〉 دەپ يۈگۈرۈپ چىقىدىغان ئوماق باللارنى ئەركىلىتىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدىغۇ؟! . . . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىچارە ئاپامنىڭ ئاغرىقچان بولۇپ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقىنىنى ئېيتايمۇ. . . »

غەنىمەتتۇر ھاياتنىڭ نەچچە كۈن ھەق يادىدا ئۆتسە،
ۋە گەرنە ئول تىرىكلىكتىن نەخۇشتۇر ئۆلگىنىڭ ئەلا. . .

ئارقىدىنلا كۆز ئالدىمغا يەنە مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىمدا قوغلىشىپ ئوينىغان قىزلار كېلىشكە باشلىدى. ئويلىسام، شۇمۇ ئەجەپ ياخشى چاغلار ئىكەن. ھازىر ئۇ قىزلارنىڭ ئالدى چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇۋاتىدۇ، خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. مەھەللىدە قالغانلىرىنىڭ بىر ـ ئىككىدىن باللىسى بار. يېزا مەكتىپىدە مەن پەقەت بەش ـ ئالتىنچى سىنىپقىچە ئوقۇپ قالدىم، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى مېنى ئۇن نەچچە يېشىمدىلا ئېتىزغا قوغلاپ چىققاندى. . .

مانا، شۇنداق ئايىغى چىقماس خىياللار بىلەن بۇ ئولتۇرۇشتا كىم ھاراق سۇنسا پوش دېمەي خېلىلا ئىچىپ قويۇپتىمەن، بىر چاغدا ئالدىمىزغا تاۋاق ـ تاۋاقتا گۆشلۈك پولۇ تارتىلدى. پولۇغۇ «تاماقلارنىڭ شاھى» دېيىلىدىكەن، باشقىلار قانداقكىن، مېنىڭ ھاراقتىن كېيىن پولو يېيەلمەيدىغان بىر ئوسال مىجەزىم بار. شۇ تاپتا بۇ ئاشنى كۆرۈپ كۆڭلۈم غىل ـ غىل بولغىلى تۇردى. «ئولتۇرۇشمۇ ئاياغلىشىپ قالدى. غاچچىدە ئۆيگە بېرىپ، ئاپامغا ئاچچىق ـ چۇچۇك بىر نەرسە ئەتكۈزۈپ ئىچمەيمەنمۇ» دېگەن ئوي خىيالىمدىن كەچتى ـ دە، ئاستالا



قويۇپ مەھەللىگە قاراپ كېتىپ قالدىم.

كۈندۈزى بولغاچقا، مەستلىكىمنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئەپلەپ دەسسەپ، ئۆيىمىزگە ئەگىلىپ كېتىدىغان دوقمۇشقا كەلدىم. تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان ئاپقۇردا بىر نەرسە تۇرۇپتۇ. ئاپقۇرنىڭ ئۈستىگە يېپىپېكى بىر قولياغلىق يېپىقلىق، قولياغلىقنىڭ ئۈستى بىر تال چوكا بىلەن باستۇرۇپ قويۇلۇپتۇ. «ئەرۋاھ ئېشىكەن ـ دە! » دەپ دەرھال پەملىدىم. ئەرۋاھ ئېشى ئېتىش قايسى زامانلاردا، كىملەردىن قالغان ئىش ئىكەنلىكىنى، باشقا يەرلەردە بۇ ئادەتنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيمەن. ئەمما بىزنىڭ يېزىدا قەدىمدىن قالغان بۇ ئادەت ھازىرغىچە بار. ئادەتتە. ئاغرىق ـ سىيلاق بار ئۆيلەر ئەرۋاھلارغا ئاتاپ بىرەر چىنە سۇيۇق ـ سىلەڭ تاماقنى ئېتىپ، ئۇنى تۇتۇلمىغان قاچىغا ئۇسۇپ، ئۈستىگە يېڭى بىر قولياغلىقنى يېپىپ، تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاچىقىپ قويىدۇ. بۇ تاماقنى كىملا بولمىسۇن رىسقى چۈشكەن بىرى ئېلىپ ئىچىپ، ئەرۋاھلاردىن ئاغرىق ـ سىلاقنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلىپ قويسىلا بولىدىغان گەپ.

شۇ تاپتا مۇنۇ كۆز ئالدىمدىلا تۇرغان ئەرۋاھ ئېشىنى بىرى يېگىلا قويۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، «قاچىنىڭ ئىچىدىكى ھەقىچان سۇيۇق ئاش، ئۆيگە كىرىپ ئاپامنى ئاۋارە قىلغۇچە مۇشۇنى ئەكىرىپ ئىچىپلا بولدى قىلمايمەنمۇ! » دېگەن يەرگە كەلدىم. قارىسام، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، يىراق بىر يەردىن ئويناۋاتقان ئۇششاق باللارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى كېلەتتى. ئۇدۇلدىكى ھويلىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا ياتقان كالا نېمىسىندۇر كۆشەپ ئوگدەۋاتاتتى. ئىككى دەسسەپلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقتىم ـــ دە، ئاپقۇرنى غاچچىدە قولۇمغا ئېلىپ، ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

يېڭى ياغلىقنى چىرايلىق قاتلاپ ياقچۇقىمغا سېلىپ، راسا

ئىشتىها بىلەن ئاش ئىچىۋاتسام، ئاپام كىرىپ كەلدى.

— شالاپشىتىپ نېمە ئىچىۋاتىسەنۇي بالام؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— ئەرۋاھ ئېشى، مۇنۇ دۇقمۇشتا بىرى ئاچىقىپ قويۇپتىكەن، ساۋاپ بولار، دەپ ئەكىرىپ ئىچىۋاتىمەن، — دېدىم بېشىمنىمۇ كۆتۈرمەي.

— ساۋاپ بولغىنى قۇرۇسۇن. ھوي، بۇ ھېلىلا مەن ئاچىقىپ قويغان ئاش ئەمەسمۇ!

يەۋاتقان ئېشىم ئۆپكەمگە كېتىپ، قاقىلىپ كەتتىم.

— نېمە دەۋاتىسەنۇي، راستما؟!

— بالام، ئۆزۈڭ زادى ساقمۇ، مەستمۇ؟ بىر ئايدىن بېرى مىجەزىمنىڭ بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىسەن. مانا، ئەتىگەن چىقىپ كەتكەن ئادەم، ھازىرغىچە قارىسام يوق...

— خاپا بولمىغىن ئاپا، سېنىڭ ئاچىقىپ قويغىنىڭنى نەدىن بىلەي... بولمىسا ھازىرلا بېرىپ ئازراق گۆش تېپىپ كېلەي، يەنە بىر قاچا ئېتىپ ئاچىقىپ قويارسەن.

— بۇ ئاشنىچۇ، ئەقىدە قىلىپ، يەتتە ئۆيدىن ئۇن، يەتتە قاسساپتىن گۆش تىلەپ كېلىپ (ئەرۋاھ ئېشىنى ئېتىشنىڭ قائىدىسى شۇنداق ئوخشايدۇ)، مىڭبىر جاپادا ئاران ئېتىۋېدىم. توۋا، ماۋۇ بالىنىڭ قىلغان ئىشىنى!...

ئاپام بىچارە سۇپىنىڭ بۇرجىكىگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئاپامنىڭ ئەرۋاھ ئېشىنى ئۆزۈم ئىچىۋاپتىمەن. بۇ گۇناھمۇ، ساۋابمۇ؟ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ، يامانلىقنىڭمۇ؟ بىلمىدىم. لېكىن بۇ ئىش شۇ كۈنلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇركەتتى. زېرىكىپ تۇرغان خەققە مۇنچىلىك گەپ تېپىلغۇسىز دەڭلا، كىملا ئاڭلىسا قورسىقىنى تۇتۇپ كۈلەتتى. بەزىلەر گەپنى شاخلىتىپ: «ياق، سىلەر ئۇقمايسىلەر، ھاشىر يېڭى ئاپقۇر بىلەن يېڭى قولياغلىق خەققە



كېتەتتىمۇ، دەپ چىدىماي، ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ چىقىپ، ئاشنى ياندۇرۇپ كىرىپتىكەن» دېسە، بەزىلەر «ھاشىر شۇ كۈندىن باشلاپ كىم ئەرۋاھ ئېشى ئاچىقىدىكىن، دەپ تۆت كوچىلارنى پىرقىراپ يۈرىدىغان بوپتۇ.» دەيتتى. مېنى كۆرسە بەزىلەر يۈزۈمگىلا «قانداقراق مىجەزىڭلار ئەرۋاھ ئېشى؟» دەپ چاقچاق قىلىدىغان بولدى.

× × ×

مانا شۇ ۋەقەدىن كېيىن «ھەممىسى مۇشۇ مەستچىلىكنىڭ كاساپىتىغۇ!» دەپ، ھاراق ئىچمەسلىككە يەنە بىر قېتىم قەسەم قىلغانىدىم. شۇ ئىشلارنىڭ ئۆتكىنىگە بەش يىلدەك بولۇپ قاپتۇ، بۇ بەش يىلدا قانچە شاماللار چىقىپ، قانچە سۇلار ئېقىپ ئۆتتى. باغلارنىڭ چېچەكى بەش قېتىم ئېچىلىپ، بەش قېتىم تۆكۈلدى. ئىككىنچى قېتىمقى قەسىمىمنىڭ قاچان، قانداق بۇزۇلغانلىقى ئۆزۈمنىڭمۇ ئېسىمدە يوق، دۇنيانىڭ باشقا لەززەتلىرىگە قولۇم يەتمىسىمۇ، ھاراقتىن بولىدىغان «لەززەت» نى قوغلىشىپ يۈرۈۋەردىم. ھازىر بۇرۇنقىدەك قاتتىق ئىچمەيمەن، ھاراق دېگەنمۇ پۇلغا كېلىدۇ. دەڭلا! ئىلگىرىكى بار - يوقنى تەڭ تارتىشىدىغان ئۇلپەتلىرىمنىڭ تولىسى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ كەتتى. ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ ئىچىۋەرسەڭ، خوتۇنلىرىنىڭمۇ تىلىغا قالىسەن. ئۆزۈم تاپسام ئىچىپ، بولمىسا قانائەت قىلىپ يۈرىدىغان بولدۇم. بىراق، ئاز ئىچسەممۇ، جىق ئىچسەممۇ خەقنىڭ ئاغزىدا ئېتىم «ھاراقكەش»، ھېلىقى «ئەرۋاھ ئېشى» ۋەقەسىدىن كېيىن لەقىمىم «ھاشىر ئەرۋاھ» بولدى.

ئاپام بىچارە يىلدىن - يىلغا ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئولتۇرسا - قوپسا: «بالام، مەندىن كېيىن قالساڭ قانداق قىلارسەن، ئاغرىپ قالساڭ كىم ھالىڭدىن خەۋەر ئالار، كىم

ئاش - تاماقنى ئېتىپ، كىرلىرىنى يۇيار؟ كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا «ئۆيلىنىۋالساڭ بولاتتى» دېگەن غەمدە قالدى. مۇشۇ كۈنگىچە، ئېتىزدىن كەلسەملا ئىچ پۇشۇقىمنى ھاراق بىلەن چىقىرىپ، بىرەر قىز بىلەن تونۇشۇشقا چولامىمۇ تەگمەپتۇ. يە ئەرگە تېگىدىغان قىزلار مېنى ئىزدىمەپتۇ. مانا ئەمدى يېشىممۇ بىر يەرگە تاقاپ قالدى. مەن ئالىدىغان قىز نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىلەر... ئانام قىزلىق ئۆيلەرنىڭ قانچىسىنىڭ ئىشىكىگە دوقۇرۇپ، سالپىيىپ يېنىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ھاشىرغۇ يامان ئەمەس يىگىت، لېكىن قىزىمىزنى باشقا يەرگە ئۇناشتۇرۇپ قويۇپتىكەنمىز، خاپا بولماڭلار» دەپ چىرايلىقچە جاۋاب قىلاتتى. بەزى قوپاللىراقلىرى «ئۇنداق ھاراقكەش ئەرۋاھقا بېرىدىغان قىزىمىز يوق» دەپ ئوچۇقلا دەيتتى. بولمىسا، قايسى يىگىتتىن قالغۇچىلىكىم بار، دەيسىلەر؟ تۆت ئەزايىم ساق، ئېتىزنىڭ ھەرقانداق ئىشى مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، بىرلا ئەيىبىم ھاراق ئىچىمەن.

بىر كۈنى ئاپام يەنە «ئۆيلىنىۋالساڭ بولاتتى» دەپ گەپ ئېچىپ:

— ئۆزۈڭنىڭ خەۋىرىدە بار. مەنغۇ بىر قانچە يەرگە بېرىپ باقتىم. ھازىرقى زاماننىڭ قائىدىسىدە ئاۋۋال قىز - يىگىت ئۆزلىرى پۈتۈشىدىغان گەپ ئىكەن. ئۆزۈڭنىڭ بىرەر نىشان قىلغان يېرىڭ يوقمۇ بالام؟ - دەپ قالدى.

— نېمە دېدىڭ؟! - دېدىم ئۇخلاپ ئويغانغاندەك، بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ.

— ئۆزۈڭنىڭ بىرەر تونۇشقان قىزلىرىڭ يوقمىدى؟ دەيمەن.

شۇ چاغدا، قارا قۇمچاق، قارا كۆز، بەستلىك بىر قىز كۆز ئالدىمغا كەلدى. بۇ قىزنى مەن بىر يىل ئىلگىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن يەرمەنكىدە



ئۇچرىتىشۋېدىم. يەرمەنكىگە نۇرغۇن ئورۇننىڭ ماگىزىنچىلىرى مال ئېلىپ كەلگەنىدى. شەھەردىن چىققان سودىگەرلەر چېدىر تىكىپ، ماللىرىنى يېيىشۋەتكەنىدى. يەرمەنكە باشلانغان كۈنى تۆت ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ ئادەملىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ، يەرمەنكە ناھايىتىمۇ قىزىپ كەتتى. مەيداندىكى ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن يىڭنە تاشلىساڭ يەرگە چۈشمەيتتى. توۋا! دەيمەن، شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئىچىدە نېمىشقا شۇ قىزغىلا كۆزۈم چۈشتىكىن؟... قىزمۇ پات - پات ماڭا يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن مەن بىر تونۇشلۇق، ئىسسىقلىق ھېس قىلاتتىم. ئۇ كۈندە قارايغان، ساغلام، ھەر قانداق يوغان بوغداي بېغىنى ئارىغا سانجىپ، دەس كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ئالالايدىغان، تازا يېتىلگەن دېھقان قىزى ئىدى. نېمىشقىدۇر بىز ئايلىنىپ - ئايلىنىپ يەنە دوقۇرۇشۇپ قالاتتۇق. مەنغۇ كىتابنى ئانچە كۆپ ئوقۇمىغان، مۇھەببەت توغرىسىدىكى كىتابلارغا مۇشۇنداق سۆزلەشمەي، كۆز بېقىشىپلا بىر - بىرىگە كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدىغان ئىشلارمۇ يېزىلغانمىكىن؟... راستىنى ئېيتقاندا، مۇھەببەت دېگەن قانداق بولىدۇ، ئۆزۈممۇ ئوقمايمەن؛ ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ كېتىپ بارغان ئاشۇ قىز كىتابلاردا يېزىلغان گۈزەللەر قاتارىغا ئۆتەمدۇ، ئۆتمەيدۇ؟ بۇنىمۇ بىلمەيمەن. ئەمما شۇ كۈنكى يەرمەنكىدە مەن ھۆسىندە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان قىزنى ئۇچراتمىدىم. نەزىرىمدە مال جاھازلىرىدىكى جىمى رەختلەرنىڭ قىممىتى ئاشۇ دېھقان قىزنىڭ ئۈستىدىكى ئاددىي چىت كۆينەكنىڭ پۇرچىغا ئەرزىمەيتتى؛ زىب - زىننەت سودىگەرلىرىنىڭ بارلىق ماللىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چاقنىشىدا خىرەلىشىپ كېتەتتى... ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلىشىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. قىزنىڭ ئىسمى گۈلبەھرەم ئىكەن. ئۆيى يېڭى مەھەللىدىكەن.

ئاپامغا بۇ گەپلەرنى قىلىپ بېرىۋىدىم، ئۇ خۇددى «مىڭ بىر كېچە» دىكى ھېكايىلارنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

— ئۇنداقتا بالام، شۇ قىزنى ئاۋۋال ئۆزۈڭ بىر ئىزدەپ تېپىپ سۆزلىشىپ باقساڭ بولغۇدەك، كېلىشىپ قالساڭلار ئاندىن ئۆيگە ئادەم ئەۋەتەيلى، — دېدى ئاپا.

× × ×

«يېڭى مەھەللە» دېگىنىمىز بىزنىڭ مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى غولدىن چىقىدىغان سۇ بويىغا جايلاشقان يېزا ئىدى. بۇ يەر تېخى مۇشۇ يېقىنقى يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى مەھەللە بولۇپ ئاۋاتلاشقانىدى. ئاپامنىڭ گېپى بىلەن يېڭى مەھەللىنىڭ ئەتراپىنى بىر ھەپتىگىچە ئەگىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى گۈلبەھرەمنى ئېتىز يولىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. تازا چىڭقى چۈش ۋاقتى بولغاچقا، ئېتىزلىقتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. قىز ئورغاقنى بېلىگە سېلىپ، توپىلىق يولدا يالاڭئاياق كېلىۋاتاتتى. مېنى كۆرۈپ چىچىلىپ توختاپ، ۋىللىدە قىزاردى.

— گۈلبەھرەم، ئىشتىن قايتىپسىز - ھە؟ سىزنى ئۇچرىتىپ قالىمەنمىكىن، دەپ نەچچە كۈندىن بېرى مەن مۇشۇ ئەتراپتا ئاۋارە...

— بىر گېپىڭىز بارمىدى؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— ئەمدى ...، — دەپ سۆزنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— تازىمۇ يول ئۈستىدە تۇرۇپ قالدۇق - ھە! — دېدى قىز ئالدى - كەينىگە قاراپ قويۇپ.

— يۈرۈڭ بولمىسا، ئاۋۇ قارىياغاچنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ كېتەيلى، — دېدىم.



قىز يوغان قارىياغاچنىڭ دالدىسىدا، پۇتىنى ئالدىدىكى ئېرىقتا چىلاپ ئولتۇرۇپ ماڭا قۇلاق سالدى. دەسلەپتە گېپىم زادى قولاشمىدى. «خەپ، بىرەر ئىككى رومكا ئېچىۋالغان بولسام — ھە!» دەپ قالدىم. يېقىندىن بېرى كۆڭلۈمنىڭ ئىسسىپ كېتىپ بارغانلىقىنى، ھېلىقى چاغدىكى يەرمەنكىنى... يەنە نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ كەتتىم. ئاخىرىدا:

— خۇدايىم بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئەركەك، چىشى قىلىپ ياراتقانىكەن. مانا، كاككۇك بىلەن بۇلبۇللارمۇ قوش چېغىدا ئاشىقىنى سېغىنىپ سايرايدۇ... قاراڭ، ئاۋۇ كېپىنەكلەرمۇ جۈپ - جۈپ بىلەن ئۇچۇشۇپ يۈرۈپتۇ... ئىشىنىسىڭىز سىزنى يەرمەنكىدە كۆرگەندىن بېرى كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق. ئىككىمىز بىر ياستۇققا باش قويۇپ، بىر موردىن تۈتۈن چىقارساق، دەيمەن. قانداق قارايسىز؟ — دېدىم.

— ۋاھ، گەپكە ئەجەپ ئۇستىكەنسىزا، مەن تېخى سىزنى مۇنچىلىك گەپ قىلالماسمىكىن، دەپتىكەنمەن.

قىز شۇنداق دېدى - دە تېخىمۇ قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— زادى توپتوغرىسىنىلا ئېيتىڭە، ئۇناشتۇرۇپ قويغان باشقا يېرىڭىز بارمۇ؟

— ئۇناشتۇرۇپ قويغانغۇ يېرىم يوق، بىراق، سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— يەرمەنكە بولغىنى بىر يىل بولدى، ئۇخلاپ چۈشىگەندەك ئەمدى ئېسىڭىزگە كەلگەن ئوخشايمەن. بەش - ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ماڭا پۇتىڭىزدىكى شىبلىتىڭىزنى يېشىپ بەرگەنتىڭىز، ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلماي يۈرىسىز...

— نېمە... نېمە دېدىڭىز؟!

— مۇشۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇنتۇپ قالىسىز. ئۇچاغدا مەن تېخى ئەمدىلا ئون ئالتىدىن ئاشقان كىچىك قىز ئىدىم، سىز

تازا قۇرامىڭىزغا يەتكەن يىگىتتىڭىز. شەھەرگە ھېيت ئويۇنىغىلى كىرىپ، بىللە چوشكەن دوستلىرىمنى يوقىتىپ قويۇپ، «ئەمدى يالغۇز قانداق چىقىپ كېتەرمەن» دەپ خىيال بىلەن كېلىۋاتسام، ئارقامدىن ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ سىز كېلىپ قالدىڭىز. «قانداق سىڭلىم، نەگە بارىسىز؟... بولدى، بىر مەھەللىلىك ئىكەنمىز، مەن ئالغاچ كېتەي» دېدىڭىز، يەنە نېمىلەرنى دېدىڭىزكىن، ئېسىمدە يوق. ئەيتاۋۇر، جىق گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭىز. قارىسام سىز ئوبدانلا مەست. «بولدى، سىز مېڭىۋېرىڭ، مەن دوستلىرىمغا قارايمەن» دەپ ئايرىلىپ قالدىم... سىز ۋېلىسىپىتىڭىزنى يېتىلەپ كەتتىڭىز، يولنىڭ بويىدا يەنە تونۇشلاردىن بىرەرى كېلىپ قالامدىكىن، دەپ خېلى ئولتۇردۇم، «ئاپلا، ھېلىقى بالا بىلەن مېڭىۋەرسەممۇ بوپتىكەن» دەپ پۇشايمانمۇ قىلىشقا باشلىدىم. كۈن كەچكىرىپ كەتكىلى تۇردى. «بولمىدى» دەپ، باشقا يېزىلارنىڭ ھارۋىلىرىغا يانداشىپ ئازراقلا مېڭىپ قارىسام، سىز بىر يەردە يولنىڭ نېرىسىدىكى دەرەخ ئاستىدا ۋېلىسىپىتىڭىزنى يېنىڭىزغا قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپسىز، كېچىكلىكتە قورقماي بېرىپ سىزنى ئويغىتىپتىمەن. «يۈرۈڭە، چىقىپ كەتسىڭىز ۋېلىسىپىتىڭىزنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇۋالاي» دېسەم، پۇتىڭىزدىكى شىبلىتىڭىزنى يېشىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، «ماۋۇ ئاياغنى ئېلىپ ئالدىمدا مېڭىپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا ئارقىڭىزدىن يېتىمەن» دېدىڭىز. ئاياغنى سومكامغا سېلىپ، ماڭە ـ ماڭە، مانا كېلە، ئەنە كېلە بىلەن ئارقامغا قاراپ يېرىم يولغا كېلىپ قالدىم. ئاڭغۇچە بەختىمگە بىر ھارۋا ئۇچراپ قالدى. شۇنىڭغا ئولتۇرۇپ، كۈن ئولتۇرغىچە مەھەللىگە ئارانلا چىقىۋالدىم. ھېلىقى ئايىغىڭىزنى قەغەزگە ئوراپ، ئېغىلنىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ، ئىككى يىل ساقلاپتىمەن. قارىسام، ئىزدەپ كېلەيمۇ دېمىدىڭىز. يېڭى مەھەللىگە كۆچۈدىغان



چېغىمىزدا ئاچچىقىمدا سايغا ئاچىقىپ پىرقىرىتىپ سۇغا تاشلىۋەتتىم.

— مۇنداق دەڭ. راست شۇنداق بىر ئىشمۇ بولۇۋىدى. ئەجەپ ياخشى ئاياغ ئىدى — دە، توۋا، ماۋۇ ئىشنى، ئاياغنى سىزگە بەرگىنىم زادى ئېسىمدە يوقكەن جۇمۇڭ، ھەي مەستچىلىك دەڭا... ئۇنداقتا، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار بۇرۇن بىزنىڭ مەھەللىدىكەن — دە؟

— مېنى بۇرۇن ئۇ مەھەللىدە كۆرمىگەنمىدىڭىز؟

— زادى ئېسىمدە يوق. قىز بالا دېگەن شەيتاندەك تېز چوڭ بولۇپ ئۆزگىرىپلا كېتىدىكەن... ھە راست، كىمنىڭ قىزىسىز؟

— داۋۇت مەزىنىنىڭ، تونۇيسىز، بۇرۇن داۋۇت هارۋىكەش، دەيتتى، .

بېشىمغا بىرنى ئۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوپۇپ كەتتىم.

— تونۇيمەن، تونۇيمەن. ھېلىقى ئىچەرمەن، ناخشىچى داۋۇتكام... قانداق بولۇپ مەزىن بوپقالدى؟

گۈلبەھرەممۇ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— دادام ئۈزۈن يىل بولدى ئىچمەيدۇ. يېڭى مەھەللىگە كەلگەندە « داۋۇتنىڭ ئاۋازى ياخشى» دەپ جامائەت ئۇنى يېڭى مەسچىتكە مەزىن قىلىپ قويغان... ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، بايا قىلغان گەپلىرىڭىز راست بولسا، ئۆيگە ئادەم كىرگۈزۈڭ، ئاتا ـ ئانام نېمە دېسە مەن شۇ. ئاپامغۇ مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدۇ. ھەممە گەپ دادامدا.

— بولدى، بولدى ئۇقتۇم. سىزنىڭلا باشقا پىكرىڭىز بولمىسا، داۋۇتكام دېگەن ئۆزۈمنىڭ دادامنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، خۇدايىم بۇيرىسا ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدۇ. خەير!...

شۇنداق دېدىم ـ دە، ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ يولغا قاراپ ماڭدىم.

— توختاڭە، يەنە بىر گېپىم، — دەپ قالدى گۈلبەھرەم، — ھېلىقى شىبلىتنى سىزغا تاشلىۋەتتىم، دېسەم راستىمىكىن، دەپ قالماڭ، تويىڭىزدا ئۆزىڭىزگە سوۋغا قىلىمەن...

تەقدىرنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بارلىقىغا شۇ كۈنى ئىشەندىم. دەرۋازىمىزنىڭ ئالدىدىن «ۋادەرىيخا» نى توۋلاپ ئۆتكەن داۋۇت ھارۋىكەش، قاچاندۇر بىر چاغدا يوتكەن شىبلىت، يەرمەنكىدە ئۇچراشقان قىز— بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قانداق قىلىپ بىر - بىرىگە چېتىلىپ قالدى؟ قانداق چېتىلسا چېتىلمامدۇ، دەيسىلەر. مېنىڭ مۇنداق چىگىش مەسىلىلەرنى ئويلاپ يۈرۈشكە نەدە ۋاقتىم. يېڭى مەھەللىدىن چىقىپ، ئېتىز ئارىلاپ ئۆيگە كەلگۈچە باللاردەك يۈگۈرۈپ، ئېگىز ئۆسكەن ئوتلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ ئۆتتۈم، ئېچىلغان ئېڭىزلاردا موللاق ئاتتىم. شۇ كۈنى ھاراق ئىچمەيمۇ مەست بولدۇم...

بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن قىز تەرەپكە ئىككى ئادەمنى ئەلچىلىككە ماڭغۇردۇق. ئەلچىلەرنىمۇ تازا تېپىپ تاللىغان ئوخشايمىز، بىرى بىزنىڭ قوشنىمىز ئەمەت پاراڭ، يەنە بىرى مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئىدى. ئەمەت پاراڭ قىز تەرەپكە گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ، مېنىڭ كۆپ ياخشى تەرەپلىرىمنى سۆزلىگەن ئوخشايدۇ. شۇ ئارىدا مەزىناخۇنۇم: «ئەھە! — دەپ ئەمەت پاراڭنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — ئەمدى داۋۇتاخۇن، سىلى بىلەن بىز بەش ۋاق ناماز، مەسچىت قەۋمى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ئادەم، ئوغلىمىزنىڭ بىر ئەيىبى بار، ئۇنىمۇ دەپ قويمىساق، كېيىن ئىلگىر - ئاخىر بىزدىن رەنجىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن. ئۇ بولسىمۇ، بەلكى ئوغلىمىزنى تونۇيدىغانلا، ھاشىر ئەرۋاھ دەپ لەقىمىمۇ بار. ھاراقنى سەل - پەل ئوشۇق ئىچىپ قويىدۇ.» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلبەھرەمنىڭ



دادىسى ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ: «بولدى، بولدى، ھاراقكەشكە بېرىدىغان قىزىم يوق» دەپلا گەپنى ئۈزۈپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممە ئۈمىدىم كۆپۈكتەك يوققا چىقتى. «ئەگەر داۋۇت ھارۋىكەشمۇ مېنى كۈيئوغۇل قىلىشنى لايىق كۆرمىگەن بولسا ئىشىم تۈگەپتۇ» دېدىم — دە، ناھىيىگە كېتىدىغان چوڭ يول ئۈستىدىكى جياڭسۇلۇقلار ئاچقان قاۋاققا كىرىپ تازا ئىچتىم. قاۋاقتىن چىقسام، كۈن تېخى يورۇق ئىكەن. خىيالىمغا نېمە كەلدى، يېڭى مەھەللىگە قاراپ مېڭىپتىمەن. مەھەللىنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ بېرىپ، يېڭىلا ئورۇپ يىغىۋالغان بېدىلىكتە قاچقانچۇق ئويناۋاتقان باللاردىن «داۋۇت مەزىننىڭ ئۆيى قايسى؟» دەپ سورىدىم، چەتتىكى بىر قورۇنى كۆرسىتىپ قويدى. قورۇق تاملىرى يېڭىدىن سوقۇلغان بۇ قورۇنىڭ ئالدىغا ئەمدىلا كېلىۋېدىم، داۋۇتكامنىڭ ئۆزى غورۇنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئالدىمغا چىقىپ قالدى،. توغرا، ھېلىقى بىزنىڭ مەھەللىدىكى داۋۇت ھارۋىكەشنىڭ ئۆزى شۇ، كۆرۈپلا تونۇدۇم. ساقالنى مەيدىگىچە قويۇۋەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، داۋۇتكا! — دەپ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئالدىم.

— ۋا ئەلەيكۇم ئەسسالام، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ تۇرۇپلا قالدى ئۇ.

— مېنى تونۇمىدىڭما؟ يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ھاشىر بولىمەن.

— قايسى ھاشىر، كىمنىڭ بالىسىسەن؟

— ساڭا بىر جىرەن ئايغىرنى ئىگەر - توقۇمى بىلەنلا مىندۇرۇپ قويۇپ، بىر ياماقمۇ ئالمىغان لېۋىرنىڭ بالىسى - ھاشىر بولىمەن.

— شۇ، كۆزۈمگە ئىسسىقلا كۆرۈندۈڭ، ئۆزۈڭ كەيپمۇ

سەن، قانداق؟ يۈر - يۈر، ئۆيگە كىرەيلى.

— بولدى، ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن، ساڭا دەيدىغان ئىككى ئېغىزلا گېپىم بار. قىزىڭ گۈلبەھرەمنى ئۆزۈمگە لايىق كۆرۈپ، ئۆيۈڭگە ئەلچى ئەۋەتسەم، «ئۇنداق هاراقكەشكە بېرىدىغان قىزىم يوق» دەپسەن، ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا دەرۋازىمىزنىڭ ئالدىدىن غىق مەست ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ مەندىن: «هاراق ئىچمەيدىغانسەن؟» دەپ سورىغىنىڭ ئېسىڭدە باردۇر؟ مەن «ياق» دېسەم، «هەي، دۇنيانىڭ بىر لەززىتىدىن مەھرۇمكەنسەن -دە!» دېگىنىڭمۇ ئېسىڭدىدۇ؟... مەھەللىنىڭ چوڭ بېغىدا بىزگە هاراق قۇيۇپ بەرگىنىڭچۇ؟ شۇ چاغدا ئۇن سەككىز ياشلاردا ئىدىم، ئۆمرۈمدىكى تۇنجى رومكا هاراقنى سېنىڭ قولۇڭدىن ئېلىپ ئىچتىم. شۇندىن بېرى مانا ئۇن يىل بوپتۇ. دۇنيانىڭ سەن دېگەن لەززىتى نەدىكىن، دەپ قوغلىشىپ مۇشۇ يەرگە كەپتىمەن. بۈگۈنگە كەلگەندە سەن ساقالنى بەلگىچە قويۇۋېلىپ ھەممىدىن ياخشى ئادەم، مەنزە شۇنچە يامان بوپ قاپتىمەنما؟!...

يەنە نېمىلەرنى دەۋەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، داۋۇتكام تۇرغان يېرىدە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. مەن دەيدىغاننى دەپ، قورسىقىمنى بوشاتقاندەك بولۇپ مەھەللىگە قايتىپ كەلدىم.

شۇ كۈنى كېچىچە جۆيلەپ بىئارام بولغان ئوخشايمەن. سەھەردە كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمدا ئاپام يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ:

— بالام، ئۆزۈڭنى ئۇنچىلىك يوقىتىپ قويما، هازىر چىپىڭنى بېرىۋېتىپلا، داۋۇتنىڭ ئۆيىگە ئۆزۈم بېرىپ باقاي، ياخشى گەپ قىلسام بەلكىم ئېرىپ قالار، — دېدى.

— بولدى، ئاخشام مەن بېرىپ دەيدىغاننى دەپ، گەپنى ئۈزۈۋېتىپ كەلدىم. ئۇنداق ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان ساۋاتسىز قىزنى ئەرگە بەرمىسە، سېغىپ ئىچسۇن! — دېدىم -دە،



ئورنۇمدىن قوپۇپ كىيىندىم. ئاغزىمدا شۇنداق دېگىنىم بىلەن يۈرىكىم ئازابلىنىپ تۇراتتىسى. ئاپام خۇددى كۆڭلۈمنى چۈشىنىۋاتقاندەك:

— بالام، ئۇنداق دېمە، ساۋاتسىز بولغان بىلەن ئۆي ئىشى بىلەن قول ئىشقا ئوقۇغانلاردىن چىۋەر قىز، دەپ ئاڭلىدىم. يۈزى تۆۋەن بولغاچقا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ شۇ كۈنگە كەپتۇ... — دېدى.

يۈزۈمنى يۇيۇپ چايغا ئولتۇراي دەپ تۇراتتىم، تالادا بىرى ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغاندەك قىلدى. يۈگۈرۈپ چىقسام، دەرۋازا ئالدىدا داۋۇتكام ئاتلىق تۇرۇپتۇ.

— بالام، ئاخشام تازا ئاچچىقىڭ كەلگەن ئوخشايدۇ — ھە؟ — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، — قىلغان گەپلىرىڭنى ئويلاپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. بولدى، ئاپاڭغا ئېيت، قىزىمنى راستلا كېلىن قىلغۇسى بولسا، تاپقىنىنى ئېلىپ بارسۇن، ئۇشۇق ھېچنىمەڭنىڭ كېرىكى يوق، تۆت ئادەمنى چاقىرىپ، ئۆزۈملا نىكاھ قىلىپ قويىمەن.

پەلەكنىڭ قانداقسىگە چۆرگىلەۋاتقانلىقىنىسى، بۈگۈن كۈننىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدىم. داۋۇتكام شۇنداق دەپلا ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىدى — دە، يەنە ماڭا قاراپ:

— ئاستىمدىكى مۇنۇ ئات قانداقراقكەن؟ — دەپ سورىدى.

— قالتىس ئاتتەك قىلىدۇ داۋۇتكا، سەن ئەزەلدىن يامان ئات تۇتمايسەنغۇ! — دېدىم يۈلقۇنۇپ تۇرغان كۈرەڭ قاشقىغا قاراپ. داۋۇتكام:

— هاراقنى تاشلىساڭ مۇشۇ ئاتنى ئىگەر — توقۇمى بىلەنلا مىنگۈزۈپ قويىمەن. قېنى ئويلىشىپ باقارسەن — ھە! — دەپ چاقچاقلاشقاندەك كۈلدى — دە، ئېتىنى ئۇچقاندەك يورغىلىتىپ كەتتى.

كۆرەڭ قاشقا بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. ئەتىگەنلىك قوياش مەھەللە باغلىرىنى، ئېتىزلارنى قىزغۇچ نۇرغا كۆمگەنىدى. بۇ دۇنيانىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىنى، ئىنسانلارنىڭ باغرىنىڭ ئىللىقلىقىنى شۇ خاسىيەتلىك سەھەردە تۇنجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلغاندەك بولدۇم. كۆڭلۈمدىن باشقىچە بىر ياشاش قارارى كەچتى. . . .



# بوغا

مۇختەر مومىننى ئېشەك ھارۋا بىلەن يېزىغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتتى. ئۇ چوڭ يولغا چىقىپلا ئېشەكنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە زىرائەتلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان كەڭ ئېتىزلىقلار سوزۇلۇپ ياتاتتى. چوڭ يول بويلاپ كەلگەن ماشىنىلار ھارۋىنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇدەك شامال كۆتۈرۈلۈپ، مۇختەرنىڭ يۈزىگە گۈررىدە ئۇرۇلاتتى، مۇختەر يولنىڭ چېتى بىلەن بىر خىل لىڭشىپ كېتىپ بارغان ھارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىگە پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى.

يېزىدىكى باللار قىزىق ئىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى بىڭگۈرنىمۇ بىلمەيدىكەن، «بىڭگۈر - ياغاچ سېپى بار، تاتلىق مۇز، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇلارغا مۇختەر، — يېسەڭ ئادەمنى شۇنداق ھۇزۇرلاندۇرىدۇ، ئېيتمايلا قوي!»

راستىنى ئېيتقاندا، مۇختەر ئۆزىمۇ تويغۇدەك بىڭگۈر يەپ باقمىغانىدى. دادىسى ئۇنىڭغا بەزىدە بەش - ئون پۇڭ بېرىپ قالاتتى. بۇ پۇلغا ئېلىپ يېگەن بىر - ئىككى تال بىڭگۈر مۇختەرنىڭ ئاغزىدىلا قالاتتى. ئەگەر بىر كوي پۇل بولغاندا، ئۇنىڭ ھەممىسىگە بىڭگۈر ئېلىپ يەپ باقسا قانداق بولىدىكىن؟

مۇختەر ئۇزۇندىن بېرى بىر كوي پۇل تېپىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. لېكىن، ئۇ يوللارغا شۇنچىلىك قاراپ ماڭسىمۇ بۇ پۇل ئۇچرىمايتتى. بىر كوي - ئۇنىڭغا يىگىرمە تال بىڭگۈر سېتىپ

ئالغىلى بولىدۇ، يىگىرمە بىڭگۇرنىڭ ياغىچىمۇ بىر سىقىم پولار، بىر كويغا كەمپۇت ئالسىچۇ؟...

هارۋا يولدىكى بىر كاتاڭغا چۈشۈپ قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى، مۇختەر ئۇخلاپ ئويغانغاندەك بولۇپ ئۆزىنى خىيالدىن يىغدى. ئالدى تەرەپتىن سوغ شامال ئۇرۇشقا باشلىغانىدى، ئۇ ئىشەككە بىر تاياق ئۇردى ـ دە، هارۋىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ ئولتۇردى. هارۋىنىڭ چاقى ئاستىدىكى يولغا تىكىلىپ قارىغىنىدا يول خۇددى ئۈزلۈكسىدىن غۇيۇلداپ ئارقىغا كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، تۇيۇقسىز مۇختەرنىڭ كۆزى هازىرلا ئۆزىنىڭ هارۋىسى بېسىپ ئۆتكەن يول ئۈستىدە ياتقان بوغىغا چۈشتى، «هوپ ـ چۈشە!»

مۇختەر ئىشەكنى توختىتىپ، هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بېرىپ، بوغىنى قولىغا ئالدى. بۇ تېخى يېڭى ئىشەك بوغىسى ئىدى. بۇ كىمنىڭ ئىشىكىنىڭ بوينىدىن چۈشۈپ قالغاندۇ؟... مۇختەرنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. شۇ تاپتا يولدا هېچكىم يوق ئىدى، يىراق ئېتىزلاردا ئىشلەپ يۈرگەن دېھقانلارنىڭ قارىسى كۆرۈنەتتى، مۇختەر ئالدىراپ هارۋىسىغا چىقتى ـ دە، بوغىنى هارۋىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر باغ چۆپنىڭ ئاستىغا تىقتى.

مۇختەر يولدا كېتىپ بېرىپ: «بۇ بوغىنى ساتسام قانچىگە ئالار، ئۆتكەندە دادام: ‹ئىشەك بوغىسى ئۈچ كوي› دېگەندەك قىلىۋېدى» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە مۇئەللىمىنىڭ: «ئوقۇغۇچىلار تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشى، ئىگىسىنى تاپالمىسا، مەكتەپكە ئەكىلىپ بېرىشى كېرەك» دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئەسلىدى. ئۇلارنىڭ مەكتىپىدىكى چوڭ زالنىڭ ئىچىدە تېپىۋالغان نەرسىلەرنى قويۇپ قويىدىغان ئەينەكلىك جازا بار. ئۇنىڭ ئىچىگە قەلەم، ئاچقۇچ، پورتمال، خاتىرە دەپتەر، كىمدۇ بىرلىرىنىڭ توپ مەيدانىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان باش كىيىمى، هەتتا قىممەت باهالىق سائەت ئوخشاش نەرسىلەرمۇ



ئېسىپ قويۇلىدۇ، بىراق، بۇ دېگەن بوغا ـ دە! ئىشەكنىڭ بوغىسىنى ئۇ جازىنىڭ ئىچىگە ئېسىپ قويسا، هەممە ئادەم كۈلەر...

مۇختەر بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە مۇمىسىنىڭ: «تېپىپ ئالغان نەرسىنى ‹كىمنىڭ! كىمنىڭ!› دەپ ئۈچ قېتىم ۋارقىراپ، ئىگىسى چىقمىسا ئاندىن ئالسا بولىدۇ» دېگەن سۆزى چۈشكەنىدى. ئۇ بوغىنى قولىغا ئېلىپ: «كىمنىڭ! كىمنىڭ!» دەپ توۋلىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاۋازى ئوچۇق چىقمىدى. ئۇ ئەتراپقا ئوبدان بىر قارىدى، يېقىن ئۆپچۆرىدە ئادەم يوق بولۇپ، ئىشەك قۇلىقىنى سالپايتىپ، هېچنىمىدىن بىخەۋەر سوكۇلداپ كېتىپ باراتتى... مۇختەر غەيرەتكە كېلىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم «كىمنىڭ!» دەپ قاتتىق بىر ۋارقىرىدى ـ دە، ئاندىن كۆڭلى تىنىپ، بوغىنى يەنە هېلىقى چۆپنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى. ئەمدى بوغا سۆزسىز مۇختەرنىڭ بولغانىدى.

يەنە يېرىم سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن، مۇختەر بازارغا يېتىپ كەلدى. بازار ئىچى قايناپ كەتكەنىدى، بىڭگۇر ساتقۇچىلارنىڭ ئاق ساندۇقلىرى ماڭدامدا بىر ئۇچرايتتى، تۆپىسىگە شېكەر سەپكەن نان، كاۋاپ، ئالما ۋە باشقا هەر خىل مېۋىلەر دەمسىز، ئىشقىلىپ، پۇللا بولسا بۇ يەردىن هەممە نېمىنى سېتىپ ئالغىلى بولاتتى. بوغىنى نەدە ساتسا ئالىدىكىن؟...

مۇختەر ئىشكىنى يولنىڭ چېتىدىكى دەرەخكە باغلاپ، چۆپنىڭ ئاستىدىكى بوغىنى ئېلىپ، ئادەملەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىردى.

— ماۋۇ بوغىنى ساتىمەن!

دەسلەپتە ئۇنىڭ ئاۋازى ئانچە چىقمىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلمىدى. ئۇ كۈچەپ ۋارقىرىدى:

— ماۋۇ بوغىنى كىم ئالىدۇ!
چەتتە تۇرغان دۇكاندار بالىنى چاقىردى.
— ھاي بالا، بوغاڭنى ئەكەل!
شۇ چاغدا مۇختەر يول ئۈستىدىكى بۇ دۇكاننىڭ تاملىرىغا ئېسىلغان ھەر خىل ھارۋا جابدۇقلىرى ۋە چوڭ - كىچىك بوغىلارنى كۆردى. دۇكاندار مۇختەرنىڭ قولىدىن بوغىنى ئېلىپ، ئۇياق - بۇيېقىغا ئۆرۈپ قاراپ:
— ھە، ئازراق تۇتۇلغان بوغا ئىكەن. ئوغرىلاپ كەلمىگەنسەن؟ — دېدى.
— نېمە دەۋاتىسىز؟!
— تېپىپ ئالغان ئوخشايسەن -ھە، گەپ قىل، قانچە پۇل؟
— ئۈچ كوي.
— ئاپار، ئاپار! يېڭى بوغىنى ئۈچ كويغا ساتالمايۋاتىمىز، بىر كويغا بەرسەڭ ئېلىپ تاشلاپ قوياي.
مۇختەر بوغىنى بىر كويغا بولسىمۇ ساتماقچى ئىدى. لېكىن، ئىتتىك بېرىۋەتسەم ئوغرىلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ. دەپ قالمىسۇن دەپ تارتىنىپ:
— بوپتۇ، ئىككى كويغا ئېلىڭ، — دېدى.
— بەرسەڭ بىر يېرىم كوي.
— بوپتۇ، ئېلىڭ.
مۇختەر بىر يېرىم كوينى يانچۇقىغا سېلىپ ھېسابلىدى: بۇ پۇلغا ئوتتۇز بىڭگۇر كېلىدىكەن. بىراق ئوتتۇز بىڭگۇرنى ئارقا - ئارقىدىن يېسە، ئادەم ئۆزىمۇ بىڭگۇردەك قېتىپ قېلىشى مۇمكىن — دە!
مۇختەر يىگىرمە پۇڭغا تۆت بىڭگۇر ئېلىپ يېدى، ئۇ ھېلىمۇ كۆپ ئالمىغىنىغا خۇشال بولدى. ئاخىرقى بىڭگۇرنى يېگەندە ئۇنىڭ سوغىقى مۇختەرنىڭ مېڭىسىگە چىقىپ كەتكەنىدى.



ئۇ يەنە يىگىرمە پۇڭغا ئىككى زىق كاۋاپ ئېلىپ يېدى. كاۋاپتىن يەنە يېگۈسى بار ئىدى، لېكىن بۇ چاپسان تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە ئىكەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۇزاقراق چاقىدىغانغا يەنە ئۇن پۇڭغا شىمشىكە ئالدى. ئەمدى ئۇنىڭ يانچۇقىدا نەق بىر كوي پۇل قالغانىدى. مۇختەر پۇل سالغان يانچۇقىنى تېشىدىن تۇتۇپ - تۇتۇپ قويدى — دە، ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆيىگە يول ئالدى.
ھويلىغا كىرىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىغا دادىسى چىقتى.
— موماڭنى سالامەت ئاپىرىپ قويالىدىڭمۇ ئوغلۇم؟ ھۇششەرە، ئەسقاتتى، دېگەن ماناشۇ! توختا - توختا! ئەكەل، ئېشەكنى مەن ئۆزەم چىقىرىۋېتەي.
مۇختەرنىڭ دادىسى ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى -دە، تۇرۇپ قالدى.
— ھوي ئوغلۇم، ئېشەكنىڭ بوغىسى قېنى؟
مۇختەر چۆچۈپ ئېشەككە قارىدى، راستىنلا ئېشەكنىڭ بوغىسى يوق تۇراتتى.
— چۈشۈرۈپ قويغان ئوخشىمامسەن؟ ھەي ئىسىت، تېخى يېڭىلا ئالغان بوغا ئىدى -دە!
مۇختەر يانچۇقىدىكى بىر كوي پۇلنى مىجىقلىغىنىچە، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى...

1982 — يىل — غۇلجا

# ئۆلۈككە خەت

بىزنىڭ بىر قوشنىمىز بولىدىغان، ئۇ سالام - سائەتى جايىدا، رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈيدىغان، ناھايىتى قائىدىلىك ئادەم ئىدى. پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ دوختۇرخانىدا بوغالتىرلىق خىزمىتى ئىشلەيتتى. ئۆمرى بىر تەرىپى ئېگىز، بىر تەرىپى پەس، ھەربىر زىنقچىسىدا ئون تالدىن ئۇرۇقچىسى بار كونا رۇس چوتىنى سوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئىدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ غەلىتە بىر قىلىقىنى بايقاپ قالدۇق.

باشتا بۇ ئىشقا بىزمۇ دىققەت قىلماپتۇق. مەھەللىدىكى پېنسىيىگە چىققان بىرنەچچىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك كىچىك بەندىڭلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كوۋرۇك بېشىغا يىغىلىپ قارتا ئوينايتتۇق. كۆۋرۈك يېنىدا پارچە - پۇرات نەرسە - كېرەكلەرنى ساتىدىغان بىرنەچچە دۇكانمۇ بار ئىدى. بىز قارتا ئوينىغاچ ئۆتكەن - كەچكەنلەر بىلەن سالاملىشىپ، كۆرگەن - بىلگەن يېڭىلىقلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە يەتكۈزۈشەتتۇق. ياز كۈنلىرى كۆۋرۈك ئاستىدىن گۇرۇلدەپ ئۆتۈپ تۇرغان سۇ-زۇك سۇ سالقىن شامال پەيدا قىلىپ، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. سۇ بويىدىكى يوغان بىر تۈپ قارىياغاچ كۆۋرۈك بېشىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. بىز ئۈچۈن بۇ يەر ھەرقانداق پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنىڭ باغچىسىدىن راھەتلىكرەك ئىدى . . . ھېلىقى قوشنا بىزنىڭ كۆۋرۈك بېشىدىكى ئويۇنلىرىمىزغا ئارىلاشمايتتى. بەزىدە ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ، قوللىرىنى ئىشقىلاپ «ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم» دەپ قويۇپ يېنىمىزدىن كۈلۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇھىم بىر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ بولغان ئادەملەردە بولىدىغان خۇرسەندىچىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.



بىر كۈنى بىز پېنسىيىچىلەر كۆۋرۈك بېشىدا قارتا ئويناپ ئولتۇرۇپ، ئەزىمجاننىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ قالدۇق.

— ھوي، بۇ ئادەم دائىم ئۆيىدىن چىقىپلا «ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم» دەيدۇ، زادى كىمگە خەت يازىدۇ؟ — دەپ قالدى بىرەيلەن. بىزمۇ:

— راست، ئۇ كىمگە خەت يازىدۇ؟ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەن بالىلىرى مۇشۇ شەھەردە تۇرىدۇ. باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق بولىدىغان. . . قىزىق ئىش - ھە! - دېيىشتۇق.

شۇنداق دېيىشىپ تۇراتتۇق، ئەزىمجان يەنە ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى ۋە بىزگە يېقىنلاشقاندا:

— ئۇنىڭغا يەنە بىر پارچە خەت يېزىۋەتتىم، — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

— كىمگە؟! — دېيىشتۇق بىرنەچچىمىز تەڭلا.

— خۇتۇنۇمغا. . . مېنىڭ خەت يېزىشىدىغان باشقا كىمىم بار، دەيسىلەر، — دېدى ئۇ خاتىرجەم ھالدا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. مەنمۇ چۈشۈۋاتقان قارتامدىن ئېزىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئايالى ئۆلۈپ، يىل نەزىرىسىنىڭ پولۇسىنى يەپ بولغىنىمىزغىمۇ خېلى ئايلار بولۇپ قالغانىدى. مانا مۇشۇ ئولتۇرغانلار جامائەت بىلەن بىللە رەھمەتلىكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، تاۋۇتىغا ئەگىشىپ چىقىپ يەرلىكىدە قويغانىدۇق. بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ قەبرىسىنى قېلىن شىۋاق ئوتلار بېسىپ كەتكىنى ئېنىق ئىدى.

ئەزىمجان يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ گېپىمىزمۇ قولاشماي قالدى. ئاغزىمىزدا دېمىسەكمۇ،

كۆڭلىمىزدە قوشنىمىزنى «بىچارە ئالجىپتۇ - دە!» دەۋاتقىنىمىز كۆزىمىزدىنلا چىقىپ تۇراتتى. قېرىغاندا شۇنداق كۈنلەرگە قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن! ... ئويۇنىمىزمۇ ئويۇن بولماي قالدى، قارتىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرىدۇق.

× × ×

بۇ گەپ شۇ كۈنىلا ئۆيدىكى خوتۇنلارنىڭ قولىقىغا يەتتى. خوتۇن خەق دېگەن يەنە تۇرمۇشنى باشقىچە مۇلاھىزە قىلىدىغان جامائەت - دە.

— ۋاي بىچارە، يالغۇزلۇقتا غېرىبسىنىپ، تازا زېرىكىپتۇ- دە! — دېدى ئايالىم.

— زېرىكىپتۇ!؟... بىز ئايىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپيىشتۇققۇ.

— ئوھوش... توپتوزۇكلا ئادەم ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق نېمىدەپ ئايىنىپ قالاتتى، زېرىككەن گەپ!

— نېمىدىن زېرىكىدۇ؟

— نېمىدىن زېرىكەتتى، ئۇ ئادەم سىلەرگە ئوخشاش دوقمۇشقا چىقىپ قۇرۇق گەپ سېتىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى بىلمىسە، ئۆگچە قورۇدا، ئۆت تامنىڭ ئىچىدە يالغۇز يېتىپ، يالغۇز قوپۇپ زېرىكمەمدۇ؟... قولۇم - قوشنا بولغاندىن كېيىن مۇڭدىشىپ ياتقۇدەك بىرەر لايىقنى تېپىپ، بۆيلەپ قويساڭلار بولمامدۇ...

ئەتىسى كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلغاندا ئاغىنىلەرگە ئايالىمنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىنى يەتكۈزدۇم. قىزىق يېرى، خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ھەممەيلەننىڭ ئۆيدىكىلىرى شۇ گەپنى قىلىپتۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا، بىز ئەر خەقلەر بەزى ئىشلارغا



كەلگەندە ھەقىقەتەنمۇ كالتە پەم ئوخشايمىز... شۇنىڭ بىلەن قارتا ئويناشنىمۇ ئۇنتۇپ، قىزىق مەسلىھەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. شۇ ئەتراپتىكى ئۆزىمىز بىلىدىغان تۇل خوتۇنلارنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ ئاتاپ چىقتۇق.

— بىزنىڭ ئۆينىڭ يېنىدىكى ھېلىقى مۇئەللىم بالا قانداق؟ - دېدى بىرەيلەن، - بالىسىمۇ يوق. چالا - پۇچۇق بىر ئەرگە تېگىپ چىقىپ كەتكىنىنى دېمىسە قىز دېسىمۇ بولىدۇ.

— بولمايدۇ، ئۇ بەك ياش! - دەپ قەتئىي رەت قىلدۇق باشقىلار.

— ئاۋۇ تۇداخۇن ناۋاينىڭ قورۇسىدىكى سەتەڭچۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن، - كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ - دە، كاساپەتنىڭ...

— قويۇڭلار، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — ئۇ كوچىدىن كىرمەيدىغان ئابدال خوتۇن. تونۇشتۇرىدىغان بولغاندىن كېيىن ئوبدانىراق بىرىنى تاپايلى.

— ماۋۇ داۋالاش پونكىتىدىكى ھېلىقى ئوكۇل ئۇرىدىغان چوكانچۇ؟... ئېرى ئۆلۈپ كەتكىنىگىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدى.

— ئۇغۇ بولىدىغان پاكىز ئايال. بىراقتا، بالىلىرى جىقدە، قوشنىمىزغا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرەرمىزمىكىن.

— ھە، راست، مانا مۇنۇ دوقمۇشتىكى ماشىنىچى خېنىمنىڭ گېپىنى قىلمايسىلەرغۇ؟... پاھ سىمىزلىكى، ئۇنىڭ يېنىدا جاڭ - جاڭ سوغۇقتا يوتقان يېپىنماي ياتساڭمۇ تەرلەپ چىقىسەن...

— يېشىمۇ قىرىقتىن ئېشىپ قالغان، تازا باپ خوتۇن. بىراق، ھالى چوڭ...

ئۇ بىرنېمە دېدى، بۇ بىرنېمە دېدى. ئاخىردا بىرەيلەن:

— ئاغىنىلەر، ئاۋۋال ئەزىمجاننىڭ ئۆزى بىلەن بىر پاراڭلىشىپ، ئۆيلىنىش خىيالىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىپ باقايلى جۇمۇ. بولمىسا، سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپ قالغاندەك ئىش بولمىسۇن! — دېدى.

بۇ گەپنى ھەممىمىز توغرا تاپتۇق. مۇنداق ئىشلارنى گۇلگە كەلتۈرۈۋېتىدىغان گېپى يۇمشاق، شىرىنچان دەيدىغان بىر دوختۇر بار ئىدى. ئۇمۇ ئىلگىرى ھېلىقى قوشنىمىز بىلەن بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، كۆۋرۈك يېنىغا بىر دۇكان ئېچىپ، سەكسەن خالتا قىلىپ، كەسىپنى تېبابەتچىلىككە ئۆزگەرتىۋالغانىدى. بۇ ئەتراپتىكى ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسەتمىگەن ئادەمنىڭ تايىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى كۆپرەك يىراق سەھرا، قىرلاردىن كېلەتتى. دورىلىرىنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ دۇكىنىنىڭ تاملىرىغا قۇرۇتۇلغان پاقا، كەسلەنچۈك، ئېيىق تاپىنى، يىلان قاسراقلىرى دېگەندەك نېمىلەرنى ئېسىۋېتەتتى. خېرىدار يوق چاغلاردا ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ، ئويۇنىمىزغا ئارىلىشىپ قالاتتى. دوختۇرنىڭ ئۆيىمۇ ئەزىمجان بىلەن تام قوشنا ئىدى. ئۇ:

— بولدى، بۈگۈن كەچتىلا مەن ئۇ ئاغىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، پاراڭلىشىپ باقاي، — دېدى.

ئەتىسى ھەممىمىز كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلغاندا دوختۇردىن:

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدۇق.

— راستىنلا ساراڭ بوپتۇ! — دېدى ئۇ.

ئۇقساق، دوختۇر كەچكە يېقىن ئەزىمجاننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرا - چىقارمايلا ئەزىمجان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟... خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالدىغان بۇ ئىش ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىغىمۇ سىغامدۇ؟



ھەر قايسىڭ قوشنا تۇرۇپ، مېنى مۇشۇنداق يامان ئىشقا سالا قىلىشالىڭ بولامدۇ؟... شۇڭلاشقىمۇ سەن خەققە ئارىلاشمايتتىم، چىقە ئۆيۈمدىن! — دەپ دوختۇرنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. «تۇۋا! — دېيىشىپ ياقىمىزنى تۇتۇشتۇق، — خوتۇنى ئۆلگەنگە ئىككى يىل بولاي دېگەن ئادەم ئەمدى ئۆيلەنسە قانداقمۇ خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالغان بولىدۇ!؟»...

— ھوي ئاغىنىلەر، ھەيران بولماڭلار، — دېدى دوختۇر، — بۇمۇ بىر خىل روھىي كېسەل. مەن شۇنداق قارىسام، بىزنىڭ ئەزىمجان بىچارىنىڭ خوتۇنىنى جامائەت بىلەن نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويۇپ كەلدۇق، دەيمىز. ئەمما، ئۇ خوتۇنىنىڭ روھى ھازىرغىچە ئەزىمجان بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك قىلىدۇ... تۈنۈگۈن ئۇ قوشنامنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، تامغا رەھمەتلىك مەرىيەمنىڭ يوغان بىر رەسىمىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۆزى گىلەم ئۈستىدە ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ئايالىغا قاراپ ياتىدۇ. مۇنداق ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزى بىلەن بىللە تۇرغاندەك ھېس قىلىۋېرىدۇ. خوتۇنى بىلەن ھەر كۈنى غايىبانە سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۆزىگە تەسەللى تاپىدۇ. ئۇ سىز بىلەن بىز ئويلىغاندەك ھەرگىزمۇ يالغۇز ئەمەس. ئۇنى ئارامىدا ياشىغىلى قويايلى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى قوشنىمىز بىلەن كارىمىز بولمايدىغان بولدى. بەزىدە قارتا ئويناۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قېلىپ، «ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم» دەپ قالسا، «ھە، ئوبدان بوپتۇ!» دەپلا قويىدىغان بولدۇق.

ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتمەي ئۇ قوشنىمىزمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. يەرلىكىنى ئايالىنىڭ قەبرىسى يېنىغا كولاپ دەپنە قىلدۇق.

× × ×

دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ ئۆلۈممۇ بۇ ئالەمنىڭ بىر قىزىقى ئوخشايدۇ. ھېلىقى قوشنىمىز شۇ ئۆلۈپ كەتكەنچە ئۆلۈپ كەتكەن بولدى. لېكىن، بىزنىڭ قارتا سورۇنىمىزدا ئۇزاققىچە ئۇنىڭ غەلىتە قىلمىقلىرى توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ تۇردى.

بىرى:

— ھېلىقى رەھمەتلىك ئەزىمجاننى خوتۇنىنىڭ يېنىغا كۆمگىنىمىز ياخشى بولدى. باشقا يەرگە كۆمگەن بولساق گۆرىدىمۇ خاتىرجەم ياتالمايتتى، — دېسە، يەنە بىرەيلەن:

— بۇ چاغقىچە ئۇ ئاغىنىمىز ئىچ گۆرىنى تاتىلاپ تېشىپ، خوتۇنىنىڭ قېشىغا چىقىۋالدىغۇ دەيمەن، — دەيتتى. يەنە بەزىلەر:

— تۇۋا! ئەزىمجان شۇ چاغدا خوتۇنىغا راستلا خەت يېزىپ يۈرگەن بولغىيدىمۇ؟

— خەت يازغان بولسا، ئادرېسىنى نېمىدەپ يازغان بولغىيدى؟

— «ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنۇم مەريەمخانغا تەگسۇن»، دەپلا سالغان بولسا، پوچتىكەشلەرمۇ بۇ خەتنى نەگە ئاپىرىشنى بىلمەي تازا بېشى قاتقاندۇ؟

— ئايروپىلان زاكاز قىلغاندىمۇ ياكى... دېيىشىپ، چاقچاق ئارىلاش مۇلاھىزە قىلىشاتتى. ھېيت - ئايەملەردە تۇپراق بېشىغا چىقىپ قالساق، ئەزىمجاننىڭ بېشىغا بېرىپ، قۇرئان ئوقۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمايتتۇق.

بىر كۈنى كۆۋرۈك بېشىغا ئاغىنىلەردىن بۇرۇنراق بېرىپ قاپتىكەنمەن، دوختۇر دۇكىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ مېنى چاقىردى. يېقىنلاپ بېرىۋىدىم، ماڭا قاراپ كۈلۈپ:



— قوشنىڭىزنىڭ خەتلىرىنى ئوقۇپ باققۇڭىز بارمۇ؟ — دېدى.

— نېمە خەت، قايسى قوشنىنىڭ؟ — دېدىم مەن.

— ھېلىقى رەھمەتلىك ئەزىمجاننىڭ خەتلىرىنىچۇ؟

— نېمىدەۋاتىسىز؟ ئۇ راستىنلا خەت يېزىپ تۇرغانمىكەن، سىزنىڭ قولىڭىزغا قانداق چۈشۈپ قالدى؟

ئەسلىدە، ئەزىمجان جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغاندا دوختۇر ئاغىنىمىز ئۇنىڭ بېشىدا ئىكەن. رەھمەتلىك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن بىر بولاقنى ئېلىپ، دوختۇرغا سۇنۇپ:

— ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۇنتۇماي يەرلىكىمگە كۆمۈۋېتىڭلار، ماڭا قىلغان قوشنىدارچىلىقىڭلار شۇ بولسۇن، — دەپتۇ.

بۇنىڭ ھېلىقى مەريەمخانغا يېزىلغان خەتلەر ئىكەنلىكىنى دوختۇر چۈشىنىپتۇ. بىز «ئەزىمجان ئايالىغا راستىنلا خەت يېزىپ تۇرغان بولسا، ئۇنى پوچتىغا سالغانمىدۇ، زادى نېمە قىلغاندۇ؟» دەپ ئەقلىمىزنى يەتكۈزەلمەي كېتىپتىمىز، بايا ئۇ يازغان خەتلىرىنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا خوتۇنىغا ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن يىغقانىكەن. دوختۇر بۇ خەتلەر توغرىسىدا ئەزىمجاننىڭ بالىلىرىغىمۇ ئۇنچىقماپتۇ. ئەزىمجان دېگەندەك ئۇنىڭ بىلەن بىللىمۇ كۆمۈۋەتمەپتۇ.

— توپىغا كۆمۈۋەتكەن بىلەن چىرىپ تۈگەيدۇ شۇ! — دېدى دوختۇر، — مانا بۇ خەتلەرنى قوشنىمىزدىن خاتىرە بولۇپ قالسۇن، دەپ ساقلاپ قويدۇم. سىزگە بېرەي، ئوقۇپ بېقىڭ. خېلى قىزىق گەپلەر بار. ئەمما، بىر شەرت، ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىراۋنىڭ سىرىنى باشقىلارغا يېيىپ يۈرۈش ياخشى ئىش ئەمەس. ئوقۇڭ - دە، مەزمۇنىنى ھېچكىمگە تىنماڭ!

دوختۇر پاكىز يىپەك رەختكە ئورالغان بىر بولاقنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. بىزنىڭ ھەممىمىزدە مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ مەخ-

پىيەتلىكنى بىلىشكە ئوتتەك قىزىقىدىغان بىر مىجەز بولدى. ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئەتتىم — دە، خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

× × ×

«مەريەم!

يېقىندىن بېرى پات — پات چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈشەكىسەملا چۈشۈمدە سېنى كۆرىمەن. سېنى كۆرمەي كىمنى كۆرەتتىم، دەيسەن؟ ئويلاپ باقسام، دۇنيادا سېنىڭدىن باشقا يېقىنراق ئادىمىمۇ بولمىغانىكەن... باللارنى باقتۇق، چوڭ قىلىپ ئۆيلۈك — ئوچاقلىق قىلدۇق، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، بىزگە ئىشىنىدىغانغا چولىسى تەگمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىرىدا يەنە ئىككىمىز يالغۇز قېلىپ قالدۇق، سەنمۇ مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدىڭ. سەندىن ھەرگىز رەنجىمەيمەن، بۇنىڭ ھەممىسى يارىتقان ئىگىسىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىشلار. دۇنيادا نېمە ئارمىنىم قالدى دېسەڭ، ئۇ دۇنياغا سېنىڭ بىلەن بىللە كەتمىگەنلا ئارمىنىم قالدى. سەن كېتىپ تولىمۇ غېرىبسىنىدىم.

... يېقىندىن بېرى كۆڭلۈم يەنە كۆتۈرۈلۈپ قالدى. چۈشۈمدە بولسىمۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئويغانسامۇ ئۆيىنىڭ بىر يېرىدە يەنە سەن ماڭا قاراپ ئولتۇرغاندەك، بازارغا مېڭىۋاتقىنىمدا، يەنە ئادىتىڭ بويىچە: «قاراڭ، بىرنېمىلەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ يۈرمەڭ، قىلىدىغان سودىلىقىڭىزنى بىر قەغەزگە يېزىۋېلىڭ، پۇلنى مەھكەمرەك يەرگە سېلىڭ، يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىڭ!» دەپ جىكىلەۋاتقاندەك تۇيۇلىسەن. ۋاي — ۋۇي! مەن بىر يەرگە بارماقچى بولسام، سەن خۇددى مېھرىبان ئانا كىچىك بالىسىنى يولغا سالغاندەك، شۇنداق قىلىدىغان ئىشلارنى



جېكىپ ئۇزىتىپ قالاتتىڭ. ئۆمرۈڭ مېنى كۈتۈپ، مەن ئۈچۈن پايپاسلاپ ئۆتتى. مېنىڭ سالامەتلىكىمدىن ئەنسىرەپ يۈرۈپ تويۇقسىز يىقىلدىڭ — دە، مەندىن بۇرۇن ئالەمدىن كەتتىڭ. قارىغاندا، ئەمدى مېنى يالغۇز قالدى دەپ قەبرەڭدىمۇ خاتىرجەم ياتالمايۋاتقان ئوخشايسەن. روھىڭنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. ئاخشام ئىشىكلەرنىڭ يېنىك غىچىلداپ قىيا ئېچىلغانلىقىنى، سېنىڭ شىپىرلاپ يېنىمدىن ئۆتكەن ئاياغ تىۋىشىڭنى ئېنىق ئاڭلىدىم. ئويغانسامۇ، ئۇخلىسامۇ سېنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ھېس قىلىدىغان بولدۇم...»

× × ×

«مەريەم!

قالايمىقان چۈش كۆرۈپ ياخشىراق ئۇخلىيالمىدىم، دەپ داتلايدىغان ئادەملەرگە ھەيرانمەن. چۈش كۆرمىسە ئۇيقۇنىڭ نېمە لەززىتى؟!... كېچە مەن ئاجايىپ چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە سەن ياشىرىپ، بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، نېپىز يىپەك كۆڭلەك بىلەن ئالدىمدا تۇرغۇدەكسەن. ھە، جەننەتتىكى ھۆرلەر شۇنداق كىيىنىدىكەن — دە! دەپ ئويلىغۇدەكمەن. شۇ چاغدا، كېپىنەكتەك پەرۋاز قىلىپ، شۇنداق چىرايلىق ئۇسسۇلغا چۈشۈپسەنكى، ئاغزىمنى ئېچىپ ھەيرانلا قاپتىمەن...

ياش ۋاقتىڭدا ئانچە — مۇنچە ئۇسسۇل ئوينايدىغىنىڭ ئېسىمدە، بۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدىكى گەپ ئىدى. ئۇ كەملەردە ھەربىر مەھەللىدە دېگۈدەك سەنئەت كۇرژۇكلىرى بولىدىغان، سېنىڭ ئارتىس بولۇپ، باشقىلارغا ئوخشاش سەھنىلەرگە بىر چىقىپ باققۇڭ بار ئىدى. ياشلىقتا ئادەمنىڭ شۇنداق غەلىتە — غەلىتە ئارزۇلىرى بولىدىغان بولسا كېرەك. مېنىڭمۇ ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، قاپقارا بۇرۇت قويۇپ، ياخشى ئارغىماق-

تىن بىرنى مىنىپ، مەھەللىنىڭ كوچىلىرىدىن بىر ئۆتۈپ باققۇم كېلىدىغان . . . كېيىن توي قىلدۇق، بالىلىق بولدۇق، تۇرمۇشنىڭ ئاۋارىچىلىكىگە بېشىمىزچە پاتتۇق؛ ھېلىقى خىياللىرىمىز نەلەردە قالدى، ئۇنتۇپلا كەتتۇق.

ئادەم ئۆلۈپ قايتا تىرىلدۇ، دېگەن سۆزگە ئىشەنمەن. بۇ ئالەمدىن بالدۇرراق خوشلىشىپ قېشىڭغا قايتىپ بېرىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلمەن. ماڭا ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىدىكى ھۆر-پەرىلەردىن كۆرە چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، تۇرمۇش مۇشەققىتىدىن چىرايلىرىنى قورۇق باسقان بولسىمۇ، يەنە كۆزلىرىدىن ساداقەتلىك، مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆزۈڭ بولمىساڭ بولمايدۇ. »

× × ×

« . . . كېچە سەن مەندىن بالىلارنى سوراپ قالدىڭ. تۈن شۇنچە قىسقا، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتىپ ئۈلگۈرمەيلا غايىب بولىسەن. قالغان گەپلەرنى ساڭا خېتىمدە يازاي.

بالىلار پات - پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ. قىزلار كىر - قاتلىرىمنى يۇيىدۇ. دادا، سىزگە يالغۇزلۇقتا ئېغىر بولدى، بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ بېرىڭ، بىللە تۇرايلى، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت. ھازىرچە تېنىم ساق. ئىش-كۆشلىرىمنىڭ ھۆددىسىدە چىقىشقا چامىم يېتىدۇ، ئاناڭلا تۇتقان ئۆينىڭ چىرىغىنى مەن بولسامىمۇ ئۆچۈرمەي تۇراي، دەيمەن. بىر كۈنى ئوغلىمىز: بولمىسا مەن سېنىڭ يېنىڭغا كۆچۈپ كېلەي، دېدى. ئۇنىڭغىمۇ: بولدى قىل، بۇ كىچىككىنە قورۇنىڭ نەرىگە پاتىمىز، رەھمەت! دېدىم. بالىلار ئۆزىمىزنىڭ بولغان بىلەن كۈيئوغۇللار، كېلىنلەر يات، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مىجەز - خۇيى بار - دە! . . . مېنىڭ يالغۇز



ئەمەسلىكىمنى، سېنىڭ ھەر كۈنى كەچتە كېلىدىغانلىقىڭنى ئۇلارغا قانداقمۇ ئېيتقىلى بولسۇن! . . . شۇ يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىمەن؛ سەن چۈشۈمگە كىرىپ تۇرىدىغان، ئۆزۈم يېگانە يېتىپ تاتلىق خىياللارنى سۈرىدىغان شۇ ھالەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى خالىمايمەن.

. . . بالا دېگەن يەنە بالا - دە! يېقىندىن بېرى ئىككى قىزىڭ ئۆيگە تاپ باستۇرماي كېلىپ: ئاپام تۇتقان مۇنۇ نان تەڭلىسىنى مەن تۇتۇپ قالاي. . . ئاپان تۇتقان ئاۋۇ چىنە - تاۋاقلار ماڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن. . . رەھمەتلىك ئاپام بىر قېتىم ماڭا ماۋۇ پەلتورىمىنىڭ پاسونى كونا بولغان بىلەن، سوكناسى ياخشى. ساڭا باشقىدىن ئۆڭلىتىپ بېرىمەن دېگەن . . . دەپ قولىغا چىققان نېمىنى ئېلىپ مېڭىپ، ئۆينى خېلىلا قۇرۇقداپ قويىدى. ئوغۇل كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قىزلارنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ! دەپ ئاچچىقلاپ: ئۇنداق بولسا ماۋۇ گىلەمنى بولسىمۇ مەن تۇتۇپ قالاي، دەپ بىر پارچە گىلەمنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ كۆزۈم يۇمۇلىدىغان بولسا، بۇلار مۇشۇ قورۇ - جايىنىمۇ تالىشىپ ئۆلۈشىدىغان ئوخشىمامدۇ، دەپقالدىم. ئەگەر ھېلىقى كۆمۈپ قويغان نەرسىمىزنىڭ تىنۇشىنى چىقىرىدىغان بولسام، بۇ بالىلارنى جېدەل-ماجىراغا سېلىپ، تىرىك تۇرۇپلا كۆڭۈل ئاغرىقىغا پېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، دېگەن ئوي خىيالىمغا كەلدى.

بىر ئىشقا ھەيران بولدۇم. ئۇلار ئۆيدىن شۇنچە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېتىشتى (مەيلىغۇ، بىزدىن قالسا شۇلارغا قالىدۇ) . سېنىڭ تامدىكى ھېلىقى رەسىمىڭنى ھېچقايسىسى تالىشىپ باقمىدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن - بالىسىنىڭ رەسىمىنى ئاسىدۇ، دېگىنە. ياكى ئۇلار مېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ ئايىغاندۇ. . . »

× × ×

«. . . سېنىڭ ھېلىقى دوستۇڭنى مۇنچىۋالا لاۋزا خوتۇن دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ئالدىنقى كۈنى ئۇ دەرۋازىنى قاقمايلا ھويلىغا بەخۇدۇك كىرىپ كەلدى. خۇشال بولۇپ، ئالدىغا چىقىپ ئۆيگە باشلىدىم. ئۇ قاتلىشىپ كەتكەن ئېگىز ئۆتۈكىنى پەگاغا سېلىپ، ئۈستىدىكى چەت ئەلنىڭ كېلەڭسىز ئېغىر پەلتوسىنى ئىلغىغا ئېسىپ (ھازىر مۇشۇنداق كىيىنىدىغان مودا چىقتى)، ئالدىرىماي كېلىپ، قېلىن كۆرپىگە ئولتۇردى. خۇددى ساڭا ئوخشاشلا ئالدىغا داستىخان سېلىپ، قەنت - گېزەك بىلەن چاي بەردىم. ئۇ ھەربىر بارمىقىغا ئىككى - ئۈچتىن ئۈزۈك سېلىنغان قوللىرى بىلەن ناۋات سېلىنغان چاينى قوشۇقتا ئىلەشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، شۇنچىلىك تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدىكى، ئۆيگە كىرىڭ، دېگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ قالدىم. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇ مېنى ئۆيلىنىۋېلىشقا سالا قىلىپ كەپتۇ.

— ئەزىمجان، رەھمەتلىك دوستۇم مەريەم ياخشى مەزلۇمتى، ئىككىمىز ياخشى ئۆتكەن. . . - دەپ گەپنى باشلاپ كېلىپ، تۇيۇقسىزلا قوشاق قېتىپ: - ۋاي شۇ دوستۇمغا بەرگەن قازانى ماڭا بەرگەن بولساڭچۇ ئىلاھىم. . . ۋاي ياخشىلار كېتىپ، يامانلار قالدىغان ئالەمكەنغۇ بۇ خۇدايىم. . . — دەپ يىغىنى سالدى. ئاران تۇرغان ئادەم كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، مەنمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. ئارقىدىنلا ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئەمدى ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولمايدۇ، ئەزىمجان. سىلىنىڭ مۇنداق يالغۇز يېتىپ، يالغۇز قوپۇپ، ياش چوڭ بولغاندا قازان بېشىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇدۇرۇپ يۈرۈشلىرى كېلىشمىگەن ئىش. مەريەم تۇتقان بۇ ئۆينى لايىقىدا



بىرى كېلىپ ئاۋات قىلسۇنمىكىن، دەيمەن، — دېدى.

— ماڭا قاراڭ، مەريەم تېخى يېقىندىلا كۆز يۇمدى، مەن خوش بولاي، مۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلماڭ، ئۇنىڭ روھى قورۇنىدۇ، - دېدىم. ئۇ:

— يىلى توشسۇن، قىرىقى ئۆتسۇن، دەيدىغانغا سىلى بىر خوتۇن كىشىمتىلا؟ — دېۋىدى،

— ئۇ گەپلىرىڭىز راست، بەزى نائىنساب ئادەملەر خوتۇنى ئۆلۈپ قىرىقى توشا - توشمايلا ئۆيلەنگىلى قوپىدىكەن، — دېسەم، ئۇ نېمە دېدى دېمەمسەن؟

— قىرىقىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆيلەنسىغۇ خېلى ئىنساپ قىلغىنى، مانا مېنىڭ رەھمەتلىك ئېرىمنى ئالسىلا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى ئۆلۈپ، ئەتىسى مەھەللىدىكىلەر بىلەن پەتىلەپ كىرسەملا ماڭا كۆزى چۈشۈپتىكەن، مەريەم ئۆلۈپ يىلىدىن ئاشتى ئەمەسمۇ؟! — دېدى.

دوستۇڭ دەپ يۈزىنى قىلمىغان بولسام ئۆيدىن قوغلا چىقارغان بولاتتىم. نائىلاج، چىشىمنى چىشلەپ ئولتۇردۇم. ئەگەر يات بىر خوتۇن بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتىدىغان بولسام، (ئۇنداق كۈننى خۇدا كۆرسەتمىسۇن!) سېنىڭ گۆرىڭدە ئۆرە ئولتۇرىدىغىنىڭنى ئۇ نەدىن بىلسۇن!. . .

— ماڭا قارىسىلا، — دېدى ئۇ خىيالىمنى بۆلۈپ، — بىر ماشىنىچى دوستۇم باتى، شۇنى سىلىگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، دەپ كىرىشىم. ئۆزىنى باشلاپلا كېلەيمىغۇ، دېۋىدىم، ئۇنداق قېلىن - قېتىشلاردىن بولمىغاچقا «ياق» دەپ ئۇنىمىدى. ياش قۇرامىمۇ سىلىگە تازا باب. بىر كۆرۈپلا كۆڭۈللىرى يۇگۇرمىسە مانا مەن. كېچىسى ئاش - تاماقلىرىنى ئېتىپ، خىزمەتلىرىدە بولىدۇ، كۈندۈزى ماشىنىچىلىق قىلىپ پۇل تاپىدۇ. تۇل خوتۇن، پۇل خوتۇن، دېگەن مانا شۇ. . . گەپ قىلمايلىغۇ؟ بولمىسا پەس كۆۋرۈكتىكى پەزىلەتخان قارا قاشقا

مېڭىپ باقايمۇ يە؟ دۇتار دېگەننى شۇنداق چالىدۇ. رەھمەتلىك دوستۇم مەريەممىغۇ ئەرنى كۈنۈشنى بىلەتتىيۇ، يەنە سەھرا قىزىتى ـ دە! ئەرنى كۈتۈش دېگەننى مانا پەزىلەتخاندىن سورىسىلا، تالادىن كىرسىلە ئاستىلىرىغا قوشلاپ كۆرپە سېلىپ، پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ، دۈمبىلىرىنى مۇشتلاپ ھاردۇقلىرىنى چىقىرىدۇ؛ ئىچلىرى پۇشسا دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچىدۇ. ئۇسسۇلغىمۇ قالتىستى بۇ دوستۇم، ھازىر سەمرىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ياش، دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرۈيدىغان يىڭناغۇچتەك بېلى بار ھازىرقى ئىنجىقلاردىن ئۆلۈكى ئارتۇق...

شۇنداق ئاغزى بېسىلماي بىر كۈن ۋالاقشىدى. نېمە دېيتتىم.

— قېنى، ئويلىشىپ باقاي، — دەپ يولغا سالدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن قارىسام، ئۇ دوستۇڭ يەنە يەڭدەك قاشلىقنى ئېتىپ، يۈزىنى پەرەڭدەك بوياپ، غىتىلداپ مېڭىپ، بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ، قانداق قىلىدىكىن، دەپ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى تامغا چاپلىشىپ تىككىدە تۇرۇۋالدىم. دەرۋازىنى ئىتتىرىپ، قېقىپ ئاچالماي:

— ماۋۇ ئادەم قايسىبىر كېسەك ئالتۇنلىرىنى قىزغىنىپ، كۈندۈزدىمۇ دەرۋازىسىنى مەھكەم ئېتىۋالدىكىنا! — دەپ غۇدۇرىغىنىچە كېتىپ قالدى.

ئالتۇننىڭ گېپى چىقىۋىدى، چۆچۈپ كەتتىم. ئاشۇ دوستۇڭنىڭ ماڭا باشقىلارنى سالا قىلىشى يالغانمىكىن، دەيمەن. بىر ئامال قىلىپ مېنى ئازدۇرۇپ، ئۆزى تېگىۋالماقچى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭ ھېلىقى كۆمۈپ قويغان نەرسىلىرىمىزدىن ئازراق خەۋىرى بارمۇ، قانداق؟... شۇ سىرىق ئىنجىستىن ئەجەب بىزار بولدۇم. ئاكام رەھمىتى ئۆزىگە تەگكەن مىراسلارنى سېتىپ يەپ بولۇپ، يەنە مەندىكى شۇ نەرسىلەرنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئازارلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ھې-



لىقى قالايمىقانچىلىق يىللاردا ئۇنى نەگە يوشۇرۇشىمىزنى بىلمەي كۈنىمىز ئەندىشىدىلا ئۆتكەنىدى. ئاخىرىدا، يەرگە كۆمۈۋېتىپلا قۇتۇلدۇقمىكىن دېسەك، ئۇنىڭ دەككە ـ دۈككىچىلىكى ئۆلگۈچە تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ...»

× × ×

«... كېچە چۈشۈمدە سېنى ناھايىتى مەيۈس ھالدا كۆردۈم. سەن ناھايىتىمۇ يىراقتىن ماڭا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەكسەن، شۇنچە شەرەتلىسەممۇ يېنىمغا كەلمىگۈدەكسەن. چىرايىڭدىكى قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، چاچلىرىڭدىكى ئاقلار كۆپىيىپ كېتىپتۇ. مەريەم نېمانچە مۇڭلۇق، دىلى سۇنۇق كۆرۈنىدۇ، دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئويغىنىپمۇ قولۇم ھېچ ئىشقا بارمىدى. كەچكە يېقىن، تامدىكى سۈرىتىڭگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتسام، ھېلىقى تام قوشنىمىز — ساختىپەز دوختۇر:

— ئوھوي ئەزىمجان، مۇشۇنداق ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ، مەريەمخاننىڭ رەسىمىگە قاراپلا ياتىدىغان گەپما؟ — دەپ كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ شېرىپچان، تازا مىجەزىم يوق... — دېدىم.

بۇ دوختۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىمۇ تېخنىكىسى تايىنلىقتى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن كۆۋرۈك يېنىدىكى بازارغا دۇكان ئېچىپ، ئۆزىچە تېۋىپمەن، دەپ تومۇر تۇتۇپ ئادەم ئالدايدىغان بولۇۋالدى. ئاغزىغا قارىساڭ ھەرقانداق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىمەن، دەيدۇ، ئۆزىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالسىمۇ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بارىدۇ... دوختۇر كۆيۈنگەندەك قىلىپ يېنىمغا چىقىپ، كىرپىكلىرىمنى قايرىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، تومۇرۇمنى تۇتتى.

— سىزدە ھېسسىي مۇشتەرەك قالايمىقانلىشىپتۇ. پېشقان

گۆشنى قېتىقتا مىلەپ يەپ بېرىڭ. كۆڭلىڭىز كۆتۈرسە ئىتنىڭ جۈمە كۈنى مايالقىلىغان نىجاستىنى قۇرۇتۇپ ... باشنىڭ يېرىمى ئاغرىيدۇ دەمسىز؟ ھە بۇنى تېبابەتتە شەقىقە دەيمىز... ئاياللارغا قىزىقمىغىنىڭىزغا قارىغاندا سىزدە قۇۋۋىتى ھايۋانىمۇ پەسىيىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ دورىسى مەجۇنى لوبۇبى ئەسرارىئەتتىبىيا، مەجۇنى مادەتولھايات بولسىمۇ بولىدۇ. شەربىتى شۆرىغانى، ھە، ياق، شاتەررەئەرەقى ئىچىپ باقامسىزيە؟!... — دەپ قانداقتۇر شەربەتلەر، مەجۇن، ئارىلاشما بالايى - بەتەرلەرنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا ئاغزىغا كەلگەننى كاپشىغىلى تۇردى. ئاندىن، — ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز ئەزىمجان، داۋالاشنىڭ ھەرقانداق ئۇسۇلى تاماق بىلەن داۋالاشقا يەتمەيدۇ. مانا، ئۆيىڭىزدە ئەلۋەتتە خامنى پىششىق، سوغنى ئىسسىق، پاسكىنىنى پاكىز قىلىپ بېرىدىغان بىر ئايال ھەمراھىڭىز بولۇشى كېرەك - دە! — دەپ ئۆزىنىڭ قېشىمغا كىرىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى.

گېپىنىڭ ئۇرامى — كۆۋرۈك بېشىغا ئۇلىشىپ قارتا ئوينايدىغان ئاغىنىلەر مەسلىھەتلىشىپ، بېشىمنى ئوڭلاپ قويماقچى بولۇشۇپتۇدەك. تام قوشنا بولغاچقا دوختۇرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇزاقتىن بېرى مېنىڭ غېمىمنى يەپ يۈرۈپتۇدەك... كېيىن ئۇ نېمىلەرنى دېدى، قۇلىقىمغىمۇ كىرمىدى. خىيالىم يىللارنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارغا كەتتى.

ھېلىقى ئەنسىز كۈنلەر ئېسىڭىزدىدۇ؟ شۇ چاغدا مېنىمۇ تەركىبى يۇقىرى، دەپ «تۆت خىل ئۇنسۇر» لارنىڭ ئارىسىغا قېتىپ قويۇشقانىدى. ھەر كۈنى كۈرەش يىغىنىدا ئۆرە تۇرۇپ، كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايتتۇق. ھېلىقى كېچە - كېچىلەپ دۇمباق چېلىپ، داس - چېلەكلەرنى داراڭشىتىپ چىقىدىغان يەجۇج - مەجۇجىلەر ھېلى بىرىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشسا، ھېلى بىرىنى باغلاپ كېتىشەتتى... بىر



كۈنى، يېرىم كېچىدە ئۇلار بىزنىڭ دەرۋازىنى گۇمباڭشىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئىككىمىز چۆچۈپ ئويغىنىپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي ئۆينىڭ ئىچىدە پىرقىراشقا باشلىدۇق. سەن مېنى تۇتۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ قورقۇپ كەتكەنىدىڭ؛ مەن ھېلىقى نەرسىنى ئاختۇرۇپ تېپىۋالسا بېشىمىزغا بالا بولامدىكىن، دەپ ھودۇقاتتىم، ئېسىمنى يىغىپ:

— مەريەم بول، ھېلىقى نەرسىنى نەگە قويغانىدىڭ، ھېلىقىنى؟ — دەپ ئالدىراتتىم.

— نېمىنى دەيسىز، نېمىنى؟ — دەپ ئېسىڭگە ئالالماي كەتتىڭ.

— ھېلىقى دەرھال بىرنېمىگە ئەسقىتىپ قالار، دەپ كۆمگەن نەرسىلەردىن ئايرىپ قالغان نېمىنىچۇ؟

— ھە، مانا، مانا... — دەپ كىچىك تېرە خالتىنى تېپىپ ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدۇڭ.

دەرۋازا تېخىمۇ قاتتىق تاراقشىغىلى تۇرغانىدى، ھويلىغا چىقىپ، تېرە خالتىنى تەۋەككۇل قىلىپ ئۆگزىگە ئاتتىم - دە، دەرۋازىنى ئاچتىم. بىرنەچچە قول چىرىغىنىڭ يورۇقى كۆزۈمگە تەڭلا چۈشتى.

— ئۆيۈڭدە سىرتتىن كېلىپ قونغان ئادەم بارمۇ؟ — دېدى ئۇلار.

— يوق، — دېدىم.

ئۇلار ھويلىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا، ئۆينىڭ ئىچىگە بىر قور كۆز يۈگۈرتتى - دە، كېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاستا شوتىنى قويۇپ، ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام، ھېلىقى خالتا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ. نېمە گەپ بولدى، ئاخشام قورقۇنچلۇقتا قاتتىقراق ئاتقان بولسام قوشنىلار تەرەپكە چۈشۈپ كەتتىمۇ، قانداق؟ دەپ دوختۇرنىڭ ھويلىسىغا ئېڭىشىپ قارىدىم. ئۇنىڭ كۆكات بېسىپ كەتكەن بېغىدا بىر

نېمىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمىدى. كوچىغا چىقىپ، دوختۇرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن غىپلا قىلىپ باغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىم. تام تۈۋىدىكى كۆكاتلارنى شۇنچە مالتىلاپ قارىدىم، يوق. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھېلىقى خالتا مەن تاشلىغاندا يەرگە چۈشمەي ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەكلا غايىب بولغانىدى.

خالتا يوقالغاندىن كېيىن، ئىچىمنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولۇپ تۇگىشىپلا كەتتىم. بىر ھەپتە ئۆتتى. سەن ساقلاپ يۈرگەن گۈرۈچ، مايلىرىڭنى چىقىرىپ بىر قازان پولۇ دەملىدىڭ. دوختۇرنى ئۆيگە چاقىرىپ چىقتۇق. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئېغىز ئېچىپ:

— شېرىپجان، ئۆزىڭىز بىلىسىز، باللىرىمىز ئۇششاق، باللار چوڭ بولسا لازىملىقىغا دال بولۇپ قالامدىكىن، دەپ ساقلاپ يۈرگەن ئازرزاق بىرنەرسىمىز بار ئىدى... ئۆزىڭىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، دادامدىن قالغان ئەرزىمەسلا بىر نەرسە ئىدى... ئۇ كۈنى كېچىدە سىز ئاڭلىدىڭىزمىكىن؟... كېچىدە تەكشۈرىدىغانلار كېلىپ دەرۋازىمىزنى قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. قورقۇنچلۇقىمدا ھېلىقىنى ئاچىقىپ ئۆگزە تەرەپكە بىر ئىرغىتىپېتكەنمەن، بەكرەك ئېتىۋەتتىممۇ، قانداق، سىلەرنىڭ ھويلىغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەتىگىنى شوتىنى قويۇپ ئۆگزىگە چىقسام يوق. ھەقىچان شېرىپجانلار تەرەپكە چۈشكەن بولسا قوشنا بولغاندىن كېيىن ئېلىپ قويۇپ كېيىن بېرىۋېتىمدىغۇ، دەپ خاتىرجەم يۈرۈۋەردىم... شۇ ئىشنى بۈگۈن بىر سوراپ باقاي، دەپ چاقىرتقانىدىم، — دېدىم.

— نېمىدەيدىغانسىز؟... زادى نېمىتى ئۇ، ئوچۇق دەڭە! — دەپ كۆزىنى چەكچەيتتى ئۇ.

— ئازراق ئالتۇن...

— يائاللا! بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇنداق ئوڭاي ئالتۇن تېپىۋالىدىغان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ، ئەزىمجان، — دەپ ئۇ مۇ-



غەمبەرلىك بىلەن ياقىسىنى تۇتتى. — بىزنىڭ باغنىڭغۇ ئىشلىمەي تاشلىنىپ قالغاچقا ھەممە يېرىنى كۆكات بېسىپ كەتتى. يۈرۈڭ، چىقىپ قاراپ باقايلى، تاشلىغان بولسىڭىز بىر يەردە باردۇر.

— مەن قارىدىم.

— يوقمىكەن؟!... ئۇنداق بولسا نەگە كېتىدۇ؟... ئۇنى تېپىۋالغان ئادەممۇ يە ئىگىسىگە، يە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرماي سىڭدۈرۈۋېتەلمەيدۇ، دەڭا.

ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى پەش قىلىشىدا غەرىزى بار ئىدى. مەن قورقۇپ كەتتىم.

— بوپتۇ شېرىپجان، ئۇنىغۇ ئازغىنا نېمە، بەرمىسىڭىزمۇ بەرمەڭ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىمەن، دېمەڭ، بۇنچىلىك بىرنېمە چىققان يەردىن يەنە يوغانراقىمۇ چىقىدۇ، دەپ ئۆيۈمنى ئاختۇرۇپ ئوڭدا - دۈمدە قىلىۋەتمىسۇن. مەنمۇ سىزدىن سورىمىغان بولاي، سىزمۇ بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بولۇڭ... ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز، راست - يالغىنى ئىگىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا بىر تەرەپ بولار.

— شۇنداق بولماي، خۇدالىق ئالەم - دە، بۇ! قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ يا؟!

— بولدى، مەن سىزگە ئىشەندىم، بۇ گەپنى بىرسىگە تىنمىسىڭىزلا مەن خوش...

دوختۇر ئۈنچىقماي ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنچە يىللار مەن ئۇنى كۆزەتتىم. مانا زامان بىرلا ئۆزگىرىۋىدى، دوختۇر بېغىنىڭ ھېلىقى كۆكات بېسىپ ياتقان يەرلىرىگە تاختايلىق ئۆيلەرنى سېلىپ، دۇكان ئېچىپ تاراقشىپلا كەتتى. ئۇنىڭ قەيەردىكى دۇنيانى خەجلەپ شۇنچە بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى مەن بىلمەيمەنمۇ؟!... مانا بۈگۈن تۇرۇپلا ئۇنىڭ مېنى ئۆيلەپ قويغۇسى كېلىپ قاپتۇ. مېنىڭدە يەنە دۇنيا بار، دەپ

ئويلايدۇ - دە! يامان خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ، ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى . . . ياكى بولمىسا، ھېلىقى سىڭنىڭ دوستۇڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ تىلى بىرمىكىن، دەيمەن! . . .

شۇ خىياللار بىلەن ئاچچىقىمدا نېمىلەرنى دېگىنىمنى بىلمەيمەن، دوختۇرنى تىللاپ، ئۆيدىن قوغلاپلا چىقىرىۋەتتىم.»

× × ×

بىر ئىككى كۈندىن كېيىن دوختۇرغا خەتلەرنى قايتۇرۇپ بەردىم.

— قانداق، ئوقۇدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئوقۇدۇم، بىر ئۆمۈر بالا بېقىپ، جاپا تارتىپ، ھالال ياشاپ قېرىغان بىر ئادەمنىڭ ياخشى كۆرگەن جورىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى ئىچكى دۇنياسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

— ئاھ، يازغۇچىلاردەك باھا بېرىۋەتتىڭىزغۇ، ھېلىقى ئالتۇن - كۆمۈشلەر توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئوقۇغانسىز؟

— ئوقۇدۇم، سىز توغرىلىقمۇ قىزىق گەپلەرنى يېزىپتۇ . . . ئۇنىڭ ئالتۇن توغرىسىدىكى گەپلىرىنىڭغۇ خىيالىي بىر جۆيلىشمىكىن، دەپلا بىلدىم. ئاخىرىغا بېرىپ ھەممىمىز خىلمۇ - خىل قېرىيدىغان ئوخشايمىز . . .

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، — دەپ گېپىمنى بۆلدى دوختۇر، — مانا شۇ خالتىدىكى دۇنيا ۋەجىدىن بۇ ئاغىنىمىز مەندىن رەنجىپ، دوختۇرخانىدىكى ۋاقتىمىزدىمۇ تۈزۈك چىراي ئاچماي يۈرگەن. مەن ئۇنىڭ ئۆگزىگە ئاتقان نېمىسى ھويلامغا چۈشۈپ كەتسە يەپ كېتىدىغان ئادەممىتىم! مېنىڭمۇ قورسىقىم كۆپتى. زىيان دېگەن كىمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرمايدۇ؟ بوپتۇلا، دەپ يەنە چاندۇرماي يۈردۈم . . . ئەمدى قاراڭ،



مۇنۇ خەتلىرىدە ئۇ كۆمۈپ قويغان ئالتۇنلىرى توغرىسىدا يەنە بىرنېمىلەرنى يېزىپتۇ. سىز ئىشەنمەمسىز؟ مەن ئىشىنىمەن، بۇ ئادەمنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى باھايىتى باي ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆمرى ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ، بۇزۇقچىلىقتىلا ئۆتكەن ئاغىنىتى، دادىسىدىن قالغان چوڭ قورۇ - جايلارنى سېتىپ يەپ بولۇپ، ئاخىرىدا ئەزىمجانغا مانا مۇنۇ ئالىقانچىلىك تارچۇق قېلىپ قالغان. ئاڭلىسام، ئەزىمجاننىڭ بالىلىرى بۇ قورۇنىمۇ سېتىپ، پۇلىنى بۆلۈشمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، ئوبدان باھا قويۇپ سېتىۋالاي، دەۋاتىمەن. ئۇ بىچارىنىڭ ئۈچ بالىسىمۇ ئالىدىغىنىنى ئېلىپ خاتىرجەم بولسۇن، مەنمۇ بىر تەلىيىمنى سىناپ باقاي . . . ئالتۇن! چوقۇم ئاشۇ ئەسكى قورۇنىڭ بىر يېرىدە كۆمۈكلۈك ئالتۇن بار! . . .

شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا دوختۇرنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان غەلىتە ئۇچقۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. بۇ - كىشىنى خەۋپكە، تەۋەككۈلچىلىككە، تەلۋىلىككە ئىتتىرىدىغان ئوتنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاز ئۆتمەي ئەزىمجان رەھمەتلىكنىڭ قورۇسىنى سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى مەھەللىنى بىر ئالدى. تەرەپ- تەرەپتىن جاي ئالىمەن، دېگەنلەر كېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى. دوختۇر دۈكىنىنىمۇ ئاچماي، ھەر كۈنى شۇ قورۇنىڭ ئالدىدا «باشقىلارغا سېتىلىپ كەتمىگىيدى» دەپ ئەنسىرەپ پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى. ئىككى ئېغىزلىقلا ئۆيى بار، ھازىرقى باھادا جىق بولسا ئون مىڭ سومغا ئارانلا يارايدىغان كاتەكتەك كىچىك بۇ قورۇنىڭ باھاسى قىرىق مىڭ تەڭگىگە چىقتى. ئەزىمجاننىڭ ئوغلى: كىمنىڭ ئالغۇسى بولسا ئەللىك مىڭنى ساناسۇن، باج - ماج بىرنېمىلىرىنى تۆلەپ قولۇمغا قىرىق سەككىز مىڭ تەڭگە نەق تېگىدىغان بولسۇن، دەپ چىڭ تۇرۇۋاتاتتى.

ھەي ئىنسانچىلىق! . . . ئۆيلىرى مايماق كەتكەن ھېلىقى ئەسكى قورۇنىڭ مۇنچە پۇللۇق بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۆمۈكلۈك ئالتۇنلارنىڭ بارلىقىغا مەنمۇ ئىشىنىپ قالدىم. دوختۇر ئاشۇ ئالتۇنلارنى تېپىۋالسا بىر ئۆزى بېيىپ كېتەرمۇ؟ دەپ تارلىقىم كەلگەندەك بولدى. لېكىن، مېنىڭدە ئەللىك مىڭ تەڭگە نېمە ئىش قىلسۇن. ھېچبولمىغاندا، دوختۇرنىڭ يېتىشتۈرەلمىگەن يېرىگە ئازراق پۇل قېتىپ، شېرىك بولماقچى بولۇپ، دوختۇرنى چېكىپ باقتىم.

— بولدى، بولدى، — دەپ ئاغزىمنىمۇ ئاچقۇزمىدى دوختۇر، — ھېلىقى خەتتىكى گەپلەرنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويغۇچى بولماڭ - ھە! . . . يالىڭاچ قالسامۇ بىر ئامال قىلىپ ئەللىك مىڭنى ئۆزۈم سانايمەن. ئالتۇننى تاپقاندا سىزنى ئايرىم رازى قىلىمەن.

دوختۇر يېڭى سالغان ئۆيلىرىنى بىر پارچە يېرى بىلەن قوشۇپ ساتتى. دۇكىنىنى دورا - دەرمانلىرى بىلەنلا يەنە بىرىگە ئۆتكۈزدى. ھېلىقى تارچۇقنى بىرنېمىلەر قىلىپ ئاخىرى ئەللىك مىڭغا سېتىۋالدى. ئالىقانچىلىك يەرنىڭ شۇنچە بازارلىق بولۇپ كەتكىنىنى چۈشەنمىگەن باشقا ئاغىنىلەر ھەيران بولۇشاتتى. دوختۇرنىڭ مېنى شېرىك قىلىۋالمىغىنىغا قورساق كۆپۈكچىلىكىمدە ئەزىمجاننىڭ ھېلىقى خەتلىرىدىكى ئالتۇن توغرىلىق گەپلەرنى قارتا ئويناۋاتقان ئاغىنىلەرگە يەتكۈزۈپ قويدۇم. ئۇلار: «ھە، ئەسلىدە مۇنداق گەپكەن - دە!» دېيىشىپ، قولىدىكى قارتىلىرىنى تاشلىماي سىقىمدىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ قارتا ئويۇنىمىزنىڭمۇ قىزىقى قالمىدى. دوختۇر ئۇ يەردىن قانچىلىك ئالتۇن كولىۋالىدىكىن، دەپ تىڭ - تىڭلاپ ئولتۇرۇپ، بىزمۇ ئالتۇننىڭلا پارىڭىنى قىلىشىدىغان بولۇپ قالدۇق.

— بىرەر كاللەك بىرنېمە چىقىپ قالسىلا دوختۇرنىڭ چە-



قىمىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئېشىپ قالىدۇ.

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، مانا بازار ئىچىدىكى سادىق ھاجىمنىڭ جايلىرىنى بۇزغاندا بىرى كەتمەننى سېلىپ شۇنداقلا تارتىپتىكەن، بىرمۇنچە تىللا چېچىلىپلا چىقىپتۇ ئەمەسمۇ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىر - ئىككى تالدىن تېرىۋالغىنى قاپتۇ، ئاڭغىچە ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى خەۋەر تېپىپ كولاپ ئېلىپ كېتىپتۇ. تازىمۇ يوغان بىر كۈپنىڭ ئىچىدىكىسى ھەممىسىلا ئالتۇنكەن، دەيدۇ.

— ئۇنى دەيسىلەرغۇ، ئەنە ئاۋۇ باغ مەھەللىسىدىكى ھاشىم گاداي ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىپ سېتىپلا ئۆتكەن نېمىتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ قولىغا بىر ماكچىيىپ كەتكەن كونا چىلاپچا چۈشۈپ قاپتۇ. مۇنداق قىرىپ كۆرسە ئاجايىپ پارقىراپ تۇرغۇدەك. ئازراق يېرىنى سۇندۇرۇپ ئاپىرىپ زەرگەرلەرگە كۆرسەتسە ساپلا ئالتۇنكەن دەڭلا. مانا شۇنى كېسىپ سېتىپلا بېيىپ كەتتى. ھازىر «ھاشىم گاداي» دېسە ئۆزىمۇ كۈلىدۇ. ھاشىم باي بولۇپ تونۇلۇپ كەتتى. . .

— قاسىم گۆركاننىڭ ئىشىنى ئاڭلىمىغانمۇ سىلەر، ئۇمۇ بىر غەلىتە ۋەقە . . . كونا تۇپراقلىقنىڭ ئورنىغا بىنا سالماقچى بولۇپ، جەسەتلەرنى يۆتكەۋاتقاندا بولغان ئىش. بىر قېتىمدا قاسىماخۇن بىر ئىچ گۆرگە كىرىپ قارىسا، قۇرۇپ ئۇستىخانلىرىلا قالغان بىر جەسەتنىڭ قولتۇقىدا بىرنېمە مەھكەم قىسىقلىق تۇرغۇدەك. ھېلىقىنى ئېلىپ، يورۇققا ئاچىقىپ قارىسا، يوغان بىر كاللەك ئالتۇنكەن. خۇشاللىقتا قاسىم گۆركاننىڭ تىلى گەپكە كەلمەي، مانا شۇنىڭدىن بېرى كېكەچ بولۇپ قالدىغۇ. . .

ئاخىرىدا: مۇنۇ ئەزىمجان قوشنىمىزنىڭ كۆمگىنى زادى قانچىلىك ئالتۇن بولغىيدى؟ كومزەككە سېلىپ كۆمگەندىمۇ، ماتاغا ئوراپمۇ؟ . . . ئۆينىڭ قەيىرىگە كۆمگەندۇ؟ دېگەن مۇلا-

مىزىلەرگە چۈشۈپ كېتەتتۇق.

دوختۇر ئەزىمجاننىڭ كوچا تەرەپتىكى ئىشىكىنى تاختايلار بىلەن مەھكەم مىخلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ قورۇسى تەرەپتىن كىرىپ - چىقىدىغان كىچىك بىر ئىشىك ئېچىۋالدى. ئارىمىزدىكى «زادى دوختۇر ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟» دەپ تاقەتسىزلەنگەنلەرنىڭ بەزىلىرى كوچا تەرەپتىكى دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ئانچە - مۇنچە مارايمۇ قويۇشاتتى.

دوختۇر ئاۋۋال ئۆزى گۇمان قىلغان يەرلەرنى تەۋەككۇل قىلىپ كولاپ باقتى. ئاندىن ئۆيلەرنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ياغاچ-تاش، بورا - چەكزىلىرىنى ئۆزىنىڭ قورۇسىغا ئاچىقىپ رەتلەپ تىزدى. بۇ ئىشلار سەرەمجانلاشقاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ تاملىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆرىگىلى تۇردى. ھەممە ئىشنى ئۇ ھېچكىمنى ئارىلاشتۇرماي يالغۇز قىلاتتى. ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئەزىمجاننىڭ ھويلىسى تەرەپتىن كونا ئۆيلەرنىڭ پۇرقىراپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزانلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. كۆۋرۈك بېشىدىكىلەر چاقچاق قىلىپ: «دوختۇر ئۆيىنىڭ توپىسىنى تاسقاپ سورۇۋاتامدۇ، نېمە» دېيىشەتتى. ئاخىرىغا بېرىپ مەھەللىدە قاتتىقراق بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلسىمۇ: «نېمە بولغاندۇ ؟ . . . دوختۇر ھېلىقى ئالتۇننى تېپىۋالدىمۇ، نېمە؟» دەپ باشلىرىمىزنى سوزۇپ ئەزىمجاننىڭ ھويلىسى تەرەپكە قارايدىغان بولۇپ قالدۇق.

دوختۇر ھويلىنى تولۇق بىر ياز بەلگىچە چوڭقۇرلۇقتا ئېتىز چاشقىنىدەك كولاپ، توپىسىنى گۇرجەكنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۇششاقلاپ، سەۋرچانلىق بىلەن بىر تەرەپكە ئۆرۈپ چىقتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ تالا - تۈزلەرگىمۇ چىقمايتتى، چىقىپ قالسىمۇ، ئىشى ئالدىراش گۆركادەك ئۈستۈۋېشى توپا، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ھالدا غىل - پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولاتتى. دوختۇرنى تونۇيدىغانلار، ئانچە - مۇنچە كېسەل كۆرسىتىش



ئۈچۈن ئىزدەپ كېلىدىغانلار ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران بولاتتى. بىز ئۇنىڭ نېمە ھەلەكچىلىكتە يۈرگىنىنى ئىچىمىزدە بىلىپ ئۈنچىقمايتتۇق ··· دوختۇر ھەتتا ئەزىمجاننىڭ چوڭقۇر خالاجايىنىڭ گەندىسىنىمۇ تارتىپ كۆردى. ئالتۇن تۇرماق، بىرە سۇنۇق يارماقمۇ چىقمىدى.

كۈزگە يېقىن، دوختۇر بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ھېلىقى ھەر تەرەپكە دۆۋىلىۋەتكەن توپىلاردا كېسەك تۆكتۈرۈشكە باشلىدى. ھەر كۈنى ئۇ كېسەكچىلەر بىلەن تەڭ ئىشقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىدا تىك تۇراتتى. ئىشلەمچىلەرنىڭ كەتمىنى بىرەر تاشقا تېگىپ «تاق» قىلىپ قالىدىغانلا بولسا ئۇ يۈرىكىنى تۇتۇپ شۇ ياققا ئۆزىنى ئاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، كېسەكلەر قويۇلۇپ بولغۇچە دوختۇرمۇ روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كەتتى. . .

بىچارە دوختۇرغا ئىچىمىز ئاغرىپ قالدى. يازىچە تارتقان جاپا بىلەن ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، ئورۇقلاپلا كەتكەنىدى. تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن كېسەكلەرنى پىرقىراپ، نېمىلەرنىدۇ پىچىرلايتتى. ئىككى كۆزى مېيى تۈگەپ كېتىۋاتقان چىراغدەك خىرە پىلىلداپلا قالغانىدى. گەپ قىلسا گەپتىن ئازغىشىپ، «كىمنىڭ كېسەك قويىدىغان قېلىپى بار؟» دەيمەن دەپ، «كىمنىڭ قېلىپ قويىدىغان كېسىكى بار؟» دەيتتى.

بەزىدە بىزنى «كۆۋرۈك بېشىدا قارتا ئوينايدىغان ئاغىنىلەر» دەيمەن دەپ، «قارتىنىڭ بېشىدا كۆۋرۈك ئوينايدىغان ئاغىنىلەر» دەپ سالاتتى. بىر قېتىم قېشىمىزغا كېلىپ:

— نېمىشقا ھەممە ئادەمنىڭ مورىسىدىن ھور چىقىدۇ، بىزنىڭ قازاندىن تۈتۈنمۇ چىقمايدۇ؟ — دېۋىدى، ئۇنىڭ گېپىنى دەرھال ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدۇق.

بىر كۈنى، دوختۇر ھېلىقى قويدۇرۇپ قويغان كېسەكلىرىنى ساتماقچى بولۇپ بازاردىن بىر ئادەمنى باشلاپ چىقىپتۇ.

بىر چاغدا ئىككىسىنىڭ ۋارقىرىشىپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمە گەپتۇ؟ دەپ بارساق، دوختۇر ھەممە كېسەكنى ئەللىك مىڭ سومغا ساتىمەن، دەۋېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم: بۇ نېمەڭنى ئەللىك مىڭغا كىم ئالىدۇ!؟ دەپ تالاشقىلى تۇرۇپتۇ. خېرىدار:

— ماۋۇ ئادەم ساراڭمۇ، ئوڭمۇ؟ ھەممە كېسىكىم ئون تۈمەن دەيدۇ، ھازىر خام كېسەكنىڭ مىڭى ئوتتۇز بەش تەڭگىدىن بولۇۋاتىدۇ. بوپتۇ، قىرىق تەڭگىمۇ دەيلى. قىرىق تەڭگىدىن بولغاندا ئون تۈمەن كېسەك جىق كەلسە ئاران تۆت مىڭ تەڭگە بولمامدۇ!... — دەپ قاينايتتى. دوختۇرمۇ بوش كەلمەي:

— بىلەمسەن، ماۋۇ ھەربىر ئالتۇننىڭ ئىچىدە كېسەك بار، تېخى مېنى ساراڭ دەيسەنغۇ! — دەپ سەكلەۋاتاتتى. بىز «ھاي، ھاي!» دېگۈچە ئۇ خېرىدارنى، — ھېلى بىكار ئاناڭغا كۆزۈڭنى كۆرسىتىپ، بىر پۇتۇڭنى ئىككى ئۆتۈككە تىقىۋېتىمەن! — دەپ تىللىۋەتتى.

بىر نېمىدېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى. ھەقىچان ئۇ «ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن، دېگەن گەپنىغۇ ئاڭلىغان. بىر پۇتنى ئىككى ئۆتۈككە تىقىدىغان بۇ قانداق ئىشتۇ؟ پۇتنى كېسىپ پارچىلايدىغان ئوخشىمامدۇ؟...» دەپ ئويلاپ قالدىغۇ دەيمەن. ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي كەتتى.

قىش كىرىشى بىلەن دوختۇرنىڭ جىددىلىكى سەل پەسىيىپ قالدى. ئۇ ئۆزى دوختۇر بولغاچقا ياخشى دورىلارنى ياساپ يەپ، شەربەت ئىچىپ، كۈچلۈك مەجۇنلەرنى كاپ ئېتىپ بەردىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ گەپتىن ئازغىنىشىپ كېتىدىغان كېسىلى خېلى ئوڭشىلىپ قالدى. ئەمدى ئۇ ھېچكىمگە گەپ قىلماي، يەرگە قاراپ خىيال بىلەنلا يۈرەتتى.



بىر كۈنى، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئەدەپ بىلەن ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ، بوسۇغىدا تۇرۇپلا:

— قارالڭ، ماڭا ئۇنىڭدىن خەت كەلدى، — دېدى.

— كىمدىن؟ — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي.

— ئەزىمجاندىن.

— ئۆلۈپ كەتكەن ئەزىمجاندىن!؟... ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ ئوقتۇرۇپراق سۆزلەڭا.

— دېسەم ئىشەنمەيسىز، ئاشۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئەزىمجاندىن ئاخشام خەت ئالدىم. رەھمەتلىك ئۇ دۇنيادىمۇ بىزنى ئۇنتۇماپتۇ، خوش بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ مەن تارتىپ بەرگەن ئورۇندۇققا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ.

— خېتى قېنى؟

— خېتىنى ئالغاچ كىرمەپتىمەن... سەۋدا غالىب كېلىپ، سەپرا ئۆرلەۋاتامدىكىن، يېقىندىن بېرى قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم... ئىشقىلىپ، ھەممىڭلارغا سالام ئېيتىپتۇ. «بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭمۇ ھەممىسى تىنچلىق. ئۇ كۈنى بىزنىڭ گۆرگە يىغىلىپ سىلەرنىڭ پارىڭڭلارنى قىلىشتۇق. ھېلىقى بىزنىڭ مەھەللىدىكى كۆك تاماكىنى ئۈزمەي چېكىدىغان ساۋۇتكامنى بىلىسىلەرغۇ؟ ساۋۇتكام مەشەدىمۇ ئاچچىق تاماكىنى شۇنداق چېكىدىكەن. بىردەمدىلا ئىچ گۆرنى ئىسقا توشقۇزۇپ بولدى. ماڭە، تاماكاڭنى تاشقارقى گۆرگە چىقىپ چەك! دەپ چىقىرىۋەتتۇق» دەپ يېزىپتۇ. مەن توغرىلىق ئۇ: «شېرىپجان، بۇ ياققا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا بالىلىرىمغا تۈزۈكرەكمۇ مىراس قالدۇرالمىدىم، دەپ بەك كۆڭلۈم يېرىم بولغانتى. ئاڭلىسام، سىز ئۇلارغا ئەللىك مىڭ تەڭگە قايتۇرۇپ بىر ياخشىلىق قىلىپسىز. ئۇ دۇنيانىڭ ھېسابى ئۇ دۇنيادا تۈگەپ كەتكىنى ياخشى!» دەپ يېزىپتۇ.

— ئۇ نېمىدېگىنى؟

— نېمىدېگىنى بولاتتى، ئەزىمجاننىڭ ئۆگزىگە ئاتتىم،
دەپ بىزنىڭ قورۇغا تاشلىغۇەتكەن ھېلىقى خالتىسىنى مېنىڭ
ئالغىنىم راست. شۇ كۈنى كېچىسى بىرلىرى كېلىپ قوشنام-
نىڭ دەرۋازىسىنى تاراقشىتىپ كەتتى. نېمە گەپكىن، دەپ
چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىقسام، باغ تەرەپكە بىرنېمە
پاققىدە قىلىپ چۈشكەندەك قىلدى. ئەتىسى سەھەردە ئەزىمجان
تەرەپتىكى تام تۈۋىنى قاراشتۇرسام كىچىك بىر تېرە خالتا
تۇرۇپتۇ. ئېچىپ قارىسام ئالتۇن. ئالتۇننى كۆرۈپلا قوشنامغا
قايتۇرۇپ بەرگۈم كەلمەي قالدى. ئەزىمجاننىڭ گۇمانى توغرا،
ئۇمۇ ئىزدەپ تاپالمىسا، مەنمۇ ئالمىغان بولسام، بۇ خالتا ئاس-
مانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتەتتىمۇ؟... ئەزىمجان ئەڭ ئاخىرىدا
مېنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىمنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ،
ھېلىقى خوتۇنغا يازغان خەتلەرنى ماڭا بەرگەن گەپ. ئەگەر مەن
قوشنامغا سەممىيەتلىكىم بار ئادەم بولغان بولسام خەتلەرنى
ئوقۇمايلا ئاغىنىمىز بىلەن بىللە كۆمۈۋەتكەن بولاتتىم، ماڭا
بۈگۈنكى بۇ تارتقۇلۇقلار يوق ئىدى. خەۋىرىڭىز بار، بىز ئۇنى
كۆمىمدۇق، ئېچىپ ئوقۇدۇق. خەتتىكى ئالتۇننىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ، مەن يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم. نىيەتنىڭ ئالد-
لىقى بېشىمغا بالا بولدى. كۆزىڭىز كۆردى. جاپانى يەتكۈچە
تارتتىۋالدىم. ئەمدى ئويلىسام، بايا ئەزىمجان خەتكە ئالتۇن توغ-
رىسىدىكى گەپلەرنى قەستەن قىستۇرۇپ قويغانىكەن... مەيلى-
غۇ، مەن نېمىنى ئۇتتۇردۇم دەيسىز. ناھايىتى شۇ ئەزىمجاننىڭ
ئالتۇنلىرىنى سېتىپ ئاچقان دۇكان، سالغان جايلىرىمدىن ئاي-
رىلىپ، ئۇنىڭ باللىرىنى رازى قىلىپ، يەنە بۇرۇنقى كونا
ئۆيلىرىمدە قاپتىمەن. ئەمدى ئۇ دۇنياغا بارغاندىمۇ ئاغىنىلەر
بىلەن يۈزۈم يورۇق قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغان بولدۇم. ئۆلۈپ
كېتىپ قالسام مېنىمۇ شۇ قوشنامنىڭ يېنىغا كۆمۈڭلار — ھە!
دوختۇر ئورنىدىن قوپۇپ ماڭدى. مەن بۇ گەپلەرنىڭ



راست — يالغىنىغا ئەقلىمنى يەتكۈزەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم.
ئەتىيازغا چىققاندا دوختۇرمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھېلىقى ئېگىز
قىلىپ تىزىۋەتكەن خام كېسەكلەرنىڭ تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ
ئولتۇرغاندا، قىشچە ياغقان قارنىڭ نېمىنى تارتىپ ئاستى زەيلە-
شىپ كەتكەن كېسەكلەر ئۆرۈلۈپ ئۇنى بېسىۋالغانىدى. بىز
ۋەقەنى ئاڭلاپ يېتىپ بېرىپ، كېسەكلەرنى ئېچىپ قارىغىنى-
مىزدا ئۇنىڭ كۆزى ئاللىبۇرۇن يۇمۇلغان بولۇپ، چىرايىدا
ئاجايىپ بىر خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.
دوختۇرنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئەزىمجاننىڭ قەبرى-
سى يېنىغا دەپنە قىلدۇق... ئۇنىڭ يەتتە، قىرىق نەزىرلىرىمۇ
تۈگەپ، مەھەللە ئىچى بۇرۇنقىدەك جىمىپ قالدى. «ھەي،
ئۆلدى كەتتى، دېگەن مانا شۇ!» دەپ كۆۋرۈك بېشىدىكى قارتا
ئويۇنىمىزنى يەنە باشلىۋالدۇق.

1992 — يىل 1 — ئاي، غۇلجا

## «تەكشۈرۈش»

ئاسفالت يولدا ئويۇلداپ كېتىۋاتقان جىپ قاتتىق بىر سىلكىنىۋىدى، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالغان ھاكىم ئويغىنىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ساقچى باشلىقى بىلەن ھاكىمنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى پىخىلداپ كۈلۈشۈپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى. ھاكىم ئۆزىنى ئۇخلىغانغا سېلىپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.

— يېقىندا سىلەرنى تازا ئەشەددىيسىدىن يەنە بىرنى قولغا چۈشۈردى، دەپ ئاڭلىدىمغۇ ... ياق، ياق، ئۇنىڭدىن باشقا... ھېلىقىدەك... ھى... ھى... ھى...

بۇ كاتىپنىڭ كۈلكىسى ئىدى. ئارقىدىنلا ساقچى باشلىقىنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يائاللا، ئۇنىڭدىنمۇ خەۋىرىڭىز بار ئىكەن - دە!.. . ھېلىقى دوقمۇشتىكى ياش باللار ئاچقان يېمەك - ئىچمەك دۇكىنىنى بىلىسىزغۇ!.. ھەببەللى، يېنىدا كىچىلىك قاۋىقىمۇ بار. نەق شۇ يەردىن قولغا چۈشۈردۇق. سىنئالغۇسىنى لېنتا-پېنتىلىرى بىلەن قوشۇپ بىراقلا مۇسادىرە قىلدۇق.

— نەچچە مىڭ تەڭگىلىك دەسمايىسىدىن ئايرىلىپتۇ - دە! ؟

— تىخى جەرىمانىمۇ بار، دەڭا!

— ئۇ لېنتىنىمۇ قويۇپ كۆرۈپ باققانسىلەر؟

— كۆرمىسەك شەھۋانىيلىقىغا قانداق ھۆكۈم قىلالايمىز؟

— بۇمۇ بەك يامىنىدىنمىكەن؟

— نېمىسىنى ئېيتىسىز، قويۇڭ، رەسۋا، رەسۋا!

— رەسۋا دېگىنىڭىز قانداق ئەمدى؟



— دەھشەت، دەھشەت!... ئەر - ئايال ھەممىسىلا قىپيالىڭاچ..

— ھەرقانچە بولسىمۇ، ھېلىقى يەرلىرىگە بىرنېمە تارتىۋېلىشقاندۇ؟

— نەدىكىنى، ئانىدىن تۇغمىلا. ئادەم دېگەنمۇ كىيىم بىلەن ئادەمكەن...

— شۇنداق بولماي.

— ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى سورىمايلا قويۇڭ، ئاجايىپ رەسۋا، نومۇسلۇق ئىشلار!... قانداق قىلىمىز، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى، كۆرمەي ئىلاجىمىز يوق.

— مەسىلەن، قانداق ئىشلار؟

— مەسىلەن، سىزگە ئېيتسام...

ساقچى باشلىقى سىنئالغۇدا كۆرگەنلىرىنى سۆزلىگىلى تۇردى. كاتىپ پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. شوپۇرمۇ غەلىتە ھېجىيىپ، پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قويياتتى. كاتىپ سورىدى:

— يائاللا، يائاللا، مۇنداق كارامەتلەرمۇ بار، دەڭ؟ بۇ لېنتىلارنى كۆرۈپ بولۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدىغان گەپمۇ ياكى يۇقىرىغا...

— ئىشقىلىپ، يوق قىلىمىز. ئۆتكەندە كەيپىچىلىكتە بۇ لېنتىنىڭ پارىڭىنى بىر سورۇندا دەپ سالغانىكەنمەن، شۇنىڭ بىلەن بالاغا قالدىم. ھېلىقى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سېمىز ئاغىنىنىڭ ئېتى نېمىدى؟... ھە، شۇ ئەتىسىلا «ھېلىقى لېنتىنى تەكشۈرۈپ باقساق» دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— بەردىڭىزما؟

— بەردىم. ئۆتكەندە بىرسىنىڭ ئۆيىدىن بىر لېنتىنى مۇسادىر قىلىپ ئەكېلىۋالغانىدۇق، ئاشۇ باشقارمىدىكىلەر ئارد-

لىشىپ: «ئادەتتىكى بىر مۇھەببەت ۋەقەلىكى تەسۋىرلەنگەن مۇنداق نېمىلەرنى <شەھۋانە لېنتا> دەپ يىغىۋالساڭلار قانداق بولغىنى، ئىدىيىدە بەكمۇ قاتماللىشىپ كېتىپسىلەر» دەپ بىرمۇنچە دەۋالىشىپ، ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگۈزۈۋەتكەن. بولمىسا ئۇنىڭدىمۇ... بوپتۇ، بۇنىمۇ ئاپىرىپ كۆرۈپ بېقىش، يامان بولساڭ قېنى «شەھۋانە ئەمەسكەن» دەپ ھۆكۈم قىلىشىپ باقە، دەپ ئەتەي قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم.

— كۆرۈپ غىڭ قىلالماي قالغاندۇ؟

— شۇنداق بولماي ئەمسە. ئارقىدىنلا مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى «بىزمۇ تەكشۈرۈپ باقمىساق بولمايدۇ» دەپ لېنتىنى كۆتۈرۈپ كەتتى. ئاڭلىسام، يەنە بىرنەچچە كاتتىۋاشلارنىڭمۇ تەكشۈرۈپ باققۇسى بار ئوخشايدۇ...

— بالاغا قاپسىز - دە!

— ھېلىقى مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمسىز. لېنتىنى ئاپىرىپ، شوپۇرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كۆرۈپ تەكشۈرۈپتۇ. لېنتىنى كېيىن ئۆيىگە قويۇپ قويغانىكەن. ھەممىسى ئىشقا كەتكەندە ئۇنىڭ خوتۇنى ئىشىك-دېرىزىنى چىڭ ئېتىپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ تازا تەكشۈرۈپتۇ...

— ھى ... ھى...ھى ... خوتۇنىمۇ تەكشۈرۈپتۇ، دەڭ. پاھ، پاھ، بۇ قالتىس تەكشۈرۈش بوپتۇ - ھە!؟...

يول ياقىسىدا تېرەكلىك بىر يېزىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي، - دېدى ساقچى باشلىقى شوپۇرنى ئارقىدىن نوقۇپ.

— مەشەدە چۈشۈپ قالامسىز؟ — ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلىدى كاتىپ، — ھېلىقىدەك لېنتىلارنى يەنە تەكشۈرۈپ قالساڭلار مېنىمۇ «ھايت» دەپ قويۇڭا، بىر كۆرۈپ باقاي.

ماشىنا توختىشى بىلەن ھاكىم كۆزىنى ئاچتى.



— ماڭا قارىڭا! — دەپ توختاتتى ئۇ يەرگە چۈشكەن ساقچى باشلىقىنى، — سىز بايا گېپىنى قىلغان سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئەتىگىچە نەدىن بولسۇن تېپىپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭا، ئۆزۈم بىر تەكشۈرۈپ باقاي.

ساقچى باشلىقى ھاكىمغا بىر دەقىقە تېڭىرقاپ قاراپ قالدى — دە، ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈمسىرىدى.

— قانداق بولار؟

— ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، — دېدى ھاكىم، — مەن تەكشۈرۈپ بولۇپلا «بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق كىشىنىڭ تەكشۈرۈشىگە رۇخسەت يوق» دېگەن تەستىقنى قوشۇپلا چۈشۈرۈۋېتىمەن، سىزمۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلىسىز...

1989 - يىل - 8 - ئاي، ئۈرۈمچى.

# شاھ ۋە قاغا

«بورادۇ» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر پادىشاھلىق بار.
ياش چوڭ بولغانسېرى ئادەمنىڭ زېھنىمۇ ئاجىزلاپ كېتىدىغان
گەپكەن، مەن بەزىدە ئۆزۈمنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىمنىڭمۇ ئىس-
مىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى
«بورادۇ» مۇ، باشقا نېمىمۇ؟ ئۇنىڭ ئورنى دۇنيا خەرىتىسىنىڭ
قايسى بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ؟ تازا ئېسىمدە قالماپتۇ. ئىش-
قىلىپ، ئۇنىڭ نامى «بورادۇ» غا يېقىنراق بىرنېمە. ھازىرچە
بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى «بورادۇ» دەپلا تۇرايلى. بىز ھېكايە قىل-
ماقچى بولغان ۋەقە مانا مۇشۇ يەردە يۈز بەرگەن.

«بورادۇ» شاھىنىڭ ئوردىسى ئىچىدە شاھنىڭ ئارام ئېلى-
شى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان بىر باغچا بار. مۇبادا تەلىيىڭىز
ئوڭ كېلىپ، بۇ خاس باغچىغا تاسادىپىي بىرەر نۆۋەت قەدەم
بېسىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ قالسىڭىز، جەننەت دېگەن
ھەرقانچە گۈزەل بولسا مۇشۇنچىلىك بولار، دەپ ئويلاپ قالى-
سىز. بۇ يەردە قۇياش نۇرىغا تويۇنۇپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ گۈل-
لەر، تۆت پەسىل كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەل- دەرەخلەر، ياپېي-
شىل چىملىقلار، سۈپسۈزۈك سۇلار تولدۇرۇلغان چۆمۈلۈش
كۆللىرىنى كۆرىسىز. شاھ خۇش كەيپ چاغلىرىدا ۋەزىر-
ۋۇزرالىرىنى بۇ باغقا چاقىرىپ سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ؛ كاتتا
زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆڭلىتارتقان مېھمانلار بىلەن بىللە
بولىدۇ؛ نەغمىچىلەرنىڭ كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئەرشكە



ئېلىپ كېتىدىغان نەغمە- ناۋالىرىنى تىڭشاپ، ساھىبجامالىلار-
نىڭ بەللىرىنى تولغاپ، ساغرىلىرىنى سىلكىپ ئوينىغان ئۇسۇل-
لىرىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ.

سىز بىلەن بىز: دۇنيادا ئەڭ ھۇزۇر- ھالاۋەتلىك
ياشاۋاتقانلار ئاشۇ شاھلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمى-
سىز. ئەمەلىيەتتە شاھلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى، زېرى-
كىدىغان، ئىچى پۇشىدىغان، كېچىلىرى ئارامسىزلىنىپ ئۇخ-
لىيالمايدىغان، ئەتراپىدىكى ئۆزى تىكلىگەن مەۋجۇت نەرسىلەر-
دىن بىزار بولىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. مۇنداق چاغلاردا «بورا-
دۇ» شاھى ھەممىنى قوغلاپ چىقىرىپ، باغچىدىكى يېشىل چىم-
لىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللاردا تەنھا مېڭىپ خىيال
سۈرىدۇ. كۆپكۆك ئاسمان، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ سۈكۈتتە
تۇرغان گۈل- گىياھلاردىن ئۆزىگە ئاراملىق ئىزدەيدۇ. بۇ
دەقىقىلەردە، شاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ھېچكىم بۇ باغقا ئاياغ
بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

بۈگۈنمۇ بورادۇ شاھى خاس باغچىدىكى ھېلىقى چىملىقلار
ئارىسىدىن كەتكەن يولدا تەنھا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چىرايى
ئۆڭگەن، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن بولۇپ، قانداقتۇر بىر دەرد-
نىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

«جاھان بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلايت-
تى شاھ، — بورادۇدەك ئۆزىنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىنى ساقلا-
پ كېلىۋاتقان دۆلەتلەردىن ھازىر دۇنيادا زادى نەچچىسى
بار؟... ناھايىتىمۇ ئاز قالدى. ئەمدىلىكتە قەدىمىڭنى ئەترا-
پىڭدىكى ئەللەرنىڭ قەدىمىگە ماسلاشتۇرۇپ باسمىساڭ كۈلكىگە
قالىسەن...» شۇ سەۋەبتىن شاھ مەملىكەت ئىچىدە ئانچە-
مۇنچە ئۆزگىرىشلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋىدى، پۇقرالار بار-
غانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ چوڭ ئەركىنلىك

تەلەپ قىلغىلى تۇردى. ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار، ھەتتا ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى ئالدىدا ھەدەپ قويۇپ، ئارقىدىن ئۆزى بىلگەنىچە ئىش قىلىشاتتى. دۆلەت خەزىنىسى بارغانسېرى قۇرۇقدالماقتا ئىدى... ھەممە مەخلۇقات شاھنىڭ ئايىغىغا شەرتسىز باش قويىدىغان ئۆتمۈشنىڭ ئۆزى قانچىلىك گۈزەل ئىدى - ھە!... ھازىرچۇ؟ مۇشۇ «ھازىر» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى بىر دەھشەت! ھازىر شاھ ئۆز دۆلىتىنى ئەتراپى غايەت زور دولقۇنلار بىلەن قورشالغان يېگانە ئارالدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئارال بارغانسېرى قاتتىق داۋالغۇپ، ئۇنى ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى.

شۇ خىياللار بىلەن شاھ باغدىكى يوغان بىر توپ چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، شاھنىڭ مۈرىسىگە يۇقىرىدىكى بىرنەرسە پوككىدە چۈشكەندەك قىلىۋالدى. شاھ چۆچۈپ قاراپ، شاھلىق تون ئۈستىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق سۇيۇقلۇقنى كۆردى. بۇ بىر قۇش مايىقى ئىدى. دەل شاھنىڭ بېشى ئۈستىدىكى چىنار شېخىدا بىر قاغا قانات - قۇيرۇقىنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى. شاھ غەزەپ بىلەن قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، قاغا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ، ھاۋاغا ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ئىش شاھنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇچۇردى.

— ھاي لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرى! — دەپ ۋارقىرىدى شاھ.

يىراقتا، باغنىڭ ئىشكى ئالدىدا شاھنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىم يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يېتىپ كېلىپ تىز چۆكتى.

— خوش، شاھ ئالىيلىرى.

— ۋەزىرنى، لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرىنى دەۋاتىمەن.



مۇلازىم ئارقىغا يېنىپ، مىنۇت ئۆتمەي لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرىنى تېپىپ كەلدى. لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرى ساقاللىق، بەستلىك كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ ھاسىرىغىنىچە كېلىپ شاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈندى. ياش ۋاقىتلىرىدا جەڭ مەيدانلىرىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن بۇ ئادەم ھەر قېتىم شاھنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق تىزلىنىشقا مەجبۇر بولغاندا قاتتىق خورلۇق ھېس قىلاتتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ ئۈستىدىكى تونىنى كۆرسەتتى شاھ.

— بۇ... بۇ... — دەپ ھودۇقۇپ قالدى ۋەزىر، — بۇ جانابلىرىنىڭ ئۈستىدىكى مۇبارەك شاھلىق تون.

— مەن تونىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقىنىم يوق!... ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نېمە؟!

شۇ چاغدا ۋەزىر توندىكى ئاقۇش داغنى كۆردىيۇ، دەماللىققا ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى.

— ئەقىلسىز قۇللىرىنى كەچۈرسىلە، ئۇ يەردە ئاقۇش بىر داغ تۇرۇپتۇ. نېمىلىكىنى ھەقىقەتەن ئىلغا قىلالمىدىم.

— قۇشنىڭ مايىقى، ئەقىلسىز!... مۇشۇ چىنار شېخىدا ئولتۇرغان ئەرزىمەس بىر قاغا ھېلىلا مېنىڭ ئۈستۈمگە نىجاسىتىنى چېچىپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى... شۇ بىر قۇش چېغىدا مېنى كۆزگە ئىلمىسا - ھە!... بۇ جاھان زادى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!؟... يوقات، مەملىكەت ئىچىدىكى، قولۇڭدىن كەلسە دۇنيادىكى قاغا ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىنى يوقات!... بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كۆزۈم قاغا - پاغا دېگەننى كۆرگۈچى بولمىسۇن!

لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرى بىر دەقىقە تېڭىرقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى - دە، دەرھال ئېسىنى يىغىپ: «خوپ!» دېگىنىچە ئوردىغا قاراپ يۈگۈردى.

× × ×

شاھ ئۆزىنىڭ خاس باغچىسىدا قاغىلارنى يوقىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا يەنە بىر ۋەزىر — تەرغىبات ئىشلىرى ۋەزىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە ئۇياقتىن - بۇياققا تىپىرلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ شاھنىڭ كەيپىنى مۇنچە ئۇچۇرۇۋاتقان ئىشلارنىڭ زادى نېمىلىكى ئۈستىدە ئويلاپ ئاۋارە ئىدى. تىت - تىت بولغان ۋەزىر ئاخىر ئۆز ئىشخانىسىدىن چىقىپ، قىپقىزىل پاياندازلار سېلىنغان زالدىن ئۆتۈپ، تەرەققىيات ۋەزىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. تەرغىبات ۋەزىرى پات- پات باشقىلار بىلەن چاقچاقلىشىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ قويىدىغان، يېقىندىن بېرى ناھايىتى كېلەڭسىز سەمرىپ كەتكەن، پاكار، دوغىلاق ئادەم ئىدى. شاھ ئۇنىڭ باشقىلارغا قىلغان قىزىق چاقچاقلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنى زىياپەت سورۇنلىرىغا چاقىرماي قويمايتتى. بۇ ۋەزىر ئۆزىنىڭ شۇنچە سەمرىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، گۆشنى كۆرگەندە زادىلا نەپسىنى يىغىۋالالمايتتى. شاھقا ئەيمىنىپ - ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ، گۆش تارتىلغان تاۋاقلار قۇرۇقدىلىپ بولغاندىلا داستىخاندىن نېرى بولاتتى. تەرەققىيات ۋەزىرى بولسا، ئورۇق كەلگەن، ئېگىز ئادەم ئىدى. ئۇ ياش چاغلىرىدا چەت ئەللەردە ئوقۇغان، ھازىرمۇ خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. شۇلارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئۇ تاماقتا ئۆلچەمگە ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. بۇ ئىككى ۋەزىر بوي - تۇرقى، مىجەز - خۇلقىدىكى شۇنچە ئوخشىماسلىقلارغا قارىماي ناھايىتى ئەپ ئۆتۈشەتتى. كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قورۇنماي ئېيتىشالايتتى. ئورنىدا شاھ بولمىغان پۇرسەتلەردە بىر - بىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ



كۇسۇلدىشىپ، ئوردىدىكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلار، مەملىكەتتىكى قالايمىقانچىلىق، شاھنىڭ بىلىمسىزلىكى، شاھ جەمەتىدىكى كىشىلەرنىڭ قانچىلىك پۇلنى قايسى دۆلەتنىڭ بانكىسىغا يۆتكەپ كەتكەنلىكى، شاھ ھەرەمخانىسىدىكى تېخى شاھنىڭ ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان سەتچىلىكلەر دېگەندەك نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا ھارغىچە غەيۋەت قىلىشىپ، شاھ ئۈستىدىن ئاچچىق كۈلۈپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشاتتى.

تەرەققىيات ۋەزىرى تەرغىبات ۋەزىرى بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنى مەخمەل بىلەن قاپلانغان يۇمشاق دىۋانغا تەكلىپ قىلدى.

— شاھ ئالىيلىرىغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى تەرەققىيات ۋەزىرى، — ئۇ ھەممە قاغىلارنى يوقىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇدەكقۇ؟

— قاغىلارنى... ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلارنى دەمسىز؟

— قاغا دېگەن ئاسماندا ئۇچماي، سىزگە ئوخشاش ئوردا ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، دېۋىدىڭىزمۇ؟

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— تېخى ھېلىلا ... لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرىدىن.

— ھەي - ي، جانابىي تەرەققىيات ۋەزىرى دوستۇم، — پېشانىسىدىن تەپچىپ چىقىۋاتقان ئۇششاق تەر تامچىلىرىنى يىپەك ياغلىقى بىلەن سۈرتتى تەرغىبات ۋەزىرى، — شاھنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلا ئەمەس، قاغىدەك ئاغزى بېسىلماي قاقىلدايدىغان شائىرلار!

— شائىرلار؟ ... شائىرلارغا نېمە بوپتۇ؟!

— شائىرلارنىڭ ئىشى مېنىڭ باشقۇرۇش دائىرەمدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسىز.

— شۇنداق، سىز تەرغىبات ئىشلىرى ۋەزىرى بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە شائىرلارنىمۇ باشقۇرىسىز- دە!

— راستىمنى ئېيتسام، دوستۇم، بۇ شائىر دېگەنلەرنىڭ بىر مەملىكەت ئۈچۈن زادى نېمىگە لازىمى بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيمەن.

تەرەققىيات ۋەزىرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— زامان — زامانلاردىن بېرى، - دەپ چۈشەندۈردى تەرەققىيات ۋەزىرى، — شاھلار ئۆز ئوردىلىرىدا يۈزلەپ شائىرلارنىڭ قورسىقىنى بېقىپ كەلگەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى تەرغىبات ۋەزىرى.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، شاھلار ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئادالەتپەرۋەرلىكىنى ئۆزى كوچىغا چىقىپ جار سېلىپ يۈرسە بولمايدۇ - دە! ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى باشقىلار ماختىشى كېرەك. شائىرلار شاھنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان مېھرىبانلىقلىرىنىڭ بەدىلىگە تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان سېلىشىپ، شاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى، ئېسىل پەزىلەت، تەڭداشسىز ئالىيجانابلىقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ شېئىرلار يېزىشىدۇ، ئۇنىڭ شەنىگە دەستە - دەستە داستانلارنى پۈتىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، ھازىرچۇ؟ . . . ھازىر . . . ھەي تەرەققىيات ۋەزىرى دوستۇم، بۇ شائىر دېگەنلەرنى باشقۇرماقنىڭ مۈشكۈللۈكىنى سىز تېخى چۈشەنمەيسىز. شائىر دېگەننىڭ ھەقىقەتەنمۇ چاتىقى تولا خەق. يېقىندىن بېرى بۇ كارغا كەلمەسلەر ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئۇنتۇپ، خىيالىغا كەلگەن نېمىنى يازىدىغان بولۇۋالدى . . . سەن ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ يالغۇز قالغاندا نېمىلەرنى ئويلىدىڭ، كېچىسى خوتۇنۇڭ بىلەن يوتقاندا يېتىپ نېمىلەر ھەققىدە پىچىرلاشتىڭ، بىز بۇنىڭغا ئارىلاشتۇقمۇ؟ شۇنچە چوڭ ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يەتمەي، خۇددى مېنىڭ نېمىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقىنىمنى باشقىلار بىلمەي قالمىسۇن، دەپ كۆرەڭلىگەندەك، ئۆزۈڭنىڭ ئوڭدا يېتىپ ئويلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى شېئىر قىلىپ يازغىلى تۇرساڭ، بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىسى يوقمۇ؟ . . . گېزىت- ژۇرناللار ئۈچۈن پۇل خەجلەۋاتقان شاھنىڭ غەزىپى كەلمەمدۇ؟ . . .



— شۇنچە خاپا بولغۇدەك ئۇلار نېمىلەرنى يېزىپتۇ؟

— ئوقۇپ باقسىڭىز ھەممىسى چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەر. ئۇلارچە گەپنى قانچە ياپتا قىلسا، سۆز - ئىبارىلىرى قانچە چۈشىنىكسىز بولسا، شېئىر دېگەن شۇنچە پاساھەتلىك چىقارمىش؛ قانچە ئېگىز يەرگە پۈت ئاتسا، شۇنچە ئابرۇيلۇق بولارمىش. بۇ خەقنىڭ ھالىغا باقماي تۆت ئادەم جەم بولغان سورۇنلاردىكى گەپلىرىنىڭ يوغانلىقىنى دېمەمسىز. خۇددى ئۇلار شېئىر يازمىسا بۇ ئالەممۇ ئالەم بولماي قالىدىغاندەك يوغان گەپلەرنى قىلىپ، باشقىلارنىڭ يېغىرىغا تېگىدۇ.

— شاھىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشقا شۇنچە كۆپ ۋاقتى يارمىكەن؟

— ئۇ چۈپرەندىلەرنىڭ بىرنېمىلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشقا شاھىمىزنىڭ نەدىمۇ ۋاقتى بولسۇن، ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئۇ نېمىنى چۈشىنەتتى. قاپىيىسى يوق سۆزلەرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ بەرسىڭىزمۇ قالتىس شېئىر ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ . . .

— ئەمىسە، سىز ئېيتقان ھېلىقى ياپتا شېئىرلارنىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭغا كىم يېشىپ چۈشەندۈرۈپتۇ؟

— ھەممىسى ھېلىقى شۇمبۇينىڭ ئىشى بولمامدۇ!

تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ «شۇمبۇيا» دېگىنى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى ئىدى، مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى شاھنىڭ يېنىغا ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىجازەتسىز كىرىپ - چىقالايتتى. پادىشاھلىقنىڭ ئامانلىقى، شاھنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلارنى ئەنە شۇ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايتتى. ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلمەك

بۇرۇن، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىن كىشىگە ئوغرىدەك قارايدىغان ئادەمدىن ھەزەر ئەيلىشەتتى ۋە ئۇنى ئارقىسىدىن «شۇمبۇيا» دەپ تىللىشاتتى. لېكىن، شاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئوردىدىكى بۇ شۇمبۇيىنى يۇلۇپ تاشلاشقا قۇربى يەتمەيتتى.

— بۇ، مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى ئارىلاشقۇدەك شۇنچە چوڭ ئىشمىكەن؟ — دەپ سورىدى تەرەققىيات ۋەزىرى يەنە.

— مەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئېيتسام، بۇ چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەر گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا بېسىلىشقا باشلىنۋدى، ئۇزۇندىن بېرى قىلىدىغان ئىش تاپالماي ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان تەنقىدچى دېگەن نېمىلەر بىرى ماختاپ، بىرى قوسۇر تېپىپ تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرگىلى تۇردى . سىز بىلىسىز، ھازىرقى ۋاقىتتا گېزىت - ژۇرناللاردا كىمنىڭ ئۈستىدە چۇقان - سۈرەن كۆپ بولسا، شۇنىڭ ئابرۇيى ئۆسكىلى تۇرىدۇ. ياپتا شېئىرچىلارنىڭ ئابرۇيى ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باشقا شائىرلار ئولتۇرالماي قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرز - شىكايەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغىچە يېتىپ كەپتۇ. بۇنچىلىك ئىش دېگەن شۇمبۇيىغا تېپىلغۇسىز - دە! ئۇنىڭ شاھىمىزنىڭ قولىقىغا: ياپتا شېئىرلارنىڭ تىغ ئۇچى سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىزغا، شاھلىق تەختكە قارىتىلغان، دەپ پىچىرلىغىنى ئېنىق.

— ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟

— نېمىشقا شۇنداق قىلاتتى، مۇشۇ پۇرسەتتە مېنىڭ ئەدىپىمنى بەرمەكچى!؟

— سىزنىڭ!؟

— شۇنداق، مېنىڭ.

— سىزگە ئۇ نېمانچە ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن؟

— ئاڭلىسام، ئۇ «شۇمبۇيا» دېگەن لەقەمنى مېنى چىقاردى، دەپ يۈرگۈدەك.

— بۇ لەقەمنى سىز چىقارغانمىدىڭىز؟



— خۇدايا توۋا دەڭ، مەن نېمىدەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن لەقەم توقۇپ يۈرگىدەكمەن.

— ياق، ئەمدى، مۇنداقلا بىر يەردە، قىزىقچىلىق قىلىمەن، دەپ ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتتىمىكىن، دەيمەنا؟

— سىز مېنى شۇنچە ئەخمەق كۆرەمسىز؟ . . .

شۇ چاغدا تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ كۆزى تەرەققىيات ۋەزىرىدىنىڭ ئالدىدىكى مەرمەر ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر پ鮓 رچە قەغەزگە چۈشۈپ قالدى. قەغەزگە قانداقتۇر بىر ماللارنىڭ تىزىملىكى رەتلىك يېزىلغانىدى.

— جانابىي ۋەزىر، بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى تەرغىبات ۋەزىرى ھېلىقى تىزىملىكنى كۆرسىتىپ.

— بۇ، بىز يېقىندا چەت ئەلدىن كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتقان نازۇك تېخنىكىلىق ئەسۋابلارنىڭ تىزىملىكى، — دېدى تەرەققىيات ۋەزىرى.

— ماۋۇ « ماشىنا ئادەم» دېگىنىڭىز قانداق ئادەم، ئەمدى ئادەملەرنىمۇ چەتتىن كىرگۈزىدىغان بوپتىمىزمۇ؟

— ماشىنا ئادەم دېگىنى ئادەم ئەمەس، ئۇ بىر ماشىنا.

— ئۇ قانداق ماشىنا، نېمىشقا ئۇنى ئادەم دەيدۇ؟

— ئۇ ئادەتتىكى ماشىنا ئەمەس، تەقسىر. ئۇ نان يېمەيدىغان، چاي ئىچمەيدىغان، ئەمما ئادەملەر قىلىدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىغان ماشىنا. بىز خەتىرى چوڭ ئىشلارنى قىلغۇزۇشقا مۇشۇنداق ماشىنا ئادەملەردىن بىرنەچچىنى ئەكېلىپ سىناق قىلىپ باقماقچىمىز.

— پاھ! — دەۋەتتى تەرغىبات ۋەزىرى، — ئالەم تەرەققىي قىلىپ نەلەرگە كېتىپ قالغان - ھە! بىز تېخى بۇ يەردە شېئىر - پېئىر دېگەنلەرنىڭ پېتىنى بېقىپ ئولتۇرۇۋېتىمىز . . . بۇ ئىشتىن تېخى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ خەۋىرى يوق ئوخشىمامدۇ؟

— قانداق دەيسىز؟
— ئۇنىڭ خەۋىرى بولغان بولسا، ھەرەمخانىسىغا جەزمەن
بىر نەچچە ماشىنا خېنىملارنىمۇ زاكاز قىلدۇرغان بولاتتى، —
دەپ پىخىلداپ كۈلدى تەرغىبات ۋەزىرى، — ھەرەمخانىدىمۇ
خەتەرلىك ئىشلار كۆپ . . .
— شۇنداق، خەۋىرى يوق. بىز بۇ ماشىنا ئادەملەرنى
ئىشلىتىپ كۆرۈپ، سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن جانابىي ئالىي-
لىرىنى خەۋەرلەندۈرمەكچىمىز.
— قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ تازا نازلىق ماشىنا خېنىملاردىن
بىر نەچچىنى زاكاز قىلماي قالمايدۇ. شۇ چاغدا تەرغىبات ۋەزى-
رى دوستۇم راست ئېيتىپتىكەن، دەپ قالىسىز.
— بۇرادەر، — دەپ كۈلدى تەرەققىيات ۋەزىرى، —
ماشىنا خېنىمنى ھەرقانچە چىرايلىق ياسىغان بىلەنمۇ ئۇ بەرىبىر
مېتال - دە! ئۇنىڭدا قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن ئادەمدەك
نازۇك ھېسسىيات بولمايدۇ، ئۇنى قۇچاقلاپ ياتقان ئادەممۇ
ھېچقانداق لەززەت ئالالمايدۇ.
— شاھىمىزنىڭ خۇيىنى بىلمەمسىز؟ ھەرەمخانىسىغا ئا-
يال تاللاشتا ئۇ قانداق مىللەتتىن، قانداق رەڭدە بولۇشىغا قارى-
مايدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ لەززىتى باشقا - دە! . . . مەن دېمە-
گۇ . . . قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ مېتال خېنىمنى قۇچاقلاپ بېقىش-
تىنمۇ يانمايدۇ.
— بەلكىم، — دەپ دوستىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى
تەرەققىيات ۋەزىرى.
شۇ چاغدا تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ كاللىسىدا بىر پىكىر چاق-
ماقتەك يالتىرىدى - دە، ھاياجاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— جانابىي تەرەققىيات ۋەزىرى، سۆيۈملۈك دوستۇم، —
دېدى ئۇ خۇشاللىقتىن قوللىرىنى ئىشقىلاپ، — مۇمكىن بول-
سا، شۇ ماللارنىڭ تىزىملىكى ئىچىگە بىر شائىرنىمۇ قوشۇپ



تىزىملاپ قويسىڭىز.
— نېمە شائىر ئۇ؟ — دېدى تەرەققىيات ۋەزىرى ھەيران
بولۇپ.
— ھېلىقى سىز چەت ئەلدىن ئەكەلدۈرمەكچى بولۇۋاتقان
ماشىنا ئادەملەر ئىچىدە . . . سىزگە مەقسىتىمنى قانداق چۈ-
شەندۈرسەم بولار . . . دېمەكچىمەنكى . . . ھە، شۇ زاكاز
قىلىنماقچى بولغان ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىر ماشىنا شا-
ئىرمۇ بولسۇن.
— ماشىنا شائىر!؟
— ھە، شېئىر يازالايدىغان ماشىنا ئادەم دېمەكچىمەن.
ئەلۋەتتە، ھازىرچە بۇ ئىشىمىزنى شاھمۇ بىلمىسۇن. ئۇ ماشىنا
ئادىمىڭىز پەقەت بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بويىچە، شاھنى مەدھىيە-
لەپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىدىغان شېئىرلارنى بىز قانچىلىك دې-
سەك شۇنچىلىك تۆكۈۋېتىدىغان شائىر بولسۇن. گېپىمنى چۈ-
شەنگەنسىز؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن
جەزمەن شۇنداق ئاجايىپ شائىردىن بىرنى قوشۇپ زاكاز قىلىڭۋې-
تىڭ!

× × ×

شۇنداق قىلىپ، تەرغىبات ۋەزىرى بىلەن بولغان دوستلۇ-
قىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تەرقىيات ۋەزىرى بىر شائىر ماشىنا
ئادەمنى زاكاز قىلىپ كىرگۈزدى. تەرغىبات ۋەزىرى چەت ئەل-
دىن كەلگەن بۇ «شائىر» نى چەت ئەلچە پۇزۇر كىيىنگەن،
بويىنىغا ئالا - بۇلىماچ گالستۇك تاقىغان، ئۇستەلگە ئېڭىشىپ
ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىۋەرگەچكە پېشانىسى ئالدىغا ساقىپ بۆر-
تۈپ چىققان، چېچى چۇشۇپ گەجگىسىدە بىر تۇتاملا تۇكى قې-
قالغان، ئورۇق بىر ئادەم سىياقىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ،

ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ، ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئىزھار قىلماقچى بولدى. ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن «شائىر» بىلەن كۆرۈشكەندە دېيىدىغان گەپ - سۆزلىرىنى كېچىچە يادلاپ چىقتى. ئەتىسى، بۇ «شائىر» نى ئورۇنلاشتۇرغان ئالاھىدە ئىشخانىغا كىرىپلا بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا شەكلى ئادەمگە سەل ئوخشىتىپ ياسالغان، ئۆزىگە ئوخشاش پاكار، دوغىلاق بىر مەخلۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە نە كىيىم، نە ئالا - بۇلىماچ گالستۇك يوق ئىدى. ئىككى قولى گۆشى شىلىۋېلىنغان ئۈستىخاندەك ئىككى تەرەپكە تاشلىنىپ تۇراتتى. باش قىسمىدا ئېغىز، بۇرۇن، قاش - كىرپىك دېگەندىن ئەسەر يوق، كۆزىنىڭ ئورنىدا ئىككى قىزىل لامپا لىپىلداپ يېنىپ تۇراتتى. تەرغىبات ۋەزىرى شۈركىنىپ كەتتى. بۇ «شائىر» نىڭ سىياقى ئۇ كىچىك چېغىدا چۈشىدە پات - پات كۆرىدىغان ئالۋاستىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— تەرەققىيات ۋەزىرى دوستۇم، ھېلىقى بىز زاكاز قىلغان ماشىنا شائىرىمىز مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى تەرغىبات ۋەزىرى.

— مۇشۇ، — دېدى تەرققىيات ۋەزىرى، - ئۇنىڭ كارامىتىنى ھازىر كۆرىسىز.

تەرققىيات ۋەزىرى «شائىر» نىڭ قانداقتۇر بىر كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويۇۋىدى، ئۇ غەلىتە ئاۋازدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتقاندەك بوغۇق ئىدى. ئوقۇغان شېئىرلىرى كىندىكىگە ئورنىتىلغان قانداقتۇر بىر تۆشۈكتىن ئاق قەغەزگە رەتلىك يېزىلىپ چىقىپ تۇراتتى.

— سىز بۇ «شائىر»ىمىزنىڭ كارامىتىنى سەل چاغلىماڭ! — دېدى تەرققىيات ۋەزىرى، — ئۇنىڭ مېڭىسىگە دۇنيادىكى بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ھازىر ياشاۋاتقان بارلىق



مەشھۇر ئوردا شائىرلىرىنىڭ ئۆز شاھلىرىنى ماختاپ خۇش قىلىدىغان شېئىرىي پىكىرلىرى قاچىلانغان. بىز ئۇنىڭغا شاھنى قايسى تەرەپتىن، قايسى تەرىقىدە ماختاش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى كىرگۈزسەكلا، ئارزىيىمىزدىكى مىڭلاپ كۇپلېت شېئىر بىردەمدىلا ھازىر بولىدۇ.

ماشىنا شائىر ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دۆلەتنىڭ پۈتۈن گېزىت - ژۇرناللىرىنى ئۆزىنىڭ مەدھىيە شېئىرلىرى بىلەن كۆمۈۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ياپتا يازىدىغان، ئوچۇق يازىدىغان، ئەنئەنىچى، ھازىرقى زامانچە بارلىق شائىرلارنىڭ بازىرى كاساتلاشتى. ماشىنا شائىر شېئىرىي ژانىرنىڭ ھەممە شەكىللىرىدە يازالايتتى. بۇ شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى شۇنچىلىك پۇختا ئىدىكى، ئۇنىڭدىكى بىرەر سۆزنى تۇرماق، چېكىت، پەشلىرىنىمۇ ئېلىۋەتكىلى بولمايتتى. ماشىنا شائىر شېئىرلىرىدا شاھنىڭ تاغلارنى لەرزىگە سالىدىغان قۇدرىتى، ئالىيجاناب پەزىلىتى، بوي - بەستىنىڭ شۇنچە گۈزەللىكى، ھەتتا ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىكى تۈكلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خوپ ياراشقانلىقى دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر ھەققىدە مەدھىيە ئوقۇيتتى. پۇقرالارغا بۇ مەملىكەتتە پەقەت جانابىي شاھ ھايات بولغاچقىلا پۈتۈن ئاسمان - زېمىن، جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەر كۈنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. شاھنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئوردا خۇشامەتچىلىرى ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بۇ يېڭى شېئىرلارنى تېپىپ كېلىپ، ئوقۇپ بېرىپ تۇرىدىغان بولدى.

× × ×

بۈگۈن شاھ يەنە خاس باغچىدىكى خىلۋەت ئاياغ يوللاردا تەنھا مېڭىپ يۈرەتتى. ئەتراپتا قۇشلار كۆڭۈللۈك چۇرۇقلىشات-

تى، يېشىل چىملىقلار قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئۆگدەيتتى،
باغنىڭ ھاۋاسى گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىغا تويۇنغانىدى. شائىر-
لارنىڭ يېقىندىن بېرى يېزىۋاتقان شېئىرلىرىدىكى ئۆزگە ئۇ-
قۇلغان ئاجايىپ مەدھىيىلەرنى ئويلاپ شاھنىڭ بەدىنىگە شادلىق
يامراپ، چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ
بىرەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسە، شۇ چىملىقلار
ئۈستىدە كىچىك بالىدەك دومىلاپ، ھەر تەرەپكە قېيغىتىپ
باققۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ شاھ - دە! شاھلىق تاجىنىڭ
ئۆزىمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئېغىر يۈك...

شاھ چىنار دەرىخى ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بېشىنى
كۆتۈرۈپ چىنار شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان ھېلىقى قاغىنى يەنە
كۆردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلمىدى. بۇ قاغىدا شاھلىق
تونغا چىچىپ قويۇشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگۈدەك
ئەقىل بولسا شۇنداق قىلاتتىمۇ؟ پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا شاھ-
نىڭ قۇدرىتى ئالدىدا تىترەپ تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس
قىلالايدۇ. مانا، شائىرلار يەنە ئۆز ئەقلىنى تېپىپ، شاھنىڭ
شەنىگە ئەڭ ئۇلۇغ سۆزلەر بىلەن مەدھىيە ئوقۇشنى باشلى-
ۋەتتى ...

شاھ مېڭىشتىن توختاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ دانا كاللى-
سىغا تۇيۇقسىز بىر پىكىر كەلگەنىدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋال-
دى- دە، ئالدىراپ ئوردىغا قايتتى. دەرھال ۋەزىرلەرنى ئالدىغا
چاقىرتىپ، يېقىندىن بېرى ئاجايىپ شېئىرلارنى يېزىپ خىز-
مەت كۆرسەتكەن شائىرلارنى مۇكاپاتلىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېلان
قىلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ ئىچى لازا
سۈركىگەندەك ئېچىشىپ كەتتى - دە، ئاستا شاھ تەرەپكە سۈرۈل-
دى. جانابىي شاھقا ئەڭ يېقىن چەكتە يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ
قۇلىقىغا شىۋىرلاش ھوقۇقى پەقەت ئاشۇ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى-



گىلا بېرىلگەنىدى.

— ئېھ، قۇدرىتى تەڭداشسىز جانابىي شاھ! — دەپ پى-
چىرلىدى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى، — ئۇ شائىرلارنى تارتۇقلا-
ش ئۇشۇقچىمىكىن، دەيمەن.

— نېمىشقا؟! — دەپ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىگە ئالايدى
شاھ، — سېنىڭ ئاغزىڭدىن: پۇقرالارنىڭ نىيىتى يامانلاشتى،
دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتىدۇ، جاھان بۇزۇلۇۋاتى-
دۇ . . . دېگەندەك ۋەھىمە، شىكايەتتىن باشقا نېمە چىقمايدۇ.
مەن ھەممىڭدىن بىزار بولدۇم. شۇ كۈنلەردە كىم مېنى شۇ
شائىرلارچىلىك خۇش قىلالاپتۇ!؟

«شۇمبۇيا» نىڭ شاھتىن دەككىسىنى يېگەنلىكىنى كۆ-
رۈپ، باشقا ۋەزىرلەرنىڭ چىرايىغا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە
يۈگۈردى. مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدى-
كى كۆزلىرى بۇ مەسخىرىلىك كۈلكىلەرنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى.

— چۇ . . . . . چۇ . . . چۈنكى، — دەپ دۇدۇقلاپ قالدى
مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى، — شاھ ئالىيلىرى، راست گەپنى
ئېيتىش مېنىڭ بۇرچۇم . . . . بۇ يەردە ھېچقانداق شائىر -
پائىر دېگەن نېمە مەۋجۇت ئەمەس.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟! — دەپ ھەيران بولدى شاھ.

— جانابلىرى ئوقۇغان شېئىرلارنى يېزىۋاتقىنى بىر ماشى-
نا ئادەم.

— ماشىنا ئادەم!؟

— شۇنداق، جانابىي ئالىيلىرى، ئۇ بىر ماشىنا ئادەم.

— ماشىنا ئادەم دېگىنىڭ قانداق ئادەم؟

— بۇنىڭ ئىنچىكە يەرلىرىنى مەنمۇ تازا چۈشىنىپ كەتمەي-
مەن. بۇ توغرىسىدا بەلكىم تەرەققىيات ۋەزىرى تولۇقراق چۈ-
شەنچە بېرەر، — دەپ يەرگە قارىدى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى.

ئەمدى شاھنىڭ نەزەرى تەرەققىيات ۋەزىرىگە ئاغدۇرۇلدى.

— ماشىنا ئادەم دېگىنىمىز، — دەپ گېپىنى قىردى تە-
رەققىيات ۋەزىرى، — ئۇ بىر ماشىنا، ئادەملەر قىلىدىغان
ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان ماشىنا. شۇڭا ئۇنى «ماشىنا ئادەم»
دەيمىز. ئۇنى يىراقتىن تۇرۇپلا بىر كۇنۇپكىنى بېسىپ باشقۇ-
رۇپ، ھەرقانداق ئىشقا سالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئەڭ ئىنچىكە،
تېخنىكىلىق ئىشلارنىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بىز جانابىي
ئالىيلىرىنىڭ: «تەرەققىياتتا قوشنا ئەللەردىن قالماسلىق» دې-
گەن دانا يوليورۇقلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇنداق ماشىنا ئادەم-
لەردىن بىرنەچچىنى چەتتىن كىرگۈزگەندۇق. بۇ ماشىنا ئا-
دەملەرنىڭ ئىچىدە تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ئاساسەن
كىرگۈزۈلگەن بىر ماشىنا شائىرمۇ بار ئىدى...
— مۇنداق دېگىن، — دەپ تەرەققىيات ۋەزىرىنىڭ سۆزد-
نى بۆلدى شاھ، — نېمىشقا بۇ ئىشتىن مېنىڭ ھازىرغىچە
خەۋىرىم يوق؟
— ماشىنا ئادەملەرنى ئاۋۋال ئىشلىتىپ كۆرۈپ، سىناق-
تىن ئۆتسە، خىزمىتىمىزنىڭ نەتىجىسىدىن جانابىي ئالىيلىرىغا
خەۋەر بەرمەكچى ئىدۇق. ئىنشائاللا، سىنىقىمىز نەتىجىلىك
بولدى، مىسالى، مانا ھازىر گېپى بولغان «ماشىنا شائىر»نى
ئالايلى، ماشىنا شائىرنىڭ ئاجايىپ شېئىرلىرى جانابىي ئالىيلە-
رىنىڭ قولىغا يېتىپتۇ. تەرغىبات ۋەزىرى ئىشخانىسىدا ئول-
تۇرۇپ بىر كۇنۇپكىنى باسسىلا، ماشىنا شائىر مۇنداق گۈزەل
مىسرالار بىلەن تولغان شېئىرلاردىن مىڭلاپ كۆپلەپ چىقىرىپ
بېرەلەيدۇ.
باياتىدىن بېرى شاھقا بىرەر پايدىلىق ئەقىل كۆرسىتىپ،
شاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان
مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ كۆڭلىدىن بىر شۇملۇق كەچتى -
دە، شاھ تەرەپكە سۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ قولىقىغا يەنە بىرنېمىلەرنى



شىۋىرلىدى. شاھ بىردىنلا ئەقلىگە كېلىپ، خۇشاللىقىدىن
ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— توغرا، تىرىك ئادەملەرنى گەپكە كىرگۈزمەك تەس،
ماشىنا ئادەملەرنى بولسا بىر كۇنۇپكىنى بېسىپلا ھەرقانداق ئىشقا
سالغىلى بولىدۇ - ھە؟ بۇ نېمىدېگەن كارامەت كەشپىيات! — دەۋەتتى
شاھ، — قوشنا ئەللەر نېمىشقا شۇنچە تېز ئىلگىرىلەپ كېتىۋا-
تىدىكىن دېسەم، ئەسلى گەپ بۇ يەردە ئىكەن- دە!... قېنى
سەن پەرمانىمنى يېزىپ...، پەرمانچى! شۇنداق ماشىنا ئادەملەر-
دىن يەنە مىڭلاپ كىرگۈزۈلسۇن! ئۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا ۋەزىر،
ماشىنا مۇلازىم، ماشىنا ئەسكەر، ماشىنا ساتىراش، موزدۇز -
تۆمۈرچى... يەنە بىزنىڭ ھەرىمىمىزگە چىرايلىق ماشىنا خې-
نىملار... ھە، ئېشىپ قالغىنىنىڭ ھەممىسى يەر تېرىيد-
غان ماشىنا پۇقرالار بولسۇن. ئۇلارنى باشقۇرىدىغان كۇنۇپكىنى
دەل مېنىڭ مۇشۇ تەختىمنىڭ ئۆزىگە ئورنىتىڭلار. ماڭا غەيۋەت-
خور ۋەزىر، باشباشتاق پۇقرا، خىيانەتكار خوتۇنلارنىڭ
نېمە لازىمى. ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقال!!
ۋەزىرلەر نېمە دېيىشنى بىلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

× × ×

شۇ كۈندىن باشلاپ «بورادۇ» پادىشاھلىقىنىڭ ئىچى قالاي-
مىقانلىشىپ كەتتى. كېچىدە، «شۇمبۇيا» دەپ ئاتىلىدىغان ھې-
لىقى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنى قاغىلارنى ئېتىپ زېرىككەن
لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلاپ تاشلىدى.
ھېلىقى ماشىنا شائىرمۇ كىملەر تەرىپىدىندۇر چۇۋۇپ تاشلان-
دى. ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان قانداقتۇر ئۇششاق ۋىنتا، پۇرژى-

نا، ئىنچىكە سىم دېگەندەك نەرسىلەر تەرەپ – تەرەپكە چېچىلىپ، خۇددى ئۇچەي – باغرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن مەخلۇقتەك سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. شاھنىڭ ھەممە تىرىك جاننى ماشىنا ئادەمگە ئالماشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئۇققان پۇقرالار بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن پادىشاھلىق لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدە قالدى. شاھ تەختى ئاستىدىكى مەخپىي يول بىلەن ئوردىدىن قېچىپ چىقىۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى.

يەر ئاستى يول شاھنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ قانداقتۇر بىر چاتقاللىقلار، دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ، تاڭ يورۇشى بىلەن بىر ئۇچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. شىۋاق قاپلىغان دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىدا باراقسان ئۆسكەن بىر توپ قارىياغاچ تۇراتتى. شاھ قارىياغاچ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ غولىغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھارغانىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىياغاچنىڭ قۇرۇپ قالغان بىر تال شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان قاغىنى كۆردى، بۇ ھېلىقى ئوردا باغچىسىدىكى چىنار شېخىغا قونۇپ ئولتۇرىدىغان قاغىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. شاھ غەلىتە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ئېسىگە بالىلىق چاغلىرى كەلدى. بالىلىق چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قېچىپ چىقىپ، دەرەخلەرگە، يارلىقلارغا يامىشىپ، قۇشلارنىڭ چۈجىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ باققانلىرىنى ئەسلىدى. . .

شاھ شېرىن ئەسلىمىلەردىن ئېسىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆردى. شاھنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن، ئۇستىدىكى كىيىم – كېچەكلىرى ياماق چۈشۈۋېرىپ توقۇملاشقان، ساقال – بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، كۆلاسىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرى گەدىنىگە چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا ئۇزۇن بىر تاياق، يەنە بىر قولىدا قانداقتۇر بىر خالتا تۇراتتى.



شۇ تۇرقىدا ئۇنى پادىچى، دىۋانە ياكى بىر جاھانكەزدى ئاشىقىمۇ ئوخشىتىشقا بولاتتى. بۇ ئادەمنىڭ سىياقىنى كۆرۈپ شاھقا ۋاقىت نەچچە ئەسىر كەينىگە چېكىنىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ: «نېمە ئادەمسەن؟» دەپ سورىماقچى ئىدى، لېكىن ھېلىقى غەلىتە ئادەم ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ:

— نېمە ئادەمسەن؟ . . . ئۇستۇڭدىكى چاپان – چارلىرىڭغا قارىغاندا، دۆلەتمەن غوجىلاردەك قىلىپ تۇرىسەن، بۇ يەردە نېمىگە تويغا مىلىنىپ ياتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

شاھ بېشىدىكى شاھلىق تاجىسىنى ئوردىغا تاشلاپ چىققان، ئۇستىدىكى تونىنى ئۆرۈپ كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئېسىللىقى يەنىلا بىلىنىپ تۇراتتى.

— كەل، ئۇستىمىزدىكى كىيىملىرىمىزنى تېگىشەيلى، — دېدى شاھ.

— سەن نېمە قىلماقچى؟ — دەپ ھەيران بولدى ھېلىقى ئادەم، — قارىغاندا، بېشىڭدىن ئامەت قۇشى ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەمدى مېنىڭ بۇ جۇلدۇر كېپەنلىرىمنى كىيىپ تىلەمچىلىك قىلماقچىمۇ سەن؟

— بىلمەيمەن.

— تىلەمچىلىكمۇ ئاقمايدۇ. شاھنىڭ ھەممە تىرىك جاننى قانداقتۇر بىر ماشىنىغا ئالماشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئەمدى كوچىلارغىمۇ شۇ ماشىنىلار چىقىپ تىلەمچىلىك قىلغۇدەك. سەدىقە پۇللارنىڭ ھەممىسى ئۇدۇل شاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرىم بولارمىش.

— شاھ شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇمۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى شاھ.

— شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

— ئەمىسە، شاھ ساراڭ بوپتۇ.

— سەن شاھنى ساق دېگەنمىدىڭ!؟

ھېلىقى ئادەم شۇنداق دېدى - دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي يىراقلاپ كەتتى. ئەتراپنى ئېغىر سۈكۈت باستى. شاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قارىياغاچ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان قاغىنىڭمۇ ئاللىبۇرۇن ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى - دە، ئۆزىنى بەكمۇ بىچارە ۋە يالغۇز ھېس قىلدى.



# ئايخان

## 1

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدا گەپ بولسىلا ساز مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئايخان كېلىدۇ. ئۇ بىرەر گۇرۇھنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىلەن «زىنىنەتلەنگەن» مەيدانلاردا «يالقۇنلۇق» نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن كاتتىۋاشلىرىدىن ياكى ئۇرۇش - چېقىشتا «شۆھرەت» قازانغان نوچىلاردىن ئەمەس ئىدى. ئېقىمغا قارشى ماڭالىغان قەھرىمانلارغىمۇ ئوخشىمايتتى؛ ئايخان ئاپتاپلىق يېزا يوللىرىنىڭ قىزىق توپىسىنى يالاڭ ئاياغ كېچىپ، مەھەللىمۇ مەھەللە كېزىپ يۈرۈيدىغان ئاجىز ئايال ئىدى. ئۇنىڭ دۇنيادا قانداق ئىنقىلابلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى، پادىشاھلىق تەختلەرگە كىملەرنىڭ چىقىپ، كىملەرنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى توختىماي پىچىرلاپ سۆزلىشەتتى، يېنىدىن بىرەرى ئۆتۈپ قالسا، جىمىپ شۈككىدە بولۇپ قالاتتى؛ تۇرۇپلا نېمىلەرگىدۇ كۈلەتتى، نېمىلەرگىدۇ ئاچچىقلىناتتى. گويا ئۇ سىرلىق پىلانتلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس مېھمانلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندەك ياكى ئۇنىڭ ئۆزى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، روھى باشقا بىر ئالەمدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەندەك قىلاتتى...

## 2

— ئايخان كېلىۋاتىدۇ، ئايخان!...

ئايخاننىڭ قارىسى يىراقتىن كۆرۈنۈشى بىلەنلا يېزىنىڭ ئۇششاق باللىرى ئەنە شۇنداق ۋارقىرىشىپ، ئويناۋاتقان نەرسىلىرىنى تاشلاپ ھەر تەرەپكە قېچىشاتتى. لايدىن ياسالغان نان - توقاچ، توپىدىن قوپۇرۇلغان ئۆي - ئىمارەتلەر يول ياقىسىدا چېچىلغان پېتىچە قالاتتى. يولنىڭ توپىسىنى توزىتىپ كېلىۋاتقان ئايخان توختاپ، باللار كەتكەن تەرەپكە قاراپ نىمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرگەن يوغان قارا ئىت ھاسىرغىنىچە كېلىپ ئىگىسىنىڭ پۇتلىرى يېنىدا زوڭزىياتتى. باللار ئايخاندىن كۆرە، ئۇنىڭ ئاشۇ تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان پاخماق تۈكلۈك ئىتىدىن بەكرەك قورقۇشاتتى.

بەزىدە ئايخان باللار تاشلاپ كەتكەن ئويۇنچۇقلارنى ئېتىكىگە يىغىپ، بىر چەتكە ئاپىرىپ تۆكەتتى - دە، باللارچە ھەۋەس بىلەن ئوينىغىلى تۇراتتى. مۇنداق چاغدا، يىراقتا مارىشىپ تۇرغان باللار:

— ئەنە، ئايخان لايلارنى ئېتىكىگە ئېلىۋاتىدۇ.

— ئايخان لاي توقاچنى يېۋاتىدۇ.

— ئايخان جىنلىرى بىلەن گەپلىشىۋاتىدۇ... — دەپ چۇرقۇرۇشاتتى.

ئايخاننىڭ ياش - قۇرامىنىڭ زادى قانچىدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئىدى. بەزىدە ئۇ كىملەرنىدۇر دوراپ، توم قارا چاچلىرىنى بېشىغا چەمبىرەك قىلىپ تۈگۈپ، يۈزىنى قايسىبىر كۆڭلى يۇمشاق ئايالدىن سورىۋالغان ئەتىر سوپۇن بىلەن بولۇشىغا سوپۇنلاپ يۇيۇپ، بوينىغا جا مارجانلارنى



ئېسىپ، ئۆزىنى خېلىلا «تۈزەشتۈرۈپ» قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يىگىرمە بەش - ئوتتۇز ياشلاردىكى چوكانلاردەك كۆرۈنەتتى؛ بەزىدە ئۇنىڭ چاچلىرى ئايلاپ تارغاق كۆرمەي پاخپىيىپ كېتەتتى، بىرەرى يېمەكلىك تەڭلىسە، كۆڭلى تارتسا ئېلىپ يەيتتى. بولمىسا قاراپمۇ قويمايتتى. كۈنلەپ ئاچ يۈرەتتى. قانداق كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ شۇنداق ئۆرە يۈرۈۋاتقانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئاپتاپلىق يېزا يوللىرىدا تىنىم تاپماي مېڭىپ يۈرگەچكە، ئاياغلىرى يېرىلىپ، چىرايى قارىداپ، قورقۇنچلۇق تۈس ئالاتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇنى كۆرگەن كىشى «كەم دېگەندە قىرىق، ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغان خوتۇن بولسا كېرەك» دەپ قىياس قىلاتتى.

## 3

ئايخان ساز مەھەللىنىڭ چېتىدىكى پاكار قورۇق تاملار بىلەن قورشالغان بىر خارابە قورۇدا يالغۇز ھايات كەچۈرەتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمرىيى ۋە قوغدىغۇچىسى ئاشۇ قارا ئىت ئىدى. بۇ مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ئايخان ئەسلى شەھەرلىك بىر كىشىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىكەن. ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، دادىسى قىزىمنى ئۆگەيلەيدۇ، دەپ قايتا ئۆيلەنمەي، ئايخاننى يۇدۇپ يۈرۈپ دېگۈدەك جاپا بىلەن چوڭ قىپتۇ. قىز يەتتە ياشلارغا كىرگەندە، دادىسى ئۇنى ئېلىپ، ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى بىر ئورمانزارلىقتا مەشرەپكە چىقىپتۇ. شۇ كۈندىكى مەشرەپ ناخشا - ساز، چاقچاقلار بىلەن ناھايىتىمۇ قىزىپتۇ. كۈن ئولتۇراي دېگەندە، مەشرەپ ئەھلى قايتماقچى بولۇپ قارىسا ئايخان يوق. قىزىقچىلىقتا بالىنىڭ دادىسىمۇ ئۇنىڭ قاياققا

كېتىپ قالغانلىقىنى بايقىماي قالغانىكەن. ھەممە ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇشۇپ قىزچاقنى ئىزدەپتۇ. ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئاڭغىچە كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئايخاننىڭ دادىسى ئۆزىنى كاچاتلاپ، بىرقانچە ئاغىنىلىرى بىلەن شۇ يەردە تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتراپ يورۇغاندا قارىسا، قىز يېقىنلا بىر يەردە قېلىن كۆكاتلىق ئىچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقۇدەك... شۇنىڭدىن باشلاپ ئايخان ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىدىغان، تۇرۇپلا كۈلۈپ، تۇرۇپلا جىمىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دادىسى ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىپتۇ، داخانغا ئوقۇتۇپتۇ. قىلمىغان داۋاسى قالماپتۇ. لېكىن ئايخان ياخشى بولالماپتۇ.

يىللار ئۆتكەنسېرى تەبىئەت ئايخانغا ساغلام قامەت ئاتا قىلىۋېرىپتۇ، ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەندە، ئۇ شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل قىزلاردىن بولۇپ تولۇپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئەقلىلا گويا ئۇ ئورماندا ئۇخلاپ قالغان چاغدا توختاپ قالغاندەك تەرەققىي تاپالماپتۇ. ئايخان دائىم ئۇششاق بالىلار بىلەن ئوينايدىكەن، كىچىك بالىدەك قەغىش قىلىپ يىغلايدىكەن، يوق ئىشلارغا كۈلۈپ تېلىقىپ قالىدىكەن. دادىسى قىزىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە قايغۇرۇپ: «ياخشى نىيەتلىك بىرەر يېتىم ئوغۇل بولسا، قىزنى چېتىپ قويۇپ، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز بالام قىلىۋالسام» دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. بەزىلەر: «كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئايخان تۇرمۇشقا چىقسا ياخشى بولۇپ قالار» دەپ مەسلىھەتمۇ بېرىشىدىكەن. ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلار ئىچىدە ئايخاننى كېلىن قىلىۋېلىشنى ئويلاشقان ئوغۇللۇق ئۆيلەرمۇ بولغانىكەن. دەل شۇ چاغدا ئايخاننىڭ دادىسى بىر - ئىككى كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئايخان جامائەتنىڭ دادىسىنى كېپەنلەپ، تاۋۇتقا سېلىپ، كۆتۈرۈپ ماڭغىنىغا بىر چەتتە جىمجىت قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۆلۈم



مەرىكىسىگە كەلگەنلەرنىڭ ئۇنىڭ ھالىغا ئىچى سىيرىلىپتۇ. توغقانلار ئىچىدە: «ئايخان بىچارە ئەقلى جايىدا بولمىغان بىلەن، خۇداغا شۈكرى، خېلى ياۋاش، ئەمدى ئۇنى قايسىمىز تەربىيىمىزگە ئالساق بولىدىكەن...» دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ بوپتۇ.

تىپتىنىچ دالىدىمۇ تويۇقسىز كۈچلۈك قۇيۇنلار كۆتۈرۈلىدۇ، سۈزۈك ئاسماندا پەيدا بولغان كىچىك بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭمۇ بەزىدە دەھشەتلىك يامغۇرلارنى تۆكۈۋېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ... ئۆلۈم كۈنىنىڭ ئەتىسى ئايخاننىڭ كەيپىياتىدا غەلىتە ئۆزگىرىش بوپتۇ، چۈشكىچە ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت يانغان ھالدا ھويلىدىن تالاغا چىقىپ، تالادىن ھويلىغا كىرىپ، ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەپتۇ. «بىچارە، دادىسىنى ئىزدەۋاتىدۇ» دېيىشىپتۇ توغقانلىرى. چۈش ۋاقتىدا ئۇ تويۇقسىز ئۆيگە كىرىپ، چىنە - قاچىلارنى ئۇرۇپ - چېقىپ، ئاق ياغلىق سېلىپ، ھازىدا ئولتۇرغان ئاياللارنى سۈرۈپ قوغلاپ چىقىپتۇ. ئاندىن كوچىغا چىقىپ، ئۇچرىغاننى ئېسىلىپ ئۇرۇپتۇ. شۇ يەردىن يەنە بىر كوچا نېرىدىكى قايناق بازارغا ئېتىلىپ كىرىپ، يايمىچىلارنىڭ ماللىرىنى دەسسەپ - چەيلەپ، قولىغا چىققاننى ھەر تەرەپكە ئېتىپ، بىردەمدىلا بازار ئىچىنى جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىرىدا تۆت - بەش ئەر كىشى ئۇنى ئاران دېگەندە تۇتۇپ باغلاپ، ئۆيگە ئەكېلىپ تاشلاپ بېرىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن توغقانلار ئايخاننى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمۇ بولۇشقانىكەن. لېكىن قىز ئەتىسىلا تىنچلىنىپ، يەنە ياۋاشلاپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭدا بىر بۇلۇڭغا كىرىپ، ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ، سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان يېڭى مىجەز پەيدا بولۇپتۇ. ئەنە شۇ كۈنلەردە ئەر توغقانلاردىن بىرەيلەن ئايخاننى ساز

مەھەللىدىكى سېلىم موزدوزغا تونۇشتۇرۇپ، نىكاھلاپ قويغانىكەن.

4

سېلىم موزدوز يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان، ئۆمرىدە ئۆيلەنمىگەن كىشى ئىدى. ئەسلىدە ئۇ جەنۇبلۇق ئادەم بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا قەشقەردە تۇماقنى قىرلاپ كىيىپ، بىر مەزگىل نوچىلىقتا دەۋر سۈرگەن؛ ئاندىن ئاقسۇغا كېلىپ، قىمار مەيدانلىرى بىلەن نەشە سورۇنلىرىنى ئاۋات قىلغان؛ كۇچادا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ھەۋەسىنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا مېڭىپ باققان؛ غۇلجىغا چىقىپ، خاڭلاردا ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ يېزىغا كېلىپ، ئورۇنلىشىپ قالغانىدى.

ھارۋىكەشلەر شاش ئاتلارنى يۈكنى كۆپ ئارتىپ كۆندۈرىدۇ. سېلىم موزدوزنىڭ گاڭگۇڭلۇقىمۇ يېشى چوڭايغانسېرى بېسىلىپ، جاھاندارچىلىقنىڭ ئېغىر يۈكى ئاخىر ئۇنى ياۋاش بىر ئادەمگە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇ چاغلاردا موزدوزنىڭ دەرۋازىسى (ھازىر ئايخان تۇرۇۋاتقان قورۇ) يېنىدا كىچىككىنە دۇكىنى بولىدىغان، ئۇ كۈن بويى شۇ يەردە ئاتا كەسپى ياماقچىلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. كىچىك باللارنىڭ باشماقلىرىنى تىكىپ، ھەر يەكشەنبە كۈنى بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ، چاي - تۇز قىلىپ چىقاتتى. ئۇستامىنىڭ ئىش تىكىۋېتىپ ئانچە - مۇنچە مۇھەببەت ناخشىلىرىنى غىڭشىپ قويىدىغىنى ۋە بەزىدە ئاياغ ياماتقىلى كىرگەن خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ۋاتىلدىشىپ كېتىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىشقى - مۇھەببەت بابىدا ئۇ تولىمۇ تىنچ ئادەم ئىدى. «سېلىم موزدوز ئايخاننى خوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئالدى» دېگەندىن كۆرە، «شۇ ئاجىز قىزغا غەمخورلۇق قىلماقچى



بولدى» دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ئايخان مەھەللىگە چىققان كۈنى ھېچقانداق داغ - دۇغىلىق توي مۇراسىمى بولمىدى. سېلىم موزدوز قىزنىڭ شەھەردىن بىللە چىققان تۇغقانلىرى بىلەن مەھەللىدىن مۇبارەكلەپ كىرگەن چوڭلارغا ئاددىيغىنا چاي تارتتى. نىكاھ شەھەردە ئوقۇلغانىدى. . .

بۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردا توي كېچىسى دېرىزە مارىلايدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. ئەگەر توي ئىگىسى مارىلاشقا قارشىلىق قىلمىسا، قىز - يىگىت ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىنى چېقىپ، ئۆگزىسىنى ئېچىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. سېلىم موزدوز ئايخاننى ئېلىپ چىققان كۈنى كېچىسى ئەل ياتقاندا، مەھەللە دوقمۇشىغا يىغىلغان ياش باللار قىزىقچىلىق كۆرۈش ئۈچۈن موزدوزنىڭ پاكار تېمىدىن ئاستا ئاتلاپ كىرىپ، يېرىمى ئەينەك، يېرىمى قەغەز بىلەن چاپلانغان پەنجىرىگە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يېقىنلاشتى. ئۆي ئىچىنى تەكچىدىكى ئونىنچى لامپا خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۈستىگە بىر قۇر يېڭى تويلۇق كىيىم كىيگەن ئايخان ئەتراپقا قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. دېرىزە سىرتىغا ئۇلاشقانلار پەنجىرىگە چاپلىشىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خېلى كۈتكەن بولسىمۇ ئۆي ئىچىدىن «كۆڭۈللۈك» بىر مەنزىرىنى كۆرمىدى. سېلىم موزدوزدا ئۆيلەنگەن «يىگىت» لەرگە خاس ھېچقانداق بىر جۇشقۇنلۇق كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بېشىنى تاتىلاپ، ئۆي ئىچىدە بىرھازا ئۇياق - بۇياققا ماڭدى - دە، ئاخىر كونا ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇن - كۆرپىلەرنى ئېلىپ، ئايخاننىڭ يېنىغا چىرايلىق قاتلاپ بىر كىشىلىك ئورۇن سېلىپ قويۇپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ، ئۆزى ئۈچۈن بوز كىگىزنىڭ ئۈستىگىلا بىر ياستۇقنى تاشلاپ، چاپاننى غېرىبچىسىغا يېپىنىپ ئۇيقۇغا تەگدى. ياش باللارنىڭ «نېمە قىزىقچىلىق بولاركىن؟» دەپ

تەلمۈرۈپ بويۇنلىرى قىيتىپ كەتكەنىدى. بولالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەنگەن بىرى: «بولدى، بولدى، جۇرۇڭلار، مىنىڭ دىرىزەمگە بىرىپ ماراڭلار. موزدۇز ئۇستام قويالمىغان ئويۇننى مەن قويۇپ بىرەي» دەپ ئۇلارنى باشلاپ كەتتى.

ئايخان خېلى ۋاقىتلارغىچە سېلىم موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كۆنەلمىدى. ئۇ ھە دېسىلا شەھەرگە قېچىپ كىرىپ كېتەتتى. موزدۇز ئۇنى يەنە نەلەردىندۇر ئىزدەپ تېپىپ چىقاتتى. يېزا ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئايخاننىڭ بارى - يوقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك ئىدى. ئۇ ئايلاپ كۆرۈنمەي قالسىمۇ ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەيتتى. لېكىن، سېلىم موزدۇز ئۇنى: ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا خۇدا يەتكۈزگەن ھەمراھىم، دەپ تونۇيتتى. گويا موزدۇز ياشلىقىدىكى بارلىق گۇناھلىرىنى شۇ ئاجىز بىچارىگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن يۇيماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا تاماق ئېتەتتى. كىيىملىرىنى يۇيۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

ئايخان مەھەللە كوچىلىرىدا پەيدا بولۇپ قالغاندا ئىشىك ئالدىلىرىدا ئولتۇرغان خوتۇنلار بىر - بىرىنى نوقۇپ:

— ئەنە سېلىم موزدۇزنىڭ خوتۇنى كېلىۋاتىدۇ.

— ئايخان كېلىۋاتىدۇ! — دېيىشىپ جانلىنىپ كېتىشەتتى.

بەزىلىرى ئايخاننى چاقىرىپ:

— ھويت ئايخان، بۇياققا كەلگىنە! سېلىم موزدۇز نېمەك بولىدۇ؟ — دەپ گەپكە سېلىشاتتى.

— بوۋام... ياق. دادام...

— ھوي جوھۇت، ئۇنداق دېمە يامان بولىدۇ. ئېرىسىم، دە! — دەپ چۇقۇرشاتتى ئاياللار.

— سېلىم موزدۇز سىلەرنىڭ ئېرىڭلار... - دەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى ئايخان.



— ياق، سېنىڭ ئېرىڭ.

— مېنىڭ ئېرىم؟!

— ھە، سېنىڭ.

— مۇشۇك چاشقاننىڭ ئېرىمۇ؟... ئىتمۇ يۈزىنى يۇيامدۇ؟... — يەنە نېمىلەرنىدۇ دېگىنىچە كېتىپ قالاتتى ئايخان.

موزدۇزنىڭ ھويلىسىدا بولسا ئايخان قەيەردىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان قارا كۈچۈك بىلەن مىلىكە بولاتتى. ئۇنى كۆتۈرەتتى. چايناپ نان يېگۈزەتتى. ئەكىلىتىپ پاراڭلىشاتتى. بۇ ئىشتىن زېرىككەندە، موزدۇزنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، ئەتراپتا چېچىلىپ ياتقان پۇرۇچلارنى ئېتىكىگە يىغىپ، تالاغا ئاچىقىپ تۆكەتتى؛ يەنە بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنى ئېتىكىگە ئېلىپ دۇكانغا ئەكىرەتتى. بەزىدە ئۇ ئېگىنىنى تۈتقىنىچە، ئۇستامنىڭ بىر تۆشۈكتىن ئىككى يىڭنىنى شۇنچە تېز ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىغا ئەقلى يەتمەي ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. موزدۇز ئۇنىڭغا چۈشەنمىسىدۇ - چۈشەنمىسىدۇ، بېشىدىن ئۆتكەن قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، ياكى يۇرتىنىڭ كونا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى... شۇنداق قىلىپ، ئايخان بارا - بارا سېلىم موزدۇزغا ئۆگىنىپ قالدى.

ئەگەر ئامەت بىر كىشىدىن يۈز ئۆرۈسە، ئاپەتنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن زادىلا نېرى كەتمىسە كېرەك... يېزىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر چوڭ باغ بولىدىغان، ئۇز ۋاقىتدا بۇ بىر شاڭيۇنىڭ جاڭزىسى ئىدى. ئەتراپتىكى يەرلەر مەيدانلىشىپ كەتكەچكە، بۇ باغ ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوخچىيىپ قالغانىدى. ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ قالغاچقىمۇ، باغ ئىچى ھەر خىل ياۋا دەل - دەرەخلەر ئۈنۈپ، جاڭگاللىشىپ كەتكەنىدى. سوقما تاملارنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان بەزى تېرەكلەرگە ھازىر قۇچاق يەتمەيتتى. بىر يىلى

ئەترەت بۇ يەردىكى دەرەخلەرنى قومۇرۇپ، باغ ئورنىنى تېرىلغۇ مەيدانىغا قوشۇۋېتىشنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يوغان تېرەكلەرنى يىقىتىش باشلىنىپ كەتتى.

سېلىم موزدۇز ئىچى پۇشسىلا تېرەك كەسكەن يەرگە بېرىۋالاتتى. ئۇ ياغاچ ئۆرۈۋاتقانلارغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئارغامچىنى ئۇياققا تارت، بۇياققا تارت، دېيىشىپ بېرىپ، كەچلىكى بىرەر يۇدۇم ئوتۇن ياكى بىر ـ ئىككى تال چەنزىلىك ياغاچ كۆتۈرۈپ كېلەتتى. بىر كۈنى، ئادەملەر سېلىم موزدۇزنى قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن ھالدا كۆتۈرۈپ كېلىشتى. ئېگىزدىن چۈشكەن بىر تال ياغاچ موزدۇزنى قاپ بەلدىن بېسىپ، شۇ يەردىلا جېنىنى ئالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ ئايخان بۇ غەمخورچىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. ئۇ تاۋۇت كۆتۈرگەن جامائەتكە ئەگىشىپ يېزىنىڭ چېتىگە چىقىپ، يول بويىدىكى سۆگەتكە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئادەملەرنىڭ ئاياغلىرىغا پۇتلىشىپ كېتىپ بارغان قارا كۈچۈكمۇ توختاپ، ئايخانغا قاراپ غىڭشىپ، قاۋاپ ـ قاۋاپ قويدى ــ دە، ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئايخان شۇ يەردە جامائەت تۇپراق بېشىدىن يانغىچە كۈتۈپ تۇردى. ھەممە ئادەم قايتىپ كەلدى، لېكىن سېلىم موزدۇز قايتىپ كەلمىدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايخان كۆزلىرى قانغا تولغان ھالدا مەھەللە كوچىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ «سېلىم قېنى...؟ سېلىم موزدۇز!...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە، دەرۋازىسى ئوچۇق قالغان ھويلىلارغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئۆي، ئېغىل، ئامبارلارنى ئاختۇرۇپ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. «سېلىمنى نەگە تىقىپ قويۇشتۇڭ؟!... نېمىشقا ئۇ چۈشكەن ھارۋىنىڭ چاقى يوق...؟» دەپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئاياللارغا ئېسىلىپ، چېچىنى يۇلاتتى. قارا كۈچۈك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي



يۈگۈرۈيتتى. ئىتلار ئەنسىز ھاۋشىپ، توخۇلار قاقاقلىغىنىچە ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ، قورقۇپ كەتكەن بالىلار، خوتۇنلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، مەھەللە ئىچى بىردەمدىلا پاتپاراقلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا، كىمدۇر بىرى ئەقلىگە كېلىپ «ئايخان، مانا، موزدۇز ئۇستام بۇ يەردە تۇرىدۇ» دەپ ئايخاننى ئەترەتنىڭ ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبىرىغا ئالداپ ئەكىرىپ، تېشىدىن قۇلۇپلىۋالدى: كەچكە يېقىن، كىشىلەر ئامبارنى ئېچىپ، ئاستا باشلىرىنى تىقىپ قاراشقاندا، ئايخان پۈتۈنلەي تىنچلىنىپ، بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

ئايخان ئەمدى ئىتى بىلەن توختىماي سۆزلىشىدىغان بولدى. «ھەي سېلىم، نان قېنى؟... ئاش قېنى؟... بۇ كۆينەكنى كىم يۇيىدۇ؟...» يەنە نېمىلەرنىدۇ دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ. بىچارە كۈچۈك بولسا ھېچنېمە چۈشەنمەي، بېشىنى سىلكىپ قويۇپ قاۋاپ كېتەتتى. ئايخان ئۆيگە يات كىشىلەرنى يولاتمايتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، موزدۇزنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى دۈكىنى قىيسىيىپ، ھويلىلارنى لويلا كوكات بېسىپ، بۇ يەر سۈرلۈك بىر ماكانغا ئايلىنىپ قالدى.

5

دۇنياغا تۆرەلگەنىكەنسەن، ئوڭ بولساڭمۇ، سارىڭ بولساڭمۇ جاھاندارچىلىقنىڭ يەلكەڭگە چۈشكەن ئارغامچىسىنى تارتىشقا مەجبۇرسەن؛ ھاياتلا ئىكەنسەن، تۇرمۇشۇڭدا يېڭى ـ يېڭى كەچۈرمىشلەر سادىر بولۇۋېرىدۇ... ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئۆتتىمىكىن، ئەيتاۋۇر، قارا كۈچۈك تۈكلىرى پاخپايغان يوغان ئىت بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. ئايخاننىڭ ئاچچىق سەزگۈرەشتىلىرىگە يەنە يېڭى بىر ۋەقە كېلىپ قوشۇلدى.

بۇ يېزىدا قاۋۇل دەيدىغان بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ يېزىنىڭ قېرى تۆمۈرچىسى بىلەن تۆمۈرچىخانىدا ئىشلەيتتى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق قاۋۇل بازغانچى ئىدى. تۆمۈرچى ئۇستام ئات تاقىلاتقىلى، كەتمەن - پەتمەن ئاپلاتقىلى كەلگەن دېھقانلار بىلەن ئىختىيارسىز چاقچاقلىشىپ كېتىدىغان پاراڭچى ئادەم ئىدى، قاۋۇلنىڭ بولسا مىجەزى غەلىتىرەك ئىدى: ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىلىقچە چىقىشىپ كېتەلمەيتتى، ئۇششۇق - تۆشۈك گەپمۇ قىلمايتتى، چىرايىمۇ شۇنىڭغا لايىق سۆرۈنرەك ئىدى. گويا پۈتۈن ئاچچىقىنى سەندەل ئۈستىدە چوغلىنىپ تۇرغان ئاشۇ قىزىق تۆمۈردىن چىقارماقچى بولغاندەك، كۈچ بىلەن بازغان ئۇراتتى. شەھەردىكى مەكتەپلەردە بىر زامان ئوقۇغان بولغاچقىمىكىن، يېزىنىڭ ئەترەت باشلىقى، بوغالتىر دېگەندەك ئەمەلدارلارنىمۇ ئۇنچىۋالا كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى.

يېزىنىڭ جەنۇبى تەرىپى سازلىق بولۇپ، بۇ يەرنىڭ «ساز مەھەللە» ئاتىلىپ قېلىشىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى. ئېتىزلار ئارىلاپ تۆۋەنلەپ كەتكەن هارۋا يوللىرى بارغانسېرى تارىيىپ، سازلىققا يېقىنلاشقاندا، قېلىن چىغىتماقلىقلار ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالىدىغان ئاياغ يوللارغا ئايلىنىپ كېتەتتى. بۇ يەردە سازنىڭ قارا سۈيىدىن هاسىل بولغان چوڭ بىر كۆلمۇ بار ئىدى. كۆل ئىچىدە ياپىيېشىل سۇ ئوتلىرى، كۆل بويىدا بولسا قومۇش، يېكەنلەر ئۆسۈپ كېتەتتى. كۆزگە يېقىن چۆپ چاپقىلى كېلىپ قالىدىغان دېھقانلار ياكى ياۋا ئۆردەك ئاتقىلى كېلىدىغان بىرەر ئوۋچىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە كۆل بويى ئادەمدىن خالىي بولاتتى. پەقەت كۈن ئىسسىپ كەتكەن مەزگىللەردە قاۋۇل تۆمۈرچىخانىنىڭ تىنجىقىدىن قېچىپ، بۇ يەرگە چۆمۈلگىلى كېلىپ قالاتتى.

بىر كۈنى، قاۋۇل چۆمۈلۈپ چىقىپ، كۆل بويىدىكى قېرى قارىياغاچ تۈۋىدە سالقىنلاپ ياتاتتى، بىر چاغدا ئۇنىڭغا سۇنىڭ



شالاقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قاۋۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇ ئىچىدە ئانىدىن تۇغما ھالەتتە تۇرغان ئايخاننى كۆرۈپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. كۆل چېتىدىكى سۇ ئۇنىڭ چوڭ يوتىسىغىچە چىققانىدى. ئايخان ناھايىتىمۇ ھوزۇرلىنىپ يۇيۇنۇۋاتاتتى. كۆل بويىدا بىر باغلام قورۇق ئوتۇن ياتاتتى. ئوتۇننىڭ ئارقىسىدىكى ئېگىز ئۆسكەن كوكاتلار ئىچىدىن يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز توپتوغرا قاۋۇلغا قادىلىپ تۇراتتى. قاۋۇل ئىتتىك بېشىنى تۆۋەن قىلدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يەنە بىر قاراپباققىسى كەلدى.

ئىككىنچى قېتىم بېشىنى كۆتۈرگەندە قاۋۇل بايىقى بىر جۈپ كۆزنىڭ كوكاتلىقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىتنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. قارا ئىت قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، ئىگىسىنى قورۇغاندەك، قاۋۇلنىڭ ھەرىكىتىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئايخان ھەدەپ شالاپشىتىپ، سۇنى ئۈستىگە چاچاتتى. سۇ تامچىلىرى بولسا قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سانسىز كىچىك ھەسەن - ھۈسەنلەرنى پەيدا قىلاتتى. قاۋۇل بۇ ئايالنىڭ قامىتىدىن ئادەتتىكى چاغلاردا جۇل - جۇل كىيىم، چۇۋۇق چاچلار ئارىسىدا كۆزگە چېلىقماي قالىدىغان گۈزەللىكنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆكرەكلىرى چىڭ، بەدەنلىرى ئاپئاق، ساغرىلىرى ناھايىتىمۇ چىرايلىق ئىدى. . . .

ئايخان چۆمۈلۈپ بولۇپ، يىرتىق كۆينىكىنى كىيىپ يەنە قىرغاقتا پەيدا بولدى. قاۋۇلدا ئۇنى چاقىرىپ گەپكە تۇتۇش ئىستىكى تۇغۇلدى.

— ئايخان، ھاي ئايخان!

ئوتتۇننى مۆرىسىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغان ئايخان قاۋۇل تەرەپكە چۆچۈپ قارىدى ـ دە، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— ئايخان، مانا ئوتتۇن!

قاۋۇل قارىياغاچنىڭ قۇرۇپ قالغان چوڭ بىر شېخىنى كۈچ بىلەن تارتىپ سۇندۇرۇۋېلىپ پۇلاڭلاتتى. ئايخان ئۇنىڭ ئوتتۇننى راستتىنلا بېرىۋېتىدىغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئاستا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىدىن تېخىچە سۇ تامچىپ تۇراتتى. كۈن نۇرىدا قارايغان بىلەك ۋە پاقالچەكلىرى يېقىملىق تاۋلىناتتى. قاۋۇل قۇرۇق شاخنى ئۇشتۇپ پارچىلاپ، ئايخاننىڭ مۆرىسىدىكى ئوتتۇنغا قوشۇپ باغلاپ بەردى. ئاندىن ئۇنى قولىدىن تارتىپ، كىمدۇر بىرى ئورۇپ تاشلاپ قويغان پىچان ئۈستىگە ئاستا ئولتۇرغۇزدى.

قاۋۇلغا بىرىنچى بولۇپ قارشىلىق قىلغان ئايخان ئەمەس، ئۇنىڭ ئىتى بولدى. قاۋۇل ئايالغا قول سۇنۇشى بىلەنلا ئىت خىرىس قىلىپ ھۈرپەيدى. ئايخان بولسا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. قاۋۇل خالتىسىدىن بىر پارچە قاتتىق ناننى ئېلىپ ئىتقا چۆرۈپ بەردى. ئىت ئايخاننىڭ خاتىرجەم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، غىڭشىپ ـ غىڭشىپ قويۇپ، ناننى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ غاجىلىغىلى تۇردى. . . قاۋۇل ئايخاننىڭ نەم چاچلىرىنى ئېھتىيات بىلەن سىلىدى. ئايخان بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ تۆمۈرچىگە ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا دوستانە قول سۇنغان بىر ئىنساننىڭ ئىللىق مېھرى تاراۋاتقاندەك، قەلبىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر بىر يېرىدىكى ئۇنتۇلغان سېزىملەر ئويغىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئاستىدىكى چالا قۇرۇغان



پىچاندىن كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق كېلەتتى. قارىياغاچ ئۈستىگە بىر توپ قۇشقاچلار قونۇپ كۆڭۈللۈك چۇرۇقلاشتى ـ دە، يەنە گۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى.

6

«ئايخان بىلەن قاۋۇل كۆل بويىدا قۇچاقلىشىپ ياتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى مەھەللىگە بالىلار يەتكۈزۈپ كەلدى. ئۇششاق بالىلارنىڭ بۇ ئىشنى نەدە تورۇپ، قانداق كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. كىچىك بالا دېگەننىڭغۇ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. راست ـ يالغىنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خەۋەر مەھەللىدە زور قىزىقىش پەيدا قىلدى.

كۈن قايرىلغاندا، كىشىلەر مەھەللىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئايخاننى كۆردى. ئۇ يوغان بىر قۇچاق ئوتتۇننى يۈدۈپ، ھارغىنلىق بىلەن قەدەم ئالاتتى، كۆزلىرى بولسا نامەلۇم بىر خۇشاللىقتىن نۇرلانغانىدى. خوتۇنلار ئۇنى چاقىرىپ گەپ سوراشقا ئالدىراشتى.

— ئايخان، ھويت ئايخان! بۇياققا كېلىپ، بىردەم دېمىڭنى ئېلىۋال.

— نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

— ئوتتۇن تەردىم.

— قاۋۇلنى كۆردۈڭمۇ؟

— قاۋۇل؟

— ھە، ئاۋۇ دۇكاندىكى تۆمۈرچىنىچۇ؟

— تۆمۈرچىنىما؟ . . . كۆردۈم

— ئۇ سېنى نېمە قىلدى؟

— مېنى؟ . . . مېنى تۇتۇۋېلىپ. . .

— ھە، تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلدى؟
— تۇتۇۋېلىپ سۆيۈپ...
— ۋاي شەرمەندە! يەنچۇ؟
— يەنە...

خوتۇنلار خۇددى مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى بىلىۋېلىشقاندەك خۇشال بولۇپ كېتىشتى. بەزىلىرى تېخىمۇ تېتىقسىزلىشىپ، بۇ ئىشنى ئىنچىكە يەرلىرىگىچە سوراپ، كوچىلاشتۇرغىلى تۇردى.

— ۋاي داپشاقلار، ئىت - مۇشۇكلەر...

ئايخان ئاخىرىدا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېدى - دە، كېتىپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئاياللار بولمىغاندا ئەرلەر، چوڭلار بولمىغاندا كىچىكلەر ئايخاننى چاقىرىۋېلىپ گەپكە سالىدىغان بولدى:

— ئايخان، ھە، تۆمۈرچى سېنى نېمە قىلدى؟
— مېنى سۆيۈپ...
— كۆلنىڭ بويىدىما؟
— قارىياغاچنىڭ ئاستىدا.
— كىم كۆردى؟
— قۇشقاچلار.
— ھە، سېنى سۆيدى. يەنچۇ؟
— يەنە...

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. بۇ سۆز - چۆچەك باشقا بىرەرى ئۈستىدە تارقالغان بولسا قانداق بولاتتىكىن، ئەمما، قاۋۇلغا ھېچكىم يۈزتۇرانە بىرنېمە دېيەلمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەنىلىك قاراپ كۈلۈشۈپ قويۇشاتتى. قاۋۇل بۇنى سەزمەمدۇ ياكى سەزسىمۇ ئەتەي بىلمىگەنگە سالامدۇ، كىشىلەر يېنىدىن ھېچكىمگە كۆزىنى سالماي، گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى.



ئايخاننىڭ چاچلىرى ئەمدى چىرايلىق تارىلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ كۆڭلى تارتقان ئۆيلەرگە كىرىپ يېپ - يىڭنە، تارغاق، سوپۇن دېگەندەك لازىملىقلارنى سورايتتى. كوچىغا ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ چىقاتتى. قاۋۇلنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يوتكىچە ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. بەزىدە ئۇ تۆمۈرچىخانىغا يىراقتىن نەزەر سالاتتى. ئۇ يەردە قاۋۇلنىڭ كۈچلۈك بەستى غىل - پال كۆرۈنەتتى. سەندەلدىن ئەتراپقا قىپقىزىل ئۇچقۇنلار چاچرايتتى. ئايخان ئىختىيارسىز كۈلۈپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. گويا ئۇنىڭ قەلبىدە رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلىۋاتقاندەك، بەختسىزلىكنىڭ قارا بۇلۇتى قاپلىغان كۆڭۈل ئاسمىنىدا يېڭى بىر يورۇقلۇق كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

كېچىدە سۇ تۇتقىلى چىققانلار قاۋۇلنىڭ بەزىدە تۈن يېرىمىدا ئايخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە ئۆتۈپ، سەھەرگە يېقىن قايتىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىشاتتى. خوتۇنلار:

— سەپسالدىڭلارمۇ؟ ئايخاننىڭ ھېلىقى يامان ئىتى قاۋۇلنى كۆرسە زادى قاۋۇمايدىكەن.
— توۋا، قاۋۇل توپ - تۇزۇكلا يىگىت تۇرۇپ، ئاشۇ ئايخان بىلەن ھە!...
— كۆڭۈل دېگەن شۇ.
— ئايخاننىڭمۇ نەرى كەم؟ چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، ياساپ قويىدىغان بولساڭ شەھەرنىڭ خېنىملىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، — دېيىشەتتى.

لېكىن، ئايخاننى ياساپ - تۇزەشتۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنچىقماس بازغانچىغا ئۇ ئاشۇ يىرتىق كۆينەك، يېرىلغان ئاياغ، كۈندە كۆيگەن چىرايى بىلەن قىممەتلىكتەك ئىدى...

ئەگەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانمىغان بولسا بۇ

ئىشلارنىڭ ئاخىرى قانداق تاماملىنانتتىكىن، تاڭ، «ئىنقىلاب» كىشلەر قىياس قىلمىغان پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 7

ساز مەھەللە شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغاچقىمىكىن، «ئىنقىلاب» باشلىنىشى بىلەنلا شەھەردە چىلىنغان داقا - دۇمباق، جاڭ - جۇڭلارنىڭ ساداسى ئاخشىمى - ئەتىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بىرەر يىلدىن كېيىن، بۇ ۋاڭ - چۇڭلار ئوق ئاۋازى بىلەن ئالماشتى. بولۇپمۇ، كېچىدە بۇ ئوق ئاۋازلىرى يېزىغا ئېنىق ئاڭلىناتتى. شەھەرگە كىرگەن دېھقانلار: پالانى يەردىكى ئېگىز بىنا كۆيۈپ كۇل بولۇپ كېتىپتۇدەك، كېچىكى ئېتىشىشتا مانچە ئادەم ئۆلۈپتۇدەك... دېگەندەك ئەندىشلىك خەۋەرلەرنى ئېلىپ چىقاتتى. شۇ كۈنلەردە دېھقانلار شەھەرگىمۇ ئاز كىرەتتى. قوناقلىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يول بىلەن شەھەرگە دائىم كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىغان بىردىنبىر يۈرەكلىك ئادەم قاۋۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئۇ يەردە نېمىلەرگە قىزىقىپ، نېمە خىياللاردا يۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئايخاننىڭ قەلبىدىمۇ ئۆزگىچە بىر ئىنقىلاب بولۇۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى چېچىنى تاراپ، چېكىسىگە گۈللەرنى قىساتتى. كىمنىڭ ھويلىسىدا ئېچىلىپ تۇرغان گۈل كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنسە، يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇپ چىقىپ، ئۆز ھويلىسىغا تىكىپ قوياتتى. بۇ گۈللەر سۇ كۆرمەي قۇرۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا يەنە ئېچىلىۋېرەتتى. بەزىدە ئۇ كىگىز - كېچەكلىرىنى قېقىپ، ھويلا - ئاراملىرىنى چالا - پاساق بولسىمۇ ئاقارتىپ، يۇيۇپ - تارىنىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئېگىلىپ سالام قىلىپ، ئوڭلۇقلا بولۇپ



قالاتتى. يېزىلىقلارنىڭ ئۇنىڭ قىلىقىغا كۈلگۈسى كېلەتتى.

بىر كۈنى، چوڭ ئەترەت قورۇسىدىكى شەھەرلىكلەرنى دوراپ ئېچىلغان چوڭ يىغىندا «ياشىسۇن، يوقالسۇن» دېگەن شوئارلارنى ھارغىچە توۋلاپ قايتقان دېھقانلاردىن بىرنەچچىسى ئايخاننىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ:

— ھوي ئايخان! جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، بىلەمسەن؟ — دەپ ئۇنى گەپكە سالدى.

— كۈن چىقىدۇ، كۈن ئولتۇرسا ئاي چىقىدۇ...

— «تومەننىڭ يىللار ياشىسۇن» دېمەمسەن؟

— ياشىسۇن؟!... كىم ياشايدۇ؟ — ھەيران بولدى ئايخان، — ئاسماننىڭ ئاستى، يەرنىڭ ئۈستى... ئۇلارلا ياشىمىسۇن، ھەممىمىز تەڭ ياشايلى. تۆمۈرچىمۇ ياشىسۇن، موزدۇزنى كىم كۆمۈۋەتتى؟... ئىت - مۈشۈك، قۇشقاچلار ياشىمامدىكەن؟...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېلىقى دېھقانلار قورققىنىدىن ئاغزىلىرىنى تۇتقىنىچە كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېچكىم ئايخاندىن ئىنقىلاب توغرىسىدا گەپ سورىمايدىغان بولدى.

بىر قېتىم ناھايىتىمۇ ئەنسىز كېچە بولدى. ئوق ئاۋازى يېقىنلا بىر يەردە تاراسلاپ، مەھەللىنىڭ ئىتلىرى تاڭ ئاتقۇچە قاۋاپ چىقتى. سەھەردە ئېتىزغا سۇ ئاچقىلى چىققان بىر دېھقان مەھەللە ئىچىگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى، — دە، ئەترەت باشلىقىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. ئەترەت باشلىقى تولىمۇ ئېغىر ئادەم ئىدى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ بىر كىرىلىۋېلىپ، ئالدىرىماي كېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

— ھە، نېمە گەپ؟

ھېلىقى دېھقان ھودۇققىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— قو - قو - قوناقلىق بىلەن كېلىۋاتاتتىم. ئا - ئا -

ئالدىمدىلا بىر ئادەمنى كۆرۈپ چۆ - چۆ - چۆچۈپ كەتتىم.

— قايسى قوناقلىقتا؟

— شە - شە - شەھەر تەرەپتىكى . . .

— ھە، كىمكەن؟ مەستتىن بىرى يىقىلىپ قاپتۇما؟

— سە - سە - سەپسالسام قاۋۇل ئىكەن. ياتقان يېرى قان، كېچە شەھەردىن قوغلاپ چىققانلار ئېتىپ تاشلىغاندەك قىلىدۇ . . .

— تىرىكمۇ، ئۆلۈك؟!

— بىلمىدىم، كۆزى چەكچىيىپ قاپتۇ. قو - قو - قورۇققىنىمدىن بۇياققا يۈگۈردۈم . . .

— نېمە دەيدىغانسەن؟ جۆرە، بېرىپ كۆرۈپ باقايلى.

ئەترەت باشلىقى بىلەن ھېلىقى دېھقان يېتىپ كەلگەندە، قاۋۇلنىڭ بېشىدا ئايخاننىڭ قارا ئىتى پەيدا بولغانىدى. ئىت خىرس قىلىپ ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى. ئارقىدىنلا قوناق شاخلىرىنى شالدىرلىتىپ ئايخان ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى - دە، دەھشەتلىك چىرقىراش بىلەن قاۋۇلنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئاندىن ئۇنى يۇدۇپ ئېلىپ ماڭدى.

— توختا! . . . ئايخان، قاۋۇلنى نەگە ئاپىرىسەن؟ - دەپ ۋارقىرىدى ئەترەت باشلىقى.

لېكىن ئايخان ئارقىسىغىمۇ قاراپ قويمىدى. قاۋۇلنىڭ سۆرۈلۈپ قالغان پۇتى يەرنى سىجاپ ئىز قالدۇراتتى. ئايخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ قوناقلىقنى يېرىپ چىقىپ، ئىتىز ئىچى بىلەن توپتوغرا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

ئەترەت باشلىقى يېزىدىكىلەرگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، ئايخاننىڭ دەرۋازىسى يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئايخان قاۋۇلنى ئۆي ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ھەدەپ ئەتراپتىن تاش يىغىپ ئۆينىڭ ئالدىغا دۆۋىلىگىلى تۇرغانىدى. ھېچكىم ھويلىغا بېسىپ



كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. قىيشىق دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىرەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئايخان تاش ياغدۇراتتى. كۈز ئايلىرى كىرىپ قالغان بولسىمۇ، كۈن تېخى ئىسسىق بولغاچقا، مېيىت ۋاقتىدا دەپنە قىلىنمىسا سېسىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى؛ ئەگەر قاۋۇل ھايات بولسا، ئۇنى ۋاقتىدا داۋالىتىش لازىم بولاتتى. كوچىغا يىغىلغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، جامائەت تەقەززالىنىشقا باشلىدى. ئايخاننىڭ دۆۋىلىگىلى تۇرغان تاش - كېسەكلىرىمۇ بارغانسېرى ئېگىزلىدى. دادىسى بىلەن سىلىم موزدۇزنى ئاپىرىپ كۆمۈۋەتكەن بۇ رەھىمسىز ئادەملەرگە ئەمدى ئۇنىڭ قاۋۇلنى زادىلا بەرگىسى يوق ئىدى . . .

كىشىلەر نېمە قىلىش توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئەترەت باشلىقى: «ھوي كۆپچىلىك! ئايخان قاۋۇلنى بۈگۈن بىزگە بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ، مەيلى، ئەتىگىچە كۈتەيلى، بۇ خوتۇننىڭ پەيلى يېنىپ قالار. قانۇن ئۇرنىغا ئادەم كەتتى. تېخى قاۋۇلنى كىم ئاتقانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن ئاتقانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئىشمۇ بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن توپلانغان جامائەت بىر - بىرلەپ تارقاپ كېتىشتى.

ئەل ياتقاندا، شەھەر تەرەپتىن توپا توزۇتۇپ چىقىپ كەلگەن بىر ماشىنا ئايخاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدە - دە، دۈپۈرلۈشۈپ چۈشكەن قوراللىق ئادەملەر ھويلىنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ قاۋۇلنى قوغلاپ چىققانلىقى ياكى جىنايەت ئىزىنى يوقاتماقچى بولۇشقانلىقى نامەلۇم ئىدى. لېكىن، ئۇلارمۇ ھويلىغا دەرھال بېسىپ كىرەلمىدى. قارا ئىتنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ مەھەللىنىڭ جىمى ئىتلىرى ھاۋشۇپ كەتتى. ئايخان دەرۋازىنى ياغاچلار بىلەن مەھكەم تىرەپ ئېتىۋەتكەنىدى. پاكار تاملارنىڭ قەيىرىدە بىرەر شەپە بىلىنسە، ئايخاننىڭ غەزەپ بىلەن

ئاتقان تاشلىرى شۇ يەرگە بېرىپ چۈشەتتى. ئىشنى تېز پۈتتۈرۈپ قايتىشقا ئالدىراۋاتقان قوراللىقلار ئاخىر ئۆينى قاتتىق ئوققا تۇتتى. ئاندىن دۈپۈرلەپ تامدىن ئاتلاپ چۈشۈشتى. قارا ئىت ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كوكاتلىقتا بىرنەچچە يېرىگە ئوق يەپ يىقىلغان بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئىگىسىگە سادىق ئۆتكەن بۇ جانىۋارنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرى يۇلتۇزلار بىلەن بىپايان ئاسمانغا تىكىلگەنىدى. قوراللىقلار ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ قاۋۇل بىلەن ئايخاننى تاپالمىدى. گويا ئۇلار قانات ياساپ ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك غايىب بولغانىدى.

بۇ سىرلىق ۋەقە ئۇزۇن يىللارغىچە دېھقانلار قىزىقىپ سۆزلەيدىغان تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. كۆپىنچە كىشىلەر «ھېلىقى قوراللىق نېمىلەرنىڭ ئايخان بىلەن قاۋۇلنى تاپالمىدۇق، دېگىنى يالغان. ھەر ئىككىلىسىنى ئېلىپ كېتىپ ئۆجۈقتۇرۇۋەتتى» دەپ مۇلاھىزە قىلىشاتتى. يېقىندىن بېرى، ئىچى پۇشقان ئاياللار بۇ ۋەقەگە رىۋايەت تۈسى بېرىپ، «قاۋۇل بىلەن ئايخان ھاياتكەن. ئۇلار ھەر كۈنى كەچلىكى ساسلىقتىكى كۆل بويىدا ئۇچرىشىپ، تاڭ يورۇشقا يېقىن غايىب بولۇپ كېتىشىدىكەن» دەپ ھېكايە قىلىشىدىغان بولدى. . .



# دوستلار سۆھبىتى

ئابدۇۋاققاس سەپرايى دەيدىغان بىر ئاغىنىمىز بولىدىغان، ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا «خوتۇن خەق دېگەننى پات - پات دۇمبالاپ تۇرمىسا بولمايدۇ» دەيتتى. ئارىمىزدا يەنە بىرەيلەن بولىدىغان، ئۇ بولسا «مۇشۇ كۈنلەردە خوتۇندىن قورقمىغان ئادەم ئۆزى ئەخمەق!» دەيدىغان. بىر كۈنى ئۈچ - تۆتەيلەن بىر قاۋاقتا ھاراق ئىچىپ قالدۇق. گەپ يەنە شۇ ئاياللارنىڭ خۇي - پەيلى ئۈستىدە بولۇپ قالدى. بىرەيلەن:

— بەزى خوتۇنلار ئىت مىجەزىنى تازا مېھمان كەلگەندە چىقىرىپ، ئادەمنى رەسۋا قىلىدۇ — دە! — دېدى.

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى يەنە بىرەيلەن، — ئەر كىشى مىڭ تىپىپ ئەپكەلگەن بىلەن خوتۇن كىشى خامىنى پىششىق قىلىپ بەرمىسە بىكار - دە! شۇڭا، بەزىدە ئۆزۈممۇ قايناپ، قازان بېشىغا چىقىپ قالىمەن. ھازىرقى زاماندىكى ئەرلەرنىڭ تاماقتا ئۇستا بولۇپ كېتىۋاتقىنىمۇ شۇنىڭدىن...

— ھەي ئاغىنىلەر، شۇنداقمۇ دەيسىلەر، — دېدى ھېلىقى خوتۇندىن قورقۇشنى ياقلايدىغان ئاغىنىمىز، — ھازىرقى ئاياللار بۇرۇنقى زاماننىڭ خوتۇنلىرىغا ئوخشىمايدۇ، بىز بىلەن تەڭ ئىشلەيدۇ، ئىشلەپ كېلىپ تاماق ئېتىدۇ، كىر يۇيىدۇ، بالا باقىدۇ... ئۇ خەقنىڭ جاپاسىغا قاراپ، خۇدايىمنىڭ ئايال قىلىپ يارىتىپ قويمىغىنىغا كۈنىگە مىڭ قېتىم شۈكۈر دەيمەن... ئەمدى ئاياللارنىڭ: «ئېرىمنى قورقۇتالايمەن» دەپ ئازراق گىدىيىۋېلىشىغىمۇ يول قويمىساڭلار، ئۇلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ!؟

— مانا، مۇشۇنداق قىلىپ خوتۇن خەقنى بېشىڭلارغا مىن-

دۇرۇۋالىسىلەر— دە! — دەپ قايىندى ئابدۇۋاققاس سەپرايى، — مېھمان كەلسە ھۆرۈ - پۆرۈ دېگەن خوتۇننى تازا ئاچ بېقىنىغا ئىككى-ئۈچنى مۇشتلاپ، دەسسەپ بەرسە ئادەم بولىدۇ… بىزنىڭ خوتۇن شۇڭا مېھمان كەلسە ئاغزىمدىن چىقىپ بولغۇچە ھەممىنى تەل قىلىپ، قول قوشتۇرۇپ تاق تۇرىدۇ…

ئىشتىن يېنىپ ئاچ قورساقىملا ئىچكەن ھاراق بىردەمدىلا ھەممىمىزنى تۇتتى. بىرەيلەن پوكەيگە بېرىپ يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ھوي توختاڭلار، ئاچ قورساقتا مۇنداق ئىچىپ بىردەمدىلا تەييار بولمايلى، بىرەر ئاشخانىنى تېپىپ، يېرىمدىن بولسىمۇ ئاش يېمەيلىمۇ، — دېيىشتۇق. ئابدۇۋاققاس سەپرايى خېلى ئۇبدانلا قىزىپ قالغان بولساك كېرەك:

— بولمىسا، بىزنىڭ ئۆيگىلا كىرمەيلىمۇ؟ … مانا تۆت قەدەملا يەردە. ئۆي تۇرغان يەردە ئاشخانىدا تاماق يېدى، دېگەن نېمە گەپكەن ئۇ … يۇرۇڭلار، يۇرۇڭلار! — دەپ ھەممىمىزنىڭ باش كىيىمىنى ئېلىپ، قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، قىزىقچىلىقتا ئابدۇۋاققاس سەپرايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدۇق. ئاغىنىمىزنىڭ ئايالى ئەرلەردەك بەستى بار، تازىمۇ قاۋۇل خوتۇن ئىكەن، «پات - پات دەسسەپ تۇرسىمۇ ھېچنېمە بولمايدىغانغا خوتۇننىڭ يوغىنىنىدى تاللاپ ئالغانىكەن— دە!» دەپ قالدىم. ئايال ساھىبخان بىزنى كۆرۈپ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ «خۇش كېلىشىپلا، قېنى يۇقىرىغا مەرھەمەت قىلىشسىلا!» دەپ مېھمانخانىغا باشلىدى. «توغرا، ماختىغىچىلىكى بار ئىكەن» دەپ ئويلىدىم. ئەمدىلا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ تۇراتتۇق، ئابدۇۋاققاس سەپرايى بىزنى ئايالىغا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

— خوتۇن ئاڭلاپ قوي، بۇلار مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىلىرىم بولىدۇ. مانا ماۋۇ ئابدۇرېھىمجان، ياغاچچى



كارخانىنىڭ كادىرى، ئۆزىمۇ ئۇستا ياغاچچى. «بىرسى ياغاچتىن ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇرۇپتۇ» دەپ ئاڭلىساڭ، «ھە، ئابدۇرېھىمجان ياساپتۇ - دە!» دېسەڭ بولۇۋېرىدۇ. ماۋۇ قورساقلىق ئاغىنىمىز ئاسىم قاسىم دېگەن شۇ، رايوندا قىزىل قەغەز كېسىدۇ. ئەگەر ئۇ رۇخسەت قىلمىسا، قازان ئېسىپ بولغان تويمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ … ماۋۇ چوققىسىدا چېچى يوق (ئۇ مېنى كۆرسەتتى) ماخمۇتجان، گېزىتخانىنىڭ تەھرىرى، ۋىجىكلىكىگە قاراپ كۆزۈڭگە ئىلماي يۈرمە، يوغان كۆزەينىكىنى تاقاپ ئولتۇرۇۋالىدىغان بولسا ھەرقانداق ماقالىدىكى مىكروبنى تۇتۇۋالالايدۇ … مېنى تونۇيسەن، ئېتىم ئابدۇۋاققاس، ئۆزۈڭنىڭ ئېرى. لەقىمىم «سەپرا» بولغان بىلەن ئۆزۈم مۇشۇنداق خۇشخۇي … ھە، ماۋۇ بولسا مېنىڭ رەپىقەم ئايجامال. ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدا ئىككى يۈز قىزنى تىزىپ قويۇپ، بەستىگە قاراپ تاللىۋالغان. ئۆيدە ماشىنچىلىق قىلىدۇ…

سەپرايىنىڭ چاقچاق ئارىلاش قىزغىن تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز كۈلۈشۈپ جانلىنىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئايالى قوللىرىنى ئۇشۇقلاپ:

— ۋاي، ۋاي! ھەممىڭلارلا ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر-كەنسىلەرغۇ. بولمىسا، ئۇنىئالغۇنى قويۇپ تانسىلا- قىلايلى. قانداق دەيسىز ئابدۇۋاققاس؟ — دېدى. «نېمىدەيدىغاندۇ بۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ تازا رېرىككەن خوتۇنكەن - دە!» دەپ قالدىم. ئابدۇۋاققاس:

— تانسا دېگىنىڭگە يەنە بىر نەچچە خوتۇن بولمىسا بىر ئۆچكىگە ئون تېكە، دېگەندەك گەپ بولمامدۇ، — دېدى.

— قوشنا ئاياللارنى چاقىرىپ قويسامىغۇ بولاتتى، — دېدى ئايجامال ئېرىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — ھەممىسىلا ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق تومپايلار. ئاۋۇ نېرىقى ئۆيدە مەرەمنىسا دەپ ماڭا ئوخشاش ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىش تىكىدىغان بىرى بار،

نەچچە قېتىم پەلتۇنىڭ ياقىسىنى مايماق ئورنىتىپ قويۇپ، مەن ئۇڭشاپ بەرگەن، قىز ۋاقتىدا قىلمىغان ئەركىلىكى قالمىغان... ماۋۇ تۇردى دېگەننىڭ خوتۇنى ناھايىتى بىر دوختۇرخانىسىنىڭ ئىشچىسى، يېقىندا ئىككى سوملۇق لاتارىيە بېلىتىگە ئىككى مىڭ سوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور چىقىپ قاپتىكەن، قوۋۇرغامنى ئېگىپ ئۆزىچە ماڭا يوغانچىلىق قىلىپ قارىماي يۈرۈيدۇ. . ئاۋۇ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى خېنىم بىلەنغۇ ئەزەلدىن خۇشۇم يوق. ئىنتىزام تەكشۈرۈش بىر نېمىسىنىڭ بىر نېمىسى مەن، دەيدۇ، بىر نېمىنى سوراپ ئەپچىقىپ كەتسە زادى ۋاقتىدا ئەكىرىپ بەرمەيدۇ. . . مۇنۇ تام قوشنىمىز پاتەكنى خېلى بىر تۈزۈك دەپ يۈرسەم، چەت ئەلگە چىقىپ، ھەممە چىشىنى ئالتۇن قىلىپ كەلگەنىڭيىغى ئۇنىڭغىمۇ ھال تەگدى. كەلگەن كۈنى چەت ئەلچە كۆرۈشتۇم، دەپ بىزنىڭ ماۋۇ ئادەمنى بوينىدىن قايرىپ سۆيۈۋاپتۇ ...

پاراققىدە كۈلكىمىز ئۆينى بىر ئالدى.

— بولدى خوتۇن، ھەممىسى يامان، سىلى ياخشى.

ۋاتىلداۋەرمەي ئاۋۋال بىر تاماق قىلىڭلار، ماۋۇ ئاغىنىلەرنىڭ قورسىقى ئاچ.

— مەن مېھمانلىرىڭىز بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندىن كېيىن، ئۆزىڭىز شاققىدە چىقىپ خام سەيدىن بولسىمۇ توغرىلاپ كىرىڭا، پاتەكنىڭ گېپى چىقىۋېدى، بولالماي قالدىڭىز - ھە! ؟ ...

— ئەجەب تۇگەتمىدىڭلىغۇ شۇ پاتىكىڭلىنىڭ گېپىنى.

— ئەمىسە يالغانمىدى! ؟

— ئاپلا! ...— سەپرايى يوق ساقىلىنى سىيلاپ، خوتۇنىغا ئارقىسىدىن بىر ئالايدى - دە، ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئېرى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئايجامال باغلاقتىن بوشىغان تېكىدەك لىككىدە سەكرەپ ئۇنئالغۇنىڭ يېنىغا باردى - دە، غاچ- غۇچلا بىر لېنتىنى سېلىپ، ۋالىس مۇزىكىسىنى



ياڭرىتىۋەتتى. ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا «كېلىڭلا!» دەپ ئابدۇرېھىمجانغا قولىنى سۇندى.

تانسا باشلىنىپ كەتتى. ياغاچتا ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇرىدىغان ئابدۇرېھىمجان ئايجامالنىڭ يوغان بېلىگە ئارانلا قولىنى يەتكۈزۈپ، تۆتلا پىرقىراپ ئۇچۇۋېدى، ئاچ قورساقتا بېشى قېيىپ كەتتىمۇ، ئورۇندۇققا ئارانلا كېلىپ ئولتۇرۇۋالالىدى.

— ئەمدى نۆۋەن سىزنىڭ، — دېدى ئايجامال ماڭا قاراپ.

ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ۋالىسقا پۇتۇم تازا كەلمەيتتى، — دەپ ئۆزۈر ئېيتتىم.

— ۋايىيەي، تەھرىر تۇرۇپما! ... بولمىسا مەن ئېلىپ ماڭاي ...

ئايجامال قولىنى شاققىدە دۈمبەمگە قويۇپ، قولتۇقىمدىن ئېلىۋېدى، ئېگىز خوتۇنغا ئېسىلىپلا قالدىم. قالغان ئاغىنىلەر كۈلكىلىرىنى ئاران بېسىپ، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرۇشتى.

ئايجامال غېمىدە يوق پىرقىراپ، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە پىچىرلاشقا باشلىدى:

— بىزنىڭ بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق مەست كەلسىلا تاماقنىڭ جېدىلىنى قىلىدىغان قىلىقى باردەڭا، — دېدى ئۇ، — دەسلەپتە مەنمۇ ئەخمەق بولۇپ، ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە تاماق ئېتىمەن، دەپ ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرۈپتىمەن. «ياق» دېسىڭىز جېدەل، مىڭ جاپادا تاماقنى ئېتىپ كىرسىڭىز ئۆزى ئىچىدىغان ئادەم خارقىراپ ئۇخلاۋاتقان ... ھازىر تاماقنىڭ جېدىلىنى قىلسا «ھە، ماقۇل» دەپ قويۇپلا ئاشخانىغا چىقىپ، قۇرۇق دۆشكە چەيدۈنى ئۇرۇپ توكۇلدىتىپ بېرىدىغان بولدۇم. جىق بولسا بەش مىنۇتلا توكۇلداتسام ئابدۇۋاققاس غوجامنىڭمۇ خورىكى باشلىنىدۇ. «ئۇھ!» دەپ ئارامخۇدا باشقا ئىشلىرىمنى قىلىۋېرىمەن ... باشقا ۋاقىت بولسا بۇ چاغقىچە

ئۇخلايتتى، بۇگۈن سىلەر بار، قىلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ …

ۋالىس ئاياغلىشىپ تۇراتتى، ئابدۇۋاققاس سەپرايى بىر قولىدا بىر تۇتام چوكا، بىر قولىدا بىر تەخسە چىلىغان سەينى كۆتۈرۈپ كىردى. چوكىلارنى ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىر جۈپتىن تارقاتتى. ھاراقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، يەنە ئىچىشۋازلىق باشلاندى.

— سىلەر ھارىقىڭلارنى ئىچىشىڭلار، مەن ئۇسسۇل بولسىمۇ ئويناپ بېرەي، — دەپ ئايجامال سازنى ئۇسسۇل پەدىسىگە ئۆزگەرتتى.

ئاللا خالىمىدىم،
ھاممامنىڭ قىزى …

چالا مەستچىلىكتە بىزمۇ «بەللى، بەللى!» دېيىشىپ، سازغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چالغىلى تۇردۇق. ئايجامال قوللىرىنى سانىڭ قانىتىدەك كېرىپ، قوپال گەۋدىسىنى كۆچەپ لىغىرلىتىپ، بىر قېشىنى ئاسماندا، بىر قېشىنى يەردە قىلىپ، ئۆينىڭ بوش قالغان يېرىنى ئالا قويماي دەسسىگىلى تۇردى …

ھەش - پەش دېگۈچە ھېلىقى پوكەيدىن سېتىۋالغان ھاراقنىمۇ يېرىملاشتۇردۇق. سوغۇق سەيگە تەرەپ - تەرەپتىن چوكا سالغىلى تۇرۇۋېدۇق، تەخسىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالدى. بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ قارىساق، ئايال ساھىبخان تېخىچە ئۆينىڭ ئىچىدە «تەبەسسۇم» قىلىپ پىرقىراپ يۈرۈپتۇ. «ئەيىۋھانناس! بۇ خوتۇنمۇ ئېرى يوق چاغدا ئازراق ئىچىۋالغانمۇ، قانداق؟» دەپ قالدىم. سەپرايى بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى — دە:

— خوتۇن، مېھمانلارغا ئىسسىقراق بىر تەخسە سەي



بولسىمۇ قورۇۋامامسىلەر؟! — دېدى.

— مەن نېمە قىلىۋاتىمەن، كۆزىڭىز كۆرمەيۋاتامدۇ!؟

— نېمانداق تۇگىمەيدىغان ئۇسسۇل بۇ!؟ … سىلىمۇ تازا ئۇسسۇلغا بىر چۈشۈۋالسا چاپۇتلاپ يىقىلىپ قالماي، ئۆلگۈچە توختىمايدىغانلارنىڭ بىرىمۇ نېمە!؟

سەپرايى زەردە بىلەن ئۇنىڭ تىلىنى چاقىپ بېسىپ ئۆچۈرۈۋەتتى. ئايجامال ئېرىگە سەت بىر گۈلەيدى - دە، نېمىلەرنىدۇر دەپ چالۋاقىغىنىچە ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— بۇنىڭ شۇنداق مىجەزى بار، — دەپ چۈشەندۈردى ئابدۇۋاققاس سەپرايى، — مېھمان كەلسە خۇشاللىقىدا قىلىدىغان قىلىق تاپالماي كېتىدۇ.

— شۇنداق. قالتىس ئوچۇق ئايالكەن! — دېيىشتۇق.

ئاشخانا تەرەپتىن چەيدۈنىڭ دۆشىگە تېگىپ جىددىي تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. «خۇداغا شۈكۈر، نېمىلا بولمىسۇن، تاماقتا تەييارلىق باشلىنىپتۇ - دە!» دېدۇق. ھەممىمىزنىڭ ئاشقازان بەزلىرىمىز ھەرىكەتكە كېلىپ، قورساقلىرىمىز چەيدۈنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن تەڭ كۇركىرىغىلى تۇردى. ئايجامال بىردەمدىلا، تەرخەمەكنى ئاقلىماي توغراپ، سىركە - لازىنى بولۇشىغا قۇيغان خام سەيدىن بىر تەخسە كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئوتتۇرىغا جاقىدە قويدى - دە، ئېرىگە يەنە بىر ئالىيىۋېتىپ چىقىپ كەتتى. سەينىڭ سۈيى تۆت ئەتراپقا چاچراپ چۈشتى. بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاشخانا تەرەپتىن كېلىدىغان ئاۋازمۇ ئۆچتى. دوق بىلەن قويۇلغان ھېلىقى بىر تەخسە سەيگە چوكا سېلىشقا رايىمىزمۇ بارمىدى.

— قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ، قايتمايلىمۇ! — دېدى ئارىمىزدىن بىرەيلەن.

— شۇنداق قىلايلى، — دەپ ئورۇندۇقلارنى تاراقشىتىپ

ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

— قايتامسىلەر؟! ...— دەپ سەپرايى ئېشىپ قالغان هاراقنى كوركىرىتىپ قويۇپ ئىچىۋېلىپ، بىردەمدىلا مەست بولۇۋالدى، — قا - قايتامسىلەر ... رەنجىمەڭلار - هە!؟

— نېمىگە رەنجىيتتۇق؟

— ماۋۇ ئوسال خوتۇن قورسىقىڭلارنى ئاچ قويدى ...

— ئۇنداق دېمەڭ، گەپ يېمەك - ئىچمەكتىمۇ؟ ... مانا بىر چىرايلىق ئولتۇردۇق ...

— سىلەرنى بار، دەپ ئايىدىم - دە، بولمىسا بۇ خوتۇننىڭ ئاچ بېقىنلىرىغا تازا ئىككى - ئۈچنى ...

— هاي قويۇڭ! بىز كېلىپ سىلەرنى سوقۇشقا سېلىپ قويغاندەك ئىش بولمىسۇن.

— ئۆزىڭىزمۇ تاياق يېمىگىنىڭىزگە ئۇزاق بوپقالغان ...

— قويۇڭ، يوق گەپنى قىلماڭ!

— ئۇرمەن دېدىمۇ، ئۇرمەن!

سەپرايى جىك سەپرا بىر نېمە ئوخشايدۇ، بىز «هاي - هاي!» دېگەنسېرى «ئۇرمەن!» دېگەننى جاهىللىق بىلەن تەكرارلاپ بىزنى ئۆزىتىپ قويدى. خوشلىشىپ چىقىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىشىمىزغا سەپرايىنىڭ ئۆيى تەرەپتىن ۋارقىراشقان بىلەن تەڭ نېمىلەرنىڭدۇر يەرگە جاراڭلاپ چۈشۈپ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «نېمە ۋەقە بولغاندۇ؟» دەپ يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ تالا تەرەپتىكى ئىگىز دېرىزىگە ياماشتۇق. قارىساق، راستىنلا ئۇرۇپتۇ!... ئايجامال يومشاق سافادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئاغىنىمىز ئاچچىقىدا ئۆيىنىڭ ئىچىدە دېيى يوق باخشىدەك پىرقىراپ ئۆزىنى - ئۆزى ئۇرۇۋېتىپتۇ.

1992 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 كۈنى، غۇلجا.



# بۆرە جىلغا

بۇ يىل يازلىق دەم ئېلىشنى مەن بوستان يېزىسىدا ئۆتكۈزدۈم. بۇ تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان، ئىسمى - جىسمىغا لايىق چىرايلىق مەھەللە ئىدى. مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يىراقلارغا سوزۇلغان ئېتىزلىق، ئارقا تەرىپىدە بولسا ياپپېشىل دۆڭلۈكلەر كۆزگە تاشلىنىپ ياتاتتى، بۇ دۆڭلۈكلەر بارغانسېرى ئېگىزلەپ، قارىغايلىق تاغلارغا، قىش - ياز ئاپئاق قار بىلەن چۈمكۈلۈپ تۇرىدىغان هەيۋەتلىك چوققىلارغا تۇتىشاتتى. تاغ ئىچىدىكى چوڭقۇر جىلغىدىن تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، كۆۋەجەپ چىقىپ كېلىدىغان مۇزدەك تاغ سۈيى چوڭ بىر ئۆستەڭ هاسىل قىلىپ، مەھەللىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. باغلىق هويلىلار ئىچىدىكى ئاددىي دېهقان ئۆيلىرى، مەھەللە ئەتراپىدىكى زىرائەتلەر پەلپۇنۇپ تۇرغان بولۇق ئېتىزلار، رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى بىلەن بېزەلگەن ئېگىز-پەس دۆڭلۈكلەر، كۆكۈچ تۇمان ئىچىدە ياتقان قارىغايلىق چوققىلار، مەھەللە ئىچىدىن دۆڭلۈكلەرگە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن ئەگرى-بۈگرى ئاياغ يوللار، ئۆستەڭ ئۇستىگە سېلىنغان سالاسۇنلۇق كونا ياغاچ كۆۋرۈك، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە بۇلارنىڭ هەممىسى قوشۇلۇپ ئۇستا بىر رەسسام سىزغان قەدىمىي ماي بوياق رەسىملەرگە ئوخشاپ كېتەتتى.

بۇ مەھەللىنىڭ تارىخىنى هاشىم بوۋايدىن پۇختىراق بىلىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ

مەھەللە ئىلگىرى مالچىلار ماللىرىنى قىشتىن ئۆتكۈزىدىغان بىر قىشلاق ئىكەن، كۈن ئىللىپ، قارلار ئېرىشى بىلەنلا مالچىلار كىگىز ئۆينىڭ جابدۇقلىرىنى ئات - ئۆكۈزلىرىگە ئارتىپ، ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ تاغقا كۆچۈشكە باشلايدىكەن؛ ماللىرىنى ئوتلىتىپ تاكى قارلىق چوققىلار ئەتراپىغىچە يېتىپ بېرىپ، كۈن سوۋۇشقا باشلىغاندا يەنە ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ قىشلاققا قايتىپ كېلىدىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، قىشلاقنىڭ تۆۋىنىدىكى تۈزلەڭلىكلەر ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلۇپ، قىشلاق بىر مەھەللە بوپتۇ، ھازىرمۇ بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق قىلسا، يەنە بىر قىسمى مال باقىدىكەن.

مېنى ھەممىدىنمۇ بەك قىزىقتۇرغىنى سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى ئوخچۇپ ئېقىپ چىقىۋاتقان ئاشۇ جىلغا. كىشىلەر بۇ جىلغىنى «بۆرە جىلغا» دېيىشىدۇ. جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن ماڭماق قىيىن. جىلغا ئىچى بىلەن ماڭغاندا سۈيىگە قېنىپ، ھەر تەرەپكە شاخ تارتىپ ئۆسكەن تېرەكلەر، بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن چاتقاللار، تىك قىيا، ئاقۋاش چوققىلاردىن شارقىراپ چۈشۈپ، جىلغا سۈيىگە قېتىلىۋاتقان تارماق ئېقىنلار ئالدىڭىزنى توسۇپ قويىدۇ. بۇ ھەيۋەتلىك جىلغىنى جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىكلەرنى ياقىلاپ مېڭىپلا ئۈستىدىن تاماشا قىلىشقا بولىدۇ. جىلغىنى ياقىلاپ يۇقىرىلىغانسېرى قارىغايلىق تاغلارغا بېرىپ ئۇلىشىسىز. قارلىق چوققىلاردىن جىلغا ئىچىگە شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇلار يىراقتىن قارىغان كىشىگە تۆۋەنگە تاشلانغان كۈمۈش لېنتىدەك كۆرۈنىدۇ. شۇ چاغدا سىز: ئېھتىمال شائىرلار تاغ سۇلىرىغا بېغىشلاپ يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى مۇشۇنداق مەنزىرىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ يازغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىسىز… ئەنە شۇ چوققىلاردىن ئەسىرلەردىن بېرى ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۇلىرى بۇ يەردە شۇنداق ھەيۋەتلىك



جىلغىلارنى ھاسىل قىلغان. يۇقىرىدىن تۇرۇپ قارىسىڭىز، بەزىدە چوڭقۇر جىلغا ئاستىدىكى سۇلارمۇ كۆرۈنمەي قالىدۇ؛ قۇلاق سالسىڭىز بۇژغۇنلار چاچرىتىپ، گۈركىرەپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ بوغۇق ئەكس ساداسىنىلا ئاڭلايسىز.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز خىيالىمغا: نېمىشقا بۇ جىلغىنى «بۆرە جىلغا» دەپ ئاتايدىغاندۇ؟ دېگەن سوئال كېلىپ قالدى. سوراپ كۆرمەكچى بولۇپ، ھاشىم بوۋاينىڭ ئۆيىگە باردىم. بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى ئالدىمغا داستىخان سالدى. ھاشىم بوۋاي يېشى سەكسەنلەردىن ھالقىپ كەتكەن، ئۆمرى مۇشۇ تاغ ئىچىدە مال بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. ئۇ قەددىنىڭ سەل پۈكۈلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپئاق ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆزىگە يارىشىپ، ھېلىمۇ تىمەن تۇرۇپتۇ. شۇ كۈنلەردىمۇ يولى كەلگەندە قىمىزنى ياشلاردىن كۆپرەك ئىچەلەيدىكەن. بىز قىمىز ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

— قېرىلىق يەتتى، — دېدى بوۋاي، — سىزنىڭدەك ۋاقىتلىرىمىزدا بىز ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرەتتۇق. ھازىر مالنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمما، تاغنىڭ خۇمارى دېگەن يەنە ياشقا گەپكەن. ياز كەلدىمۇ، ئۆيدە ئولتۇرالمايمەن، ئاتنى ئىگەرلەپ، ئېتىزنىڭ ئىشىنى بالىلارغا تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن. تاغلارنى بىر ئايلىنىپ، مالچى ئاغىنىلىرىمنى يوقلاپ، يايلاقتا يانپاشلاپ يېتىپ قىمىز ئىچىپ كەلمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ …… ماۋۇ ئاخشاملا ئېلىپ چۈشكەن قىمىز ئىدى، ئېغىز تەگ.

ئاچقۇردىكى مايلىشىپ تۇرغان قىمىزنى قولۇمغا ئېلىپ، قېنىپ - قېنىپ سۇمۇردۇم. پۈتۈن بەدىنىم يايراپ كەتكەندەك بولدى.

— ھاشىم بوۋا، مەھەللىنىڭ يېنىدىكى جىلغىنى نېمىشقا «بۆرە جىلغا» دەيدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئاغزىمنى سۈرتۈپ

تۇرۇپ.

— ھە، سەن جىلغا تەرەپكە باردىڭمۇ؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈپ.

— باردىم. ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك جىلغا ئىكەن.

— سەن خېلى ئوقۇغان ئادەمغۇ، ئۆزۈڭ دەپباققىنە، نېمىشقا بۇ جىلغىنى «بۆرە جىلغا» دەيدىغاندۇ؟

— بىلمىدىم، — دېدىم مەن، — ئېھتىمال، بۇرۇنلاردا بۇ جىلغىنىڭ ئەتراپىدا بۆرە نۇرغۇن بولسا كېرەك.

— بۆرىسى يوق تاغ بولامدۇ؟

— ئەمىسە نېمىشقا يالغۇز بۇ جىلغىنىڭلا نامى «بۆرە جىلغا» دەپ ئاتىلىپ قالغان؟

ھاشىم بوۋاي ئالدىدىكى قىمىزنى تازا بىر سۈمۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتىپ، خىيالغا چۆشۈپ تۇرۇپ كەتتى - دە:

— بۇرۇن بۇ جىلغىنى «گۆر جىلغا» دەيتتۇق. ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ، بۇ جىلغىنىڭ يۇقىرى تەرىپى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر، قىش - ياز كۈن نۇرى چۈشمەي گۆردەك قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدۇ. كېيىن نېمىشقا بۇ يەرنى «بۆرە جىلغا» دەيدىغان بولۇپ قالدى؟ دېسەڭ، بۇ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر ھېكايە، — دېدى.

× × ×

— بىز كىچىك چاغلاردا، بۇ ئەتراپتا ياقۇپباي دېگەن بىر كاتتا باينىڭ ماللىرى يايلايدىغان، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى بوۋاي، — ياقۇپباينى مال دۇنياسىنىڭ ھېسابىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان چوڭ باي، دەپ ئاڭلايتتۇق. باينىڭ يەنە باشقا يايلاقلاردىمۇ نۇرغۇن ماللىرى، شەھەردە ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئىچكىرى - تاشقىرى قورۇ - جايلىرى بار ئىكەن. تاشقىرىقى



قورۇدا ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى، شەھەرگە ئىش - كۈش بىلەن چۈشكەن مالچىلار تۇراتتىكەن؛ ئىچكىرىكى ياسىداق ئۆيلەردە باي ئۆزى چوڭ - كىچىك خوتۇنلىرى بىلەن تۇرىدىكەن. يەنە بىرقانچە يەرلەردە ئەنجان تاملار بىلەن قورشالغان چوڭ مېۋىلىك باغلىرىمۇ بار ئىكەن. راستىمنى ئېيتسام، ياقۇپباي دېگەن ئاق ئادەممۇ، قارىمۇ؟ بويى ئېگىزمۇ - پاكارمۇ؟ مەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان. بىزنىڭ تولىراق كۆرىدىغىنىمىز، باينىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتچىلىرى ئىدى. باينىڭ ھېساباتچىلىرى ھەر يىلى بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ، ئۆلگەن، يوتكەن، تۇغۇلغان ماللارنىڭ سانىنى دەپتىرىگە خەتلەپ، مالچىلار بىلەن بولغان ھېساب - كىتابىنى پۈتتۈرۈپ كېتىشەتتى. ياقۇپباينى مەن تالا - تۈزگىمۇ چىقماي، ساندۇقلىرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى شاراقلىتىپ ساناپلا ئولتۇرىدىغان ئادەممىكىن، دەپ ئويلايتتىم.

ئۇ كەملەردە تاغنىڭ بۆرىلىرى ھازىرقىغا قارىغاندا ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. بۆرىلەر تۇتۇپ يەيدىغان ياۋايى ھايۋانلارمۇ يېتىپ ئاشاتتى. مالچىلارنىڭ ھەربىر قورۇ ماللىرىنى قوغدايدىغان ئېشەكتەك يوغان ئىتلىرى بولىدىغان، بۆرىلەر ئېچىرقاپ بولالمىغان چاغلىرىدىلا مالچىلارنىڭ ماللىرىغا چىقىلاتتى. بەزىدە تاغ يوللىرىدا يالغۇز قالغان يولۇچىلارنى بۆرە يەپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالىدىغان. تەجرىبىلىك مالچىلار بۆرىلەرنىڭ دائىم ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يوللىرىنى بىلەتتى. شۇنداق يەرلەرگە قاپقان قويۇپ بۆرە تۇتاتتى. تۇتقان بۆرىلىرىنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، تېرىسىنى يىغىپ، شەھەردىكى ياقۇپبايغا كىرگۈزۈپ بېرىشەتتى. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ زامانلاردا قىشنىڭ سوغۇقى ناھايىتى قاتتىق، بايلار ياقىلىق بۆرە جۇۋىلارنى كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۆرىلەرنىڭ تېرىسىنى بايغا تاپشۇرىدىغان ئىشنى باينىڭ يايلاقتا پات - پات چىقىپ تۇرىدىغان

ھېلىقى ھېساباتچى غالچىلىرى ئويلاپ تاپقانىدى. مالچىلار ياقۇپبايغا قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ غالچىلىرىدىن بەكرەك قورقۇشاتتى. بۇ ئىككى پۇتلۇق بۆرىلەر تاغنىڭ تۆت پۇتلۇق بۆرىلىرىدىن يامانراق ئىدى. ئۇلار تاغقا ھەربىر چىققىنىدا كۈنىگە بىرنەچچە قوينى سويۇپ يەپ، قايتقاندا يەنە ھارغىچە گۆشنى غانجۇغىلاپ مېڭىشاتتى. ئۆلتۈرۈلگەن بۇ قويلارنىڭ ھېسابىنى «بۆرە يېدى» دەپلا دەپتەرگە يېزىشاتتى. ئاندىن مالچىلارنىڭ تۇتقان بۆرىلىرىنىڭ تېرىسىنى ئاپىرىپ بايغا كۆرسىتىپ، زىياننىڭ ھەقىقەتەن بۆرىلەردىن بولۇۋاتقىنىغا ئىشەندۈرۈشەتتى.

ياقۇپبايغا ھەربىر يايلاقتىن مۇنداق كېلىپ تۇرىدىغان بۆرە تېرىلىرى ئازمۇ، دەيسەن، ئۇنىڭ ھەممىسىنى باي جۇۋا كىيىپ تۈگىتەلەمتى؟...... ياقۇپباينىڭ يامۇلدىكى ئەمەلدارلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىكەن. باي يىغىلغان بۆرە تېرىلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ، يامۇلغا سوۋغات قىلىپ كىرگۈزۈپ بېرەتتىكەن. شۇ چاغلاردا بۆرە تېرىسىدە جۇۋا كىيىش بىر مەزگىل ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، دېيىشىدۇ. ياخشى ئەيلەنگەن بۆرە تېرىسى كۆركەم، ئىسسىق ھەم يېنىك بولىدۇ، بايلار، ئەمەلدارلار، سۆلەتۋاز بايۋەچچىلەر، ئۇلارنىڭ خېنىملىرى ھەممىسى دېگۈدەك بۆرە جۇۋا كىيىدىغان بوپتىكەن. شۇ زاماننىڭ تىككۈچىلىرىنىمۇ بازار تاللىشىپ، بۆرە جۇۋىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ پاسونلىرىنى ئويلاپ تېپىشقان، دېيىشىدۇ. بولۇپمۇ خېنىملارنىڭ جۇۋىلىرىنى تىككەندە تېرىنىڭ رەڭگى پار كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ، ناھايىتىمۇ تۈجۈپىلەپ تىكەتتىكەن. بەزى تىككۈچىلەر تولۇمچىلاپ سويۇلغان ئىككى بۆرە تېرىسىنى تاللاپ، بۆرىنىڭ تۇمشۇق تەرىپىنى جۇۋا ياقىسىنىڭ ئىككى بېشىغا توغرىلاپ تىكىپ چىقىدىكەن، مۇنداق جۇۋىنى كىيگەن خېنىم ياقىسىنى تۈگمىلىسە، بۆرىنىڭ ئىككى تۇمشۇقى دەل



خېنىمنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەيدىسى ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە تېگىپ، خۇددى ئىككى بۆرە بۇ خېنىمنىڭ يۇمشاق كۆكسىنى تالىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن خىرىس قىلىپ تۇرۇشقاندەك ھەيۋەت كۆرۈنىدىكەن.

بىر يىلى تاغقا ناھايىتىمۇ قېلىن قار چۈشۈپ، قاتتىق موغۇق بولدى. ئاچ قالغان بۆرىلەر قوتراپ بىزنىڭ بۇ قىشلاققىچە يېتىپ كەلدى. كېچىسى مال قوتانلىرىغا تۇيۇقسىز يوپۇرۇلۇپ، قويلارنىڭ يېگىنىنى يەپ، يېمىگەنلىرىنى بوغۇپ قويۇپ كېتىشەتتى. يانپېشى، قۇيرۇقى يۇلۇۋېلىنغان بەزى قويلار ئېچىنىشلىق مەرەيتتى. بۆرىلەر توپلىشىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، مالغا قارايدىغان ھېلىقى يوغان ئىتلىرىمىزمۇ قۇيرۇقىنى قىسىپ، كاڭشىغىنىچە بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭغا كىرىپ كېتىشكەنىدى. بۇ پاراكەندىچىلىك بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىپ زىيان چوڭىيىپ كەتكەندىن كېيىن، چوڭلار شەھەرگە ئادەم كىرگۈزۈپ، ئەھۋالنى بايغا خەۋەر قىلىشتى. بۇ ئىشنى ياقۇپبايغا بىرەرسى مەسلىھەت قىلدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلدىمۇ، بىلمىدىم، بۆرىلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان باي «نېمىشقا يامۇلدىكى چېرىكلەردىن بىرنەچچىسىنى ئېلىپ چىقىپ بۆرىلەرنى ئاتمايمىز» دېگەننى ئويلاپتۇ، يامۇلدىكى ئەمەلدارلارمۇ باينىڭ ئۆتۈنۈشىنى يەردە قويماي، چېرىكلەر ئىچىدىن بىر مەرگەننى تاللاپ چىقىرىپ بېرىپتۇ.

مەرگەننى قىشلاقتا ياقۇپباينىڭ ھېساباتچىلىرىدىن بىرى باشلاپ چىقتى. ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە ئون نەچچە ئۆيلۈك مالچىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈمسىز پاكار ـ پاكار ئۆيلىرى ئۇيەر-بۇيەردە تارقاق چوقچىيىپ تۇراتتى. مەرگەن چىققان كۈنى ھەممىمىز ئولىشىپ ئۇنى كۆردۇق. مەرگەن بەستلىك كەلگەن، ساقاللىق، چىرايى قارىداپ كەتكەن بىر ئادەم ئىكەن. بېشىغا

كونا بىر پاختىلىق قولاقچا، ئۈستىگە كۆك رەڭ جۇۋا، پۇتىغا كېلەڭسىز بىر يوغان ئۆتۈك كىيىۋاپتۇ. مۈرىسىدە سېپى ئۇزۇن بىر قارا مىلتىق تۇراتتى. يېنىدىكى ئات قېتىلغان چانىدا ئاددىي بىر يۈك ـ تاق، كونا بىر چېلەكنىڭ ئىچىدە پىچاق، چۆمۈچ، قاچا-قومۇچ دېگەندەك نەرسىلەر تاشلىنىپ ياتاتتى. قىشلاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ستېپان دەيدىغان بىر ئورۇسنىڭ ياغاچ ئۆيى بولىدىغان، بۇ ئورۇس بەزى يىللىرى بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە چىقىپ، ياغاچ ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى مۇنبەت يەرلەرگە ياڭيۇ تېرىاتتى. رەڭمۇرەڭ تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن دۆڭلۈكلەرگە ساندۇقلارنى قويۇپ ھەسەل ھەرىسى باقاتتى؛ بەزىدە بولسا يىللاپ نەلەرگىدۇر يوقاپ كېتەتتى. بۇ قىشلاقتىكى تۈزۈكرەك ئۆيمۇ شۇ ستېپاننىڭ ياغاچ ئۆيى ئىدى. چوڭلار مەسلىھەتلىشىپ، مەرگەننى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى.

يامۇلدىن چىققان ھېلىقى چېرىكنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكى ھازىرمۇ ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ بىز ئۇنى «مەرگەن بېگىم»لا دەيتتۇق. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ھۆكۈمەت ئادىمى ـ دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىدا مىلتىقى بار. شۇڭا ئىسمىنى چاقىرىشنى بىئەپ كۆرەتتۇق. ئۇنىڭ يېشى شۇ چاغلاردا قىرىقلاردا بارمىتىكىن، ئۆكەملەردە يامۇللاردا مۇشۇنداق قېرى چېرىكلەرمۇ بولاتتىكەن. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى جەڭلەردە خېلى خىزمەت كۆرسەتكەن مەرگەن ئادەم ئىكەن. لېكىن، قىمار ئوينايدىغان، ئەپيۇن چېكىدىغان قالايمىقان ئىشلىرى كۆپ بولغاچقا زادىلا مەنسىپى ئۆسۈپ باقماپتىكەن.

مەرگەن قىشلاققا كېلىپ بىرەر بۆرە ئېتىپ باقمىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك چىقىپ ئەتراپلارنى ئايلىنىپ، پاك ـ پۇك قىلىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىپ قويۇپ ياغاچ ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. ئۇ بىرنەچچە قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان دېگەندەك



نېمىلەرنى ئاتتى. بىز ئۇنىڭ مەرگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدۇق. ئۇ نېمىنىلا ئاتمىسۇن، دەل بېشىنى چىنەپ يىقىتاتتى. قىشلاقتىكىلەر ئۇنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇشتى. بۆرە دېگەن مىلتىق ئاۋازىغا سەزگۈر كېلەمدۇ، بىلمىدۇق، مەرگەن بۇ يەردە پەيدا بولغاندىن كېيىن، قىشلاققا بۆرىمۇ كېلىپ باقمىدى.

ئۇ چاغلاردا مېنىڭمۇ بۇرۇتلىرىم خەت تارتىپ، يىگىت بولۇپ قالغان ۋاقتىم. قىشلاقتىكى مەن دېمەتلىك بىرنەچچەيلەن زېرىككەندە مەرگەن بېگىم تۇرغان ياغاچ ئۆيگە بېرىپ، مەرگەن بېگىمنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلايتتۇق. قاچانلا كىرسەك، ئۇنىڭ مىلتىقىنى سۈرتۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتۇق. ئېغىر قارا مىلتىقنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ ھەۋەسلىنىپ تۇتۇپ باقاتتۇق. مەرگەن بېگىم يەنە مىلتىقنى قولىمىزدىن ئېلىپ يېنىغا قويۇپ قوياتتى. ماڭا بۇ ئادەمنىڭ شۇ قارا مىلتىقىدىن ئەزىز باشقا نېمىسى يوقتەك بىلىنەتتى ......

مەرگەن بېگىمنىڭ گەپلىرىمۇ ناھايىتى قىزىق ئىدى. ئۇ يامۇلدا كۆپرەك گۇندىخانىدىكى جىنايەتچىلەرگە قارايتتىكەن. بۇ گۇندىخانا دېگەندە، ئوغرى، قىمارۋاز، قاتىل، رەمچى، ئالدامچى دېگەندەك ھەممە خىلدىكى ئادەملەر بولىدىكەن. گۇندىخانىنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ بىر دۇنيا ئىكەن. كېچىسى ئۇ يەردە قىمار قىزىپ كېتىدىكەن. گۇندىپايلارنىڭ ئۆزىمۇ جىنايەتچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ قىمار ئوينايدىكەن. ئوتتۇرىدا پۇل تۈگەپ قالسا، يانچۇقچى ـ ئوغرىلارنى سىرتقا پۇل ئوغرىلاپ كېلىشكە چىقىرىدىكەن. ئۇ يەردە يىللاپ يېتىۋېرىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ كېيىم ـ كېچەكلىرى شۇنچىلىك بىزەپلىشىپ كېتەرمىش، پىتلارنىڭ چاققىنىغا چىدىماي كىيىمىنى سېلىپ يېنىغا قويسا، مىغىلدىشىپ كەتكەن پىتلار كىيىمىنىمۇ كۆتۈرۈپ ماڭىدىكەن ...

شۇنداق قىزىق پاراڭلارنى ئاڭلاپ بەزى كۈنلىرى مەرگەن

بېگىمنىڭ قېشىدا تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇرۇپ قالاتتۇق. قايتقاندا مەرگەن بېگىم بىزنى ئۇزىتىپ چىقىپ، پاك - پۇلۇك قىلىپ ئۇياق - بۇياققا يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىۋېتىپ كىرىپ كېتەتتى.

يازغا چىققاندا مەرگەن بېگىم مالچىلار بىلەن بىللە تاغقا كۆچۈپ چىقتى. قىمىز، سۈت - قايماق ئىچىپ، گۆش يەپ، رەڭگى رويىغا خېلىلا قىزىللىق يۈگۈرۈپ، ئوبدانلا بولۇپ قالدى. ئۆزىمۇ بۇ يەرگە ئۆگىنىپ قالغان بولۇپ، يامۇلغا زادىلا قايتقۇسى يوق ئىدى. مالچىلار قاپقانلىرىغا چۈشكەن بۆرىلەرنىڭ تېرىسىنى ئەمدى مەرگەن بېگىمگە ئەكېلىپ تاپشۇرۇشاتتى. بېگىم ئۆزى «مۇندىن كېيىن بۆرە تېرىلىرىنى ماڭا ئەكېلىپ تاپشۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى. ئۇ يامۇلدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى يامۇلغا ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يىغىلغان بۆرە تېرىلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يامۇلغا ئەۋەتىپ، تاغدا بۆرىلەرنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇشى لازىملىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. يامۇلنىڭ سېپىلى ئۈستىدە پىت بېقىپ ئولتۇرغانغا قارىغاندا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇ يەردىكى كۈنى مىڭ مەرتىۋە ياخشى - دە!...

شۇ يىلى يازدا، يامۇلنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ يايلاققا كېلىپ بىر - ئىككى كۈن تۇردى. ياقۇپبايىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئالدىن چىقىپ، مېھمانلار ئۈچۈن سويۇلىدىغان مال ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشتى. مەرگەن بېگىممۇ تەرلەپ - پىشىپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يامۇلدىن چىققان ئەمەلدارلارنى كۈتتى. قىشچە بۆرە جۇۋىسى كىيىپ چىققان بۇ ئەمەلدارلار ئۇنىڭدىن تاغدىكى بۆرىلەر توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى سورىغان بولسا كېرەك، راستىنى ئېيتقاندا، مەرگەن بېگىم تاغدىكى بۆرىلەر زادى نەدىن پەيدا بولۇپ قېلىشىدۇ ۋە يەنە قايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا كىرىپ غايىب بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى نەدە؟ توپ -



توپ بولۇپ يۈرەمدۇ، يەككە يۈرەمدۇ؟ ...... بۇ ئىشلار توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيتتى. ئۇ ئەمەلدارلارنى باشلاپ، گۆر جىلغىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ «مانا، بۆرىلەر مۇشۇ چوڭقۇر جىلغىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئوخشايدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، تاغنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئېگىزلىكتىن تۇرۇپ بۇ جىلغا ئىچىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. چوڭقۇر جىلغىنىڭ ئاستىدىكى گۈلدۈرلەپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى تاغ شامىلىنىڭ تىك قىيالارغا ئۇرۇلۇپ قايتقان ئەكس ساداسى بىلەن قوشۇلۇپ، قۇلاق سالغان ئادەمگە بۆرىلەرنىڭ ئاسمانغا قاراپ ھۇۋلاشقىنىدەك قورقۇنچلۇق ئاڭلىنىدۇ. يامۇلدىن چىققانلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ قايىل بولۇپ قايتىشىپتۇ.

ئىككىنچى يىلى قىش، قېلىن قار چۈشكەندە مەرگەن بېگىم راستىنلا بىر بۆرىنى ئېتىۋالدى. ئۇ بۆرىنى قەيەردە ئاتتى، قانداق قىلىپ ئېتىۋالدى، بىلمىدۇق، ئوق بۆرىنىڭ مېڭىسىگىلا تەگكەنىدى. بىز ئۇنىڭ تاغ تەرەپتىن ئوق يېگەن بۆرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. مەرگەن بېگىمنىڭ دۈمبىسى، چاپىنىنىڭ يەڭلىرى بۆرە قېنى بىلەن بويالغانىدى. ئۇ ياغاچ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە «ئاكاڭ قارىغاي قانداق؟» دېگەندەك ئەتراپقا قارىۋېتىپ، بۆرىنى ياغاچ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى چولاق تېرەكنىڭ يېنىغا تاشلىدى. ئاندىن ئۆيىدىن بىر پىچاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بۆرىنى بوغۇزلاپ، تېرىسىنى ئاجراتقىلى تۇردى. ئۇ تولۇمچىلاپ سويۇش دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. ئاۋۋال بۆرىنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، يىراققا پىرقىرىتىپ تاشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ تېرىسىنى ئاجرىتىۋېلىشنىمۇ قاملاشتۇرالماي، ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن كېسىپ ھەر تەرەپكە ئاتتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدا بۆرىنىڭ ئىككى پاچىقى قالدى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق

ھەپىلىشىپ، ھېلىقى پاچاقلاردىن ئىككى تال بۆرە ئۇشۇقىنى چىقىرىۋالدى. بىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— بېگىم، بۇ ئۇشۇقلارنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورىدۇق.

ئۇ بۆرە ئېتىشنىڭ ئېپىنى ئەمدى بىلىۋالغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ئاتقان بۆرىسىنىڭ ئۇشۇقىنى موشۇنداق چىقىرىۋېلىپ، تېشىپ يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆلتۈرگەن بۆرىلىرىنىڭ نىشانى بولىدىكەن. بۆرە ئۇشۇقىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان ئادەمگە بالا - قازا يېقىن يولىماسمىش ......

نېمە بالا بولغانلىقىنى بىلمىدۇق. شۇ كېچىسى مەھەللىنىڭ ئەتراپىغا بۆرە يېغىپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن ئىتلار كاڭشىغىنىچە ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى. قوتاندىكى قويلار دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇشۇپ تىپىرلىشاتتى. ئاتلار پۇشقۇرۇپ قاتتىق كىشنەيتتى. مالچىلار قوتانلارنىڭ ئالدىغا گۈلخانلارنى يېقىۋېتىشتى. ئاپئاق ئايدىڭ قىش كېچىسى ئىدى. بۆرىلەرنىڭ مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدا - مەرگەن بېگىم تۇرغان ياغاچ ئۆينىڭ ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. بىز «مەرگەن بېگىمگە ئەمدى تازا بۆرە ئاتىدىغان پۇرسەت كەلدى» دەپ ئويلىۋىدۇق، نېمىشقىدۇر زادىلا مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىمىدۇق. بۆرىلەر ياغاچ ئۆينىڭ ئەتراپىنى توختىماي پىرقىرىشاتتى. چولاق تېرەك ئاستىدىكى مەرگەن بېگىم كۈندۈزى بۆرە سويغان يەرنى تاتىلاپ، تۇمشۇقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دەھشەتلىك ھۇۋلىشاتتى ......

تاڭ يورىغاندا ئەتراپ جىمىپ قالدى. ئۆيلىرىمىزدىن بىر-بىرلەپ تالاغا چىقىشتۇق. قىزىق يېرى، بۇ كېچە بۆرىلەر ھېچكىمنىڭ مېلىغا چېقىلماپتۇ، يۈگۈرۈشۈپ ياغاچ ئۆي تەرەپكە باردۇق. بۆرىلەر چولاق تېرەكنىڭ ئاستىنى تىلغاپ، خامان



چۆرىگەندەك قىلىۋېتىپتۇ. ياغاچ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتەردۇق، ئىشىك ئىچىدىن مەھكەم تاقىۋېلىنغانىكەن، دېرىزىدىن قاراپ مەرگەن بېگىمنىڭ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا مىلتىقىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، غال - غال تىترەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بىزنى كۆرۈپ ئۇ تامنى تىرەپ تەستە ئورنىدىن تۇردى، پۇتلىرىنى سۆرەپ مېڭىپ ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى. كېچىچە كۆز يۇممىغان بولسا كېرەك، كۆزلىرى قىزىرىپ، مەڭزىلىرىنىڭ گۆشى قېچىپ ياڭىقىغا چاپلىشىپلا قالغان، بىر كېچىدىلا ساقال - بۇرۇتىغا ئاق كىرىپ چالىشىپ كەتكەنىدى.

— بۇ - بۇ - بۇگۈن كېچە نېمە بولغانلىقىنى تۇ-تۇ-تۇيدۇڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— تۇيدۇق. مەھەللىگە بۆرە كەلدى، — دېدۇق بىز.

— بىرەر يۈز - يۈزچە، بىرەر مىڭچە بۆرە، — دېدى ئۇ خۇددى ئۇخلىماي كېچىچە بۆرە ساناپ چىققاندەك، — بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەي، ھۇۋلاپ ساراڭ قىلىپ قوياي دېدى. دېرىزىدىن قارىسام، ھېلىقى مەن بوغۇزلاپ تاشلىۋەتكەن بۆرىنىڭ بېشى ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا سەكرەپ يۈرۈپتۇ. قاراپ تۇرسام، ئۇ بىردەمدىلا يوغان بىر كۆك بۆرىگە ئايلىنىپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. دېرىزىگە ئۆرە بولۇپ چاپلىشىۋېلىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ زادىلا نېرى كەتمىدى.

— نېمىشقا ئاتمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدۇق ھەممىمىز تەڭلا.

— ئاتتىم، مىلتىق زادىلا پىستان چاقمىدى ...

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ قولىدىكى مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى يەنە باسقان بولسا كېرەك، مىلتىق گۈملا قىلىپ ئېتىلىپ كەتتى. مەرگەن بېگىم مىلتىقنى تاشلاپ، ئۆينىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى مۇردىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. بىزمۇ قورقۇپ كەتتۇق. يەردە ياتقان مىلتىقنىڭ ئېغىزىدىن كۆكۈچ ئىس چىقىپ، ئەتراپقا مىلتىق

دورىسىنىڭ ھىدىنى تارقىتىپ تۇراتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەرگەن بېگىم كۆزىمىزگە سەل غەلىتە بولۇپ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ كۈپكۈندۈزدىلا مەھەللە ئىچىگە يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىزنى ۋارقىراپ چاقىردى. يۈگۈرۈشۈپ يېنىغا باردۇق.

— مەن ھازىر جىلغا تەرەپتىن كەلدىم، — دېدى ئۇ، — جىلغىنىڭ ئىچىگە بىر توپ بۆرىلەر يىغىلىۋاپتۇ، ئارىسىدا بىرى ھېلىقى كۈنى مېنىڭ دېرىزەمگە چاپلىشىپ تۇرۇۋالغان يوغان كۆك بۆرە، ھەممىسىنىڭ باشلىقى شۇ ئوخشايدۇ، ئوتتۇرىدا پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ تۇرىدۇ. قالغانلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز تىلدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. تېخى بىرى مەن تەرەپنى شەرەتلەپ، «ئاۋۇنىڭ دۈمبىسىدىكى، قوللىرىدىكى نېمە قان!» دەپ ۋارقىرىدى. قورققىنىمدىن ئۇدۇل بۇ يەرگە قاراپ قاچتىم ......

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي، ئۇنىڭغا ھاڭۋاققىنىمىزچە قاراپلا قالدۇق. ئىچىمىزدە «بۇ بىچارە راستتىنلا ئېلىشىپ قېلىۋاتامدۇ، قانداق؟» دەپ ئويلىدۇق.

يەنە بىر كۈنى، ئۇ بىزدىن:

— بۈگۈن نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى تۇيدۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

شۇ كۈنى كېچە ناھايىتى تىنچ ئۆتكەنىدى.

— تۇيمىدۇق، نېمە ئىش بولدى؟ — دېيىشتۇق.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، «قوللىرىغا مىلتىق تۇتقان توپ - توپ بۆرىلەر سەپ بولۇپ تىزىلىپ، كېچىچە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا گۈلدۈرلەپ مېڭىپ چىقىپتۇدەك. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا يېنىغا تاپانچا ئېسىپ، پۇشتەك چېلىپ كېتىۋاتقىنى ھېلىقى كۆك بۆرە ئىمىش ... گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ:



— مەن يامۇلغا خەۋەر قىلىمەن. بۇ يەرگە بىر پەي چېرىك يۆتكەپ كەلمىسە بولمىغۇدەك، — دېدى.

ئارىدا ئۇ بىر - ئىككى كۈن يوقاپ كېتىپ پەيدا بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شەھەرگە كىرىپتۇ. تۇۋا دەيدىغان ئىش، قارىسا شەھەر كوچىلىرىدىمۇ بۆرىلەر مېڭىپ يۈرگۈدەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر - ئىككىسىنىڭ چىرايى تونۇشتەك قىپتۇ. تازا زەن سالسا، يازدا مۇشۇ يەردىن سويۇپ تېرىسىنى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بەرگەن بۆرىلەر ئىمىش ... يەنە بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى بۆرىنى كۆرۈپتۇ. بىرى بەكمۇ قېرىپ كەتكەن بۆرە ئوخشايدۇ، ھاسا تايىقىنى چاتىرىقىغا قىسىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. يېنىدىكى ياشراق بىر بۆرە مەرگەن بېگىمگە ھەدەپ كۆزىنى قىسىپ، ئۇنى شەرەتلەپ يېنىغا چاقىرىپتىمىش ......

مەرگەن بېگىم يامۇلغا كىرىپ، بۇ گەپلەرنى قىلىپ بەرگەنىكەن، يامۇلدىكى ئەمەلدارلار باشتا ھەيران بوپتۇ. ئاندىن قورساقلىرىنى تۇتۇپ تازا كۈلۈشۈپتۇ. ئۇلار:

— ھە، سېنىڭ ھېلىقى ئەپيۇن چېكىدىغان كونا كېسىلىڭ يەنە قوزغىلىپتىمۇ، نېمە؟

— ھېلىقى بۆرىنىڭ سېنى كۆز قىسىپ شەرەتلىگىنىگە قارىغاندا، سېنىڭ بويتاقلىقىڭنى بىلىپ قالغان چىشى بۆرىمۇ قانداق؟ — دېيىشىپتۇ.

ئىشقىلىپ، بۇ بىچارىنىڭ كاللىسىدا ھازىر بۆرە بىلەن بۆرە جۇۋىسى كىيگەن ئادەملەر، جەڭ مەيدانىدىكى قورال تۇتۇپ سەپ بولۇپ ماڭغان چېرىكلەر بىلەن ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ھۇۋلىغا بۆرىلەر ... ئوڭى بىلەن چۈشى، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ ھەممىسى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا بىزمۇ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىمىزنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتتۇق، ئۇ يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ياقىمىزنى تۇتۇپ تازا

كۆلۈشەتتۇق.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تېخى كۈن يورۇقلا ۋاقىت ئىدى. تويۇقسىز ئېتىلغان بىرنەچچە پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ئارقىدىنلا مەرگەن بېگىم ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ، يۈگۈرگىنىچە بىزنىڭ يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ھېلىقى ئىككى تال بۆرە ئوشۇقىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى.

— سىلەر مەن دېسەم ئىشەنمىدىڭلار، شۇنداققۇ، ئىشەنمىدىڭلار، تېخى كۈلدۈڭلار ... — دېدى ئۇ.

— بېگىم، نېمىگە ئىشەنمىدۇق، نېمىگە؟ — دەپ سورىدۇق بىز ئۇنىڭ باش - ئايىغى يوق سۆزلىرىنى چۈشەنمەي.

— بۆرىلەر سەپ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، دېسەم ...... مانا مەن ئۇلارنى ئېتىپ تاشلىدىم.

— نېمىنى ئېتىپ تاشلىدىلا؟

— سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرنى ...

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، قىشلاقنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردى. بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتۇق. يىراققا بارمايلا ئاپئاق قار ئۈستىدە ياتقان قارا نەرسىنى كۆردۇق. بېرىپ قارىساق، ئوق يەپ يىقىلغان ئىككى ئادەم ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدا ياقىلىق ئېسىل بۆرە جۇۋىلىرى تۇرۇپتۇ.

ئەسلىدە ئۇلار يامۇلنىڭ ئادەملىرى ئىكەن. بىزنىڭ قىشلاققا يېقىن بىر يېزىغا كۆكلۈل ئېچىش ئۈچۈن چىقىپ، ھاراقنى تازا ئىچىشىپتۇ. ئاندىن قىشلاقتا تۇرۇۋاتقان مەرگەن بېگىمنى ئېسىگە ئېلىشىپتۇ، ئۇنىڭ يامۇلغا كىرىپ دېگەن ھېلىقى غەلىتە گەپلىرىنى قىلىشىپ تازا كۈلۈشۈپتۇ، كەيپچىلىكتە «يۈرۈڭلار، شۇ مەرگەننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تايانچا ئېسىپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بۆرىلىرىنى بىر كۆرۈپ باقمايمىزمۇ!» دېيىشىپ قىشلاققا قاراپ مېڭىشىپتۇ. بۇ چاغدا



قىشلاقنىن باشقا يېزىلارغا بارىدىغان يوللارنى قار ئېتىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ چانىغا قاتقان ئېتى يېرىم يولغا كەلگەندە ماڭالماي قالغاچقا، چانىنى تاشلاپ قار كېچىپ، بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ قاتارلىشىپ كېلىۋاتقانىكەن. مەرگەن بېگىمنىڭ كۆزىگە بۇلار يىراقتىن سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرگە ئوخشاپ كېتىپتۇ - دە، ئېتىپ تاشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىلىرى يىقىلىپ، قالغان بىرنەچچىسى ئارقىغا قاراپ قېچىپتۇ.

بىز ئۆلۈكلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتۇق. مەرگەن بېگىمگە سوئال نەزىرىمىزدە قاراشتۇق. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغانىدى. ئۇ ھېلىمۇ ئادەمنى ئاتتىم، دەپ ئويلىمىسا كېرەك.

— توۋا، بۇ بۆرىلەر قاچاندىن بېرى ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭىدىغان بولۇپ قالدى؟ ...... بۆرە دېگەن زادى ئىككى پۇتلاپ ماڭاتتىمۇ، تۆت پۇتلاپمۇ؟ ... — دەپ بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە ماڭاتتى.

ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن؟ — دەپ ھەممىمىز ئەنسىرەشتۇق. شۇ كېچە ھېچكىم ئۆيدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. تاڭ سەھەردە ۋاڭىلداپ ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتۇق. تۈنۈگۈن مەرگەن بېگىمنىڭ ئوقىدىن ئامان قېلىپ قېچىپ كەتكەن بىر نەچچەيلەن يامۇلغا «تاغدا راستىنلا مىلتىق ئاسقان بۆرىلەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئىككى ئادىمىمىزنى ئېتىپ تاشلىدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن چېغى، قىشلاقنىڭ ئەتراپىنى چېرىكلەر قورشىۋالغانىدى، ئۇلار ھەر تەرەپكە قارىسىغىلا ئوق ئۈزەتتى. ياغاچ ئۆي تەرەپتىن مەرگەن بېگىمنىڭ ئاندا - ساندا ئېتىپ قويغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مەرگەن بېگىم ھېلىمۇ بۆرىلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمەن، دەپ ئويلىسا كېرەك، ئۇنىڭ ھەربىر ئاتقان ئوقى بىر چېرىكنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتى.

شۇنداق بىرەر سائەت ئېتىشقاندىن كېيىن، چىرىكلەر مەھەللە ئىچىگە بېسىپ كىردى. ئۇلار ھويلا - ھويلىلاردىن ئالدىغا ھاۋشىپ چىققان ئىتلارنى ئېتىپ تاشلاپ، مالچىلارنىڭ ئۆيلىرى، مال قوتانلىرىنى قويماي ئاختۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىزمۇ بىلمىدۇق. ئاندىن ئۇلار مەھەللىدىن چىقىپ، چولاق تېرەك يېنىدىكى ياغاچ ئۆينى قورشاپ قاتتىق ئوققا تۇتۇشتى. بۇ چىرىكلەر ئۆزىنىڭ ئادىمى بىلەن ئېتىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمدۇ، بىلمەمدۇ ياكى ئۇلارمۇ بۆرىلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز، دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ بۇ تەرەپلىرى بىزگە نامەلۇم. يەنە بىر قىسىم چىرىكلەر ملتىقلىرىنى پاڭىلدىتىپ ئېتىپ جىلغا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زادى بۆرە دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك ۋە بەلكىم بەزىلىرى «بۆرە دېگەن ئۇچۇپ يۈرىدىغان نېمە» دەپمۇ ئويلايدىغاندۇ، ئىشقىلىپ، ئۇلار ئالدىغا ئۇركۈپ چىققان تۈلكە، ياۋا توشقان، پالاقشىدە قانات قېقىپ ئۇچقان تاغ قۇشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوق ئاتاتتى. ھەقىقەتەن كۈلكىلىك بىر جەڭ بولدى. مانا «بۆرە جىلغا» دېگەن نام ئەنە شۇ ۋەقەدىن كېيىن قالغان.

× × ×

ھاشىم بوۋاي ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، ئالدىدىكى قىمىزنى بىر - ئىككى ئۆتلىدى، ئاپقۇرلارغا يەنە قىمىز قۇيدى.

— ھېلىقى مەرگەن بېگىم قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ.

— ھە، مەرگەن بېگىما؟ ...... مەرگەن بېگىمنى ئۇنتۇپتۇق — ھە! — دېدى بوۋاي، — ئۇنىڭ گېپىنى سورىساڭ



كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ ... چىرىكلەر ياغاچ ئۆينى تازا ئوققا تۇتۇپ، ياغاچ ئۆي تەرەپتىن بىرەر شەپە بولمىغاندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ دېرىزىدىن قارىشىپتۇ. قارىسا ئۆينىڭ ئىچىدە مەرگەن بېگىم كۆرۈنمەسمىش.

— مەرگەن بېگىم قېچىپ كېتىپتۇمۇ؟

— بىلمىدۇق. ئۆيدە بىر كۆك بۆرە مىلتىقنى سۆرتۈپ بەخىرامان ئولتۇرغۇدەك ...

— كۆك بۆرە دەمسىز؟

— ھە، كۆك بۆرە، ھېلىقى تاپانچا ئېسىپ، پۇشتەك چالىدىغان بۆرە شۇ بولسا كېرەك، دېرىزىن بىرىنچى بولۇپ قارىغان چىرىك قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، ئارقىدىن كەلگەنلىرىمۇ ھەيران بولۇپ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشىپتۇدەك. كۆك بۆرە مىلتىقنى مۈرىسىگە ئېسىپ، ئۆيدىن خاتىرجەم چىقىپ كېتىپتىمىش.

— نېمە دەيدىغانسىز بوۋا، مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟

— ئۇلارنىڭ گېپىگە مەنمۇ ئىشەنمىدىم، — دېدى بوۋاي، -شۇ كۈنى كەچكە يېقىن چىرىكلەر بۇ يەردىكى جەڭنى بولدى قىلدى، بىر مالچىنىڭ چانىسىنى ئارىيەت ئېلىپ، ئۆلۈكلىرىنى ئارىلىق بىر ئاتنى قاتتى. ياغاچ ئۆيدىن مەرگەن بېگىمنىڭ قالدى - قاتتى بىرنېمىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ چانىغا تاشلاشتى. يەنە كىگىزگە ئورالغان ئۇزۇن بىرنەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ باستى. مەن ئۇنى جەسەتمىكىن، دېدىم. نېمىشقا دېسەڭ، كىگىزنىڭ بىر بېشىدىن چىقىپ قالغان بىر تال ئاق يىپنى كۆرۈپ قالدىم. يىپنىڭ ئۇچىدا ئىككى تال بۆرە ئۇشۇقى پۇلاڭلاپ ئېسىلىپ تۇراتتى ...

# تەيياباي

غۇلجا شەھىرىدىن 40 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا، ئىلى - ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە كۆرە دېگەن بىر يەر بار. ھازىر ئۇنى ئانچىمۇ كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاددىي بىر يېزا دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، چىڭ خاندانلىقى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىتتا بۇ يەر شىنجاڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تۇرىدىغان مۇھىم ئورۇن بولۇپ كەلگەنىدى. چىڭ ئوردىسىنىڭ بېيجىڭدىن تەيىنلەپ ئەۋەتكەن جياڭجۈنلىرى مانا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا ھوقۇق يۈرگۈزەتتى.

كۆرە كونا كۆرە، يېڭى كۆرە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. كونا كۆرە قەلئەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا بولۇپ، 1860-يىلىدىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى (كونىلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «سادىر پالۋان سوقۇشى») دا ۋەيران بولغان، بۇ سوقۇشتا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىدىكى قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي تارمار بولۇپ، شۇ چاغدىكى كۆرەدە تۇرۇشلۇق ئىلى جياڭجۈنى مىڭ شۈي بالا - چاقىسىنى ئېلىپ، ئوق دورا ئامبىرىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، دورىغا ئوت يېقىشنى بۇيرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتىكەن. شۇ قېتىمقى پارتلاشتا كۆرەنىڭ ئەتراپى يەر تەۋرىگەندەك سىلكىنىپ، چېرىكلەرنىڭ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن پۇت - قوللىرى نەچچە چاقىرىم يەرگە ئۇچۇپ چۈشكەن، قەلئە ئىچىدىكى پۈتۈن ئىمارەتلەر كۆيۈپ تۈگەشكەن، دېيىشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن 1890 - يىللىرى ئەتراپىدا ھازىرقى يېڭى كۆرە قەلئەسى سېلىنغانىدى.



ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت، دېمەك ئوڭايمۇ دەيسىلەر؟ ئىچكىرىدىن ھەر بىر يېڭى جياڭجۈن يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە داقا - دۇمباقلار چېلىنىپ، تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلەتتىكەن. بىرەر جايدا پۇقرالارنىڭ ئازراقلا ئىش تېرىغانلىقى ئاڭلانسا، كۆرەنىڭ دەرۋازىلىرىدىن دۈپۈرلەپ قوشۇنلار چىقىپ، تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈش قىلاتتىكەن. شۇ يىللاردا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەرنىڭ پىلانى مانا مۇشۇ كونا - يېڭى كۆرەدە تۈزۈلگەن؛ قانچە كۆلكىلىك كومېدىيىلەر مانا مۇشۇ ھۆكۈمرانلار ئۆيىدە ئوينالغان بۇ ئىشلارنى تەپسىلىي يېزىشنى بىز ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۆزىدىن يوغان كىتابلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈپ، بېشىنىڭ تۈكى قالمايۋاتقان تارىخچىلارغا قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، شۇ يىللاردا يېڭى كۆرە قەلئەسىدە «تەيياباي» دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن. بىزنىڭ بۇ ھېكايىمىز چوڭ ئىشلار ئۆتكەن شۇ قەلئەدىكى ئاشۇ ئاددىي بىر پۇقرانىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان.

## 1

يېڭى كۆرە قەلئەسى ناھايىتى ھەيۋەتلىك سېلىنغانىدى. قەلئەنىڭ سېپىللىرى ئېگىز، مۇستەھكەم بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى تۆت چوڭ كوچا تۆت تەرەپتىكى سېپىل دەرۋازىلىرىنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇراتتى. چوڭ كوچىلارنىڭ كېسىشكەن جايى - كۆرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت قەۋەت ھەشەمەتلىك بىر راۋاق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ «قوڭغۇراق راۋىقى» دەپ ئاتىلاتتى. سېپىلنىڭ ئىچى - تېشىدا ھەربىي گازارمىلار بار ئىدى. قەلئە ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك يامۇللار، ئوق - دورا ئىسكىلاتلىرى، ئوزۇق - تۈلۈك ساقلىنىدىغان ئامبارلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا

پوست تۇراتتى. سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى ۋە سېپىلنىڭ تۆت دوقمۇشىدىكى كۆزەتخانىلاردىمۇ كېچە - كۈندۈز قاراۋۇل ئۈزۈلمەيتتى. ھۆكۈمەت يېڭى كورەنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن چوڭ كوچىلارغا دۇكان - سارايلارنى ئېچىپ بەرگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دۇكان - سارايلارنى ئاچىدىغان سودىگەرلەرنىڭ تولىسى چىڭ خاندانلىقىنىڭ زوزۇڭتاڭ، ليۇجىڭتاڭ دېگەن ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدىكى توپىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئېلىپ چىققاندا قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەن ئادەملەر ئىكەن.

غۇلجىغا كېتىدىغان شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ۋە ئاھالىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى؛ سۈيدۈڭگە قاتنايدىغان دەرۋازىنىڭ سىرتىدا خەنزۇ، خۇيزۇ ئاھالىلىرى بىر قەدەر كۆپرەك ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۈچ پو ئېتىلىشى بىلەن سېپىل دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، سىرتتىكىلەر قەلئە ئىچىگە ئېقىپ كىرىشكە باشلايتتى. دۇكانلار ئېچىلىپ سودا - سېتىق قىزىپ كېتەتتى. ئىچكىرىنىڭ چاي، دورا - دەرمان، يىپەك ماللىرى، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، تېرە-يۈك، قۇرۇق مېۋىلىرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ سودا بولاتتى. ئاشپۇزۇل، قاۋاقخانىلارنىڭ چۆرىسىگە قىزىل پەرەڭ تۇتۇلغان ۋىۋىسكىلىرى لەرزان پۇلاڭشىپ، خېرىدارلارنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلاتتى. بۇ يەرگە ئەمەل تۇتۇپ كەلگەن ئامباللار ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلارغا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كەلسىلا، يىغىۋېلىنغان باج - سېلىق، سوۋغا - سالام بىلەن يانچۇقى يامبۇغا توشۇپ كېتەتتى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنىڭ بىرەرسىگە بېرىپ، بىر - ئىككى يىل ئەمەل تۇتۇپ قايتقانلار بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك مال - دۇنياغا ئىگە بولاتتى. كورەدىكى قىمارخانىلار بىلەن قاۋاق، ئەپيۇنخانىلارنىڭ چىراغلىرى تاڭ ئاتقىچە ئۆچمەيتتى. ھارامدىن كەلگەن يامبۇلار



بۇ يەردە شاراقشىپ تۆكۈلۈپ سۇدەك ئاقاتتى. شۇڭا، ئىچكىرىدىن كەلگەنلەر كورەنى «كىچىك بېيجىڭ» دەپمۇ قويۇشاتتى. ئاۋاتچىلىقتا كەلگەندە ئەينى يىللاردىكى ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. بۇ يەردىن خېبېي - خېنەن، خۇبېي - خۇنەن، شەنشى - سەنشى، سىچۈەن، گەنسۇ دېگەندەك ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنىڭ ئادەملىرىنى تاپقىلى بولاتتى. كاتتا ئەمەلدارلار، ئاددىي ئەسكەرلەر، مال - دۇنيا قوغلىشىپ يۈرگەن سودىگەرلەردىن باشقا يەنە خىلمۇ خىل جاھانكەزدىلەر، يۇرتىدىن تەزگەن مۇساپىرلار، خەۋپ - خەتەرنى ئىزدەپ يۈرىدىغان تەۋەككۈلچىلەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. تەيياباي ئەنە شۇ يىللاردا كورەدە پەيدا بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى.

تەيياباينىڭ ئايالى بەي خېنىم خەنزۇ بىلەن مانجۇنىڭ ئارىسىدىن تۇغۇلغان بېيجىڭلىق ئايال بولۇپ، قامىتى كېلىشكەن بۇ ئايال گەرچە تەييابايدىن ئون ياشچە چوڭ بولسىمۇ، يەنە ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنەتتى. بەي خېنىم شەرقىي كوچىدىكى تىككۈچىلەر قاتارىدا بىر دۇكان ئاچقانىدى. دۇكاندا ئىككى - ئۈچ تىكىمچىلەر ئىش تىكەتتى. بەي خېنىم ئۆزى ئىش كېسەتتى. جياڭجۈن مەھكىمىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ مانجۇ پاسونىدىكى ھەر خىل كىيىملىرى، چاڭپاۋ، كەنجەر، خېنىملارنىڭ ھەر خىل پاسوندىكى يىپەك كۆڭلەكلىرى مۇشۇ دۇكاندىن پۈتۈپ چىقاتتى. ئۇ يىللاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كورە ئىچىدە ئولتۇراقلىشىشى مەنئىي قىلىنغانىدى. بەي خېنىمنىڭ يۈزى بىلەن تەيياباينىڭ ئائىلىسىگە كورە ئىچىدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغانىدى. تەيياباي ئۆزىمۇ ئاق يۈزلۈك، قاپقارا بۇرۇت قويغان، ئوتتۇرا بوي، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىدا راۋان سۆزلىيەلەيتتى. قىلىدىغان مۇقىم ئىشىمۇ يوق ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى بەي خېنىمنىڭ

بەرگەن پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئىچكىرىنىڭ قانداقتۇر بىر ناخشىسىغا غىڭشىغىنىچە ئۆيدىن چىقاتتى.

بۇتخانا ئىدى ھەيۋەت،
يېشىللىق ئارا خىلۋەت ...

ئاندىن كورەنىڭ بازارلىرىنى ئارىلاپ، ئاشخانا، قىمارخانا ۋە راۋاق ئەتراپىدىكى قىزىقچىلىقلارنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتى. بەي خېنىم ئۇنىڭغا ئارتۇقچە تەلەپمۇ قويمايتتى، پەقە يامان ئىشلارغا ئارىلاشماي، كەچتە ئۆيگە ۋاقتىدا قايتىپ كەلسىلا رازى بولاتتى. تەيياباي ئۆزىمۇ قالايمىقانچىلىقتىن قاچىدىغان يۇۋاش ئادەم ئىدى. «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە ...» دەپ، چاغان كەلسە خوتۇنىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىرەر جوزا چاغانلىق نەرسىلەرنى راسلاپ قوياتتى. ئۆزى ھاراق دېگەننى ئاغزىغا ئالمايتتى. ھېيت كەلگەندە يەنە راۋۇرۇس تەييارلىق قىلىپ ھېيت قىلاتتى. ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە بولغاندا ئانچە - مۇنچە قىزىقچىلىقلارنىمۇ قىلىپ قوياتتى. ھەر قېتىم چاغان يېقىنلىشىپ قالغاندا بەزىلەر ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— تەيياباي، بۇداقى چاغاندا قانچىلىك پوجاڭزا ئاتارسەن؟ — دەپ سورىسا، ئۇ:

— 20 - 30 تىزىق پوجاڭزا ئېلىپ قويدۇم. ئەر - خوتۇن بېلىمىزگە باغلاپ ئۈچىغا ئوت يېقىۋېتەيلىمىكىن، دەيمىنا، — دەپ كۈلدۈرەتتى.

بىكارچىلار يىغىلىپ قالغان بەزى سورۇنلاردا تەيياباي بېيجىڭ چاڭچىلىرىگە تەقلىد قىلىپ، خىبىي باڭزىنىڭ ناخشىلىرىنى خېلىلا قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ قوياتتى:

بۇ جاھاندا ئەسلىدە قانۇن - مىزاندىن يوق ئەسەر،



بەزىبىر نائەھلىلەر پۇقرانى قىيناركەن بەتەر.
ھەي ئېسىت، بىلسەم ئەگەر بالدۇرلا زالىم پەيلىنى،
مەرد بولۇپ تاغلار ئارا، كەلمەس ئىكەنمەن بۇ سەپەر.
......
كۆپىيەر ئوغرى - قاراقچى، يولىدىن تايسا زامان،
ئوغرى بولماقتىن پۇل تۆلەپ بەگ بولۇش بەكمۇ ئاسان ...

تەيياباي ئاغزىدا چاڭچىلىكەشلەرنىڭ داقا - دۇمباق، غىجەكلىرىنى دوراپ چېلىپ، نەچچە پىرقىراپ موللاق ئېتىپ تىك تۇرالايتتى. ئۇ ناخشىلارنىڭ ئاخىرىدىكى «ئا - ئا، ئى - ئى ...» دەيدىغان يەرلىرىنى نەپەس ئالماي، بىر نەچچە دەقىقىغىچە سوزۇپ چۇشۇرگەندە، ئاڭلاپ تۇرغانلار ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ سەكرىشىپ كېتەتتى. خەنزۇ چاڭچىلە ناخشىلىرىنى بىر ئۇيغۇرنىڭ مۇشۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ ئېيتالىغىنى ئۇلارغا تېخىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى.

«تەيياباي» دېگەن تەييابايىنىڭ ئىسمىمۇ ياكى لەقىمىمۇ؟ بۇنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. بەزىلەر: تەييابايىنىڭ ئەسلى ئىسمى تاھىر. تەيياباي بەي خېنىمغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ تەييار پۇلى بىلەن بايۋەچچىلەردەك ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەچكە، باشقىلار ئۇنى «تەيياباي» دەۋالغان، دېيىشەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەيياباي ئەسلى كۇچالىق ئادەم ئىكەن. ئون نەچچە ياش ۋاقتىدا، كىراكەشلىك قىلىدىغان دادىسىغا ئەگىشىپ بېيجىڭغا بېرىپ قالغانىكەن. ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى جايلاردىكى بەگلەرنىڭ ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ 3 - 4 يىلدا بىر قېتىم پايتەختكە بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلىدىغان تۈزۈمى بار ئىكەن. شۇ قېتىمدا تەييابايىنىڭ دادىسى ئوغلىنى ئېلىپ، بىر بەگنىڭ خانغا ئېلىپ ماڭغان سوۋغاتلىرىنى كىرا قىلىپ بېيجىڭغا مېڭىپتۇ. يولدا قانچە بېكەتلەردە ئات

يەڭگۈشلەپ، مىڭبىر جاپادا ئاران مەنزىلگە يېتىپتۇ. قايتىدىغان ۋاقىتتا «يۇرتتا ئوپۇر - توپۇرچىلىق بولۇپ كېتىپتۇدەك» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، كېتەلمەي بېيجىڭدا تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ چاغلاردا بېيجىڭدىمۇ كىراكەشلىك يامان ئەمەس بولسا كېرەك، ئاتا - بالا ئىككىيلەن بۇ يەردە يەنە بىر مەزگىل كىراكەشلىك قىلىپ جان بېقىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە تەييابابىنىڭ دادىسى بىر - ئىككى كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تەيياباي ئات - هارۋىنى تاراقلىتىپ بىرەر يىلچە كىراكەشلىك قىلىپ بېقىپ قاملاشتۇرالماي، ئات - هارۋىنى سېتىپ پۇلنى بەلگە تۈگۈپ، چاڭچىلىخانىلاردا ئويۇن كۆرۈپ، ناخشا تىڭشاپ، چايخانىلاردا مەدداهلارنىڭ جەڭنامىلىرىنى ئاڭلاپ، بېيجىڭنىڭ كوچىلىرىنى ئالا قويماي ئارىلاپ ئاۋات قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئاز ئۆتمەيلا هەممە پۇل تۈگەپ، تەيياباي تازا تەس كۈنگە قالغاندا ئۇنىڭغا بەي خېنىم يولۇقۇپ قالغانىكەن.

ئۇ چاغ تەييابابىنىڭ 20 گە يېقىنلىشىپ، بەي خېنىمنىڭ يېشى ئەمدىلا 30 دىن ئاشقان ۋاقىتلار ئىكەن. بەي خېنىم بۇرۇتلىرى يېڭىدىن خەت تارتقان، يوغان، قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانچىلىك مۇهەببەت ۋەقەلىرىنىڭ سادىر بولغانلىقى كىشىلەرگە قاراڭغۇ. ئەمما، ئېرىدىن ياشلا تۇل قالغان بەي خېنىم پۈتۈن مال - مۈلكى بىلەن ئۆزىنى تەييابايغا تاپشۇرۇۋەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. تەيياباي بۇ خېنىمنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ - چېچىپ، هەر كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا مەست كېلىدىكەن. بەي خېنىم:

كىشى قەدرىنى بىلمەيدۇ، يار كىچىك، نادان كەلدى.
بېرىپ مەيلىنى شارابقا، مەست بولۇپ ئاران، كەلدى.



دېگىنىچە يەنە ئۇنى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈتۈۋالىدىكەن.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. تەييا باي بارغانسېرى كەيپ- ساپاغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. «يۇرت تىنچلىنىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ: «يۇرتۇمغا كېتىمەن» دەپ چاتاق سالىدىغان بوپتۇ. تەييابابىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆڭلى قىيمىغان بەي خېنىم: «يۇرتىڭىزغا بارساق بارايلى، ئەمما، بىرىنچىدىن يۇرتقا بېرىۋېلىپلا مېنى تاشلىۋەتمەيسىز؛ ئىككىنچىدىن، هاراق دېگەننى ئاغزىڭىزغا ئالمايسىز» دەپ شەرت قويۇپ، تەييابايغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا چىققانىكەن. ئۇلارنى ئاۋۋال تەييابابىنىڭ يۇرتى كۇچاغا بېرىپ ئورۇنلاشقان، دېيىشىدۇ. لېكىن، تەييابابىنىڭ ئانىسى بىر يىل ئىلگىرىلا ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. تەييابابىنىڭ يات دىيارنىڭ بىر خوتۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۇرتداشلىرى ئۇنىڭغا ئانچە ياخشى كۆز بىلەن قارىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايلىنىپ مۈشۈ كورەگە كېلىپ توختاپ قالغانىكەن.

تەيياباي دائىم ياخشى ئاتتىن ئايرىلمايتتى. ئېتىنىڭ ئېگەر- جابدۇقىنىمۇ ناهايىتى تاللايتتى. بەزىدە ئېتىنى مىنىپ سۈيدۈڭ، غۇلجا شەهەرلىرىگە باراتتى ياكى بولمىسا خەنزۇ جەڭنامىلىرىدىكى ناخشىلارغا تۈۋلاپ:

مەرد ئىكەن چىڭ جى ئاجايىپ، خىسلىتى پالۋانغا باب،
گېلىغا شەمشەر سۈرۈپ ئۇ، بەردى زەپ خانغا جاۋاپ.
ئەھدىدىن قايتمىدى ئەسلا يەتسىمۇ هەتتا ئەجەل،
قالغۇسى نامى جاهاندا داڭقى ئالەمگە تاراپ.
كەلمىدى كارغا ئىسست! ۋېي بەلگىلىكى سەردارلىرى.
......

دېگىنىچە داللارغا چىقىپ بولۇشىغا ئات چاپتۇراتتى. يەردە تۇرۇپ بىر موللاق ئېتىپ، دەل ئىگەرنىڭ ئۈستىگە

مىنىۋالالايدىغان، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ، يەرگە تىك چۈشۈپ تۇرالايدىغان ھۈنەرلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ھۈنەرلەرنى ئۇ بالا ۋاقتىدا كوچادىكى دارۋازلار، يەرلىك سېرك ئۇستىلىرىدىن ئۆگەنگەنىدى.

يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان ئاتنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈشنىڭ زادى قانچىلىك ھۈنەر ئىكەنلىكىنى ئات بىلەن ھەپىلىشىپ باقمىغان ئادەملەر بىلمەسلىكى مۇمكىن. بىر يىلى كۆرەدە گەنسۇلۇق بىر چامباشچى پەيدا بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ چاڭچىلىلەردە ئالاچىپار يۈزلۈكلەرنىڭ رولىنى ئالىدىغان ئۇستا چامباشچىلاردىن ئىكەن. ئۇ تەييابابىنىڭ ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ تىك چۈشەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «بۇ ئىشنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار» دەپ نەزەرىگىمۇ ئىلىپ كەتمىدى. بىر قېتىم ئۇ قوڭغۇراق راۋقى يېنىدىكى قاۋاقلارنىڭ بىرىدە ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ: «ئەمدى مېنىڭ بىگىسىمنى بىر كۆرۈپ بېقىڭلار ـ ھە!» دەپ، ئاغىنىلىرىنى سېپىلنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. ئاندىن ئۆزى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تازا چېنىقىلىپ كۈچ يىغقاندىن كېيىن، سېپىلنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ يەرگە تىككىدە چۈشتى. ئەتراپتىكىلەر: «پاھ، پاھ، پاھ!» دەپ چۇقان سېلىشىپ كەتتى. تەييابايمۇ بىر چەتتە تورۇق ئاتنىڭ ئۈستىدە قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ بۇ تاماشىنى كۆرۈۋاتاتتى. بىر چاغدا ھېلىقى چامباشچىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالدى.

— ھوي، ئىسمىڭ نېمىدا سېنىڭ؟ قېنى ئېتىڭنى بۇياققا ئەكەلمەمسەن، — دېدى ئۇ تەييابايغا قولىنى شىلتىپ.

تەيياباي ئېتىنى دىۋېتىپ كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ چۇلۋۇرىنى چامباشچىغا تۇتقۇزدى. چامباشچى ئاتقا مىنەر ـ مىنمەستىنلا تورۇق ئات تويۇقسىز يۈگۈرۈپ كېتىۋېدى، چامباشچى ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ھەممەيلەن پاراققىدە



كۈلۈۋېتىشتى. بىر ـ ئىككىيلەن كېلىپ چامباشچىنى يۆلەپ:

— بىر يەرلىرى زەخىملەنمىگەندۇ؟ — دەپ كۆڭۈل سوراشتى.

— ھېچ گەپ يوق، ھېچ گەپ يوق، — دەپ چاپانلىرىنى قاقتى چامباشچى، — تازا تەربىيە كۆرمىگەن ئاتكەن — دە، بۇ! قېنى ئەمدى ئەكىلىڭلار.

تەيياباي ئېتىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، چامباشچى مىنىۋالغىچە بېشىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردى ـ دە، ئاندىن ئاتنىڭ ساغرىسىغا يېنىك شاپىلاقلاپ قويۇۋەتتى. تورۇق ئات باشتا سىلىق يورغىلاپ مېڭىپ، ئىتتىكلەپ كەتتى. چامباشچى مەيداننى بىر ئايلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغان ئاتنى ئوقتەك چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا بىر موللاق ئېتىپ يەرگە تىككىدە چۈشتى ـ دە، تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشىيەلمەي، ئالدىغا مۆدۈرۈپ يەرگە بېشىچىلاپ يىقىلدى. ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كەلگىچە ئۇ يۈز ـ كۆزى توپا، پېشانىسى يېرىلغان پېتى ئورنىدىن قوپتى. بەزىلەر پىخىلداپ كۈلۈپ ئاغزىنى تۇتۇشتى، بەزىلەر: «يامان بولدى ـ ھە، يامان بولدى!» دېگىنىچە بېرىپ ئۇنى قايتا يۆلىدى. بۇ ئىش ھېلىقى چامباشچىغا قاتتىق ھار كەلگەن چېغى، ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ كۆرەدە كۆرۈنمىدى. تەييابابىنىڭ ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشىدىغان ھۈنىرى شۇنىڭدىن باشلاپ كۆرەدە ئالاھىدە ماھارەت ھېسابلىنىدىغان بولدى.

تەيياباي بەي خېنىمنىڭ دۆلىتىدە كۆرەدە ئويناپ ـ كۈلۈپ، ئەنە شۇنداق غەمسىز خېلى يىللارنى ئۆتكۈزگەنىدى.

## 2

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە

ھۆكۈمەتنىڭ ھالى خارابلىشىپ كەتتى. بەكمۇ ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەتكەن بۇ خاندانلىق ئەمدى قىرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەندەك قىلاتتى ... كۆرەدىكى ئەسكەرلەرگە بەزىدە تاماق راسخوتىمۇ تارقىتىلماي قالاتتى. كۆرە بازىرىدىكى ئاۋاتچىلىقلار سۇسلىشىپ، قوڭغۇراق راۋىقى ئەتراپىدا بولىدىغان كېچىلىك تىجارەتلەر بالدۇرلا يىغىشتۇرۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاز دەپ، بەي خېنىم ئاغرىپ ئۇزۇنغىچە ياخشى بولالمىدى. ئاخىرىدا ئۇ تەيياباىغا: «مېنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بىيجىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئۆلگەندە بولسىمۇ ئۇرۇق-ئەۋلادىمنىڭ قېشىدا ياتاي!» دەپ يۈرەك سۆزىنى ئېيتتى. تەيياباي ئۆزىگە بىر ئۆمۈر پاسىۋان بولغان بۇ ئايالىنى مەڭگە سىلىپ، جيوچۈەن ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندا بەي خېنىم جان ئۈزدى. بۇ يازنىڭ تازا دىمىق، ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى، جەسەتنى بېيجىڭغا يەتكۈزۈشنىڭ ھېچبىر ئامالى يوق ئىدى. ئاخىر تەيياباي ئايالىنى ئىلاجىسىز جيوچۈەنگە دەپنە قىلىپ، يەنە كۆرەگە قايتىپ كەلدى.

بەي خېنىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىمۇ تاقىلىپ قالدى. تەيياباي ۋاپادار ئايالىدىن ئايرىلغاندىن كېينلا ئۆزىنىڭ ھېچ نېمىگە كارغا كەلمەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىپ، بىرەر ئىشنى باشتىن باشلايدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندى. سودا - سېتىق قىلىپ 5 - 10 تەڭگە پايدا كۆرۈش ياكى بىرەرسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ پۇل تېپىشمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ بەي خېنىمدىن قالغان ئالتۇن - كۈمۈشنى خەجلەپ، ئۆيدىكى بەزى ئوشۇقچە جابدۇقلارنى سېتىپ كۈن ئالدى. لېكىن، يېتىپ يېسە تاغمۇ تۇشمايدۇ - دە!

يوقسۇزچىلىق جېنىغا پاتقانسېرى تەيياباي بەي خېنىمنى



بەكرەك سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ئاق بوز ئات ئىدى. بۇ ئاتنى بەي خېنىم ئۆزى ئاغرىق ياتقان ۋاقتىدا: «تورۇق ئېتىڭىز قېرىپ قالدى، ئوبدانراق بىر ئات سېتىۋېلىڭ» دەپ ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇڭا تەيياباي بۇ ئاتنى ناھايىتى ئەتىۋارلايتتى.

«ھەمراھ! — دەپ چاقىراتتى ئۇ ئېتىنى، — مانا خېنىمدىن ئايرىلىپ، ئىككىمىز يېتىم بولۇپ قالدۇق. كۆپار بولسىمۇ ئۇ ناھايىتى ئىنسابلىق، ساداقەتمەن خوتۇن ئىدى ...»

تەيياباي ئېتىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ ياخشى گەپلىرىنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق مۇڭلىشىپ، بوز ئاتمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى سىلكىپ، پۇتلىرى بىلەن يەرنى تېپىپ - تېپىپ قوياتتى.

بىر كۈنى، تەيياباي كۆرەنىڭ غولجىسىغا كېتىدىغان دەرۋازىسى سىرتىدىكى بىر ئاشخانىغا تاماق يېمەكچى بولۇپ كىردى. بۇلۇڭدىكى شىرەدە بىر قانچەيلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ھاي تەيياباي! — دەپ قىچقىرىشتى ئۇلار، — بۇياققا كەل.

— خوش ئاغىنىلەر، بىرەر خىزمەت بارمىدى؟ — دەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى تەيياباي.

— ئازراق ئىچىپ قويمامسەن؟

— بىلىسىلەرغۇ، مەن بۇ نېمىنى ئاغزىمغا ئالمايمەن.

— خوتۇنۇڭدىن ئايرىلغاندىن بېرى بەك غېرىبسىنىپ قالدىڭ، ئازراق كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالسۇن، دېيىمىز! ...

تەيياباي تۇرۇپ قالدى. يېقىنىدىن بېرى ئۇ ئۆزىمۇ «ئازراق ھاراق ئىچىپ باقسام قانداق بولار، كۆڭلۈمگە ئارام بولارمۇ؟» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. تەيياباينىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ھېلىقىلار ھېجىرغا

يېرىم قۇيۇلغان ھاراقنى تەڭلىدى:
— قېنى تەيياباي، كۆتۈرۈۋەت، بىزمۇ جىق ئىچمەيمىز، تاماقنىڭ ئالدىدىن ئازراق...
تەيياباي ھاراقنى قولىغا ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.
— بەللى، بەللى! — دېيىشتى شىرەدىكىلەر، — قېنى ئولتۇر، تاماق ھازىرلا كېلىدۇ.
ئازراق ھاراق ئىچىپ تەيياباي ئوبدانلا كەيىپ بولدى. ئاشخانىدىن چىققاندا ئۇ ئاغىنىلىرىگە ناخشا ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ چاڭچىلە ناخشىلىرىنى ئېيتىپ باقمىغىنىغىمۇ ئۇزۇن بولۇپ قالغانىدى. ئەتراپقا ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن يەنە بىر نەچچەيلەن ئولاشتى.

تا ئەزەلدىن ھەر گۇناھقا مەي سەۋەب، دەپ ئېيتمىلار،
بىر سۆزۈم بار ئاڭلىساڭلار سىر شۇنىڭدىن پىشلەر،
بەزىلەر مەي شۆھرىتىدىن تاپتى شانۇ - ئىپتىخار،
زور پالاكەت كەلتۈرۈپ مەي بەزىلەرنى قىلدى خار،
كۆڭلى سۇنۇق بەزىلەرگە قىلدى شادلىق ئىختىيار،
مەي كىشىنى مەست قىلالماس، مەينى ئادەم مەست قىلار...

دەل شۇ چاغدا، ئاشخانا ئالدىغا چىرايلىق بىر پەيتون كېلىپ توختىدى. پەيتوندىن قارا تاۋار چاپان كىيگەن، ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى كەينىگە تاشلانغان بىرەيلەن چۈشۈپ كەلدى. تەيياباينىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقانلار: «گۇاڭ بېگىم، گۇاڭ بېگىم!» دېگىنىچە سالام بېرىپ يول بوشاتتى. بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان بىر نەچچە ئەسكەر ئالمان - تالمان ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ باش قويدى. بۇ كەلگەن كىشى شۇ يىللاردىكى ئېلى جياڭجۈنى گۇاڭ فۇ ئىدى.
— بۇ نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى جياڭجۈن ئوتتۇرىدا



نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغان تەيياباينى كۆرسىتىپ:
— بۇ كىشى مۇشۇ كورەلىك تەيياباي بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى جياڭجۈنگە بىرەيلەن، — بىز ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشاپ تۇرۇۋىدۇق، ئۆزى ئۇيغۇر، خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىنى سۇدەك بىلىدۇ. ياش ۋاقىتلىرىدا بېيجىڭدا تۇرغان، خېبېي باڭزىلىرىغا ئوبدانلا توۋلاپ قويىدۇ...
— تەيياباي ئات بېقىشقىمۇ ئۇستا، ئات ئۈستىدە موللاقمۇ ئاتالايدۇ... — دېگەنلەرنى قوشۇمچە قىلىشىپ قويدى يەنە بىرەيلەن.
— ۋاھ! — دەپ ھەيران بولدى جياڭجۈن، — ئۇنداقتا، سەن مەھكىمىنىڭ ئاتلىرىنى بېقىشىپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ ئوبدانراق بىر ئاتباقار تاپالماي يۈرىمىز.
بار بىساتىنى سېتىپ خەجلەپ قۇرۇقدىلىپ قالغان تەيياباي بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

3

گۇاڭ جياڭجۈن ئەسكەرلىكتىن ئۆسۈپ چىققان ئادەم ئىدى. ھەممە ئۇنى ئاق كۆڭۈل، كەمتەر، كىبىرسى يوق كىشى، دەپ ماختىشاتتى. جياڭجۈن دائىم تاماكا خالتىسى بىلەن ئۇزۇن غاڭزىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كورەنىڭ ئىچىنى پىيادە ئايلىناتتى. كەمبەغەللەر ئۇچرىسا سەدىقە بېرەتتى. جياڭجۈن بولماستىن ئىلگىرى ئۇ دوتۇڭ ئىدى. ھازىرمۇ دوتۇڭ مەھكىمىسىدە تۇراتتى. ھەر ئاينىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا جياڭجۈن مەھكىمىسىگە كېلىپ ئىشلارنى باشقۇرۇپ قوياتتى. تەيياباي بۇ جياڭجۈن بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالدى. گۇاڭ فۇ بەزىدە ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ، چاڭچىلە ناخشىلىرىنى ئېيتقۇزۇپ ئاڭلاپ، كۈلۈپ كېتەتتى.

تەيياباينىڭ ئاتخانىدا قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. جياڭجۇننىڭ مەيمەك قاتىدىغان بىر قانچە ئېتىنى باقاتتى. بىدە توغرايدىغان، ئېغىللارنى تازىلايدىغان ئىشلارنى يامۇلدىكى جىنايەتچىلەر بېجىرەتتى. تەيياباي ئاتلارغا ۋاقتى - قەرەلىدە يەم - خەشەك بېرىپ، يۇيۇپ پاكىز باقاتتى. ھارۋا جابدۇقلىرىنىمۇ مايلاپ پارقىرىتىۋېتەتتى. كۆزىنىڭ ئاق بوز ئېتىمۇ مۇشۇ قاتاردا بېقىلىپ كېتەتتى. جياڭجۇننىڭ ئۇنىڭغا ئاجرىتىپ بەرگەن ئايلىق ئىش ھەققىمۇ يېتەرلىك ئىدى.

بەزىدە ئۇ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئازراق ھاراق ئىچىۋېلىپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بېدىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ خىيالغا كېتىپ قالاتتى. كۆز ئالدىغا ۋاپادار خوتۇنى بەي خېنىم بىلەن دەسلەپكى تونۇشقان چاغلىرى كېلەتتى. ئىلاۋات بېيجىڭ كوچىلىرىدىكى تەنزىكەشلەر، خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان كوچىلاردىكى شورپا بىلەن يۇمشاق قويماق ساتىدىغان ئاشخانىلار، ۋاڭ - چۇڭلۇق چايخانىلار، ئادەملەر دائىم تىقما - تىقماق بولۇپ تۇرىدىغان چاقچىلىخانىلار، ھارىقى تەملىك قاۋاقلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتىمۇ جانلىق گەۋدىلىنەتتى. كۆزىنى يۇمسىلا، چايخانىلاردا مەدداھلارنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ «ئۇچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دىن ھېكايىلەرنى سۆزلىگىنى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولاتتى، مەدداھلار جەڭنامىلەرنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە:

قايسىبىر مەغرۇر قوشۇن جەڭدە قوچۇپ باققان زەپەر،
يەڭگىنى بار جەڭدە كىم سەل چاغلىسا ياۋنى ئەگەر.

كىم يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئەتە كېلىپ ئاڭلىغايسىز، — دەپ ھېكايىسىنى توختىتىۋالاتتى. ئادەملەر: «ئاپلا!» دېيىشكىنىچە سورۇندىن كۆزى قىيماي ئارقىلىشاتتى - دە،



ئەتىسى دېگەن ۋاقىتتا يەنە كېلىپ ھېكايە تىڭشايتتى. تەيياباي دادىسىدىن ئايرىلىپ، ئات - ھارۋىنى سېتىپ، بار پۇلىنى ئەنە شۇنداق سورۇنلاردا خەجلەپ تۈگەتكەنىدى. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بەي خېنىم باشپاناھ بولمىغان بولسا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاتتىكىن؟...

بەي خېنىمنىڭ ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرىدە تىككۈچىلىك دۇكىنى بار ئىدى. دۇكاننىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چاققانغىنا بىر ھويلىغا چىققىلى بولاتتى. قەدىمىي پاسوندا سېلىنغان بۇ تۆت چاسا قورۇنىڭ ئاستىغا تۆت بۇرجەك چوڭ خىشلار ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ھويلىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تۆۋرۈكلۈك ئۆيلەر ناھايىتىمۇ كۆركەم ئىدى. پېشايۋانلاردىكى يوغان پېشكەللەردە گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى. ھەممە نەرسە شۇنچە پاكىز، رەتلىك ئىدى. تەيياباي تۇنجى قېتىم بۇيەرگە مال كىرا قىلىپ كېلىپ قالدى. بەي خېنىم غەربىي يۇرتتىن كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ كېلىشكەن بەستىگە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ مېھمان قىلدى.

ئات - ھارۋا كېلىپ ئوقۇشۇپ تۇرۇپ، دۇكىنىمىزنىڭ كىرا ئىشلىرى چىقىپ تۇرىدۇ، — دەپ ئۇنىڭغا شۇ قېتىمدا ئوبدان ھەق تۆلىدى.

تەيياباي بۇ ئايالنىڭ ماللىرىنى يەنە بىر نەچچە قېتىم توشۇدى. ھەر قېتىم ئايال ئۇنى ياخشى كۈتەتتى، ئوبدان ھەق بېرىپ، يەنە كېلىشىنى تاپىلايتتى. تەيياباي كېيىن ئات - ھارۋىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بەي خېنىمنىڭ ئۆيىگە مەست كېلىپ قالدى. مەستچىلىكتە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن، نېمىدەپ كەلگەنلىكىنى ئۇقمايتتى. بەي خېنىم ئۇنىڭ ئات - ھارۋىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۈلدى. ئاچچىق چاي دەملەپ ئۇنىڭ مەستلىكىنى قايتۇردى. ئاندىن قايتىدىن جوزا راسلاپ، يەنە

هاراق كەلتۈردى. هاراق ئىچىپ گۈلتۈزۈپ خېنىم ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدە يالغۇزلۇقىنى، بۇ قورۇ ـ جاي، مۇلۇكلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىدىن قالغانلىقىنى، ئېرىنىڭ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بالىسى يوق، ناھايىتى غېرىبسىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلىدى. شۇ كېچە تەيياباي بەي خېنىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئەتىسى بەي خېنىم ئۇنى پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، خىراجەت ئۈچۈن يانچۇقىغا پۇل سېلىپ، يەنە كېلىشىنى ئۆتۈنۈپ يولغا سېلىپ قويدى.

تەيياباي شۇ قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئەمدى بۇ ئۆيگە ئىككىنچى دەسسىمەي، دېگەننى كۆڭلىدە پۈككەندى. بىراق، ھەر قېتىم جىقراق ئىچىپ قويغان كۈنى ئۇ يەنە بەي خېنىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. بەي خېنىم ئۇنى ھەر قېتىمدا ئوخشاشلا خۇشخۇي كۈتۈۋالاتتى. چاي دەملەپ ئۇنىڭ مەستلىكىنىسى قايتۇرۇپ، يەنە جوزا راسلاپ ھاراق كەلتۈرەتتى، يەنە ئىچىپ، يەنە مەست بولۇشاتتى.

بىر قېتىم تەيياباي خېلى ئۇزاق كۈنلەرگىچە كەلمەي قالدى. بەي خېنىم ئۇنى چايخانا، چاقچىلىخانىلار ۋە قاۋاقلاردىن ئىزدەپ تاپالمىدى. شۇ كۈنلەردە تەيياباي ئۆزى تۇرۇۋاتقان سارايدا ئاغرىپ ياتاتتى. ئۇ ئوت ـ كاۋاپ قىزىپ جۆيلۈيتتى. سارايۋەن قايىنتىپ بەرگەن دورىلارمۇ كار قىلمىغانىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ ياتىقىنىڭ بوسۇغىسىدا بەي خېنىم پەيدا بولۇپ قالدى. ھارۋا كىرا قىلىپ، تەييابايىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

تەيياباي بەي خېنىمنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر ئايچە يېتىپ، ياخشى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بەي خېنىم چىرايلىق ۋە ناھايىتى قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئايال ئىدى. ئۇنىڭ سىياقىدا مانجۇ قىزلىرىغا خاس قامەت، خەنزۇ جانانلىرىنىڭكىدەك ئاق، سۇزۇك چىراي مۇجەسسەم ئىدى. ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ



ۋاپادارلىقى، تەيياباييغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن ئاخىر تەييابايىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇلار بىر خۇيزۇ ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ، ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەر ـ خوتۇن بولۇشقانىدى...

4

يېقىندى بىرى تەييابايىغا جاھان ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئارىسىدا «ۋۇچاڭدا توپىلاڭ بوپتۇدەك ①، خاننى ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز، دەيدىغان باتۇرلار چىقىپتۇ مىش ...» دېگەندەك مىش ـ مىش پاراڭلار ئېقىپ يۈرەتتى. يامۇللارنىڭ ئىچىدە بويىنىغا تاقاق، پۇتىغا ئېغىر كىشەنلەر سېلىنغان جىنايەتچىلەر كۆپىيىپ قالغىلى تۇردى. ئىچكىرىدىن ئىلىغا پالانغان جىنايەتچىلەرنى توشۇيدىغان ياغاچ شادىلىق مەھبۇس ھارۋىلىرى كورەنىڭ كوچىلىرىدىن پات ـ پات ئۆتۈپ قالاتتى. مەھبۇس ھارۋىلىرىدىكى چاچلىرى ئۆسۈپ چېگىشلىشىپ كەتكەن جىنايەتچىلەرنى كۆرگەندە تەيياباينىڭ ئېسىگە قايسىبىر جەڭنامىدىكى:

تەلىيى كاج پەھلىۋاننىڭ باتۇرلۇقى بىر تىيىن،
يەگ ـ را خوجاملار ھىيلىسى كۆپ، قۇتۇلمىقى بەك قىيىن ...

دېگەن نەزمىلەر كېلەتتى.

شۇ يىللىرى، گۇاڭ فۇ چياڭجۈننىڭ ئورنىغا خاڭجۇدىن جى رۇي دېگەن بىر چياڭجۈن يۆتكىلىپ كەلدى. «جى رۇي چياڭجۈن خان جەمەتىدىن بولىدۇ، ئوردىنىڭ دىۋان مىرزىسى بولغان» دەپ ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭدىن چۆچۈيتتى. بەزىلەر ئۇنى: «خانىش چىلىك جىيەننىڭ ئىنىسى» مۇ دېيىشەتتى. بۇ

جياڭجۇن كېلىشى بىلەنلا كۆرەشنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. ئۇ تولىمۇ رەھىمسىز، تەكەببۇر ئادەم كۆرۈنەتتى. قوشۇننى تەرتىپكە سالىمەن، دېگەننى باھانە قىلىپ، بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى قىسقارتىۋەتمەكچى بولدى. بۇ قىش ـ قىرودا ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا ئامان يېتىپ بارمىقى مۇشكۇل ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىقىمۇ ۋاقتىدا تارقىتىلماي، ئاشلىق تەمىناتى قىسىۋېتىلدى.

قىشنىڭ سوغتەك ئايدىڭ بىر كېچىسى، كېچىچە كۆرە ئىچىدە ئوق ئاۋازى بېسىلماي ئەنسىزچىلىك بولدى.

— كېچە نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى تەيياباي ئەتىگەندە يان قوشنىلىرىدىن.

— نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېيىشتى قوشنىلار، — بۈگۈن كېچە سوقۇش بولدى.

— سوقۇش!

— ئۇرۇش دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى تەيياباي.

— ئەمىسە سېنىڭچە قانداق بولسا بولاتتى؟ — دەپ قىزىقسىنىپ سورىدى قوشنىلىرى.

تەيياباي ئۆزى ئاڭلىغان جەڭنامىلەردىكى ئۇرۇشنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇرۇش دېگەندە ئىككى تەرەپنىڭ سەردارلىرى ئاۋۋال لەشكەرلىرىنى كەڭرى بىر مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، بىر ـ بىرىگە قارىتىپ سەپ قىلىپ تىزىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپتىن ئىككى پەھلىۋان ئوتتۇرىغا چۈشۈپ يەكمۇ يەك ئېلىشىدۇ. كىمنىڭ پەھلىۋىنى يېقىلسا، شۇ تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ قايىل بولمىسا، سەردارلار ئۆزلىرى باشلاپ ئات سېلىپ جەڭگە كىرىدۇ. مانا بۇ ئۇرۇش. شەيتانداك تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، تاڭ ـ تۇڭ ئېتىشىپ قويغانمۇ ئۇرۇشقا



ھېسابمۇ؟! ... ھەي، جاھان دېگەندە مەردلەر راستلا قالمىغىلى تۇرۇپتۇ ـ دە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئارىدىن بىرەيلەن:

— تەيياباي، سوقۇشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ئەسكەرلىرى. ھەربىي مەكتەپتىكىلەر ② بىلەن خەنزۇ ئەسكەرلەر تۇتۇشۇپ قاپتۇ، — دېدى.

— ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۆزى سوقۇشىدىغان بۇقانداق ئۇرۇش؟ ... ئەسكەرلەرنىڭ بېشى ئايلىنىپ قېلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ ... — تەيياباي يەنە نېمىلەرنىدۇ دېگىنىچە بوز ئېتىغا مىنىپ، ئاتخانىغا قاراپ كەتتى.

تەيياباي ئاتخانىغا كىرىپ ئىشىكلا ئاتتىن چۈشەي، دەپ تەمشىلىپ تۇراتتى. ئۇزۇن تاۋار چاپان كىيگەن 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى كەينىگە بىرنەچچە ئەمەلدارنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتخاناغا كىرىپ كەلدى. بۇ جى رۇي جياڭجۇن ئىدى. كېچىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن قاتتىق خاپا بولغان جياڭجۇن ئۆزى يامۇلمۇ يامۇل كىرىپ تەكشۈرۈپ يۈرەتتى. تەيياباي بۇ يېڭى جياڭجۇننى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. جياڭجۇن ئاتخانىغا كىرىپلا، ئات ئۈستىدە بىخىرامان ئولتۇرغان تەييابايغا كۆزى چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى.

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى جياڭجۇن.

— مەن مۇشۇ يامۇلنىڭ ئاتباقارى.

— ئاتباقار بولساڭ، ئىشىڭنى قىلماي ئاتنىڭ ئۈستىدە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟

— بۇ، بۇ، بۇ دېگەن ئۆزۈمنىڭ ئېتى ـ دە!

— سېنىڭ ئېتىڭ يامۇلنىڭ ئاتخانىسىدا نېمە قىلىدۇ؟

— گۇاڭ بېگىم ئۆزى بۇ ئاتنى يامۇلنىڭ ئاتلىرى قاتارىدا بېقىپ، مىنىپ يۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغان.

— ئۇنداقتا، بۇ ئېتىڭ خېلىدىن بېرى يامۇلنىڭ ئوت ـ

بوغۇزىنى يەپ يۈرگەنىكەن ـ ھە؟! ... بۇنىڭ ئېتىنى مۇسادىر قىلىپ، ئۆزىنى مەن بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تاكاللاشقىنى ئۈچۈن 40 تاياق ئۇرۇڭلار!

بىر نەچچە چېرىك يۈگۈرۈپ كېلىپ تەييابابايىنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. خېلى ياشلارغا كېلىپ قالغان تەيياباي ئەگەر بۇ 40 تاياقنى يەيدىغان بولسا، مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالماسلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— ماڭا ئۇۋال بولدى، بېگىم، ئۇۋال! مەن سىلىنىڭ يېڭى كەلگەن جياڭجۈن جانابلىرى ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەپتىمەن. بولمىسا ئاتتىن چۈشۈپ، يۈكۈنمەي ھەددىممىدى! — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە نالە قىلدى تەيياباي.

— توختا! — دەپ قولىنى كۆتۈردى جياڭجۈن، — ئۇنىڭ مېنى تونىماي قالغىنىمۇ راستتۇ، قويۇپ بېرىڭلار، گۇاڭ دېگەن كالۋا مالايلارنى قاندىلىق ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئىلتىپاتلار دېگەننىڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي.

شۇ كۈندىن باشلاپ تەيياباي ئاق بوز ئېتىدىن ئايرىلدى. جى رۇي جياڭجۈن مەھكىمىنىڭ كونا قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. ئۇ سىرتقا چىقسا ھەشەمەتلىك مەپىگە ئولتۇراتتى. ئالدىدا 40 ـ 50 ئاتلىق ئەسكەر، ئوتتۇرىدا مۇزىكا ئەترىتى، كەينىدە يەنە بىر مۇنچە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇلۇپ ماڭاتتى. جياڭجۈن يامۇل دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا ئالتە پاي پو ئېتىلىپ، كۇرەدىكى بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەر توختاپ، كىشىلەر جياڭجۈن ئۆتۈپ كەتكىنچە سالام بېرىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. مەھكىمىگە قايتىپ كەلگەندىمۇ ئۈچ پاي پو ئېتىلاتتى.

جياڭجۈن يولغا چىققاندا تەيياباي ھەممىنىڭ كەينىدە، توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپ يۈگۈرەيتتى. مەپە نەدە توختىسا ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، شۇ يەردىلا دۈم ياتاتتى. جياڭجۈن ئۇنى



پەلەمپەي قىلىپ دەسسەپ يەرگە چۈشەتتى. ئاتخانىدا تاكاللاشقىنى ئۈچۈن تەييابابايىنى جى رۇي ئەنە شۇنداق خورلۇققا سالغانىدى. تەيياباي توپىغا مىلىنىپ دۈم ياتقان چاغلىرىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۈستىدىكى جياڭجۈننى موللاق ئاتقۇزۇۋېتىپ، ئەتراپىدىكى چېرىكلەرنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، بىر كارامەت كۆرسەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى. لېكىن، بۇ جەڭنامىدىكى پالۋانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەن تەييابابايىنىڭ قۇرۇق خىيالىلا بولۇپ، ئۆزىدە مۇنچىلىك جاسارەت يوق ئىدى.

تەيياباي ھەر كۈنى ئۆيىگە ھارغىن ھالدا قايتاتتى. ئۆزىنى قاتتىق ھاقارەتلەنگەن ھېس قىلىپ، ھېچكىمنىڭ چىرايىغىمۇ قارىيالمايتتى. «ياشىنىپ قالغاندا بۇ خورلۇقلارنى تارتقىچە، ھېلىقى 40 تاياقنى يەپ ئۆلۈپلا كەتسەم بوپتىكەن» دەپمۇ ئويلايتتى. ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، كۈندۈزلىرى ھاراق ئىچىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. پەقەت كەچلىكى ئۆيىگە قايتقاندا، ئازراقلا بىر نېمە يەپ، يېرىم ھېچىر ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، ئۆزىنى چۈشەككە ئاتاتتى. ئۈستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى.

بىر كۈنى، قاراڭغۇ چۈشەر ـ چۈشمەستىنلا كۇرەنىڭ ئىچىدە ئوق ئاۋازى ياڭراپ، گۈلدۈرلەپ زەمبىرەكلەر ئېتىلىشقا باشلىدى. نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تەيياباي كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. دۇكانلار ئاللىبۇرۇن تاقالغان، خەقلەر ئىشىكلىرىنى مەھكەم ئېتىۋېلىشقانىدى. جياڭجۈن يامۇلى تەرەپتىن ئۈزۈلمەي ئوق ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. بەزىدە نەلەرگىدۇر چۈشۈپ يېرىلغان زەمبىرەك ئوقى يەرلەرنى تىترىتىۋېتەتتى. قايسىبىر تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت ئەتراپنى يورۇتماقتا ئىدى. «كۆيە، كۆيۈپە كۈل بول!» دەيتتى تەيياباي ئىچىدە.

تەيياباي بىر قاۋاقنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، دۇكاننىڭ كىچىلىك خېرىدارلارغا هاراق ساتىدىغان كىچىك تۈشۈكىنى مۆشتىلىدى. بىر چاغدا تۈشۈك ئېچىلىپ دۇكاندارنىڭ يۈزى كۆرۈندى.

— تەيياباي، ئۆيۈڭدە جىم ياتماي نېمە قىلىپ يۈرۈسەن؟ — دېدى دۇكاندار، — جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟

— بىر خېجىر هاراق سۇنۇۋەتكىنە، — دېدى تەيياباي، — ئۆيدە هارىقىم قالماپتىكەن ... نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، خۇدا هەققى؟

— ياڭ قوماندانىنىڭ ئادەملىرى جى رۇي[3] جياڭجۇن بىلەن سوقۇشۇۋاتىدۇ. بۈگۈن كېچە جياڭجۇننى تۇتىدىكەن، — دەپ چۈشەندۈردى دۇكاندار.

— جياڭجۇننى تۇتۇپ نېمە قىلغۇدەك؟ — دەپ سورىدى تەيياباي دۇكاندار سۇنغان خېجىرنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

— جازاغا تارتقۇدەك، ئەمدى شەھەرنى ياڭ قوماندانىنىڭ ئادەملىرى سورىغۇدەك.

— ئۇلار سورىسا قانداق سورىغۇدەك؟

— ئەمدى پۇقرالار ئەمەلدارلارغا باش ئۇرىدىغان ئىشلار تۈگىگۈدەك، ئەرلەر ئۇزۇن چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، ئاياللارمۇ پۇتىنى بوغىدىغان ئىشلار بولمايدىكەن. يامۇلنىڭ دەرۋازىسىدا پوستمۇ تۇرمىغۇدەك، كىمنىڭ ئەرزى - هالى بولسا ئامباللارغا ئۇدۇل كىرىپ ئېيتىۋېرىدىكەن.

— ئۇنداقتا، ئەمەلدارلار مەيدىن ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ چۈشىدىغان ئىشلارمۇ تۈگەر؟ ...

دۇكاندار تەيياباينىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەي «تاراققىدە» قىلىپ تۈشۈكنى ئېتىۋەتتى.

تەيياباي قولىدىكى هاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ، خېجىرنى پىرقىرىتىپ ئاتتى. شۇ چاغدا قاتتىق گۈمبۈرلىگەن



ئاۋاز بىلەن تەڭ يامۇل تەرەپتىن ئوت كۆتۈرۈلدى - دە، ئەتراپنى يەنە ئاپئاق يورۇتۇۋەتتى.

قاپلاپ شەهەرنى قارا ئىس - تۇمان،
راۋاقلار كۆيۈپ ياسىدى گۈلخان.
سۇندى چىرايلىق، رەڭدار كاهىشلار،
كۆلگە ئايلاندى ياقۇتۇ - مارجان.
قىزىلگۈل كەبى قىزلار - چوكانلار،
قىلىندى هالاك، چەيلەندى شۇئان.
نى - نى ئەمەلدار، قىران يىگىتلەر.
ئايرىلدى جاندىن، سەلدەك ئاقتى قان ...

بۇ نەزمىنى تەيياباي قايسى جەڭنامىدە ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

تەيياباي ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، يەنە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ خانىنىڭ بېيجىڭدىكى هەشەمەتلىك ئوردىلىرىنى، قوۋۇقلاردىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان سانسىز لەشكەرلەرنى كۆرگەنىدى. ئەگەر ئىلىدەك بىر كىچىك ئورۇندا ئىش تېرىپ، خانىنى ئاغدۇرۇۋېتىمەن، دېگەن بولسا، ياڭ قوماندان دېگەننىڭمۇ يۈرىكى قاپتەك بارىكەن - دە، دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇ كېچە هېچكىم چىراغ يېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى تۈن بويى توختىمىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ كوچىدا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى پەيدا بولاتتى - دە، يەنە يىراقلاپ كېتەتتى.

## 5

تەيياباي قايسى ۋاقىتتا كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا ئىلىنىپ

قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئويغانغاندا ئاڭ تېخى تولۇق ئاتمىغان بولسىمۇ، غەربكە قىيسايغان ئاي نۇرى تالانى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى. تەيياباي ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى ئالدىراپلا يۇدى - دە، ناشتىمۇ قىلماي ئاتخانىسىغا قاراپ يۈگۈردى. سىرتتا ئوق ئاۋازى جىمىپ قالغانىدى. تەيياباي كېچىچە ئاتخانىدىكى ئاتلار نېمە بولغاندۇ؟ دەپ ئەنسىرەيتتى. شۇ ئاتلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئاق بوز ئېتىمۇ بار-دە! ئاسمان-پەلەك بىدە — چۆپ دۆۋىلىنىۋېتىلگەن ئاتخانىغا بىرەر تال ئۇچقۇن چۈشۈپ كەتسىلا ھەممە نېمە كۆيۈپ كۈل بولاتتى.

تەيياباي ئاتخانىغا يېتىپ كېلىپ ھەيران بولدى. بۇ يەردە ھېچنېمە كۆيمىگەن بولسىمۇ، دەرۋازا يوغان ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوقۇردىكى ئاتلارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تەيياباي ھەيران بولۇپ يەنە كوچىغا قايتىپ چىقتى. قەيەرلەردىدۇر تۈتەپ كۆيۈۋاتقان بىر نەرسىلەرنىڭ ئاچچىق ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. كوچىلاردا سەھەرلەپ ئولجا ئىزدەپ چىققان ئەسكەرلەر، كۆيگەن چامادان، ساندۇق، پۇرلەشكەن كىيىم - كېچەكلەرنى كۆتۈرۈشۈۋالغان ئادەملەر غىل — پال كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى...

تەيياباي ئاتخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر كوچىدا كېتىۋېتىپ، بوز ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغاندەك بولدى - دە، توختاپ قالدى. ئالدىدا يوغان بىر دەرۋازىلىق ھويلا تۇراتتى. تەيياباي دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ھويلا ئىچىگە قارىدى. راست دېگەندەك، ھويلىدىكى پېشايۋان تۈۋرۈكىدە ئۇنىڭ بوز ئېتى باغلاقلىق تۇراتتى. ئات تەييابايىنىڭ تىنىقىنى ئېلىپ، دەرۋاز تەرەپكە قاراپ كىشنەپ، يەرنى توختىماي تەپمەكتە ئىدى. ئات ئۈستىدە جياڭجۇننىڭ ياساداق ئېگەر - جابدۇقلىرى توقۇقلۇق تۇراتتى. شۇ چاغدا كوچىنىڭ بېشىدا بىر نەچچە ئەسكەر پەيدا بولدى. ئۇلار ئۇدۇل ھېلىقى ھويلىغا كىرىشتى-دە، ئۇياق-بۇياققا قاراپ قويۇپ، بوز ئاتنى يېشىپ



ئېلىپ كوچىغا چىقتى. «ماۋۇ ئات مېنىڭ» دېسە ئاتنى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن تەيياباي:

— ئاتنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ بۇ جياڭجۇننىڭ ئېتى جۇمۇ! — دەپ ئۇلارغا ۋارقىرىدى.

— جياڭجۇننىڭ ئېتى-ى!؟ — ئۇلار توختاپ تەييابايغا قارىدى، — ھوي، ھۇ، يامۇلنىڭ ئاتباقارىغۇ، بۇ راستىلا جياڭجۇننىڭ ئېتىمۇ؟

— جياڭجۇننىڭ بولماي، ئۈستىدىكى ئېگەر - جابدۇقلىرىغا قارىمامسەن.

— ئۇنداقتا، جياڭجۇنمۇ مۇشۇ ئەتراپتا ئوخشىمامدۇ؟

— بېشىڭلار ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ ئېتى نەدە بولسا، ئۆزىمۇ شۇ يەردە بولمامدۇ!

مۇشۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەن تەيياباي ئىنقىلابچىلارنىڭ جياڭجۇننى تۇتۇش ئىشىغا قانچىلىك ھەسسە قوشقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ھېلىقى ئەسكەرلەر ئاتنى تەييابايغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ھويلىغا قايتىپ ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كېتىشتى. ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، ئاخىرىدا ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىكلەپ قويغان قومۇش دۆۋىسى ئىچىدىن جى رۇي جياڭجۇننى تېپىپ چىقىشتى. جياڭجۇننىڭ ئۈستىدە ھاۋارەڭ ئۆرۈن تاۋار چاپان تۇراتتى. پۇتىدىكى ئايمىغى قومۇش ئىچىدە سوغۇرۇلۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئاق پايپاق بىلەن يەر دەسسەپ تۇراتتى. باش - كۆزىگە قومۇش پۆپۈكىنىڭ تۈزۈندىلىرى يېپىشىپ قالغانىدى. چېرىكلەر ئۇنى دەرۋازا ئالدىغا ھەيدەپ چىققاندا، جياڭجۇننىڭ كۆزى ئاق بوز ئاتنى تۇتۇپ تۇرغان تەييابايغا چۈشتى - دە، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. ئۇنچىقماي ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئەسكەرلەر ئەمدى ئاتنى ئۇنتۇشقانىدى...

ئەسكەرلەر جياڭجۇننى چوڭ كوچىغا ئېلىپ چىققاندا، ئۇ:

«مېنى مۇنداق سۆرەپ يۈرگىچە ئۆلتۈرۈۋەتمەيلەر بولمامدۇ!» دەپ ۋاقىرىدى. تەيياباي ئۇلارنىڭ جىياڭجۇنىسى قانداق جازالايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. «جادۇەا توغرارمۇ ياكى قىلىچ بىلەن قەتلى قىلارمۇ؟ ... قوڭغۇراق راۋىقى تەرەپكە ئېلىپ كېتىشۋاتقىنىغا قارىغاندا، راۋاققا ئېسىپ ئۆلتۈرسە كېرەك» دەپ پەرەز قىلاتتى ئۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە جەڭنامىلەردىكى:

غولىغان ھاڭغا تۈمەنىڭ ھارۋىلار بۇندىن بۇرۇن،
ئىز بېسىپ ماڭغانلىرىمۇ ئالغۇسى شۇندىن ئورۇن.

دېگەن مىسرالار كەلدى.

راست دېگەندەك، ئەسكەرلەر جىياڭجۇننى راۋاق ئالدىغىچە سۆرەشتۈرۈپ ئاپاردى. شۇ يەرگە بارغاندا جىياڭجۇن تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىغان بولسا كېرەك، «پاڭ - پۇڭ» قىلغان ئىككى پاي ئوقنىڭ ئاۋازى چىقتى - دە، يول ئۈستىدە ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي، ئەتراپ جىمىپ كەتتى. تەيياباي ئىشىنىڭ مۇنداق ئاددىي ئاخىرلىششىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئېتىغا سەكرەپ مىندى - دە، راۋاق يېنىغا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى. ئەسكەرلەر جىياڭجۇننى ئېتىپ، شۇ يەرگە تاشلىۋېتىپ كېتىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە بىر نەزمىدىكى:

بەك كۆرەڭلەپ كەتسە ئادەم بولغۇسىدۇر ئۆزى لەت،
خەقلى بوزەك ئەيلىگەنگە ياخشى كۈن يوق ئاقىۋەت.

دېگەن مىسرالار كەلدى.

جىياڭجۇننىڭ بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىنىڭ بىسلىنەر -



بىلىنمەس لىپىلداپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇ تېخى تولۇق جان ئۈزمىگەندەك قىلاتتى. تەيياباي قەيەردىندۇر كەلگەن غەيرەت بىلەن ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. جىياڭجۇننىڭ جەستى يېنىدا ھازىرلا پەيدا بولۇپ، ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان بىر ئەسكەرنىڭ يېنىدىكى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، جىياڭجۇننىڭ يۈزىگە ئەڭ ئاخىرقى ئەجەللىك بىر تىغنى ئۇردى. قىلىچنى ئەسكەرگە تاشلاپ بېرىپ، يەنە موللاق ئېتىپ ئات ئۈستىگە چىقتى - دە، ئالدى - كەينىگە قارىماي چاپتۇرۇپ، كۆرەنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

## 6

تەيياباينىڭ ئوق يەپ يىقىلغان جىياڭجۇنگە تۆپىلەپ قىلىچ ئۇرۇشى كىشىگە خۇددى ئۆلگەن يولۋاسنى كالتەكلىگەندەكلا كۆلبىكىلىك تۇيۇلىدۇ. بۇ پەقەت خورلانغانلىقىنىڭ ئەنتىنى ئېلىش ئۈچۈنلا قىلىنغان ھەرىكەت ئىدى. تەيياباي ئۈچۈن بۇنىمۇ بىر قەھرىمانلىق دېمەي بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جىياڭجۇننىڭ تۇتۇلۇشىدىمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى بار - دە! كىم بىلىدۇ، شۇ چاغدا تەيياباي ھېلىقى ئەسكەرلەرگە شۇ ھويلىدا جىياڭجۇننىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئەسكەرتمىگەن بولسا، جىياڭجۇن قېچىپ چىقىپ كېتىپ، يەنە قانداق پاراكەندىچىلىكلەر يۈز بېرەتتىكىن.

تەيياباي جىياڭجۇنگە بىر قىلىچ ئۇرۇپ قويۇپ مەل قورقۇپ قالدىمۇ ياكى ئۇنىڭ كۆرەدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەنمۇ؟ ئۇ كۆرە دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئەتىگەنلىك قويلىش شەرقتىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. غەربىي ئاسماندا بولسا ئاي تېخىچە ئېسىلىپ تۇراتتى. تەيياباي ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، ئېگەرنىڭ

تازا راۋۇرۇس توقۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئاتتىن چۈشتى، «ھەي، ھاماقەت جىياڭجۈن! — دېدى تەيياباي ئۆز - ئۆزىگە، — ئېگەرنىمۇ ئوڭلاپ توقۇيالمىغىنىنى قارا...»

تۇيۇقسىز ئۇ يوپۇقنىڭ ئاستىدا تۇرغان بىر خۇرجۇننى كۆرۈپ قالدى. خۇرجۇننى سۇغۇرۇۋېلىپ ئاغزىنى ئاچتى - دە، پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. خۇرجۇننىڭ ئىككى بېشى ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن لىق تولغانىدى. «بۇ تەقدىرنىڭ مەسخىرىسىمۇ ياكى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىمۇ؟ — دەپ ئويلايتتى تەيياباي، — ماڭا دائىملا مۇشۇنداق تەييار بايلىق ئۇچرامدۇ؟! ...»

ئۇ ئەمدى بۇ بايلىقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە بىر ھازا ئويلاندى، ئاخىرىدا ئەدىندۇر ئېسىگە چۈشۈپ قالغان:

ئۆزگىنىڭ ھەققىگە چاڭ سالغان ئەمەلدار ئوغرىدۇر،
توپلىسا كىمكى ھارام مال، تارتىۋالماق توغرىدۇر.

دېگەن نەزمىنى تەكرارلىدى - دە، ئاتقا ئىرغىپ مىنىپ يولغا راۋان بولدى.

× × ×

كېيىنكىلەرنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، تەيياباي شۇ قىشنى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈپ، يازغا چىققاندا ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ، چەكنامىلەردىكى نەزمىلەرگە تولۇپ، مۇز داۋان ئارقىلىق يۇرتىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كوچادا كاتتا بىر مەسچىت سالدۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ناھايىتى تەقۋادارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، تەيياباي شۇ



قىتىم كورەدىن چىققىنىچە ئۇدۇل جيۇچۇەنگە يېتىپ بېرىپ، بەي خېنىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ھەشەمەتلىك بىر گۈمبەز ياسىتىپتۇ. كېيىن جيۇچۇەن بىلەن قۇمۇل ئارىسىدا قاتناپ سودا قىلىپ، تېخىمۇ بېيىپ كېتىپتۇدەك...

ئىزاھلار: ① ۋۇچاڭ ——— 1911 - يىل 10- ئاينىڭ 9- كۈنى ۋۇچاڭدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنىدى. ② ئەينى يىللاردا كورەدىكى ھەربىي مەكتەپتە شىبە، مانجۇ، موڭغۇل بالىلىرى ئوقۇيتتى. ③ ياڭ قوماندان - ياڭ زەنشۈي. ئۇ 1911 - يىل 12 - ئايدا ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغاپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ كورەدىكى ئەڭ ئاخىرقى جياڭجۈنى جى ... رۇينى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىلى ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى.

# «مۇساپىرلار قاۋىقى» دا

بىزنىڭ بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى «شائىر» دېگەن گەپنى ناھايىتى كەڭ مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يالغۇز شېئىر يازىدىغانلارلا ئەمەس، رومان يازىدىغان چوڭ يازغۇچىلاردىن تارتىپ گېزىتلەرگە پارچە - پۇرات خەۋەرلەرنى يېزىپ تۇرىدىغان كىشىلەرگىچە ھەممىسىلا شائىر. شەھەردە «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» دەپ بىر تەشكىلاتمۇ بار، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇنى «شائىرلار ئىدارىسى»لا دەيدۇ. يېقىندا مېنىڭ بىر - ئىككى پارچە ھېكايەم ئېلان قىلىنىۋېدى، ئاغىنىلىرىم مېنىمۇ: پاھ، سەنمۇ شائىر بولۇپ كېتىپسەن - ھە! دېيىشىدىغان بولدى.

شامىل دەپ بىر ئاغىنەم بار، مانا شائىر دېسە شۇنى دېسە بولىدۇ. ئۇ «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» نىڭ غوللۇق ئەزالىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى رايونىمىزدىكى چوڭ - كىچىك گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك چىقىپ تۇرىدۇ. تولىراق ئۇ «پالانى» بولاي، «پۇستانى» بولاي دېگەن ماۋزۇلاردىكى شېئىرلارنى يېزىشقا ئامراق. «شامال بولاي» دېگەن شېئىرىدا ئۇ ئۆز يارىنى گۈلگە ئوخشىتىپ، شامال بولۇپ مەشۇقىنىڭ جامالىنى سۆيۈپ ئۆتمەكچى بولغان. «يامغۇر بولاي» دېگەن شېئىرىدا ئۇ تامچە بولۇپ سۇغا تەشنا زېمىنغا تۆكۈلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. «كۆمۈر بولاي» دېگەن يەنە بىر شېئىرىدا قەلبى مۇز ئادەملەرنى ئىللىتىش ئۈچۈن كۆيۈپ تۈگەشكە رازىلىقىنى بىلدۈرگەن، «ئاي بولاي» دېگەن شېئىرىدا



قاراڭغۇ كېچىلەرنى يورۇتۇپ، جىمى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە گۇۋاھ بولماقچى بولغان ... ۋاي - ۋۇي! ئۇنىڭ مۇنداق ئاي بولاي، كۈن بولاي، دېڭىز بولاي، دەريا بولاي دېگەندەك شېئىرلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ. مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق سانسىز «بولاي» لارنى ئويلاپ تاپالايدىغان، شېئىرىي تەپەككۇرىگە باي كاللىسىغا قايىل. يېقىندا ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى، كىتابىنىڭ ئىسمىمۇ «بولاي». بۇ كىتابتىن شەھىرىمىزنىڭ كىتابخانىسىغا يۈز پارچىدەك كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ يېرىمىنى شامىل ئۆزى سېتىۋېلىپ، مۇبارەك ئىمزاسىنى قويۇپ، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەقدىم قىلدى. شۇ قاتاردا بۇ كىتابتىن ماڭىمۇ بىرى تەگدى.

بىر كۈنى، ئاغىنەمنىڭ ھېلىقى كىتابىنى ۋاراقلىغاچ، يېڭىدىن يازماقچى بولۇۋاتقان بىر ھېكايەمنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم.

— بەللى، بەللى! ... — دېگىنىچە شائىر ئاغىنەم شامىل ئۆزى كىرىپ كەلدى، — مۇشۇنداق ئۆيىنى بېقىپ ئولتۇرۋېرەمسىلەر؟ ... يورۇڭلار!

— نەگە؟ — دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— تۇرمۇش ئۆگىنىمىز، سەنمۇ شائىرلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدىڭ، مۇنداق تۆت تامغا قاراپ ئولتۇرغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ.

— گېپىڭغۇ توغرا، نەگە بارىمىز دەيسەن؟

— توپتوغرا مۇساپىرلار قاۋىقىغىلا بارايلى ...

— نەگە دېدىڭ؟

— مۇساپىرلار قاۋىقىغا، مۇساپىرلار قاۋىقىنى بىلمەمسەن؟ ... مانا، سۇنىڭ ئۈستىدىلا لەيلەپ يۈرگەن كۆۋرۈك - دە، سەن!

— مۇساپىرلار قاۋىقى، دېگىنىڭ قانداق يەر ئۇ؟

— قانداق يەر بولاتتى، ئۆتكەن - كەچكەنلەر كىرىپ هاراق ئىچىدىغان ئاددىي بىر قاۋاق.

— قاۋاقلىقىغۇ ئىسمىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. نېمىشقا ئۇنى مۇساپىرلار قاۋىقى، دەيدۇ، دېمەكچىمەن.

— هە ... بارغاندا كۆرىسەن، ئۇ يەرگە شەهەرنىڭ هەممە ئىچەرمەنلىرى دېگۈدەك بارىدۇ. تۆت سەر هاراقنى قۇيدۇرۇپ قويۇپ كەچ كىرگىچە ئولتۇرساڭمۇ هېچكىم قوغلىمايدۇ. شۇلارنىڭ قاتارىدا بىر چېلەك هاراقنى تىكلەپ قويۇپ، ئازراق زاكوسكىنى ئېلىپ، هاراق ئىچكەن بولۇپ ئەتراپتىكى پاراڭغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرىمىز. ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاپ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن، ئۇ يەرگە يىغىلىدىغان ئادەملەرنىڭ هەر بىرىنىڭ كەچۈرمىشىنى يازساڭ بىر كىتاب بولىدۇ ... رۇسلارنىڭ گۇگول دېگەن يازغۇچىسىنى بىلىسەنغۇ؟ ئۇ «رېۋىزور» دېگەن هېلىقى قىزىق كومېدىيىسىنى شۇنداق بىر قاۋاقتا ئولتۇرۇپ يېزىپتىكەن. ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟ زۇنۇن قادىرمۇ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلىرىغا گەپ تاپالمىسا ئاشۇنداق پۇقرالارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، پاراڭ تىڭشايتتىكەن ... هېلىقى بىر چەت ئەل يازغۇچىسىنىڭ ئىسمى نېمىدا؟ مۇپاسسانمۇ، بالزاكمۇ ... هە، مانا شۇلارمۇ ئامېرىكىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ رېستورانلىرىغا كىرىۋېلىپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئەسەر يازاتتىكەن ...

مېنىڭ بۇ ئاغىنەمنىڭ گەپ قىلغاندا مۇشۇنداق پونى قېتىپ هاۋلىتىۋېتىدىغان ئادىتى بار، بولۇپمۇ، هاراق ئىچىۋالغاندا ئۇنىڭ ئاغزىدىن يالغان گەپ دېگەن پىلىموتنىڭ ئوقىدەك تىزىلىپ چىقىدۇ. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە تۇرىتىش بېرىپ قويدۇم.

— بالزاك، مۇپاسسان دېگەنلەر ئامېرىكىدا ئەمەس، فرانسىيىدە ئۆتكەن يازغۇچىلار.



— بىلىمەن، بىلىمەن. چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ بارمايدىغان يېرى بار، دەمسەن. هېلىقى قارىساڭ پارىژدا، بىردەمدە قارىساڭ لوندوندا. ئەتىگىنى ياۋروپادا كۆرسەڭ، كەچلىكى ئامېرىكىدا ... يازىدىغان ئادەم ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇقسا قاراپ هاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىغان ئىش مانا بىزنىڭ مۇشۇ يەردىلا بار. يۈرۈ كەتتۇق. بۈگۈنكى چىقىمىڭ مەندىن بولسۇن!

شۇنداق قىلىپ، ئاغىنەمنىڭ زورى بىلەن مۇساپىرلار قاۋىقىغا قاراپ مېڭىپ كەتتۇق. شەهىرىمىزدە مۇشۇنداق بىر قاۋاقنىڭ بارلىقىنى راستىنلا بىلمەيدىكەنمەن، بۇ قاۋاق بازار ئىچىدىكى بىر ئارقا كوچىدا بولغاچقىمۇ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىكەن. قاۋاق قىلىنغان ئورۇن ئەينى يىللاردىكى بازاردا تىجارەت قىلىدىغان بىرەر چوڭ سودىگەرنىڭ مال قويىدىغان ئىسكىلاتى بولسا كېرەك. دۇكاننىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى مەزمۇت، ياغاچلىرى پۇختا، ئىچىمۇ خېلىلا كەڭ ئىكەن. كېيىنكى چاغلاردا شېغىل تۆكۈلۈۋېرىپ يول ئېگىزلەپ كەتكەچكە، دۇكان ئازگالدا قاپتۇ.

قاۋاق ئىگىلىرى ئۈچۈن كەچتە مەستلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، دۇكاننى ۋاقتىدا ئەتمەكتىن ئېغىر ئىش يوق. ئادەم تازا كەيىپ بولغاندا ئەتراپىدىكى هەممىنى ئۇنتۇپ باشقىچە بىر روهىي ئالەمگە كىرىپ بارىدۇ - دە، ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ. ۋاقىت ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان مۇنداق چاغلاردا مەستلەرنى ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالى، قىزغىن گەپ - سۆزلىرى، هاراقتىن ئالىدىغان لەززىتىدىن مەهرۇم قىلىپ قوغلىماقچى بولساڭ، ئورۇنسىز كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ ... مۇساپىرلار قاۋىقىنىڭ خوجايىنى خېلى دىتى بار ئادەم بولسا كېرەك، دۇكاننىڭ كوچا تەرەپتىكى ئازراق قىسمىنى قېلىن تاختايلار بىلەن بوغۇپ، ئايرىم بىر مال قويىدىغان ئورۇن قىلىۋاپتۇ، مال جازىلىرىغا

ھەر خىل ئىچىملىكلەر، تاماكا، پىششىق تۇخۇم، چىلىغان سەي، ئەرزان كەمپۇت، قاق، قۇرۇت، مايلىق پۇرچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى تىزىۋېتىپتۇ. دۇكاننىڭ ئىچى تەرىپىگە قوپال ياغاچلاردىن پۇتىنى يەرگە كولاپلا كىرگۈزۈپ، ئۇزۇن ئۈستەل، ئورۇندۇقلارنى ياساپ قويۇپتۇ. ۋاقتى كەلگەندە خوجايىن دۇكاننىڭ تىجارەت قىلىدىغان تەرىپىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپ، دۇكاننى ئوچۇق قويۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەستلەر كۆتۈرۈپ كەتكۈدەك مۇھىم بىر نەرسە قالمىغۇدەك.

كۈن تېخى يورۇق بولغاچقىمىكىن، پوكەي ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ئىككى - تۆت سەر قېقىۋېلىپ چىقىپ كېتىدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دۇكان ئىچىدە ئادەممۇ كۆپ ئەمەس ئىكەن، بىز كىرسەك ھېلىقى قوپال ئۇزۇن ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئۈچ-تۆتەيلەن ئولتۇرۇپتۇ. ھاراق ساتىدىغان يەردە ياش، قاۋۇل بىرەيلەن سودا قىلىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ بەستىگە باقماي ئاۋازىنىڭ ئىنچىكە، گەپ - سۆزلىرىنىڭ سىلىق - يۇمشاقلىقىغا قاراپ، «چوقۇم كىچىكىدە مومىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان ئادەم بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغان بەزى ئادەملەردە مۇشۇنداق ياش - قۇرامىغا ماس كەلمەيدىغان سىپايى مىجەز پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

— خوش، ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلى نېمىنى تارتىدىكىن؟ — دېدى ئۇ ئالدىدىكى بىر خېرىدارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن بىزگە قاراپ، — قىزىلغا ئاقنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈزدىن قۇيايمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن بىزنى بەك ئاچچىق ھاراقنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان، ئەبجەش ھاراق ئىچىدىغان ئادەملەردىن، دەپ پەرەز قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ياق، ئاۋۇ ئاق ھاراقتىن بىر بوتۇلكا! — دېدى شامىل.

بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن تۆت تۇخۇم، ئىككى تال قۇرۇتنى



ئېلىپ، ئۈستەلنىڭ بىر تەرىپىگە چۆكتۇق. ئاغىنەم يانچۇقىدىن چىرايلىق قەلەمتىرىچىنى ئېلىپ قۇرۇتلارنى پارچىلىدى. بو - تۇلكىنىڭ مىتال ئاغزىنى ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىگە چىشلەشتۇرۇپ، ئالىقان بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ھاراقنى ئاچتىم. ئەمدىلا بىر رومكىدىن ئىچىپ، ئاغزىمىزغا بىر تالدىن قۇرۇت پارچىسىنى تاشلاپ تۇراتتۇق، يېنىمىزدا بىرەيلەن پەيدا بولدى.

— ئاغىنىلەر، ماڭىمۇ بىر رومكا قۇيۇۋېتىڭلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

«بۇ ھاراق قەلەندىرى كىمدۇر؟» دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ، تۈزۈكلا كىيىنگەن، ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىدۇرغان بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ «تەييارغا ھەييار» كاززاپلىقى چىرايىدىنلا چىقىپ تۇراتتى. بىر رومكا ھاراقنى قۇيۇپ دوققىدە قويۇپ قويدۇم، ئۇ ھاراقنى ئالدىغا تارتىپ، تۇخۇمغا قارىدى. تۇخۇسلارنى بىر - بىرلەپ قولىغا ئېلىپ، چىشىغا توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ كۆرۈپ باقتى - دە، ئارىسىدىن بىرنى تاللىۋېلىپ، بىزگە قاراپ:

— قانداق، ماۋۇ بىرگە تۇرامسىلەر، ئۈچكىمۇ؟ — دېدى.

بۇ تەكەللۇپسىز «مېھمان» نىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران بولۇپ، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا شامىلغا قاراپ قويدۇم، شامىل بۇ ئويۇنغا دەرھاللا قىزىقتى - دە:

— بولدى، مەن ئۈچى بولدۇم، — دېدى.

ئۇلار «سىز تۇتۇڭ»، «سىز تۇتۇڭ»، «ئەلۋەتتە ئۈچى بولغان ئادەم تۇتىدۇ — دە!» دەپ بىردەم تالاشقاندىن كېيىن، شامىل تۇتۇپ بەردى. «ھاراق قەلەندىرى» ئېڭىشكىنىچە شامىلنىڭ قولىدىكى تۇخۇملارغا پەم بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۈچ تۇخۇمنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ، «قەلەندەر» نىڭ قولىدىكى تۇخۇم ساق قالدى.

— ھا... ھا... ھا! — دەپ ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى

قەلەندەر،

— قالتىس توخۇمۇزا كەنسىز جۇمۇ! — دېدى شامىل.

— مۇنداق ھۈنەرلەرگە بىز ئۇستا، ئۇتتۇزالغاندىن كېيىن بىرمىر توخۇم بېرەرسىلەر؟

«قەلەندەر» قولىدىكى ساق قالغان توخۇمنى ئۈستەلگە قويۇپ، پىيەشتىن بىرنى ئېلىپ ئاقلىدى. رومكىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، توخۇمنى پۈتۈنلا ئاغزىغا ئاتتى - دە، قولىنى «رەھمەت» دېگەن مەنىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ، نېرىدا ھاراق ئىچىۋاتقانلار تەرەپكە ماڭدى. شامىل ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق.

— ھۆزۈر مۇشۇنىڭكەن - دە! — دېدىم.

— قانداق؟ — دېدى شامىل.

— «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ ھاراقنى بىكارغا ئىچىپ، بەخۇدۇك پەيزى سۈرۈپ يۈرۈۋېرىدىكەن. ئۆيىدە بالا - چاقىسى يوق نېمىمۇ بۇ؟! ...

— سەن ئۇنى تونۇمامسەن؟

— نېمە ئادەم ئۇ؟

— «ھېيتەك قان» دېگەن نوچى شۇ، ھۆرت - پۆرت دېگەننى باش بىلەنلا سالىدۇ.

مەن جىممىدە بولۇپ قالدىم. يەنە بىر رومكىدىن ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتۇق، باياتىن بېرى ئۆدۈلىمىزدا مۈگدەپ ئولتۇرغان بىرى كۆزىنى يوغان ئېچىپ بىزگە قارىدى - دە:

— ئۇكىلىرىم، ھارىقىڭلاردىن ماڭىمۇ ئازراق قۇيۇۋېتىڭلار، — دېدى.

سەپسېلىپ ئۇنىڭ ئىچەرمەنلىكتىن كۆزلىرى قىزىرىپ، يۈزلىرى ئىششىغان، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەملىكىنى بايقىدىم. ئۈستىدىكى كىيىملىرىمۇ ناھايىتى ناچار ئىدى. «تۇرقى مۇنداق بولغان بىلەن، بۇمۇ پالان - پۇستان



دېگەنلەرنى كەلتۈرۈپ سالىدىغان بىرى بولۇپ قالمىسۇن!» دەپ ئويلىدىم - دە، ئۈنچىقماي تولدۇرۇپ بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ سۇندۇم.

— ئاز ئىچىڭلار ئۇكىلىرىم، ئاز ئىچىڭلار! — دېدى ئۇ ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، — مانا ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ: «كىم سەن؟» دېسە، «مەن!» دەپ مەيدەمگە ئۇرۇپ يۈرىدىغانلاردىن ئىدىم. ئىچىپ - ئىچىپ بولغان ئەھۋالىمىز مۇشۇ. «سۆيى يوق يەردىن قاچ، پۇلى يوق ئەردىن» دەپ ئاخىردا خوتۇنمۇ تاشلاپ كەتتى. بىر ئوبدان خىزمەتتىكى باللىرىم، كېلىنلىرىم بار، يېنىدا تۇرالمايمەن. مۇشۇ ھاراقكەشلىكىم بىلەن ھەممىنى تويغۇزدۇم. بەزىدە ئۆزۈممۇ «زادى نېمە بولغان ئادەممەن — ھە!» دەپ ئويلاپ قالىمەن. يەنە ئىچمىسەم تۇرالمايمەن. ھاراقنى ئىچىپ - ئىچىپ مەست بولۇپ، كەچتە غېرىب پاخزامغا بېرىپ گۆپلا چۈشۈپ ئۇخلاپ قالىمەن. ئەتىسى ئويغىنىپ: «خۇدايا شۈكرى، مەن تېخى تىرىككەنمەن - ھە!» دەيمەن، يەنە قاۋاقخا قاراپ ماڭىمەن ...

ئۇ رومكىدىكى ھاراقنى ئالدىرىماي تامشىپ يۇتۇپ، ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن ئېرىتتى - دە، رومكىنى قايتۇرۇپ بەردى. «زاكۇسكا يەڭ» دەپ بىر توخۇمنى تەڭلىگەن قولۇم ھاۋادىلا ئېسىلىپ قالدى. ئۇ بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— مانا تۇرمۇش! — دېدى شامىل قۇلىقىمغا پىچىرلاپ.

يەنە بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچىپ تۇراتتۇق، يېشى توختىغان بىركىشى يېرىم بوتۇلكىدەك ھاراقنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ھېلىقى ئىچەرمەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— پاھ، ھەسەنباي ئۇيقۇغا تېگىپتۇ - دە! — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئادەمگە قاراپ، — قوپۇي، مېنىڭ ھارىقىمدىن بىرەر

رومكا ئىچىپ قويىمامسەن؟

ئۇخلاۋاتقان كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ، يېڭى كەلگەن مېھمان سۇنغان هاراقنى «رەھمەت» دەپ ئېلىپ، بەلە ئالدىرىماي يۇتتى - دە، بېشىنى ئۈستەلگە قويدى.

— ياخشى ئادەم، — دېدى يېڭى كەلگەن كىشى ھەمسەنبايىنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ، — كاتتا بىر بايىنىڭ ئوغلى بولىدىغان، ئۆمرى ئويناپلا ئۆتۈپ كەتتى - دە بىچارىنىڭ. مانا ئاخىرىدا ھەممىدىن ئايرىلىپ، ئىچمىسە تۇرالمايدىغان كۈنگە قالدى. قېنى كەلمەمسىلەر؟

— خۇش، بەھۇزۇر — دېيىشتۇق.

— ھەي، بۇ ھاراق دېگەن نېمىنىڭغۇ مەنمۇ بىر ئوبدانلا ئىچمەيدىغان بولۇپ قالغان، — دەپ گەپ باشلىدى ھېلىقى كىشى قولىدىكى ھارىقىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — يېقىندا بىر رەنجىش بولۇپ قىلىپ يەنە ئىچىپ سالدىم. ئېمە رەنجىش دېسەڭلار، ئۇزۇن يىل بولدى، «ئۆي باشقۇرۇشنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىمەن دەڭلا، ئىنىلىرىم. بىر كۈنى ئولتۇرسام، ئۆي باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى كېلىپ:

— ئاكا، سىز بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ بەرسىڭىز، — دەيدۇ.

— نېمە گەپ؟ — دېسەم،

— ئاۋۇ ئۆيدىكى قوشنىڭىزنى بىلسىزغۇ؟ — دەيدۇ. ماڭا قوشنا بولۇپ ئولتۇرىدىغان بىر ياش بالا بولىدىغان.

— ھە، بىلىمەن، يېمەكلىكلەر شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ماۋۇ بىر تام قوشنامنىمۇ؟ — دېدىم. ئۇلار:

— ھە، شۇ قوشنىڭىز ھازىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئۆستى. ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى كىچىك بولۇپ قاپتۇ. سىز ئولتۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينى قوشۇپ، كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ، شۇ يىگىتكە بەرمەكچى، — دەيدۇ.

ئاچچىقىم نەدىن كەلدى:



— ھوي، مەنمۇ ئارمىيە يېڭى كەلگەن چاغلاردا مەھەللىدە ئاكتىپ بولۇپ ئىشلىگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەمگە باش بولۇپ، گومىنداڭچىلار بىلەن سوقۇشۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت ئۈچۈن قان ئاققۇزغان. ئەمەسزە، تېخى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بىرتىق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن نېمىلەرگە ئۆيۈمنى بوشىتىپ بېرىپ، كوچە - كوچىلارنى يۇدۇپ پەدە سەرسان بولۇپ يۈرگۈدەكمەن. بېرىپ باشلىقىڭغا ئېيت، كۆچمەيمەن، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن! — دېدىم.

بېنىمغۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈۋېتەلمىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئاچچىقىمدا كونا پەلتويۇمنى سېتىپ، مانا ئۈچ كۈن بولدى، پۇلىغا ھاراق ئىچىپ يۈرىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتۇق.

— كۈزەتچىلىك قىلىمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — بىزدەك ياشتا چولاق بولۇپ قالغان ئادەمگە كۈزەتچىلىكتىن باشقا نېمە ئىش قالدى دەيسىلەر؟ شۇنىڭغىمۇ ئاران ئېرىشتىم، نەدە كۈزەتچىلىك قىلسام، ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا بوشىتىۋېتىپ، شۇ يەرنىڭ كادىرىدىن بىرى ئۇرۇق - تۇغقىنىنى ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ. ئۆتكەندە بىر ئورۇنغا كۈزەتچىلىك قىلىپ، بەشيۈز يۈەن قەرز بولۇپ قىلىۋېدىم، قەرزىنى ئۈزۈۋەتسۇن، دەپ خېلى ئۇزاق ئىشلىتىپ قالدى. «ھە، ئىشىنىڭ يولى مۇنداقكەن - دە!» دېدىم. ھازىرقى كۈزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئورنۇمغا ئىككى مىڭ يۈەندەك قەرز بولدۇم، خۇدا بۇيرۇسا، ئەمدى ئۇ يەرگە چىڭىپلا كەتتۇق دەڭلا… قېنى كەلمەمسىلەر؟…

ئۇ مۇغەمبەرلەرچە كۆز قىسىپ قويۇپ، قولىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى، شامىل «مانا تۇرمۇش!» دېگەندەك ماڭا لاپ قىلىپ قارىدى - دە، قويۇن دەپتىرىنى ئېلىپ، كىتىرلىتىپ بىر نېمىلەرنى خاتىرىلەشكە باشلىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى مومىشى باققان خوجايىنىنىڭ سودىسى قىزىغىلى تۇردى. كونا مەستلەرگە يېڭى كىرگەن مەستلەر قېتىلىپ، دۇكاننىڭ ئىچى ۋاڭ - چۇڭغا تولدى، كەيپچىلىكتە خېرىدارلار تونۇشسۇن، تونۇشمىسۇن بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ ھاراق سۇنۇشاتتى. دولىلىرىغا قېقىشىپ ئەھۋال سورىشاتتى. قايسىبىرلىرى بىزگىمۇ ئۇلپەتچىلىك كۆرسىتىپ ھاراق تەڭلەيتتى، ئاز - ئازدىن ئىچىپ بىزمۇ ھېلىقى بىر بوتۇلكا ھاراقنى قۇرۇقداپ قويغانىدۇق. كۈچلۈك ھاراقنىڭ تەسىرىدە كۆز ئالدىمدىكى مەستلەرنىڭ قىزارغان يۈزلىرى، مەنىسىز كۈلكە قېتىپ قالغان چىرايلار، ئەلەڭشىگەن كۆزلەر ئوتتۇرىدىكى قوپال ئۈستەل بىلەن قېتىلىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، موردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق ھاۋادەك يېنىك تەۋرەپ تۇراتتى. شامىل يەنە ھاراق ئەكېلىش ئۈچۈن تەمشەلگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنى توختىتىپ ئۇنىمىدىم. ئۇمۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىر قانچە «كەلمەمسىلەر»لىرىگە شېرىك بولۇپ، ئوبدانلا مەست بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردىن ئالدىراپ كەتكۈسىمۇ يوقتەك قىلاتتى. ئەمدى ئۇ تۇرمۇش ئۆگىنىشىنى، خاتىرە يېزىشنى ئۇنتۇپ ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈشكەنىدى.

— قارا، قارا! — دەپ مېنى نوقۇيتتى ئۇ، — ئاۋۇ رومكا تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ قول تومۇرلىرىنىڭ كۆپكۆك، يوغانلىقىغا قارا، ئۇ چوقۇم يا تامچى، يا تۆمۈرچى، ئاۋازىنىڭ بازغان ئۇرغاندەك گۈلدۈرلەپ چىقىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ... ماۋۇ ئادەمنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى قورۇقلارغا سەپسالدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇرغۇن ئاچچىق كەچۈرمىشلەرنىڭ يىغىندىسى بار...... مۇنۇ قولىنى كۆكسىدىن چۈشۈرمەي جىمى ئادەمگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرغان كاززاپنى قارا، ھەقىچان ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ بىچارىنىڭ پۇلىنى ئالداپ خەجلەيدۇ ... يا قۇدرەت! باياتىن بېرى بېشىنى



ئۈستەلدىن كۆتۈرمەي مۈگدەۋاتقان ھەممەنباينى كۆرۈۋاتامسەن؟ ئەمدى ئۇ سەگىپ، باشقىدىنلا تېتىكلىشىپ كېتىپتۇ ... قانداق، مېنىڭ دېگىنىمدەكمىكەن؟ ئۆگىنىمەن دېگەن ئادەمگە بۇ يەردە تۇرمۇش دېگىنىڭ ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ سەندەك ھېكايە يازىدىغان ئادەم كۈندە كېلىدىغان يەر - دە، ھۇ! ... ھاراق ئەكېلەي دېسەم ئۇنىمايۋاتىسەن، قورساقمۇ ئېچىپ قالدى. بولمىسا سېنى يەنە بىر يەرگە باشلاپ باراي ... ياق، ياق، قاۋاق ئەمەس؛ كۆڭۈلدىكىدەك بىر ياش چوكاننىڭ ئۆيى، قورقما، ئۆزى تول، پۇللۇق خوتۇن. يەمسەن، ئىچەمسەن، ھەممە نېمە تەييار، ئۇ يەردىكى تۇرمۇش دېگەن يەنە باشقا گەپ - دە. چىۋىقتەك بەل، تولغان ساغرا، ئاپئاق كۆكرەك، مانا، ناز، خۇلۇق، ئادەم كۆتۈش دېگەنلەرنى شۇلاردىن سورا ...

شامىلنىڭ ئاغزىدىن ئەمدى تېتىقسىز پاراڭلار چىققىلى تۇردى. كەتمىسەك، بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم. يەنە ئازراقلا ئولتۇرساق، خەقنىڭ گويۇنىنى كۆرمىمىز دەپ كېلىپ، ئۆزىمىز ئويۇن قويۇپ بېرىدىغاندەك قىلاتتۇق ...... دەل شۇ چاغدا، قولتۇقىغا نەقىشلىك دۇتار قىستۇرۇۋالغان بىرەيلەنگە ئەگىشىپ يەنە ئىككى - ئۈچ خېرىدار دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغانلار: «ۋاھ، مانا ياسىن دۇتارمۇ كېلىپ قالدى. تازا بىر ساز ئاڭلايدىغان بولدۇق - دە» دېيىشىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

ياسىن دۇتار قولتۇقىدىكى دۇتارنى تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېشىنى يۇقىرى قىلىپ تىكلەپ قويۇپ، ئاغىنەم شامىلنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىرگەنلەر تۆت - بەش بوتۇلكا ھاراق، خاسىڭ، مايلىق پۇرچاق دېگەندەك زاكۇسكىلارنى ئەكېلىپ جوزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يايدى. بىرى ھاراقنىڭ ئاغزىنى گۈپپىدە ئېچىپ: «قېنى ئاغىنىلەر، ھەممەيلەن مۇشۇ ئوتتۇرىغا قارايلى!» دەپ ھاراق قۇيۇشنى

باشلىۋەتتى، ئەمدى يېرىم تۈنگە سوزۇلىدىغان «كانتاتا» بىر ئولتۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقى جەزملىشىپ قالغانىدى. ئەمن كەتسەك بولاتتى، دەپ شەرەت قىلىپ، شامىلنىڭ يېڭىنى تارتىپ قويدۇم، لېكىن ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي، «بۈگۈن قانغۇچە بىر ئوينىۋالىدىغان بولدۇق-دە!» دەپ مورىغا بىرنى شاپىلاقلىدى-دە، ئورنىدىن قوپۇپ سوزۇلۇپ تۇرۇپ، بايا كىرگەنلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى. يېڭى مېھمانلارنىڭ بىرى شامىلنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا:

— ھوي قاراڭلار، ماۋۇ شامىل شائىر ئەمەسمۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى، — قېنى ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ!

«شائىر» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ بېسىقىپ، ھەممىنىڭ كۆزى شامىلغا قادالدى. شامىل خۇددى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك ئۆزىگە سالاپەت بېرىپ، قولى يەتكەن ئەتراپتىكى ھەممەيلەن بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ ئولتۇردى.

— مانا، ماۋۇ، مېنىڭ ئاغىنەم بولىدۇ، — دېدى ئۇ مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ، — يازغۇچى. يازغۇچى دېسەم نېمە قىلىدىغان ئادەمكىن دەپ قالماڭلار، ھېكايە يازىدىغان شائىر،

پاھ! كۆپنىڭ ھۆرمەت نەزىرى ماڭىمۇ تىكىلدى.

— سىلەرنىڭمۇ قەدىمىڭلار بۇ يەرلەرگە يېتىدىكەن — ھە!؟ ھېلىقى ئولتۇرۇشتىكى ئىش ئېسىمدىن چىقمايدۇ-دە، — دېدى بايىقى شامىلنى تونۇۋالغان كىشى ئۇنىڭغا قاراپ، — ۋاتىلداپ سورۇنتى بېشىغا كىيگەن ۋاھاپ كاسكىتى:

ھەي ۋاھاپ،
ھەي، ھەي ۋاھاپ،
ئولتۇرۇشنى بۇزدۇڭ ئېتەك قاۋاپ،



دەپ قالتىس رەسۋا قىلغانتىڭىز.

ھە، ئۇ شۇنداقلا بىر كېلىپ قالغان ئىلھام دەڭە!

— «بولاي» دېگەن كىتابىڭىزنى ئوقۇدۇم، قالتىس يېزىپسىز-دە!...

كىتابنىڭ گېپى چىقىۋېدى، باشقىلار تېخىمۇ جىمىپ كەتتى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي پۈكەيدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرغان مومىسى باققان خوجايىننىڭ چىرايىمۇ شادلىققا تولدى. كىتاب يازغان ئادەملەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشى مۇساپىرلار قاۋىقى ئۈچۈنمۇ بىر شەرەپ-دە!... ئۇ ئۆزىگە خاس سىپايە ھەرىكەتلەر بىلەن پۈكەيدىن ئاتلاپ چىقىپ، شامىل بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە كېلىپ كۆرۈشتى.

— بىزنىڭ بۇ دۇكىنىمىزنىڭ شارائىتى ناچار، خاپا بولۇشمايلا، مانا ماۋۇ داستىخىنىڭلارغا ئاتىغىنىم بولسۇن، — دېدى-دە، يىگىرمە-ئوتتۇز تۇخۇمنى ئەكېلىپ ئۈستەلگە قاتار تىزىۋېتىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھاراق ئىچىش باشلىنىپ كەتتى، لېكىن كىشىلەر ئىختىيارىي پاراڭ قىلىشتىن سەل قورۇنۇپ، شامىلنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى.

— ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمىدىڭىز، چوڭراق بىر نېمە يېزىۋاتامسىز، يا ... ھۆكۈمەت شائىرلارنى شەھەرمۇ شەھەر ئايلاندۇرىدۇ، دەپ ئاڭلىۋېدىم، يىراقراق بىر يەرلەردە ساياھەتتە بولدىڭىزمۇ؟

— ھە، — دېدى شامىل ئۆزىنىڭ ئۆچرىتىنى شاقىدە ئېلىپ ئىچىۋېتىپ، — ئىچكى ئۆلكىلەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ كەلدىم.

«ئىم!» دەپ قالدىم. ئەمدى ئاغىنەمنىڭ راست-يالغانى قېتىپ پو ئاتىدىغان كېسىلى قوزغالغانىدى.

— نەلەرنى ئايلاندىڭىز؟

— گۋاڭجۇ، خاڭجۇ، بېيجىڭ، شاڭخەي دېگەندەك ھەممە چوڭ شەھەرلەردە بولدۇم.

شامىلنىڭ ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، تونۇش شوپۇرغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بىر بېرىپ كەلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ «چوڭ شەھەرلەرنى كۆردۈم» دېگىنى قىپقىزىل يالغاندى. قىرىشقاندەك ھېلىقى ئاغىنىمۇ كوچىلاپ سوراۋەرگىلى تۇردى.

— ۋاھ، قالتىس يەرلەر، دەپ ئاڭلىۋېدۇق، ئايروپىلان بىلەن باردىڭىزمۇ، پويىزدىمۇ؟

— ئىلاجى بولمىغاندا چۈشمىسە، ھازىرقى ۋاقىتتا پويىز دېگىنىڭلار بىر كۆتەك ھارۋا - دە. ئايروپىلان بىلەنلا ئۇچتۇم.

— ۋاھ، ھۇزۇر قىپسىز - دە!

ئولتۇرغانلار تاماقلىرىنى چېكىپ كېتىشتى.

— ھۇزۇرى شۇ! — دەپ تەستىقلىدى شامىل باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە ئايروپىلاننىڭ ئىچىنى تەسۋىرلەپ، — ئازادە، لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ ئۈگدەپ ياتىدىغان گەپ. تازا مەڭزىگە ئەركەك چىۋىنمۇ قونمىغان چىرايلىق قىزلار ئالدىڭىزغا كېلىپ، ھېلى ھەر ياڭزا ئىچىملىك، ھېلى ھەر خىل كەمپۈتلەرنى تۇتۇپ، «نېمە يەيسىز، نېمە ئىچىسىز؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ. ئايروپىلان موللاق ئاتىدىغان يەرگە كەلگەندە، «بەللىرىگە تاسمىنى باغلىۋېلىشسىلا» دەيدۇ، «ماڭە ۋاي، كىراغا نەچچە يۈز يۈەن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭ كېلىپ باغلاپ قويمامسەن!» دەپ قورساقنى چىقىرىپ، سافادا يانتۇ يېتىپ بېرىدىغان گەپ. ھېلىقى ئايدەك خېنىملار بېلىمىزنى قۇچاقلاپ، تاسمىسىنى ئۆزى باغلاپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، نەچچە كۈنلۈك يولغا بىر-ئىككى سائەتتىلا يېتىپ بارىدىغان گەپ...



ئاڭلاۋاتقانلار «قالتىس گەپكەن - ھە!» دېيىشىپ گۇدۇڭلىشىپ كەتتى. شامىلنىڭ ئاتقان پولىرىدىن خىجىل بولۇپ ئولتۇرالمايلا قالدىم. پېشىنى تارتىپ - تارتىپ قويساممۇ، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا ماڭا قارايدىغان كۆزى يوق ئىدى.

يەنە بىرەيلەن:

— ئۇكام، شاڭخەي دېگەننى ناھايىتىمۇ ئادەم جىق شەھەر دەيدىغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — دېدى شامىل، — ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن ئىچىڭىز ئېلىشىدۇ. كوچىسىدا كېتىپ بېرىپ ئىتتىك ئارقىڭىزغا بۇرۇلىدىغان بولسىڭىز، چوقۇم ئىككى ئۈچ ئادەمگە ئۇسۇۋالىسىز. يەكشەنبە كۈنىدىكى قىستاڭچىلىقتا كۈنىگە نەچچە ئون ئادەم دەسسىلىپلا يىقىلىپ قالىدىكەن، بىر تەرەپتىن دوختۇرلار ئارىغا كىرىپ يىقىلغانلارنى زەمبىلگە سېلىپ توشۇپ تۇرىدىكەن.

— يائاللا، پىلانلىق تۇغۇڭلار دېگەن گەپمۇ توغرا جۇمۇ! گۋاڭجۇدا شىنجاڭدىن بېرىپ ئوقەت قىلىۋاتقانلار خېلى بار دەيدۇ، كۆرگەنسىز؟

— كۆرمىگەن - دە! ... — دېدى شامىل يەنە بىر رومكا ھاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىپ تۇرۇپ.

— بەزى ياش باللارنى شۇ يەردىمۇ جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ يۈرىدۇ، دەيدىغۇ؟

— مانا شۇ گەپ ئەمەسمۇ، تۇرمۇش ئۆگىنەي دەپ ئۇلارغا بىر ئازا ۋاقىت ئارىلىشىپ يۈردۈم. كۆپىنچىسى ياش باللار ئىكەن. تەرەپ بولۇشۇپ، بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ ئوينايدىكەن. كۆرگەنلەر ھېچ ۋاقىتتا ئۇنى پالانچاخون، پوكۇنچاخۇن، دېمەيدۇ - دە، «شىنجاڭلىقلار» لا دەيدۇ، ھەممىمىزنىڭ نامىغا سەت.

شۇنداق بولماي! — دەپ كۆپچىلىك بۇگەپنى تەستىقلاشتى.

— بىر نەچچە لاۋبەنلەرنى تۇتۇۋېلىپ، «ئاغىنىلەر، مۇشۇ قىلمىقىڭلار قاملاشماپتۇ!» دەپ نەسىھەتمۇ قىلدىم، يەنە ئادەم دېگەن غەلىتە نېمە ـ دە، جېدەل بولغان جايدا تۇرۇپ قالسىڭىز، قېنىڭىز قىزىپ، ئۆزىڭىزنى ئۇقماي جېدەلگە ئارىلىشىپ قالىدىكەنسىز. بىر كۈنى كەچتە بىر قانچەيلەن رېستوراندىن يېنىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىۋاتاتتۇق. «كەلدى، كەلدى!» دېيىشىپ كەتتى. «نېمە كەلدى؟» دېسەم، «پوكۇنى قوشۇننىڭ ئادەملىرى كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى بىر قەپەس مۇشتلاش بولىدىغان بولدى» دېدى. راست دېگەندەك، گەپ ئاخىرلاشمايلا ئىككى تەرەپ تار كوچىدا تۇتۇشۇپ، ئۇپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي، تۇرغان ئورنۇمدا تۇرۇپلا قاپتىمەن، بىر چاغدا، يېنىمدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولغاندەك قىلدى، شۇنداق قارىشىمغا قولاق تۈۋىمگە «قارس!» قىلىپ بىرنى سالماسا، يۈزۈمنى سىلىسام، بەش قولنىڭ ئىزى مانا مەن دەپلا چىقىپتۇ. ئاچچىقىمدا ھېلىقىنى ياقىسىدىن قاماپ تۇتۇپ بېقىنىغا نەچچىنى سالدىم، «ئىھ، ئىھ ...» دەپ ئىنجىقلاپلا قالدى، تىڭشىسام، ئاۋازى تونۇشتەك قىلىدۇ. يورۇققا سۆرەپ ئاپىرىپ قارسام، لەڭگەردىكى بىر تۇغقان تاغامنىڭ ئوغلى ئىكەن ...

پاراققىدە كۈلكە ئاۋازى قاۋاق ئىچىنى بىر ئالدى. بۇ كەيپىياتتىن ئىلھاملانغان شامىل ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە:

— بۇرادەرلەر، سىلەرگە يېڭى يازغان بىر شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار، — دەپ يانچۇقىدىن خاتىرىسىنى چىقاردى، «ئىت بولاي» دەپ، شېئىرىنىڭ ماۋزۇسىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ ئەتراپقا بىر قارىۋەتتى:

خالايمەن بۇرادەرلەر،
خالايمەن.



بىر ئۆمۈر ئىشىكىڭلاردا ئىت بولۇشنى.
ئۆزۈڭلارنى،
مۈلكۈڭلارنى،
چىل بۆرىلەر—
ياۋلاردىن سەگەك تۇرۇپ قوغداشنى
قاراڭغۇ تۈن،
سىلەر ئۇيقۇدا،
مەن ئويغاقمەن ھويلاڭلاردا.
ئىھ!
نېمە ئارمان ئۆلۈپ كەتسەم،
سادىق ئىت بولۇپ بوسۇغىدا ...

ئاغىنەمنىڭ تېتىقسىز قىلمىقلىرىغا ئىچىم تىتىلداپ، قاۋاقتىن قېچىپ چىقىپ كەتكۇدەك بولدۇم، شېئىر ئاخىرلىشىشى بىلەن، مەستلەر ۋارقىرىشىپ، «ئاجايىپ! ... ياشا!» دېيىشىپ كەتتى. بۇ چۇقان پەسىيىشى بىلەن ئارىدىن ياشتا چوڭراق بىرەيلەن تۇرۇپ:

— شامىل ئىنىمىز ئوبدان گەپلەرنى قىلىپ بەردى، شېئىرىنىمۇ ئاڭلىدۇق، ئەمدى ماۋۇ ياسىنجان ئىنىمىز دۇتارنى ئېلىپ بىردەم پەيزى قىلىپ بەرسە قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى.

كۆپچىلىك «بولىدۇ!» دېيىشتى، مەنمۇ «خۇداغا شۈكرى» دەپ يېنىك تىندىم، ياسىنجان ساقى تولدۇرۇپ قويغان بىر رومكا ھاراقنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ، دۇتارنى قولىغا ئېلىپ سازلىدى. دۇكاننىڭ ئىچىنى قايتا جىمجىتلىق باستى. ۋاقتىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئوخشايدۇ، قارىسام، مومىسى باققان خوجايىن دۇكاننىڭ ھېلىقى ھاراق ساتىدىغان تەرىپىنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قاپتۇ، كىمدۇر بىرى دۇكاننىڭ قاناتلىق چوڭ ئىشىكىنىمۇ قىيا يېپىپ قويۇپتۇ. ياسىنجان

دۇتارنى لەرزان ئۇرۇپ چېلىپ، مۇقام باشلىدى.

پەلەكتىن ياخشىلىق كەلدى، دېبان كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە،
يامانلىق ھەم يېتەر، ھالا ئۇنۇت، ئۆتكەننى ياد ئەتمە.

كەيىپ بولغانلارنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ، باشلىرى
تېخىمۇ تۆۋەن چۈشتى، چوڭلار «ھەق!» دەپ ئېغىر تىنىشتى.

زامان ئەھلىگە گەر يۈز قۇياشچە مېھرى كۆرگۈزسەڭ،
ۋاپانى سەن ئۇلاردىن زەررە چاغلىق ئېتىقاد ئەتمە.

شۇ چاغدا، قۇلىقىمغا مۇقامنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرىدىغان بىر
غەلىتە تاۋۇش ئىشتىلگەندەك بولدى. «بۇ نېمە ئاۋازدۇ؟» دەپ
ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم، قارىسام، شامىل ئىككى ئالىقىنىنىڭ
ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ، خۇددى بوسۇغىدا ياتقان ئىتتەك
خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. «ئىت بولغان بولسىمۇ، قورسىقى
تويسىلا ئۇخلايدىغان ناھايىتى ناچار ئىت بولغۇدەك ... » دەپ
قالدىم. بايىقى غەيرىي ئاۋازى ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق قالغان
ئاغزىدىن چىقىۋاتقان خورەك ئىكەن.

قىلىپ ياخشى ئەمەل كەسپىي شىئارىڭنى ئىسلاھ ئەتكىل،
ۋەلى خاسىيەت خىيالىڭ بىرلە ھەر دەم بىر پاسات ئەتمە.

ياسىن دۇتار مۇقامنى ناھايىتى بېرىلىپ، تەسىرلىك
ئېيتىۋاتاتتى. ئاغىنەمنىڭ كانىيىدىن چىقىۋاتقان ھېلىقى
خورەكمۇ كىشىنى بىئارام قىلىپ، بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققىلى
تۇردى. بايىقىغانلار نارازى بولۇپ، غۇدۇراشقا باشلىدى.
ئالاقزادىلىك ئىچىدە شامىلنى قاتتىق بىر نوقۇپ قويۇۋېدىم،



خورىكى توختىماق تۈگۈل، بەگەينى كېسىلى تۇتقان بىمارنىڭ،
چالا بوغۇزلانغان مالنىڭ بوغىزىدىن چىققان خارقىراشقا
ئايلىنىپ ئىشنى بۇزدى. شامىلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دۇتار
چېلىۋاتقان ياسىن دۇتارنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ
دۇتارنى قويۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، ـــ دە، شامىلنى
گەجگىسىدىن تۇتۇپ يۇلۇۋېلىپ، قاتتىق بىر سىلكىپ، يەنە
بېسىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.
ـــ نېمە بولدى، نېمە بولدى!؟ ـــ دېدى ھېچنېمىنى
چۈشەنمىگەن شامىل ئەتراپقا چەكچىيىپ قاراپ.
ـــ سەن ئادەممۇ، ھايۋانمۇ؟
ـــ مەن نېمە قىلدىم؟
ـــ بىزنىڭ ناخشا ـ سازلىرىمىز قاملاشمايۋاتقان بولسىمۇ،
بىردەم قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ قويساڭ ئۆلەمسەن؟ سېنىڭ نەرىڭ
شائىر؟ باياتىن بېرى سېنىڭ ئاتقان پولىرىڭ، لاۋزا
شېئىرلىرىڭنى ساڭا ھۆرمەت قىلىپ، چىداپ تۇرۇپ
ئاڭلىدۇققۇ! ... ئۆزۈڭچە بىزنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان
نېمىلەركەن، دەپ ئويلامسەن؟ بوران بولاي، شامال بولاي، ئىت
بولاي، مۈشۈك بولاي دېگەنلىرىڭ شۇمۇ شېئىرما؟ ھەقىقىي
شائىر بولساڭ «ئادەم بولاي» دەپ يازمامسەن، ئادەم! دۇنيادا
ئادەم بولماقتىن ئۇلۇغ ئىش بارمۇ!؟ ... چىقە دۇكاندىن،
خورىكىڭنى ئۆيۈڭگە بېرىپ تارت ! ...
شۇ گەپ بىلەن بىرەيلەن قوپۇپ شامىلنى ياقىسىدىن
سۆرىدى، يەنە بىرەيلەن «شائىر دېگەن سەندەك بولسا» دەپ
كۆتىگە بىرنى تېپىپ، دۇكاندىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.
ـــ ماۋۇ ئاغىنىسىنى قانداق قىلىمىز؟
ـــ ئۇنىمۇ شائىر دەۋاتاتتىغۇ!
ـــ ھايدا! ...
«ھايدا!» دېگۈچىنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە

چاقچاقلىق قىلىپ، تالاغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋېلىپ، تېپىك يېيىشتىن قۇتۇلۇپ قالدىم. ئەمما تالاغا چىقىپلا تۇرۇپ قالدىم، ئەللىك يوەنگە يېقىنلا ئالغان شىلەپەم ئۈستەل ئۈستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى، «ئىسىت، مەستلەر سىتىپ، پۇلىغا هاراق ئىچىۋېتىدىغان بولدى ـ دە!» دەپ تۇرۇۋاتقىنىمدا، شىلەپەمنى ئارقامدىن ئۇچۇپ چىقتى، يەردىن ئېلىپ، توپىسىنى قاقماي بېشىمغا كىيدىم ـ دە، ئاغىنەمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم.

مانا، «مۇساپىرلار قاۋىقى» دىن قوغلاندى بولغىنىمىزغىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى ئاغىنەم شامىلنى كۆرمىدىم. ئاڭلىسام، ئۇ «ئادەم بولاي» دېگەن يېڭى شېئىرى ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپتۇدەك ...



# ئاتاقلىق ئەدىب، مېهرىبان ئۇستاز

(ئەسلىمە)

ئويلىسام، 1989 ـ يىل ئەدەبىيات سېپىمىز ئۈچۈن ئانچە كۆڭۈللۈك يىل بولماپتۇ. يىل بېشىدىلا ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوپ ئارىمىزدىن كەتتى. باغلىغان ئاقلىرىمىز تېخى يېشىلمەي تۇرۇپلا يەنە بىر تېيىپجان — تالانتلىق يازغۇچى، هارماس تارىخچىمىز تېيىپجان هادى ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ جۇدالىق تېخى ئۇنتۇلماي تۇرۇپلا ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى زۇنۇن قادىرىنىڭ ماتەم خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئادەملەر بۇ شۇم خەۋەرنى ئېغىزىدىن چىقارغۇسى يوق-تەك بىر ـ بىرىگە ئاستا پىچىرلاشتى. شۇ مىنۇتتا تومۇرلىرىمىدىكى ئىسسىق قان ئېقىشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى. كۆز ئالدىمدا كەچكۈزنىڭ سىم ـ سىم يامغۇرى سارغايغان ياپراقلار ئۈستىگە تۆكۈلمەكتە ئىدى. قوغۇشۇندەك ئېغىر بۇلۇتلار هاۋانى ئەمەس، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. نېمىدېگەن زور يوقىتىش! بىر يىل ئىچىدىلا بۇ ئۈچ چوڭ دەرەخ يىقىلىۋىدى، ئەدەبىيات باغچىمىز چۆلدەرەپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدى.

1981 ـ يىلى ئازادلىقتىن بۇيانقى 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باهالاش ـ مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغىنىم ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر توپ قەلەمكەشلەر يىغىنغا تىزىملىتىش ئۈچۈن بېرىپ، «تارىم»

ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يېغىلىپ قالغانىدۇق. بىر چاغدا، «زۇنۇنكام كەلدى!» دەپ ھەممە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. قارىسام، بېشىغا ئاددىي سىېرىق شەپكە، ئۈستىگە تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپان كىيگەن، كۆزەينەك تاقىغان بىر كىشى ئىشىكتىن كىرىۋېتىپتۇ. ھەممەيلەن ئالدىغا بېرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. بۇ مېنىڭ زۇنۇن قادىرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. بالىلىق ۋاقتىمىزدىن باشلاپ ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان، تالاي قېتىم ئەسەرلىرىنى ۋاراقلاپ، يېزىش ئۇچۇن ئۆزىمىزگە ئۆرنەككەلەرنى ئاختۇرغان بولساقمۇ، بىز دېمەتلىكلەر قاتارىغا قېتىلىپ، ئۇنى ئىزدىگۈدەك بولغان ۋاقتىمىزدا بۇ ئادەم يىراق تارىم بويىدىكى بىر يېزىغا «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» كە ھەيدەلگەنىدى. شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا غۇلجا كوچىلىرىدا بىزگە ھەر كۈنى ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاددىي شەھەر پۇقرالىرىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان بىر مويسىپىت تۇراتتى. ئۇ ئىلگىرى مەن خىيالىمدا تەسەۋۋۇر قىلغان زۇنۇن قادىرغا ھەم ئوخشايتتى ھەم ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى تولىمۇ ئاددىي، يۇمۇرلۇق ئىدى.

— مۇشۇ ھەممىڭلار يازىدىغانلارما؟ دېگەن بىلەن خېلىلا جىق ئادەم بولۇپ قاپسىلەر جۇمۇ! — دەپ كۈلدى ئۇ.

راست، 30 - يىللاردا، مۇشۇ زۇنۇن قادىرى قاتارلىق كىشىلەر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى باشلىغاندا، بۇ سەپتە بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك بىر نەچچىلا ئادەم بار ئىدى. زۇنۇن قادىرى 24 ياشلىرىدىن باشلاپ قولىغا قەلەم ئالغان. 40 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ «رودىپاي»، «ئالتۇننىڭ تەسىرىدە»، «كۈچۈككە ھۇجۇم»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «پەرمان»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «چېنىقىش» قاتارلىق 20 نەچچە ھېكايە، 30 غا يېقىن شېئىر، مەسەل، ئوندەك ئەدەبىي ماقالە ۋە دىرامىلارنى يازدى. ئۆزبېك، تاتار يازغۇچىلىرىنىڭ ۋە شىنجاڭ قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان تائجارىقنىڭ بىر قىسىم



ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. نۇرغۇن ماقال-تەمسىل، چۆچەك، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ ئېلان قىلدى. بۇ ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىچىلىقى ئۈچۈن يول ئاچتى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ مۇكەممەل ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئۈلگە ياراتماق ئۈلگىگە قاراپ يازماققا قارىغاندا تەس، ئەلۋەتتە.

ئەپسۇسكى، 1957 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق ھۆكۈم سۈرگەن ئېغىر يىللاردا، بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ بېشىغا تالاي كۈلپەتلەر چۈشۈپ، توپتوغرا 20 يىل ۋاقتى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىدە مۇشۇنداق 20 يىلدىن زادى قانچىسى بولىدۇ؟ بولۇپمۇ، ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ قالغان بىر يازغۇچى ئۈچۈن بۇ 20 يىل تولىمۇ قىممەتلىك ۋاقىت ئىدى. زۇنۇن قادىرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن تۈزگەن يېڭى پىلانلىرىنى مۇشۇ كۈلپەتلىك يىللار بەربات قىلىۋەتتى. رومان يېزىش ئۈچۈن توپلىغان ماتېرىياللىرى چېچىلىپ تۈگىدى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئەلەملەر دەستىدىن ئەمدى ئۇ ھارغان، ئېزىلگەن بىر بوۋايغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئالجىشتىن، ھاياتتىن بىزار بولۇشتىن يىراق ئىدى. يەنە ئۇنىڭ پۈتۈن سىياقىدىن ئۈمىدۋارلىق، پەزىلەت ئىگىسىگە خاس سالاپەت، سالماقلىق ۋە كېلىشىملىك چىقىپ تۇراتتى.

1985 - يىلى 8 - ئايدا، «تارىم» ژۇرنىلى بىلەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈملىرى خوتەندە «ھېكايە ئىجادىيەت يىغىنى» چاقىردى. يىغىن ئەھلى ئىچىدە زۇنۇن قادىرى، ئەلقەم ئەختەم، ئىمىن تۇرسۇن، تۇرغۇن ئالماس، تۇردى سامساق قاتارلىق پېشقەدەملەر بولغاچقىمىكىن، بۇ يىغىننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى داغ - دۇغىسى خېلىلا زور بولدى. مەن مۇشۇ يەردە زۇنۇنكام بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

شۇ قېتىم بىز خوتەننىڭ كۆپ يەرلىرىنى ئارىلىدۇق.

قەيەرگە بارمايلى بىزنى دېھقانلار، كاسىپلار، شۇيەرلىك زىيالىلار ئوروۋالاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئارىمىزدىكى داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرىنى ئوقۇغان، نامىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆرمىگەنىدى. ئۇلار «زۇنۇن قادىرى دېگەن ئاشۇ كىشى ئىكەن» دەپ بىر - بىرىنى نوقۇپ شەرەت قىلىشاتتى. خوتەن خەلقى نامرات بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن مول داستىخان سالدى. ئۇلارنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ئۆز ئەتراپىدا ياراتقان گۈزەل مۇھىتى - سالا ئېتىزلار، چۆللۈكلەرنى توسۇپ تۇرغان ئىھاتە ئورمانلار، كۆز يەتكۈسىز مېۋىلىك باغلار، بىر - بىرىگە تۇردەك تۇتىشىپ كەتكەن راۋان يوللار بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئېتەكلەردە شېغىل توشۇپ يول ياساۋاتقان دېھقانلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتاتتۇق.

— بۇ خوتەنلىكلەر ئاجايىپ خەلق، — دەيتتى زۇنۇنكام، — تەرسا، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل. قارا، ئاۋۇ ئەسكى كىيىملەر بىلەن ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى...

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى خوتەننىڭ لاسكۇي يېزىسىدا ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ مۇھاكىمە يىغىنىنى داۋاملاشتۇردۇق. بىز چۈشكەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ ئارقىسى چوڭ باغ ئىكەن. ساھىبخانلار مېھمانلارنى خالىغان چاغدا كىرىپ مېۋە يېسۇن، دەپ باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويىدى. تەكلىماكاندىن ئۇرغان شامال قۇم چاڭلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ تۇرغاچقىمىكىن، بۇ يەرنىڭ دەل - دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى دائىم بىر قەۋەت چاڭ بېسىپ تۇرىدىكەن. بىر نەچچە تال مېۋىنى ئۆزگىچە ئاۋايلىمىسىڭىز توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپلا قالىدىكەنسىز. زۇنۇنكام مېۋىگە ناھايىتى ئامراقكەن، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، ئېرىنمەي باغقا كىرىپ مېۋە ئۈزۈپ چىقاتتى. بەزىدە ئۇمۇ چاڭغا كۆمۈلۈپ، تۈگمەندىن چىققان ئادەمگە ئوخشاپلا قالاتتى. كېيىن يىغىن باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى ئۇنى باغقا قارايدىغان



دېھقانغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. ھېلىقى دېھقان تاكى بىز قايتقۇچە ھەر كۈنى ئەتىگەندە زۇنۇنكامغا بىر ياغلىق ئامۇت، شاپتۇل تېرىپ ئەكىرىپ بېرەتتى. زۇنۇنكام بۇ مېۋىلەرنى پاكىز سۈرتۈپ، ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن يەپ تۈگىتەتتى. قارىغان كىشىگە ئۇ قۇرۇق تەكەللۇپتىن، ساختا جازىلاردىن خالىي، چىن ئادەمنىڭ تەسىراتىنى بېرەتتى.

قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر ئىش ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. بىز قاراقاش ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەن كۈنى كەچلىكى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويۇپ كۈتۈۋالدى. بىر ناخشىچى قىز زۇنۇنكامنىڭ «غۇنچەم» دراممىسىدىكى ناخشىلارنى ئورۇندىغاندا، ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بېرىپ ۋەكىللەرنىڭ ئالدىدىكى جوزىلارنىڭ بىرىدىن قىزارغان بىر تال ئالمىنى ئالدى - دە، ناخشا ئاخىرلاشقاندا زۇنۇنكامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ ئالمىنى سۇندى. پۈتۈن زالدىكىلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. زۇنۇنكام ئالمىنى رەھمەت ئېيتىپ قولىغا ئالغاندا، كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز ياش ئەگىدى.

كىنو، تېلېۋىزور دېگەندەك نەرسىلەر ئومۇملاشمىغان ئىلگىرىكى دەۋرلەردە تىياتىر سەھنىسى مەدەنىيەت تارقىتىدىغان بىردىنبىر مەركەز بولغانىدى. ئەينى يىللاردىكى ئاۋام خەلق مەدەنىيەتكە بولغان تەشنالىقىنى سەھنە ئويۇنلىرىنى كۆرۈش قىزغىنلىقى بىلەن ئىپادىلەيتتى. 1940 - يىللارنىڭ ئالدى كەينىدە قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىغان ئىلغار زىيالىيلار بۇ نۇقتىنى تېزلا چۈشىنىپ يەتكەن، غۇلجىدا زۇنۇن قادىرى، جالالىدىن يەھيارى، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەر قىزغىنلىق بىلەن سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان ۋە ئۆزلىرى روللارغا چىققان. زۇنۇن قادىرى ئۆز ئۆمرىدە «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «توي» قاتارلىق ئونغا يېقىن سەھنە ئەسىرى يازدى. ئۇنىڭ «غۇنچەم» ئەسىرى — قويۇق يەرلىك پۇراق،

كەسكىن دراماتىك، توقۇنۇش، قىزىقچىلىق ۋە تەسىرلىك ناخشا - سازلاردىن ئىبارەت ئۇيغۇر دراممىچىلىقىدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە تەرەپلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان نادىر ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنگىچە سەھنىدە ئوينالماقتا. خەلقىنىڭ زوراۋان كۈچلەرگە قارشى كۈرىشى، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ئەسەر تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىلا ئەمەس، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىمۇ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەنىدى. ئېھتىمال، زۇنۇنكام ئۆز ئۆمرىدە كۆپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن بولغىيدى، ئەمما، ھېلىقى ناخشىچى قىز سۇنغان بىرتال ئالما ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك سوۋغا بولدى. چۈنكى، ئۇ خەلقىنىڭ ئۆز يازغۇچىسىغا سۇنغان ئالىي مۇكاپاتى ئىدى.

1986 - يىلى 2 - ئايدا ئاقسۇدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «پوۋېست ئىجادىيەت يىغىنى» چاقىرىلدى. يولدا زۇنۇن قادىرى قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم بىللە بولۇپ قالدۇق. توقسۇغا يېتىپ كەلگەندە تاماق يېيىشكە توغرا كەلدى. چوڭ يولنىڭ ئۈستىدىكى بىر ئاشخانىغا كىردۇق. ئاشخانا خوجايىنى يېشى توختىغان. سالاپەتلىك بىر ئايال ئىكەن. چىراي - شەكلىمىزگە قاراپ بىزنى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاتمىغان بولسا كېرەك،

— ھەرقايسىلىرى نەدىن كېلىشتىلە، نەگە كېتىپ بېرىشلا؟ — دەپ سوراپ قالدى .

بىز ئۈرۈمچىدىن چىققىنىمىزنى، ئاقسۇغا يىغىنغا كېتىپ بارغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق.

— ھە، ھەرقايسىلىرى يازىدىغان ئادەملىكەنلە - دە، ئارىلىرىدا زۇنۇن قادىرى دېگەن ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مانا، زۇنۇن قادىرى دېگەن مۇشۇ ئادەم ئەمەسمۇ! — دەپ زۇنۇنكامنى كۆرسەتتۇق.

خوجايىن ئايال زۇنۇنكامغا تەزىم قىلدى.



— سىلىنىڭ يازغانلىرىنى مەن كۆپ ئوقۇغان، مانا بۈگۈن ئۆزلىرىنى كۆرۈشكە نېسىپ بوپتۇ. ھاي، چايچى بالا، قېنى سىلەر؟ مېھمانلارغا يېڭى چاي پولاڭلار!

ئاشخانا خىزمەتچىلىرى پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتى. ئالدىمىزدىكى پىيالىلەر بىلەن چاي چۆگۈنلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈستەللەرنى باشقىدىن سۈرتتى. چوڭ چىنىلەرگە چاي سېلىپ، ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ، ھەربىر چوڭ چىنىنىڭ ئۈستىگە بىردىن تەخسىنى يېپىپ ئالدىمىزغا قويدى (كۇچا، توقسۇ ئەتراپلىرىدا مۇنداق خام چاي دەملەپ بەرگەننى «چاي پولاش» دەپ ئاتايدىكەن). تاماقنىمۇ ناھايىتى ئوخشىتىپ ئېتىپ بەردى. قايتقان چاغدا ھېلىقى ئايالغا تاماق ھەققىنى تەڭلىۋېدۇق،

— ھەرقايسىلىرى قوي سويۇپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدىغان قەدىرلىك مېھمانلار، بۈگۈن يول ئۈستىدە ئاشخانامغا كىرىپ قېلىشىپلا. زۇنۇن قادىرىلار ئاشخانامغا كېلىپ تاماق يەپ كەتكەن، دېسەممۇ ماڭا چوڭ ئابرۇي، پۇل تەڭلىسىلە خاپا بولىمەن، — دەپ زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى.

بۇ ئاددى خەلقنىڭ زۇنۇنكامغا بولغان ھۆرمىتى ئىدى.

— ھە، مېنىڭ بانارىمدا بىكارغا لەڭمەن يەۋالدىڭلار - دە! — دەپ چاقچاق قىلدى زۇنۇنكام ھەممىمىز ماشىنىغا چىققاندا.

ئاقسۇغا بارغاندا زۇنۇنكام يىغىن ئارىلىقىدا ئالاھىدە ۋاقىت چىقىرىپ، ئىلگىرى ئۆزى «ئىدىيە ئۆزگەرتىش»تە تۇرغان يېزىغا بېرىپ، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغان دېھقانلارنى يوقلاپ كەلدى. ئاڭلىساق، شۇ يىللاردا نۇرغۇن ياخشى ئادەملەر ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنغانىكەن. ئېھتىمال، خەلقنىڭ شۇنداق قوللىشى بولمىغان بولسا ئۇ ئاللىبۇرۇنلا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ۋەيران بولغان بولاتتى.

— ئويلىساڭ كۈلكىلىك ئىشلار، — دەپ ھېكايە قىلاتتى زۇنۇنكام، — مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىشى بىلەنلا

ئىسيانچىلار مېنى ئېلىپ چىقىپ سازايى قىلىشماقچى بولۇشتى. بېشىمدا «شيۇجېڭجۇيىچى» دېگەن قالپاق بار ئىدى. زىلەيخان ھەدەڭلا[1] «نامىڭىز شيۇجېڭجۇيىچى بولغاندىن كېيىن ساندۇقتىكى كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ، شيۇجېڭجۇيىچىغا ئوخشاپ چىقىڭ!» دەپ ساندۇقتىكى نافتالىن پۇراپ تۇرغان كاستۇم - بۇرۇلكا، پەلتۇلىرىمنى ئېلىپ كىيگۈزۈپ ياساپ قويدى. بىر توپ چوقانچىلار مېنى ئارىغا ئېلىپ: «جىن - شەيتانلارنى يوقىتايلى!» دەپ قىقاس سېلىپ، مەھەللىمۇ مەھەللە سازايى قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۆي - ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان خوتۇنلار مېنى كۆرۈپ ياقىسىنى تۇتۇپ «توۋا! جىن - شەيتان دېگەن نېمىكىن دېسەك بىر چىرايلىقلا ئادەملەركەنغۇ...» دېيىشەتتى. كۈندۈزى كۆرەش قىلاتتى، كېچىلىرى كىملەر ئەكېلىپ قوياتتىكىن، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا نان - توقاچ، گۆشلەر پەيدا بولۇپ قالاتتى...

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەممە ئادەم ئۈچۈن بىر سىناق بولدى. قىسمەن ئەدىبلەر يېزىقچىلىقنى جان بېقىشنىڭ، مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ دەسمايىسى قىلىشۋالدى. ئۇلار بۈگۈن سىياسىي سەھنىگە بىرسى چىقسا، خۇدنى بىلمەي ماختايتتى؛ ئەتىلا ئۇ غۇلاپ چۈشسە، قىزارماي تۇرۇپ تىللايتتى. ئۇلاردا مەيدان، مەۋقە دېگەن نېمە قالمىدى. زۇنۇن قادىرمۇ ئېھتىمال شۇنداق ئەسەرلەردىن بىر - ئىككىنى يېزىپ مەدھىيىۋازلىق قىلغان بولسا، تارىم چۆللۈكىدىن بۇرۇنراق قايتىپ چىققان بولاتتى. لېكىن، ئۇ چاكىنىلىقنى، تالانت بىلەن باشقىلارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشنى، ئۆز كۆڭلىدىن چىقمىغان تەمسىز نەرسىلەرنى يېزىپ، ئۆز ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشنى خالىمىدى؛ قاتتىق - يىرىك كۈنلەرنى ئاددىي خەلق بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ، شۇ تۇرمۇشتىن ئۆزىگە تەسەللى ۋە خۇشاللىق تاپال-

① زىلەيخان — زۇنۇن قادىرنىڭ ئايالى.



دى. چۈنكى، ئۇ خەلقنىڭ ئۆز يازغۇچىسى، ئۆز پەرزەنتى ئىدى.

ئاقسۇدا بىر كىشىنىڭ زۇنۇنكامنى ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىپ، قوي سويۇپ مېھمانغا چاقىرغىنى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇ ئادەم ئىلگىرى زۇنۇنكام بىلەن بىر يېزىدا تۇرغان، ئىككىسىنىڭ ئائىلىسى ناھايىتىمۇ ياخشى ئۆتۈشكەنىكەن. زۇنۇنكام:

— يورە، مېنىڭ بانايىمدا يەنە بىر مېھمان بولۇۋال! — دەپ مېنىمۇ باشلىۋالدى.

سورۇنغا زۇنۇنكامنىڭ ئاقسۇدا بىللە ئۆتكەن يېقىنلىرىدىن يەنە بىرقانچەيلەن يىغىلغانىكەن. قېيۇم تۇردى، تۇردى سامساق ئابلىمىت سادىق قاتارلىق يازغۇچىلارمۇ بىللە بولدى. شۇ يەردە زۇنۇنكامنىڭ ئاقسۇدىكى كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەر سۆزلەندى. تۇردى سامساق ئاكىنىڭ ھاياجانلىنىپ:

— بۇ گەپلەرنى باشقىلار يېزىۋالماڭلار جۇمۇ، زۇنۇنكام توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى ئۆزۈم توپلاۋاتىمەن! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنى كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

شۇڭا، ئۇ سورۇندا بولۇنغان ھېكايىلەرنى يېزىپ ئولتۇرمىدىم، ئېھتىمال تۇردى سامساق ئاكا زۇنۇن قادىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى شۇ تاپتا جىددىي يېزىۋاتقاندۇ ياكى يېزىپ بولغاندۇ ...

شۇ يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە دولان مەشرىپىنى كۆرۈشكە باردۇق. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئادەملىرى ئەسلىدە دولانلىقلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، بۇ يەردە دولان مەشرىپى ئويناش ئەنئەنىسى ساقلانغانىكەن. مەشرەپ بىز يېتىپ بارغان كۈنى كەچلىكى ئۆتكۈزۈلدى، ئەتىسى قايتىش ئالدىدا ناھىيە بازىرىنى ئارىلىدۇق. بازار ئىچىدە يېڭىدىن سېلىنغان بىر ماگىزىن بار ئىكەن، ھەممە يېرى ئەينەكتىن قىلىنغان

پوكەيلىرىنى ئارىلاپ مال كۆرۈپ كېتىپ بارسام، بىرى چاپىنىمنى تارتىدۇ. قارىسام، ئارقامدا زۇنۇنكام تۇرۇپتۇ.

— ئاۋۇ ئەينوكتىن نېرىراق تۇر، — دېدى ئۇ.

— نېمە بولدى؟ — دەپ ھەيران بولدۇم.

— ئۇرۇمچىگە قايتىپ چىققىنىمدا، پۇتۇمدا يوغان ئاياغ، بىر ماگىزىنغا كىرىپ ئايىغىم پوكەينىڭ مۇشۇنداق بىر ئەينىكىگە تېگىپ كېتىپ 20 يۈەن تۆلىگەنىدىم...

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈۋەتتىم. شۇ تاپتا زۇنۇنكام سەھرادىن كىرگەن ساددا بىر بوۋايغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئېھتىمال، ئۇنىڭ كىشىگە يېقىملىق كۆرۈنىدىغىنىمۇ ئاددىي ئادەملەردىن پەرقلەنمەيدىغان ئاشۇنداق مىجەزىدىن بولسا كېرەك.

ئاقسۇدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە كۆپ خاتىرىلەر ساقلانغانىكەن. بىز بۇ ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا مەن زۇنۇنكامدىن:

— زۇنۇنكا، سىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كۆرگەنمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— كۆرگەن، غۇلجىدىكى چاغدا ئۇ دائىم تەھرىر بۆلۈمگە ئەسەرلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى، — دېدى ئۇ.

— قانداقراق كىشى ئىدى؟ — دېدىم مەن.

— بىردەمدە قارىساڭ گىمناستۇركىلارنى كىيىپ رۇسلاردەك ياسىنىۋالىدىغان، بىردەمدە قارىساڭ خۇرۇم چاپانلارنى كىيىپ ليۇتچىكلاردەك بولۇۋالىدىغان بالا ئىدى. دەسلەپتە كۆرگەندە «غەلىتە نېمىكىنا بۇ!» دەپ قالغانىدىم. بايا ئۇ يۈرىكىدە ئوت يالقۇنلاپ تۇرىدىغان يىگىت ئىكەن. ئاڭلىدىڭمۇ ئۇنىڭ ئاقسۇدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىنى ... — دەپ كۈلۈپ گېپىنى داۋام قىلدى زۇنۇنكام، — بىر قېتىم ئۇ مېنىڭ گېزىتكە چىققان بىر شېئىرىمنى ئوقۇپتىكەن. نېمىلەرنى يازغىنىمغۇ



ھازىر ئېسىمدە يوق. لۇتپۇللا يېنىمغا كېلىپ: «زۇنۇنكا، سەن شېئىرنى قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ ھېكايىلىرىڭنى يېزىۋەرسەڭ بولغۇدەك» دېۋىدى، ئويلاپ تۇرۇپ كېتىپ، شۇنىڭدىن باشلاپ شېئىر يېزىشنى قويغانىدىم.

زۇنۇن قادىرى ئاشۇنداق ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ پەردازلاپ كۆرسەتمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد مۇخبىر، «رىزۋانگۈل» قاتارلىق ئوچېرىك ۋە قىممەتلىك خاتىرىلەرنى يازغان. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا:

— زۇنۇنكا، سىز ئۇرۇش دەۋرىدە ئالدىنقى سەپتە مۇخبىر بوپتىكەنسىز، قەھرىمانكەنسىز جۇمۇ! — دېدىم.

— مېنى دەمسەن؟ — دېدى ئۇ، — تازا قورقۇنچاقتىم. جان دېگەن تاتلىق دېگىنە، تاراسلاپ ئوق چۈشكىلى تۇرغاندىلا غاچچىدە ئاكوپقا چۈشۈۋېلىپ، قولۇمغا قەغەز - قەلەمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالاتتىم. باشقىلار «نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دېسە، «يېزىۋاتىمەن»لا دەيتتىم...

مۇنداق ئۆز - ئۆزىنى شاڭخو قىلىش پەقەت ئۆزىگە ئىشەنچىسى بولغان ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

1986 - يىل 7 - ئايدا ئىلىدا «تارىم»، «شوغىلا»، «ئىلى دەرياسى»، «ئىلى ئايدىنى» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرى بىرلىشىپ، «ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىردى. يىغىنغا كەلگەنلەر ئىچىدە زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئۆمەر غازى ئايتان، تېيىپجان ھادى، ئابدۇبەگ قاتارلىق نۇرغۇن پېشقەدەملەر بار ئىدى. 80 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق ئەدەبىياتچىلىرى قاتناشقان بۇ يىغىننىڭمۇ داغ - دۇغىسى ناھايىتى زور بولدى. يىغىن جەريانىدا زۇنۇنكام ھەر مىللەت قەلەمكەشلەرنىڭ ئىناقلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا «بۇ قېتىمقى يىغىن قازاق، ئۇيغۇر ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى

ئىلگىرى سۈردى» دېگەنىدى.

شۇ قېتىم غۇلجىغا كەلگەندە زۇنۇنكام ئۈستىگە قارا كۆك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىغان، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن بولۇپ، بۇ كىيىملەر ئۇنىڭغا ئۆزگىچە سالاپەت بەرگەنىدى، روھلۇق، تېتىك كۆرۈنەتتى. يىغىن جەريانىدا ۋە يىغىندىن كېيىن ئۇ غۇلجىدىكى ئاپتورلار، ياشلار بىلەن ئۇچرىشىپ نۇرغۇن خاتىرە رەسىملەرنى قالدۇردى. ئويلىسام، ئاشۇمۇ غەنىيمەت كۈنلەر بولغانىكەن.

يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن زۇنۇنكام غۇلجىدىكى ئوغلىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ دەم ئالدى. شۇ چاغدا ئىلى ئىجتىمائىي تېخنىكوم ئەدەبىيات سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرى مېنى ھېكايىچىلىق ھەققىدە ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە دەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. «غۇلجا شەھەرلىك قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» نىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن بۇ يىغىنغا شەھەردىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىمۇ قاتناشماقچى بولغانىدى، مەن «ھازىر شەھىرىمىزدە زۇنۇنكام تۇرۇپتۇ. ھېكايىچىلىق توغرىسىدىكى گەپنى يەنىلا زۇنۇنكامنىڭ قىلغىنى تۈزۈك» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتىم. زۇنۇنكام:

— بىز دېگەن كونا زاماننىڭ ئادەملىرى بولۇپ قالدۇق دېگىنە، گەپلىرىمىز ھازىرقى زامانغا ماس كەلمەي قالىدۇ، مېنى ئاۋارە قىلماي ئۆزۈڭ سۆزلەۋەرگىن. قورقىدىغان يېرىڭ بولسا، مەن بېرىپ يېنىڭدا ئولتۇرۇپ، بولالمىغان يېرىڭگە لوقما سېلىشىپ بېرەي، — دەپ چاقچاققا ئايلاندۇردى.

يىغىن باشلانغاندا ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ يېتىپ كەلدى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا تۇرمۇش ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ناھايىتى قىسقىلا سۆز قىلدى. ئۇ تولىمۇ كەمتەر ئىدى. مەن تونۇشقاندىن بېرى ئۇنىڭ ئۆزىنى ياكى يازغانلىرىنى ماختاپ بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ باققىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئەدەبىيات



توغرىسىدا ئاغزى بېسىلماي ۋاتىلداپ، كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى ئالىدىغانلار بىلەنمۇ خوشى يوق ئىدى.

شۇ يىلى ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىش ئالدىدا، ئېرىنمەي ئۆيۈمگە كېلىپ بىر چىنە چېيىمغا داخىل بولدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەن بىر ھېكايىسى ماڭا ناھايىتى قىزىق تۇيۇلغانىدى.

«سىلەرگە كونا زاماندىكى بىر گەپنى قىلىپ بېرەيمۇ، — دەپ گېپىنى باشلىغانىدى داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرغان بىرنەچچىمىزگە قاراپ زۇنۇنكام، — ياش ۋاقتىدا ئادەم دېگەن ساراڭدەكلا خىياللاردا بولىدىغان ئوخشايدۇ. بىر ئىچەرمەن ئاغىنەم بولىدىغان، ئىككىمىز ئىچىپ ئولتۇرۇپ گېزىتتىكى بىر پارچە خەۋەرنى ئوقۇپ قالدۇق. ياۋروپادا بىر دۆلەت بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ مۇشۇ ‹غېرىب - سەنەم›گە ئوخشاش ئاشىق - مەشۇقلار توغرىسىدىكى مەشھۇر بىر داستانى بولغانىكەن. بۇ داستاننىڭ ئەسلى قوليازمىسى چىڭگىزخان ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغاندا يىتىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار: بۇ داستاننىڭ قوليازمىسىنى چىڭگىزخاننىڭ ئادەملىرى شەرققە ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇرۇش ئوتىدا كۆيۈپ كەتمىگەنلا بولسا، بۇ قوليازما ھازىرغىچە بىر يەردە ساقلىنىۋاتىدۇ، دەپ قارايدىكەن، ھېلىقى گېزىتتە: مۇشۇ داستاننىڭ قوليازمىسىنى كىم تېپىپ بەرسە ئۇنىڭغا مۇنچىلىك پۇل بېرىمىز، بىر قېتىم پۈتۈن دۇنيانى ئايلاندۇرۇپ ساياھەت قىلدۇرىمىز، دەپ يېزىپتۇ. بۇنى ئوقۇپ ھېلىقى ئاغىنەم ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدۇق، بېرىدىغان پۇلىغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ھېلىقى پۈتۈن دۇنيانى ئايلاندۇرىمىز، دېگەن گېپىلا ئىچىمىزگە ئوت يېقىۋەتتى. ئىچىپ تازا قىيامىمىزغا يەتكەن ۋاقتىمىز بولسا كېرەك،

— قانداق، قوليازمىنى بىر ئىزدەپ باقمىزمۇ يا؟ — دېدىم.

— نېمە دەيدىغانسەن، نەدىن ئىزدەيمىز؟ — دېدى ئۇ.

— سۇلتان ئۇۋەيسنى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى، دەپ ئاڭلىۇدىم، بىر بولسا مۇشۇ سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىدىن چىقىپ قالامدىكىن دەيمىنا، — دېدىم.

شۇنداق قىلىپ، مەسچىتلىككە سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىغا قاراپ مېڭىپتۇق. ئەتىسى مازارغا يېتىپ چىقىپ، شەيخنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىمىزنى تونۇشتۇردۇق. ‹سىزدە كونا كىتاب، قوليازمىلار بولسا كۆرۈپ باقساق›، دېدۇق.

شەيخ بىر قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئاراشلىرىنى قەغەز بىلەن چاپلىغان بىر كونا ساندۇقنى كۆتۈرۈپلا چىقتى. ‹بىسمىللا!›، دەپ بىر دۇم كۆمتۈرۈۋىدى، ساندۇقنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچە كونا ھەپتىيەك، «قۇرئان»ىن باشقا ھېچنىمە چىقمىدى.

— يەنە بارمۇ؟ — دېسەك، بېشىنى چايقىدى.

شۇنىڭ بىلەن سالپىيىپ قايتىپ كەلگەنتۇق. شۇ ئاغىنەم ھازىرمۇ بار. مېنى كۆرسە ‹قانداق زۇنۇن، سۇلتان ئۇۋەيسكە چىقامدۇق!›، دەپ قويىدۇ...»

1988 - يىلى ئۇرۇمچىگە بارغاندا زۇنۇنكامنى يوقلاپ ئۆيىگە چىقتىم. گېپىمىز ئىلى سانائىنەپىسەنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا بولدى. ئۇ چاغدا مەن ئاتاقلىق ناخشىچىمىز ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنىڭ ھاياتىغا بېغىشلاپ يېزىۋاتقان كىتابىمنى پۈتتۈرۈپ قالغانىدىم. زۇنۇن قادىرى 40 - يىللاردىكى ئىلى تىياتىرىنىڭ ئاكتىپ ئويۇشتۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئەينى يىللاردا سەھنە ئەسەرلىرى يېزىپلا قالماي، يەنە ئارتىس، رېژىسسور ۋە دېكوراتور بولغان. ئۇنىڭدىن شۇ يىللاردىكى ئەھۋاللارنى سورىسام، ئۇ:

— ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك شارائىت نەدە دەيسەن، قەغەزدىن گۈللەرنى كېسىپ، سەھنىگە قۇرۇق شاختىن بىرنى



تىكلەپ، قەغەزدىن يوپۇرماقلارنى ياساپ، راست ئالمىلارنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئېسىپ قويۇپ، باغلارنىڭ مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلاتتۇق، ھەرە كېپىكىنى يېشىل بوياپ سەھنىگە چېچىپ قويساق، چىمەنزارلىقنىڭ ئۆزى بولاتتى ··· ھەممە نەرسە شۇنداق ئاددىيلا ئىدى، ئەمما تاماشىبىنلارغا بېرىدىغان تەسىرى يەنە قالتىس بولاتتى. شۇ چاغلاردا نۇرغۇن كۆلكىلىك ئىشلار بولغانىدى. ئۆلتۈرۈشلاردا بۇنى سۆزلەپ بېرىپ خېلى يىللارغىچە خەقلەرنى كۈلدۈرۈپ يۈرگەنىدىم. ئادەم قېرىغاندا غەلىتە بولۇپ قالىدىكەن، قارا، ھازىر بىرىمۇ ئېسىمدە يوق ··· — دېدى.

ھەقىقەتەنمۇ كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭغا قېرىلىق يېتىپ قالغانىدى. ھېلىقى كۈلپەتلىك يىللارنىڭ جاراھىتى ئەمدى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— كۆزۈمدىن كېتىۋاتىمەن، كۆزۈمدىن! ··· — دېگەنىدى شۇچاغدا ئۇ.

باشقىلاردىن ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، ئىسيانچىلار زۇنۇنكامنى كۈرەش قىلىۋېتىپ، چىرايىنى بەتبەشىرىلەشتۈرۈپ جىن - شەيتانغا ئوخشاتماقچى بولۇپ، بېشىغا قارا سىرنى تۆككەندە، سىر ئېقىپ چۈشۈپ ئۇنىڭ بىر كۆزىگە كىرىپ كەتكەنىكەن.

ئۇنىمىغىنىمغا قويماي مېنى ئۇ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— مۇنۇ گۈلنىڭ ئىسمى نېمە، بىلەمسەن؟ — دېدى ئۇ بىنانىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكتە ئېچىلىپ تۇرغان بىر گۈلنى كۆرسىتىپ.

— ھەشقىپىچەكقۇ! — دېدىم مەن.

— ھەشقىپىچەك ئەمەس، ئىشقىپۇچەك. ئازراقلا ئېچىلىپ، ھېلىلا كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ. شۇڭا كونىلار بۇ گۈلگە «ئىشقىپۇچەك» دەپ نام بەرگەن. ياخشى ياز، ماۋۇنىڭغا ئوخشاش ئىشقىڭ پۇچەك بولۇپ قالمىسۇن - ھە! — دەپ چاقچاق

قىلدى ئۇ.

كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، بۇ مېنىڭ زۇنۇن قادىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشۈم بولۇپ قالدى. ھازىر ئويلىسام، ئۇنىڭ «ئىشقىپۇچەك» توغرىسىدىكى سۆزىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەن. ئۆز خەلقىگە قايناق ئىشقى بولغان يازغۇچىنىڭ قەلىمىدىنلا خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەر پۈتۈپ چىقالايدۇ. زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەنە شۇنداق مۇھەببەت بىلەن ياراتقان «كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجادىي ئەمگىكى ئۇنى ئۆز خەلقى بىلەن مۇستەھكەم باغلىغان؛ ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ بەرگەن بىرقاتار ئەسەرلىرى خەلقىمىز ھاياتىنىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئىي خاتىرىسى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ پارلاق سەمەرىسى...» ئىدى. ئۇ ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سېلىپلا قالماي، يەنە ئۆزىنىڭ خۇشامەتتىن، ئەمەلتەمە قىلىشتىن خالى، كەمتەر، كۆڭۈلچەك، راستچىل، ئۆز خەلقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن كېيىنكى قەلەمكەشلەرگە نادىر ئۈلگە تىكلەپ بەردى. مېنىڭ قەلبىمدە ئۇ مېھرىبان ئۇستاز، سەمىمىي سۆھبەتداش، كۆڭلى يۇمشاق بىر ئاتىنىڭ تەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى...

1989 - يىل كۈز، غۇلجا



# ئاخىرقى سۆھبەت

(ئەسلىمە)

«داۋۇتجان ناسىر ۋاپات بوپتۇ!»

ئۇشتۇمتۇت تارقىلغان بۇ خەۋەرھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ گۈلدۈرلىگەن چاقماقتەك ھەممىنى تاڭ قالدۇردى. ئەجەلغۇ جىمى تىرىك جاننىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان رەھىمسىز مۇقەررەرلىك. لېكىن، داۋۇتجان تېخى ياش ئىدىغۇ؟ تېخى ئاخشامقى سورۇندىلا ئۇ زوق بىلەن ناخشا ئېيتىۋېدىغۇ؟...

ئاھ، بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى شۇنچىلىكمىدۇ؟!...

شۇ كېچە كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچتى. ھەسرەت بىلەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ تەقدىرگە نالە قىلدىم... بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېغىر بىر غەشلىك باستى. كاسىپلارنىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى. تۇرۇپلا ئادەملەر يەنە ئېسىنى يىغقاندەك بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىلىرىنى ئالدىراش ئاختۇرۇشتى. مەھەللە - كوي، بازار - رەستە، ھەممە يەردە داۋۇتجاننىڭ ناخشىسى ياڭراشقا باشلىدى. بۇ — خەلقنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىگە تۇتقان ماتىمى، سېغىنىشى، ھۆرمىتى ئىدى... شۇ ناخشىلارنى ئاڭلاپ كېتىۋاتقىنىمدا ماڭا داۋۇتجان ھېلىمۇ بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك بىلىندى.

لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن داۋۇتجاننىڭ جىسمى ئارىمىزدىن كەتكەن، ئۇنىڭ توي - تۆكۈن، مەشرەپ - ئولتۇرۇشلارنى قىزىتىش ئۈچۈن غۇلجىنىڭ تېرەكلىك كوچىلىرىدىن ئالدىراش

مېڭىپ ئۆتىدىغان قەدىمى ئەمدى مەڭگۈگە توختىغانىدى.

كىشى ياخشى بىر دوستىدىن ئايرىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن خاتىرىلىك كۈنلىرىنى ئۇنتالمايدۇ. شۇ جۇدالىق مىنۇتلاردا ئىختىيارسىز ئېسىمگە داۋۇتجان بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبىتىم چۈشتى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتچىلەرنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىدىغان بىر كىتابچە ئىشلىمەكچى بولۇپ بىزگە خەت يېزىپ، داۋۇتجان ناسىرنىڭ ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈنگەنىكەن. ئۇ چاغدا داۋۇتجان چەت ئەلگە توغقان يوقلاپ چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتۇق. داۋۇتجان كېلىپ ئارىدىن ئىككى ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇنى زىيارەت قىلىپ باردىم. كۆزۈمگە داۋۇتجان ئىلگىرىكىدىن سەل سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈندى. بىز داۋۇتجاننىڭ ساراي ئۆيىدىكى ئاددىي بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ گەپلەشتۇق:

— كىتابلارغا يازغۇدەك نېمە گەپ بار دەيسىز، مويكا مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، پېشقەدەملەردىن ئانچە-مۇنچە ناخشا-ساز ئۆگەندىم ...

ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ئەنە شۇنداق ئاددىي گەپلەر بىلەن باشلاندى. ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرىگە ئوخشاش داۋۇتجاندىمۇ ئۆز ھاياتىنى بوياپ كۆرسەتمەيدىغان، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى خالىمايدىغان پەزىلەت بار ئىدى.

داۋۇتجان ناسىر غۇلجا شەھىرىنىڭ مويكا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ناسىر ئاكا خۇش پېئىل، ناخشىچى ئادەم بولۇپ، ھارۋىكەشلىك قىلاتتى. داۋۇتجان كىچىكىدىنلا دادىسىغا ئەگىشىپ مەشرەپ-ئولتۇرۇشلارغا بېرىپ، ناخشا-ساز تىڭشاشنى ياخشى كۆرەتتى. ناسىر ئاكا ھارۋا ھەيدەپ يىراق



سەپەرلەرگە چىققاندا، ناخشىغا خۇمار بۇ ئوغلىنى بىللە ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمايتتى. داۋۇتجان ئەگىر-توقاي ھارۋا يوللىرىدا چايقىلىپ ئولتۇرۇپ، ئاپتاپلىق دالىدا چۇرۇقلىشىۋاتقان تورغايلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە دادىسى ئېيتقان ناخشىلارنىڭ ئاھاڭىنى تەكرارلايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قوشنا-قولۇملارغا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ سازلىقى مەلۇم بولدى.

— نېمە ئىشكىن بىلمەيمەن، — دېدى داۋۇتجان، — مەھەللىدىكى مومايلار مېنى تۇتۇۋېلىپ «ئانام-ئانام» نى ئېيتقۇزۇشقا خۇشتار ئىدى. مەن ناخشا ئېيتسام، ئۇلار يىغلايتتى. چوڭ كىشىلەر مېنى كۆرسە: «قېنى، ‹خانلەيلۇن› گە بىر تولۇۋەتكىنە، ھە، ئەمدى ‹سادىر ناخشىسى› غا ...» دەپ قويۇپ بەرمەيتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە سەنئەت ئىشلىرى كەڭ راۋاجلىنىپ، مەھەللە-مەھەللىلەردە سەنئەت كورۇژۇكلىرى تەشكىللىنىشكە باشلىدى. داۋۇتجان 1953-يىلدىن باشلاپ مويكا مەھەللىسىدىكى سەنئەت كورۇژۇكىغا قاتناشتى. ئۇ تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتقاندا، يېشى ئەمدىلا ئونلاردىن ھالقىغان بالا ئىدى. ئەينى يىللاردىكى پېشقەدەم سەنئەتچىلەر بۇ بالا ناخشىچىنىڭ ئاۋازىنى بىر ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان تالانتنى دەرھال بايقاشقان. ئۇزاق ئۆتمەي داۋۇتجان شۇ چاغدىكى قازاانچى رايونلۇق ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى.

— ئۇ چاغدىكى قازانچى سەنئەت ئۆمىكى ئاجايىپ قايناق بىر تەشكىل ئىدى، — دەپ ئەسكە ئالدى داۋۇتجان، — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق سەنئەتچىلەردىن بىر قانچەيلەنمۇ ئۇ يەردە بىر مەزگىل ئىشلىگەنىدى. يەنە ھېزىم موللىكام، تەمبۇرچى ئابدۇرېھىم ئاكا، تۇرسۇن ئاۋامۇسىبلىم (تۇرسۇنجان مەشچى) قاتارلىق كۈچلۈك نەغمىچىلەر بار ئىدى. ھەركۈنى

ئۆمەككە بېرىشقا ئالدىرايتتىم. ئۇ يەردە مېنى قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەر تولۇپ تۇراتتى. ناخشىنى سازغا چۈشۈرۈپ ئېيتىش، ئۇلاپ ئېيتىشلارنى مەن شۇ يەردە ئۆگىنىشكە باشلىدىم ...

قازانچى مەھەللىسى ئەزەلدىن كۈچلۈك ئەلنەغمىچىلەر توپلانغان، سەنئەت ئىشلىرىدا غۇلجا شەھىرى بويىچە مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئورۇن بولغاچقا، بۇ يەردىكى ئۆمەكتە ئىشلەش داۋۇتجاننىڭ سەنئەت ئەھلى قاتارىغا قېتىلىشىدا ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولۇپ قالدى. داۋۇتجان بۇ يەردە ناخشا ئېيتىش بىلەن بىللە ساز چېلىشنىمۇ ئۆگىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، مويكا مەھەللىلىك تۇرسۇن ئاۋا موسىبىلىم ئاكا ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. داۋۇتجان ئۆزىنىڭ بۇ ئۇستازىنى ئەسلەپ:

— ئۇ كىشىنىڭ چالغان سازى، ئېيتقان ناخشىلىرى مېنى سېھىرلەپ، يۈرىكىمدە سەنئەتكە بولغان قايناق ھەۋەس ئويغاتقانىدى. ئۇ مېنىڭ ھۆرمەتكە مۇناسىپ، ئۇنتۇلماس ئۇستازىم! — دېدى.

داۋۇتجان ناسىر ئۆز ئۆمرىدە بىرەر سەنئەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ، ئۆز ئىلىنىڭ سەنئەتكە باي تۇپرىقىدا تەبىئىي ئۆسۈپ يېتىلىپ، خەلقتىن ئىبارەت بۇ قۇرىماس بۇلاقتىن قېنىپ سۇ ئىچىپ، يالغۇز كلاسسىك ئاھاڭ، خەلق ناخشىلىرىنىلا ئورۇنداشقا ماھىر بولۇپ قالماستىن، دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا قاتارلىق مۇزىكىلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغان مۇكەممەل سەنئەتچى بولۇپ يېتىشتى.

داۋۇتجان ناسىر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى، تاش كۆۋرۈك يېزىسى، شەھەرلىك ئىككىنچى رايون ۋە قول سانائەت كارخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتنىشىپ، بۇ ئۆمەكلەرنى تەشكىللەش ، راۋاجلان-



دۇرۇش، يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور بولۇپ، بۇ ئۆمەكنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ تۇرۇشىدا ھېسام قۇربان بىلەن داۋۇتجان ناسىر قاتارلىق سەنئەتچىلەر كەم بولسا بولمايدىغان كۈچلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

داۋۇتجان ناسىر خەلق ناخشىلىرىنى . ئورۇنداشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان سەنئەتچى. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق، دولقۇنلۇق، ھېسسىياتقا باي ،تىلى ئېنىق، ئاھاڭ بىلەن ناخشا تېكىستلىرى مۇستەھكەم بىرىككەن بولۇپ، پەقەت داۋۇتجانغىلا مەنسۇپ ئۆزگىچە پۇراق بىلەن يۇغۇرۇلغان. شۇڭا خەلق ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە غۇلجا خەلق رادىئو ئىستانسىلىرى ئۇنىڭ نۇرغۇن ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئالغان ۋە مەخسۇس تونۇشتۇرغان. ھەرقايسى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرى ۋە تەلەپلەر بويىچە بەرگەن كونسېرت نومۇرلىرىغا داۋۇتجان ناسىرنىڭ ئاۋازى ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىدە قانچە توي - تۆكۈن، مەشرەپ - سورۇنلارنى ئاۋات قىلغانلىقىنى، خەلق قولىدا ساقلىنىۋاتقان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ سانى زادى قانچىلىكلىكىنى ئېھتىمال ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىسە كېرەك...

داۋۇتجان ناسىر ئەينى يىللاردا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت مۇسابىقىلىرىدا كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەنىدى. 1984 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك ئەمالار ئۈنئالغۇ ناخشا لېنتىلىرىنى باھالاش مۇسابىقىسى» دا ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە لېنتىغا بەرگەن يەتتە ناخشىسى مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شەرەپ كەلتۈردى.

داۋۇتجان كېيىنكى يىللاردا مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ «تاغ سۇلىرى» ، «ئىلى ئالمىسى» ، «سېنى كۈيلىمەك بەختىم» ، «قىزىلگۈل» قاتارلىق ئىجادىيەتلىرى كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئىشلىگەن بۇ مۇزىكا ـ ناخشىلارنىڭ ئاھاڭى خەلقنىڭ روھىغا يېقىن بولغاچقا تېزلا ئۆزلىشىپ، خەلق ئىچىگە تاراپ كەتكەندى.

داۋۇتجان ناسىر ئېيتقان ناخشىلار كىشىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. خۇددى قارىغايلىقلار ئارىسىدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان دولۇنلۇق تاغ سۇلىرىغا ئوخشاش كىشىگە ئارام ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

— ناخشىلىرىڭىز نېمىشقا شۇنچە تەسىرلىك ؟ ـ دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— بۇ سوئالغا بىر نېمىدېمەك تەس، — دېدى داۋۇتجان، — قانداق چۈشەندۈرسەم بولار··· دۇتارنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەنلا ۋۇجۇدۇم ھاياجانغا لىق تولىدۇ. ناخشىنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىرىپ ئېيتىمەن ··· كىچىك ۋاقتىمدا كۆزۈم خىرە كۆرەتتى. يىللار ئۆتكەنسېرى يورۇق ئالەمنى كۆرۈشتىن قالدىم. مەن ئېيتقان ھەربىر ناخشىنىڭ ئاھاڭى يۈرىكىمدىكى مۇڭ ۋە ھاياتقا، ئادەملەرگە بولغان مۇھەببىتىم، قۇياش نۇرى ئاستىدا تاۋلىنىپ ياتقان كەڭ دالا، ياپيېشىل ئوتلاقلارغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن تولغان···

بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆھبەت بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇ چاغدا خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى··· ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن مىڭلىغان كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈۋاتقان بۇ هارماس بۇلبۇل 1988 ـ يىل 18 ـ سېنتەبىر ئەتىگەندە، مېڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبى بىلەن تۇيۇقسىز ئارىمىزدىن كەتتى. مەرھۇم ئاپتونوم رايونلۇق مۇزد-



كانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، غۇلجا شەھەرلىك مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى ئىدى.

داۋۇتجان ناسىرنىڭ ۋاپاتى سەنئەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىگە ئېچىنىش ئوتىنى ياقتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرى مەيۈسلەنگەنلەرگە ئۈمىد، ھارغانلارغا ئارام، چېچىلغانلارغا تەسەللىي، غېرىبسىنغانلارغا خۇشاللىق بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ تېخى خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ يېقىشلىق ئاھاڭلارنى ئىشلەش ئۈستىدە كەڭ پىلانى، ناخشا بىلەن خەلققە يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن قەلب سۆزلىرى بار ئىدى . بۇ جۇدالىق ناھايىتىمۇ تاسادىپىي، ناھايىتىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقانلىكى ئادەملەر دۆلەتمەھەللە «گۈللۈك مەسچىت» كە قاراپ ئاقتى. شائىر ئابدۇساتتار ناسىرى بۇ مەنزىرىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىدى:

تاڭ يورۇپ،
سۇبھى ئەمدى سۈزۈلگەندە.
داۋۇتچان تىنىپ قالدى،
بىر ئۇھ تارتىپ،
تۇيۇقسىز يۈرەك تارى ئۈزۈلگەندە···
نېمەئۇ؟
ئاق يەلكەنمۇ ئوكياندىكى،
ئاققۇمۇ ئۇچۇپ بارغان ئورماندىكى؟
ئاق بۇلۇت ئىچىدە دىلغا مۇڭلار تۆكۈپ،
ئايمۇ ئۇ ئۈزۈپ ماڭغان ئاسماندىكى؟
ياق دوستلار، داۋۇتجاننىڭ تاۋۇتى ئۇ.
ئادەملەر ئېقىندا كېتىپ بارغان.

تەلمۈرۈپ قارىشىدۇ كۆزلەر كۆزگە،
مۇسىبەت دەرياسى بۇ ئېقىپ بارغان.

ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوپ گويا شۇ كۈنلەردىكى غۇلجىنىڭ ئەھۋالىنى، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ بىلەن ھېسامىنىڭ كۆزىدىكى مۇسىبەت يېشىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك:

مەن ئىشەنگەيمەن نىچۈك راستىنلا ئەزرائىل كېلىپ،
جان مېۋەڭنى ئۈزگىلى قەددىڭ شېخىنى ئەگدىمۇ؟
ھەممە ئۇيغۇر دېگۈدەك «مىڭ ياشا!» دەيتتى سېنى،
كۆپچىلىك سۆزلەۋېرىپ ئاخىر ساڭا تىل تەگدىمۇ؟
... ... ...
غۇلجىنىڭ پەركايى ئۇچقاندەك سېزىلدى ئاشۇ كۈن،
چۈنكى ئۇندىن كەتتى بىر تەڭدىشى كەم بۇلبۇل ئۇچۇپ.
ئا. جارۇللايوپ تۆكۈپ ياش، كۆلكىدىن قاپتۇ ھېسام،
يىغلىسا ئەرزىيدۇ ئۇيغۇر پۈشتى قەبرەڭنى قۇچۇپ...

دېگەن مىسرالارنى تىزدى.

ئاتاقلىق كومپوزىتور ھۇسەنجان جامى داۋۇتجان ناسىرنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ: «سەنئەت گۈلزارىمىز ئۇچۇن ئاجايىپ چوڭ يوقىتىش بولدى» دېدى. داۋۇتجان ناسىرنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتىدە تۇتقان ئورنى ئۇنىڭغا بەكمۇ روشەن ئىدى. يازغۇچى زوردۇن سابىر جۇدالىق ھەسرىتىدە تىترىگەن قوللىرى بىلەن كۆزەينىكىنى تارتىپ: «داۋۇتجان ناسىر خەلقنىڭ سەنئەت ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئۇلۇغ ئادەم» دەپ يازدى. ئۇ ياۋروپا، ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۆز ئېلىنىڭ توپلىق يوللىرىنى، ناخشا ـ سازلىرىنى سېغىنغانىدى. داۋۇتجان بىلەن يەنە بىر سورۇندا



بولۇشنى ئىزدەيتتى...

داۋۇتجان ناسىرنىڭ تەزىيە مۇراسىمى 28 ـ سېنتەبىر كۈنى غۇلجا شەھەرلىك ئىشچىلار ئويۇشمىسى بىناسىنىڭ ئۇستۈنكى قەۋەت زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ ئىككى ـ ئۈچيۈزچە ئادەم بۇ كىچىك زالغا تىقىلىپ قالغانىدى. شۇ كۈنلەردە پۈتۈن جەمئىيەت، پۈتۈن ئىلى خەلقىنىڭ نەزىرىمۇ شۇ يەرگە تىكىلگەندەك قىلاتتى. داۋۇتجان ناسىرنىڭ ھاياتى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندە كىشىلەر كۆز يېشىنى توختىتىۋالالمىدى. شائىر مەھەممەتجان راشىدىن:

ئۆيۈڭدە دۇتارىڭ قالدى ئېسىقلىق،
ئورنىڭدا قولىغا كىم ئالار ئۇنى؟
ئېيتقىنا، بىز بارساق غېرىبخانەڭگە،
ئالسىمۇ، سېنىڭدەك كىم چالار ئۇنى؟
سورۇنلار سېنىڭسىز چۆل بولدى گويا،
قارىساق، ھېسامكام يېنىدا سەن يوق.
يىراقتىن كەلگەنلەر ئارماندا ـ داغدا،
قايتىشتى، سەۋەبى ئىلىدا سەن يوق.
... ...
دەريالار يىغلايدۇ، باغلار كۆزى ياش،
ماتەمدە ۋەتەننىڭ ئالمىزار شەھىرى.
ۋادىمىز زارلايدۇ كەتتى، دەپ بۈندىن،
ئۇيغۇرنىڭ بۇلبۇلى، ئىلىنىڭ پەخرى...

دەپ يېزا خەلقىنىڭ كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتتى.

ئۇمۇمەن، شائىرنىڭ تەزىيە يىغىنىدا ئوقۇلغان شېئىرلاردا

سېغىنىش بىلەن جۇدالىق، ھەسرەت بىلەن ئۈمىدا گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. پېشقەدەم شائىر مۇمىن سەپىرى مىكروفون ئالدىغا چىققاندا پۇغاندىن بوغۇلۇپ قالدى. دائىم كۈلكە پەيدا قىلىدىغان ھېسامنىڭ چىرايىدىن بۈگۈن كىشىلەر چوڭقۇر ھەسرەتنى كۆردى. ئۇ سۆيۈملۈك ئىنىسى، ياخشى - يامان كۈنلەردە بىللە بولغان سەپدىشى داۋۇتجانغا ئاتاپ ئىككى ئېغىز سۆز قىلماقچى بولغاندا، كۆز چاناقلىرىدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشتى... بۇ يەردە قانچە تەزىيە نامىلار، مەرسىيەلەر يەنە ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئوقۇلماي قالدى...

داۋۇتجان ناسىر ئۆزىگە شۇنداق يىقىلماس ھەيكەل تىكلەپ ئالەمدىن ئۆتتى. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ناخشىلىرى، مول ئىجادىي ئەمگىكى، سەنئەت ئىشلىرىمىزغا قوشقان تۆھپىسى، كەمتەر ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن ھۆرمەتكە ساۋاۋەر بولغان بۇ پەرزەنتىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ!

1988 - يىل 10 - ئاي، غۇلجا



# ئۇنتۇلماس كۈنلەر

(ئوچېرك)

يەتتىنچى ئاي غۇلجىنىڭ تازا كۆكلۈك ۋاقىتلىرىنىڭ بىرى. بۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرى ھۇپپىدە ئېچىلغان گۇللەر بىلەن تولغان بولىدۇ، باغلاردىكى قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار يوپۇرماقلار ئارىسىدىن شوخ قىزلاردەك مارىشىپ تۇرىدۇ. ئېتىزلاردىن يازلىق ئاشلىقنى يىغىۋېلىش ئالدىراشچىلىقىدا يۈرگەن دېھقانىنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىدۇ. دالىلاردىن ئورغان شامال پىشىپ قالغان ئوت - چۆپلەرنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئېلىپ كېلىدۇ. يايلاقلاردا تويۇنغان مال - چارۋىلار قېيغىتىدۇ. تاغ باغرىدا بولسا ئېتىنىڭ ئىگىرىگە قىيپاش ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر كىگىز ئۆيدىن يەنە بىر كىگىز ئۆيگە، بىر ئاۋۇلدىن يەنە بىر ئاۋۇلغا قىمىز ئىچىش ئۈچۈن كېتىپ بارغان چوپانلارنى كۆرىسىز ...

ئەنە شۇنداق ياخشى مەزگىلدە ئىلىدا «تارىم»، «شوغىلا»، «ئىلى دەرياسى»، «ئىلى ئايدىنى» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرى بىرلىشىپ، «ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزدى. يىغىن 15 - ئىيۇلدىن 29 - ئىيۇلغىچە داۋام قىلدى. 15 - ئىيۇل غۇلجا شەھىرىنىڭ «سىياسىي كېڭەش زالى» دا يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈنى كەچتە «ئىلى مېھمانخانىسى» دا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت نامىدىن مېھمانلارغا

كاتتا زىيايەت بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا قەلىمى پىشقان، نامى شىنجاڭدىكى كەڭ كىتابخانلارغا تونۇش بولغان كىشىلەر ۋە زۇنۇن قادىرغا ئوخشاش 30 - يىللاردىن تارتىپ قولىغا قەلەم ئالغان پېشقەدەملەرمۇ قاتناشتى. ئەسەرلىرى يېقىندىن مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈنۈۋاتقان ياش كۆچەتلەرمۇ كەلدى؛ مۇھەررىر، تەنقىدچىلەر، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇل كىشىلىرى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلارمۇ هازىر بولدى.

يىغىن ۋاقتى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىرىنچى باسقۇچتا ئەسەر كۆرۈش ۋە مۇهاكىمە قىلىش، ئىككىنچى باسقۇچتا ئېكسكۇرسىيە ۋە تۇرمۇش ئۆگىنىش. ئەسەر كۆرۈش، مۇهاكىمە قىلىش ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

جۇڭگو — بىزنىڭ بىر مىلياردتىن ئوشۇق نوپۇسقا ئىگە بۇ چوڭ مەملىكىتىمىزدە هەر كۈنى، هەر سائەتتە غايەت زور يېڭىلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۈگۈن ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشلىغان ئىسلاهات دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. ئىسلاهات دۆلەت ئاپپاراتلىرىدىن تارتىپ هەربىر زاۋۇت - كانلارغىچە، يېزىلاردىن تارتىپ شەهەرلەرگىچە ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىشى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، تۇرمۇش ئادىتى، زوقى، ئىنتىلىشى، كىيىنىشى، تاماقلىنىشى، تەلىپى ئۇلارنىڭ ئىگىغا باغلىق بولغان ياكى بولمىغان هالدا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشماي قېلىۋاتىدۇ؛ شۇنداقلا يەنە ئۆتكەن تارىخ جەريانىدا كاللىسىدا شەكىللىنىپ قالغان «سول» خائىش، كۆز قاراش، ئادەتلىرىدىن ۋىدالىشىشقا كۆزى قىيماي، ئازابلىنىۋاتقانلارمۇ بار … بەدىئىي ئەدەبىيات ئۇلۇغ زېمىنىمىزدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان يېڭى شەيئى، بۈيۈك قەهرىمانلارنىلا مەدهىيىلەپ قالماي،



رېئاللىقتا هەقىقىي يۈزلىنىپ، جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ روهىي دۇنياسىنى چوڭقۇر ئاختۇرۇشى، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىشى، تۇرمۇش هادىسىلىرى ئىچىدىن چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، نامراتلىق بىلەن بېيىغانلىق، روناق تاپقانلىق بىلەن روناق تاپالمىغانلىقنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشى لازىم …

مۇهاكىمە يىغىنىدا پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ سۆزى يۇقىرىقىدەك چىگىش، مۇرەككەپ مەسىلىلەرگىچە بېرىپ تاقالدى. گۇرۇپپا ۋە چوڭ يىغىنلاردا يولداشلار قىزغىن پىكىر قىلدى. يىغىنىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى 19 - ئىيۇل چۈشتىن ئىلگىرى ئاخىرلاشقاندا، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا مۇهاكىمە ۋاقتى قىسقا بولۇپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇلارنىڭ يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلەشكۈسى، تالاش - تارتىش قىلغۇسى باردەك قىلاتتى.

## گۈلباغ شەهەر ــ غۇلجا

يىغىنغا كەلگەن يولداشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىلىنى، غۇلجا شەهىرىنى كۆرۈشى تېخى بىرىنچى قېتىم ئىدى. بىر هەپتىلىك جىددىي مۇهاكىمە جەريانىدا ئۇلارنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىش ئارىلىقلىرىدا بازارغا چىقىپ ئانچە - مۇنچە ئارىلىغىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارغا شەهەرنى، شەهەر ئەتراپىدىكى باغلىق مەهەللىلەرنى كۆرۈشكە پۇرسەت بولمىدى. 19 - ئىيۇل چۈشتىن كېيىن، غۇلجا شەهەرلىك پارتىيە - هۆكۈمەت رەهبەرلىرى مېهمانلار ئۈچۈن باغ سەيلىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى.

ۋەكىللەر ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، تۈت دۇكان، تاش كۆۋرۈك مەهەللىلىرىنى، تاش كۆۋرۈك يېزىسىنىڭ شىپالىق باغلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتتى. تېرەكلىك كوچىلار، كوچىلارنىڭ

ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇلار كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرغان ھەربىر ھويلىدىن سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈزۈم باراڭلىرى، كېپىنەكلەر ئەگىپ يۈرگەن رەڭمۇرەڭ گۈللەر، شاخلىرى تاملاردىن ئارتىلىپ چۈشكەن بولۇق ئالمىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى ... ماشىنىلار ئاستا ـ ئاستا سىلجىپ، ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى ئۈستىگە كېلىپ توختىدى، ھەممە ئالدىراش ماشىنىدىن چۈشتى.

مانا بۇ ئىلى دەرياسى، ئىلىدا ئۆتكەن بارلىق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى. ئىلىنىڭ مۇنبەت يەرلىرىگە جان قوشقۇچى بۇ ئۇلۇغ دەريا شۇ تاپتا قەلەمكەشلەرنى تەبرىكلىگەندەك قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ، شاۋقۇن سېلىپ ئاقماقتا ئىدى ... بالىلىق چاغلىرى ئىلىدا ئۆتكەن يولداشلار ئىلگىرى دەريا بويىدىكى بۇ قاقاسلىقلارنىڭ، سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئاۋۇ ئاراللارنىڭ بۈككىدە ئورمان بىلەن قاپلانغانلىقىنى ئەسلەشتى. ئەينى يىللاردا ئۇ يەردە تاللار، سېرىق سۆگەت، جىغان، زىرىق دەرەخلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسۈپ، ئاجايىپ گۈزەل بىر تەبىئىي مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. ئاراللار ئۈستىدە ياۋا ئۆردەك ۋە ھەرخىل سۇ قۇشلىرى چۇۋۇلداپ ئەگىپ ئۇچۇشاتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيىنى يالغۇز جەمئىيەتكە، ئادەملەرگىلا بولۇپ قالماي، بۇ قەدىمكى دەرياغىچە كېلىپ يەتتى. ھۆكۈمەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن شۇ يىللاردا بۇ يەردىكى ئورمانلار كېسىلىپ تۈگىدى، بارلىق تەبىئىي مەنزىرە ـ گۈزەللىك نابۇت بولدى. ھازىر دەريانىڭ شەھەر تەراپىدىكى قىرغىقىدا شەھەر خەلقى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى جاپالىق ئەجىر قىلىپ تىكىپ، پەرۋىش قىلىۋاتقان يېڭى ئورمان ئەمدىلەتىن ئاينىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

ماشىنا سىگنال بېرىپ قايتىشقا ئالدىرىغان بولسىمۇ، يولداشلارنى تېز يىغىۋالغىلى بولمىدى. بۇ يەردە ھەربىر كىشىنىڭ



بىرەر پارچىدىن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرغۇسى كېلەتتى. بىرقانچە شائىر يولداشلار كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا يۆلەنگىنىچە دەريا دولقۇنلىرىغا قاراپ خىيالغا كەتكەنىدى. شائىر ئابلىكىم خېۋىر شۇ تاپتا نەزىرىنى دەريا ئېقىنلىرىدىنمۇ ھالقىتىپ، ناھايىتى يىراقلارغا تىكىپ، كۆڭۈل دەپتىرىگە يېڭى ئىلھاملارنى خاتىرىلەۋاتاتتى. كۆۋرۈك ئۈستىدە بېيجىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن كەلگەن يولداش ئەكبەر غۇلام ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ ھەممە كىشىنى سۈرەتكە تارتىپ، تەڭ رازى قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. قايتار چاغدا ماشىنىغا ئەڭ ئاخىرىدا چىققان كىشىمۇ ئەكبەر غۇلام بولدى. مەن «فوتو ئاپپارات تۇتقان ئادەمگىمۇ تەسكەن، ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ سۈرەت تارتتى، ئۆزى بىرەر پارچە سۈرەتكە چۈشەلىگەنمىدۇ؟ ...» دەپ ئويلاپ قالدىم.

× × ×

مېھمانلار دەريا بويىدىن قايتىپ، غۇلجا شەھەرلىك «خەلق» باغچىسىغا يېتىپ كەلدى. ئېگىز ئاكاتسىيە دەرەخلىرى بۇ خىلۋەت باغچىغا قاراڭغۇلۇق تاشلاپ، سالقىنلىق بېغىشلاپ تۇراتتى. قىزغىن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقان مېھمانلار باغقا قەدەم بېسىشى بىلەنلا جىمجىت، ئېغىر بىر كەيپىياتقا چۆمدى. چۈنكى، بۇ باغقا 1949 ـ يىلى ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ قەبرىسى تۇرغۇزۇلغانىدى. قەبرىلەر ئالدىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىگە بەرگەن يۈكسەك باھاسى ئويۇلغان خاتىرە مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يىغىن ۋەكىللىرى قەبرىلەر ئالدىدا سۈكۈتتە تۇردى. شۇ تاپتا ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىدە ئېغىر بىر قايغۇ، ئىنقىلاب پېشىۋالىرىنى سېغىن-

نىش ھېسسىياتى ھۆكۈم سۈرەتتى.
خاتىرە مۇنارى يېنىدىكى «ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە ئۆ-
يى» يولداشلارنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. بۇ يەرگە ئىنقىلابىي
قۇربانلارنىڭ چوڭايتىلغان رەسىملىرى ئېسىلغان، يەنە ئۈچ ۋى-
لايەت ئىنقىلابىغا ئائىت نۇرغۇن رەسىملەر قويۇلغانىدى. يول-
داشلار ھەربىر رەسىمنى تەپسىلىي كۆردى. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىدىن كەلگەن يازغۇچى ئېزىز ساۋۇت رەسىملەر چاپلانغان
ئالبوملارنى دىققەت بىلەن ۋاراقلايتتى. خوتەندىن كەلگەن يازغۇ-
چى نۇرمەھەممەت توختىنىڭ كۆزى رەسىملەردىكى ئۈچ ۋىلايەت
مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە مۇھەببەت بىلەن قادالغانىدى.
شۇنداق، بۇ خاتىرە ئۆي، بۇ ئالبوملار گەرچە كىچىك بولسىمۇ،
ئۇنىڭدا پۈتۈن بىر قايناق دەۋرنىڭ تارىخى، ئازادلىق، ئەركىن-
لىك ئۈچۈن قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ ئۆچمەس داستانى
ساقلىنىپ تۇراتتى ...

× × ×

مېھمانلار ئولتۇرغان ماشىنىلار يەنە گۈلزارلىق ھويلىلار-
نىڭ ئالدى بىلەن باغلىق مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، خەن-
بىڭ يېزا «تەرەققىيات كەنتى» نىڭ شىپاڭلىق بېغىغا يېتىپ
كەلدى. غۇلجا شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇر-
سۇن ئەلىنىڭ ئېيتىشىچە، خەنبىڭ يېزىسىدا 1800 مو باغ
بولۇپ، بۇ شىپاڭلىق باغنى لايىھىلەپ قۇرۇشتا ئاتاقلىق باغۋەن
ھاجى مۇھەممەت، «تەرەققىيات كەنتى» نىڭ شۇ يىللاردىكى
كەنت باشلىقى مەرھۇم رىشىت ئىماملار كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگە-
نىكەن. غۇلجا شەھىرىدىكى يولداشلار ئەزىز مېھمانلارنى بۇ باغقا
ئېلىپ چىقماي قالمايدۇ. ئەينى يىللاردا بۇ باغقا دۆلەت رەھبەر-
لىرىدىن يولداش خې لۇڭنىڭ قەدىمى يەتكەن، كېيىن، يەنە



باشقا دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ كەلگەن. بۈگۈن بۇ گۈللۈك شىپاڭغا
شەھەر خەلقى ئۆزىنىڭ شائىر، يازغۇچىلىرى ئۈچۈن داستىخان
ھازىرلىغانىدى. شىپاڭ ئەتراپىنى يول - يول كەتكەن ئۈزۈم-
زارلىقلار، پاكار - پاكار شاپتۇللۇقلار، شاخلىرىنى كۆتۈرۈ-
شەلمەي قالغان ئالمىلار قورشاپ تۇراتتى. شىپاڭ يېنىغا يەنە
تاشئالمىلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ ئۇلاپ رىشاتكا ھاسىل قى-
لىنغانىدى. شىپاڭنى مەركەز قىلىپ ھەر تەرەپكە سوزۇلۇپ
كەتكەن يوللار، ئېرىقلار، مېۋىلىك دەرەخلەر شۇنچىلىك رەتلىك
تۇراتتىكى، بۇ يەردە يالغۇز باغۋەنچىلىكلا ئەمەس، نەپىس بىر
قول سەنئىتىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى ... دۆلەت رەھبەرلىرى
كەلگەندە باغۋەن ھاجى مۇھەممەت بۇ باغنىڭ ئەھۋالىنى تونۇش-
تۇرغانىكەن. شۇ چاغدا رەھبەرلەر بىلەن بىللە كەلگەن مۇخبىر-
لار ھاجى مۇھەممەتنى قورشىۋېلىپ: «سىز قەيەردە تەربىيە
ئالغان، قايسى يېزا ئىگىلىك داشۆسىنى پۈتتەرگەن؟» دەپ
سوراشقان. ئىلى خەلقى ئەزەلدىن باغ بەرپا قىلىشقا، گۈلگە
ئىشلەشكە ھېرىسمەن، ئىلىدىكى باغۋەنلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن
مۇھىتى — مۇشۇ زېمىن، ئۇستازى — خەلق!
بىر ھەپتىلىك بەس - مۇنازىرە جەريانىدا چارچىغان قەلەم-
كەشلەرنىڭ غۇر - غۇر شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كەڭ شىپاڭدا
خېلىلا ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. بۇ يەرگە يەنە ئىلىنىڭ
ئاتاقلىق كىشىلىرى، غۇلجا شەھىرىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت،
مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ رەھبەرلىرى جەم بولغانىدى. ھەممەيلەن
قىزغىن پاراڭلاشتى. تېيىپجان ئېلىيوپ، ئۆمەر غازى ئايتان
باشلىق شائىرلار شېئىرلار ئوقۇدى، سەنئەتچىلەر نومۇرلارنى
كۆرسەتتى. بۇ يەردە ئوقۇلغان شېئىرلار ئىچىدە خوتەن «يېڭى
قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن كەلگەن شائىر روزى
سايىتنىڭ «بۇلبۇلغا خىتاب» دېگەن شېئىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشى
ناھايىتى قىزىقارلىق. جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە بۇلبۇل بولماي-

دىكەن، روزى سايىت بۇلبۇل ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ باقمىغانىكەن. ئەپسۇسكى، 7 - ئاي كىرىشى بىلەن غۇلجىدىمۇ بۇلبۇللار ئاساسەن سايراشتىن توختايتتى. شائىر ئىلىغا كېلىپمۇ بۇلبۇل ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ، بۇلبۇلغا مۇنداق خىتاب قىلغان:

ئۇنى يوق بىر ئەپسانىكەن دەپتىمەن،
(بولمىسا ئۇ چىقامتى گۈل چاچقىلى؟ )
ھەر قانچە بوپكەتسىمۇ يۈزى تۆۋەن،
نېمە قىلدىم ئۇ مېنىڭدىن قاچقىلى؟...
«شائىر كەپتۇ» دەپ ئاڭلىغاچ، تەمتىرەپ
مۆككىنىمۇ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈپ.
يا بولمىسا ئىشق بابىدا كەم تەرەپ،
كەتتىمىكىن ئۈۋىسىنى كۆچۈرۈپ؟
تەڭ سايرىساق جانلانامتى ھەر تەرەپ،
كەڭ ۋادىنى كۈيگە كۆمۈپ كۈلدۈرۈپ.
دېدى بىرى «گۇمانىڭدىن دەرھال كەچ
بۇلبۇل سايرار ھەمىشە گۈل پەسلىدە.
ھازىر ئۇنىڭ مەستخۇشلۇقى يېشىلگەچ،
كۆيۈپ - پىشىپ يۈرەر پەرزەنت ۋەسلىدە».
باشقىلاردىن بۇ ئىزاھنى ئىشىتكەچ،
بىلدىمكى، ئىش مۇنداق ئىكەن ئەسلىدە.

ئارىدىكى بىر دەملىك دەم ئېلىشتا مېھمانلار بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى يولداشلار شىپاڭ ئەتراپىدىكى چىمەنلىكتە بەس - بەستە سۈرەتكە چۈشتى. كەيپىياتنى تېخىمۇ قىزىتقۇسى كەلگەندەك شىپاڭ تۈۋىدىكى گۈللەر ئەتراپىدا سانسىز گۈل ھەرىلىرى غۇڭۇلدايتتى. زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ، شەكەن ئو-



ئالبايوپ، ئۆمەر غازى ئايىتانغا ئوخشاش پېشقەدەملەرنى ياش ھەۋەسكارلار ئورىۋېلىشقانىدى. ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن كەلگەن ئوششاق باللار شىپاڭنىڭ جەنۇبى دەرۋازىسىغا توپلانغان بولۇپ، ئۇلار تۆمۈر رېشاتكىغا ئېسىلغىنىچە بۇ قىممەتلىك مېھمانلارنىڭ ھەرىكىتىنى ھەيرانلىقتا كۆزىتىشەتتى.

مېھمانلار سورۇنغا قايتىپ كەلگەندە ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى داۋۇتجان ناسىر بىر يۈرۈش ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. شائىر روزى سايىت داۋۇتجان ناسىرنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ياق، ئىلىنىڭ بۇلبۇللىرى سايراشتىن توختىماپتۇ! » دېگەن پىكىرگە كېلىپ، «تىنماس بۇلبۇل» دېگەن نامدا مۇنداق بىر شېئىر توقۇدى:

«تۆت پەسىل سايرايدىغان بۇلبۇلى بار -
ئىلىنىڭ» دېدى بىرسى، قوبۇل كۆردۈم.
كۈيىنى پەسىل توسۇپ قالالمىغان،
خۇش ناۋا داۋۇتجان دەپ بۇلبۇل كۆردۈم.
شۇنچىلىك بولار بۇلبۇل ئۇنى دېگەن،
ئۇنىدە مىڭ بۇلبۇلدەك مەرغۇل كۆردۈم...

## قاش بويى ئېرەنلىكتە

غۇلجا شەھىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئىلىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا كەلگەن يولداشلارنى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىشنى، ئۇلار بىلەن ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشنى خالايتتى. لېكىن، يىغىن ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقى، يىغىنغا كەلگەن ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭغا يار بەرمەيتتى. شەھەردىكى ئۇيغۇر، قازاق ئاپتورلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يىغىن 20 - ئىيۇل يەكشەنبە كۈننى مېھمانلارنىڭ ئاپتورلار

بىلەن ئۇچرىشىش كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى. غۇلجا شەھىردىكى كەڭ ئاپتورلار شەھەردىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاش دەرياسى بويى — ئېرەنلىككە داستىخان ھازىرلىدى.

قاش بويىدىكى بۇ ئېرەنلىك غۇلجا ناھىيە قاش دەريا «تۇزلەڭ ئورمان» غا قاراشلىق ئورۇن بولۇپ، بۇ يەردىكى تەبىئىي ئېرەنلىك، قىپقىزىل ئېچىلغان يۇلغۇنلار، بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن چاتقاللار، تاللىقلار يېڭىدىن بەرپا قىلىنىۋاتقان ئورمانلار بىلەن قوشۇلۇپ گۈزەل بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. ئېرەنلىك يېنىدا سۈپسۈزۈك قاش دەرياسى ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇراتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ ئورۇن يىراق - يېقىندىكى كىشىلەرنىڭ كېلىپ ئارام ئالىدىغان سەيلىگاھىغا ئايلانغانىدى. شائىر نۇرمەھەممەت زامان بۇ گۈزەللىكلەرنى بەرپا قىلغان قاشلىقلارغا ئاتاپ مۇنداق مىسرالارنى تۈزدى:

قاش بويى گۈزەللىكىنىڭ، كۆركەملىكىنىڭ،
قەيسەرلىك، باتۇرلۇقنىڭ بىشارىتى.
گۈل چەككەن، كەشتە تۇتقان قاش بويىغا،
قولى گۈل قاشلىقلارنىڭ جاسارىتى...

بۈگۈنكى سورۇننىڭ ساھىبخانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان غۇلجا خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئاشپەزلەرنى ئېلىپ، ئالدىنقى كۈنىلا بۇ يەرگە چىقىپ، كېچىچە تەييارلىق قىلغانىدى. مېھمانلار يېتىپ كەلگەندە ئېرەنلىك سايىسىغا تاشلانغان گىلەملەر ئۈستىدە داستىخانلار ھازىرلاقلىق تۇراتتى. سورۇنغا مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى، غۇلجا شەھىرىدىكى ئاپتورلاردىن باشقا يەنە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار — ئاتاقلىق مۇزىكانت ھۇسەنجان جامى، خەلق ناخشىچىسى ئابدۇرېھىم ئىمىن، ئىلى خەلق قىزىقچىسى ھېسام



قۇربانلارمۇ يېتىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىلىغا دەم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ياش چالغۇچىلىرىمۇ مېھمانلار بىلەن بىللە بولدى. بۇ چالغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ شائىر - يازغۇچىلىرى ئۈچۈن قايناق ھېسسىيات بىلەن نەغمىلەر قىلىپ بەردى. نۇرمەھەممەت تۇرسۇن قازاق مېھمانلار ئۈچۈن دۇتار بىلەن قازاقچە كۈيلەرنى ئىجرا قىلىپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. ئابدۇرېھىم ئىمىن بىر يۈرۈش ئىلى ناخشىلىرىنى باشلىغاندا يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار باشلىق بىر قىسىم قەلەمكەشلەرمۇ ئىختىيارسىز ناخشىغا قېتىلدى. يېنىمدا ئولتۇرغان كىمدۇر بىرى ماڭا: «قاراڭ، بۇ قەدىمىي ئېرەنلىككە ئاتا - بوۋىلىرىمىز قايتىپ كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم» دېدى. ھەقىقەتەنمۇ شۇ تاپتا بۇ يەردە قەدىمكىلەرنىڭ روھى بىلەن بۈگۈنكىلەرنىڭ ھېسسىياتى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياراتقان سەنئەت بىلەن ھازىرقى قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئىلھامى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى...

چاقچاق — سورۇنلارنى كۈلكە بىلەن جانلاندۇرۇپ، كىشىلەرنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان، زېھىننى ئاچىدىغان، تېز پىكىر قىلىشنى، سۆزدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان تىل سەنئىتى، خۇش چاقچاقچىلىق — مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خۇسۇسىيىتى. ھېسام بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى ياش چاقچاقچىلارنىڭ بىرى ساتتار باقى (ساتتار قورۇق) ئوتتۇرىسىدىكى چاقچاق ئۈزۈلمەي يېرىم سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى. بۇ بىر مەيدان ئېلىشىشتا ھېسام ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خەلق قىزىقچىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە چاقچاقتا يېڭى كۈچلەرنىڭ يېتىشىپ قالغانلىقىمۇ بايقالدى.

ئاخىرىدا، كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بىلەن ھۇسەنجان جامى تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. مۇزىكا ساھەسىدە ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان بۇ ساز ئۇستىسى ناخۇل بىلەن تەمبۇر تارلىرىنى

چەككەندە ھەممىنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ساز تازا ئەۋجىگە چىققاندا ئوبروزچى سىدىق روزى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا شىپقاب سازەندىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. قىزىقچى ھېسام قۇربان كۆزلىرىنى ھۆسەنجان جامىنىڭ قولىدىن ئۈزمىگەن ھالدا نەق ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئىنسان دىگەننىڭ قەلبىنى چۈشەنمەك ناھايىتىمۇ تەس. ھېلىلا ئۆتكۈر چاقچاقلار بىلەن ھەممىنى كۈلدۈرۈپ دومسىلتىۋەتكەن بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە تەمبۇر تارلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن سېھىرلىك ئاۋازلار لەرزىدە شامدەك ئېرىپ، كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى...

ئاخىرىدا مېھمانلار دەم ئېلىش ۋە سۈرەتكە چۈشۈش ئۈچۈن ئەتراپقا تاراپ كەتكەندە، شائىر مەھەممەتچان راشىدىن تەمبۇرنى قولىغا ئالدى ... شۇنداق، بۇ سورۇندا ھەر كىمنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسەتكۈسى، ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى...

## ئاھ، گۈزەل نىلقا

نىلقا — ئىلىنىڭ گۈزەل يايلاقلىرىنىڭ بىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوق ئاۋازى ياڭرىغان زېمىن، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يۇرتى. بىز مېھمانلارغا ئىلىنىڭ يايلاقلىرىنى كۆرسىتىش، قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن مانا شۇ نىلقىنى تاللىۋالغانىدۇق.

مېھمانلار 21 - ئىيۇل ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، چۈشمەزگىلىدە نىلقا ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرى كۈتۈۋالدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن داۋاملىق يول بېسىپ، كەچكە يېقىن چاتبۇلاققا يېتىپ كەلدۇق. تاغ يېرىدە مۇنداق كۆپ ساندىكى مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كەتكۈدەك ئورۇن تاپماق قىيىن. بۇ يەردە نىلقا بال فېرمىسى-



نىڭ كارىۋات سانى كۆپرەك بىر مېھمانخانىسى بار ئىدى. مېھمانخانىنىڭ يېنىدىن قاش دەرياسى ئېقىپ ئۆتەتتى. دەريانىڭ ئۇ قات لېۋىدە چاتبۇلاق تاغلىرى قەددىنى كېرىپ تۇراتتى. نېرىراقتا — تاغ باغرىدا كوكۇس زاۋۇتىنىڭ ئىمارەتلىرى كۆرۈنەتتى.

ئەتىسى — 22 - ئىيۇل نىلقا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانلارغا قىيىندىبۇلاق ئاۋۇلىدا داستىخان سالدى. قىيىندىبۇلاق — قېيىن دەرەخلىرى بىلەن چۆمكەلگەن ساي بولۇپ، سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېقىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك تاغ سۈيىنىڭ ئەتراپىغا چىرايلىق قازاق ئۆيلىرى تىكىلگەنىدى. مېھمانلار ھەربىر ئۆيگە بەشتىن - ئوندىن بولۇپ، بۆلۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. قازاق خەلقى ئەزەلدىن مېھماندوستلۇقى بىلەن شۆھرەت تاپقان خەلق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مېھمانلىرىنى تاي سويۇپ كۈتۈۋالىدىكەن. بۈگۈن مېھمانلارنىڭ ئالدىغىمۇ يېڭى پىشۇرۇلغان تاي گۆشى كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار بۇ يەردە تۇنجى رەت قىمىزغا ئېغىز تەگدى. تاماقتىن كېيىن ساي ئېغىزىدىكى دۆڭلۈكتە ئېيتىشىش بولدى. بۇ يەرگە ئاتلىق - پىيادە بولۇپ، يىراق - يېقىن ئاۋۇللارنىڭ ئادەملىرى، قىز - يىگىتلەر يىغىلىشقانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يازغۇچى - ئاقىنلىرىنى ئورىۋېلىشتى. تېيىپجان ئېلىيوپ، رەخمىتۇللا ئەبشە، ئۆمەر غازى ئايتان، جۇمەدىل مامان، ئەلىمە، قازاق ئىچىدە ئۆسكەن شائىرىمىز مۆمىن سەپىرى قازاق خەلقىگە ئاتىغان ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىنى ئوقۇدى. نىلقا ناھىيىسىدىكى خەلق ئاقىنى مۇسلىمبەك ئۇلارغا ئۆلەڭ بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

دۆڭلۈكنىڭ ئاستى تۆۋەنگە قاراپ كەتكەن يانتۇلۇق ئىدى. يانتۇلۇق ئاستىدىكى تۈزدە قىز قوۋار ئويۇنى قىزىپ كەتتى. ساھىبخانلار مېھمانلارغا ئىگەرلەنگەن ئاتلارنى ئېلىپ كەلدى. ئاتنى كۆرۈپ ئارىمىزدىكى قازاق يولداشلار تۇرالماي قالدى.

ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن ئاتقا مىنىشىپ، ھېچبولمىغاندا ئۇ ياق - بۇ ياققا بولسىمۇ ئات چاپتۇرۇپ قايتىپ كېلىشەتتى. بۇ يەردە شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ياشلىق چاغلىرى ئېسىگە چۈشۈپ قالدىمۇ، قىز قوۋار باشلىنىشى بىلەنلا ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ئاتقا مىنىپ، قازاق كېلىنچەك بىلەن ئويۇنغا چۈشتى.

× × ×

تاغ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. بۈگۈن 23 - ئىيۇل ئەتىگەندىن باشلاپلا ھاۋا بۇلۇتلىنىپ، سىمىلداپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بۈگۈنكى پائالىيەت نىلقا «ئالغا» فېرمىسىنىڭ يايلىقى ئاقتاشتا بولماقچى ئىدى. ئاقتاش بىلەن مېھمانخانىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق ئىكەن. ھاۋانىڭ يامان بولغانلىقىغا قارىماي مېڭىپ كەتتۇق. چۈنكى ئاقتاشلىقلار ئۆز مېھمانلىرىنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى.

ئاقتاش دېگىنىمىز تىكلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بىر ئويۇل تاش تاغ ئىكەن. قارىغايلار مۆجىزە كۆرسىتىپ ئەنە شۇ تاشنىڭ يېرىقلىرىدىن ئۆسۈپ چىقىپ ئاق تاشقا تېخىمۇ ھەيۋەت بېغىشلاپتۇ. بىز چۈشىدىغان قازاق ئۆيلەر شۇ تاشنىڭ قارشىسىدىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ بويىغا تىكىلگەنىكەن. قازاق ئۆي ئىچىدە ئولتۇرسىڭىز دەريانىڭ ھەيۋەتلىك شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن... بۇ يەردە ساھىبخانلارنىڭ قائىدە بويىچە ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىغا بىردىن پاقلاننى يېتىلەپ كېلىپ، كۆپچىلىكتىن پاتىھە ئالغاندىن كېيىن سويغانلىقىنى، ھەربىر ئۆيدە ئىچىلگەن قىمىز، ئېيتىلغان ئۆلەڭ، بولۇنغان كۆڭۈللۈك پاراڭلارنى، ياش يولداشلارنىڭ دەريا بويىدا «كىم ئۇ قاتقا يەتكۈزەلەيدۇ؟» دەپ تاش ئېتىشقىنىنى يازمايلا قوياي. بۇ يايلاقلارنىڭ مەنزىرىسىنىڭ ئۆزى كىشىدە ئۆزگىچە بىر تەسىرات قالدۇراتتى. بويىغا فوتو ئاپپارات ئاسقان يولداشلار بۈگۈن ھاۋانىڭ تۇتۇق بولغانلىقىغا ناھايىتى ئەپسۇسلاندى.



ئاقتاشقا بېرىپ - كېلىشتە يول بويى بىزگە قاش دەرياسى ھەمراھ بولۇپ باراتتى. بىردە ئۇ تار قىستاڭلاردىن ئۇرغۇپ ئېتىلىپ چىقىپ شارقىراپ چۈشسە، بىردە كەڭ تۈزدە يېيىلىپ جىمجىت ئاقاتتى؛ بىردە ئۇ بىزدىن يىراقلاپ كەتسە، بىردە يەنە بىزدىن ئايرىلىشنى خالىمىغاندەك نەق تاشيولنىڭ يېنىدىلا پەيدا بولۇپ قالاتتى... ئاھ، تاغ گۈللىرى! بۇ كەڭ داللارغا ئاسماندىن گۈل تۆكۈلگەنمۇ، قانداق؟ مەن بۇ رەڭمۇرەڭ تاغ گۈللىرىنىڭ بىرقانچىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ باقتىم. ئالدىمدا ئولتۇرغان قازاق يازغۇچىسى ئوراز قان ئەخمەتتىن سورىۋېدىم، ئۇمۇ بىر قانچىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ توختاپ قالدى. تاغ ئېتەكلىرىگە يېيىلغان بۇ رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ ئىسمىنى كىممۇ تولۇق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، دەيسىز!؟

يامغۇر توختىغان بولۇپ، ئېگىز چوققىلاردا تۇمان ئەگىيتتى. تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى قارىغايلار ۋە تاغ ئېتىكىدىكى كەڭ يايلاق يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ تېخىمۇ يېشىل رەڭ ئالغان بولۇپ، تۆۋەندە دەريا يەنىمۇ كۈچلۈك شاۋقۇن سېلىپ دولقۇنلىتاتتى. شۇ تاپتا ماشىنا دېرىزىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يازغۇچى ۋە رەسسام مۆمىن مۇھەممىدى بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغانىدى. شائىرلار چوڭقۇر خىيالغا چۆككەن بولۇپ، ئۇلار تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەللىكىنى سۆزگە ئايلاندۇرۇپ، مىسرالارغا قانداق تىزىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى... شۇ چاغدا ئالدىمدا ئولتۇرغان بىرى: «ئاۋۇ ئېگىز تاغ مەنزىرىسىنى بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا تەسۋىرلەپ بېقىڭا!» دەپ قالدى. مەن دەرھال بىر نېمە دېيەلمىدىم. ماشىنىدا ئولتۇرۇپ كۆزەتكەندە بۇ تاغنىڭ سىياقى دەممۇدەم ئۆزگىرىپ تۇراتتى. بىر قارىساڭ، بۇ ئاپئاق بۇلۇتلار ئەگىپ تۇرغان چوققا ئاق

ياغلىق چىگىپ مۆكچىيىپ ئولتۇرغان مومايغا ئوخشايتتى، ئېھتىمال، ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى بۇ زېمىندا، ئادەملەر ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەلەرنى ئەسلەپ مۇسىبەتتە ئولتۇرىدىغاندۇ؟ ياق، يەنە بىر قارىساڭ، ئۇ بېشىغا نېپىز گاز ياغلىق چىگكەن گۈزەل قىزغا، چوققىلار ئۇنىڭ يېتىلگەن كۆكرەكلىرىگە، چېچەكلەرگە پۈركەنگەن تاغ ئېتەكلىرى ئۇنىڭ گۈللۈك كۆڭلىكىگە ئوخشايتتى؛ بىر قارىساڭ، بۇ تاغ قاش دەرياسىنىڭ لېۋىگىلا كېلىپ قالاتتى ـ دە، گويا ھېلىقى ساھىبجامال دەريا سۈيىگە پۇتىنى چىلاپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتكەندەك قىلاتتى...

× ×

ئەتىسى يامغۇر تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئەسلىدە بۈگۈن پىلان بويىچە ئارسلان يايلىقىدا بولۇپ، كەچكى قونالغۇغا ناھىيە مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەتمەكچى ئىدۇق. لېكىن، چۈشكىچە بال فىرما مېھمانخانىسىدىن قوزغىلالماي، چۈشكى تاماقنى شۇ يەردە يېدۇق. چۈشتىن كېيىن يامغۇر توختىدى. ئەمدى ئارسلانغا بېرىش پىلانىنى بىكار قىلىپ، ناھىيىگە قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىقتۇق. ئارسلان يولىغا ئايرىلىدىغان يول ئېغىزىدا بىزنى ئالدىمىزدا كەتكەن كىچىك ماشىنا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. خەۋەرلىشىش ئۈچۈن كەتكەن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جۈمەدىل مامان مېھمانلارغا: ئارسلان يايلىقىدىكىلەرنىڭ ۋەكىللەرنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ: ئەگەر مېھمانلار كېلەلمىگۈدەك بولسا، تەييارلىغان گۆش، قىمىزلىرىمىزنى بال فىرمىسىغا ياكى يول ئۈستىگە يەتكۈزۈپ بولسىمۇ مېھمانلارغا ئېغىز تەگكۈزىمىز، دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، «قانداق قىلساق بولار؟» دەپ مەسلىھەت سالدى. بىز ساھىبخانلارنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن ئىختىيار-



سىز ئارسلان يولىغا بۇرۇلدۇق. ئاتاقلىق تەرجىمان ئابدۇبەك ئاقساقال ساھىبخانلارغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ يېقىن يول بىلەن ئالدىمىزدا مېڭىپ كەتتى. ماشىنىلار تار تاغ يولى بىلەن ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ، بىكتۇەنىڭ 2 ـ چارۋا مەيدانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ياپيېشىل ئېدىرلىقلارنى ئارقىغا تاشلاپ، يەنە بىر گۈزەل يايلاق ــ ئارسلان چاتقاللىقىغا چۈشتى.

ئارسلان يايلىقىدىكى كىگىز ئۆيلەردە سۆھبەت تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. بىز ئولتۇرغان ئۆيدە يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ قاپىيىلىك سۆز ئېيتىشىش ئويۇنى ھەممىنى كۈلكىگە سالدى... ئارسلان يايلىقىدىكى ئەستىن چىقمايدىغان بىر ئىش شۇ بولدىكى، ئەسلىدە ماشىنىلار ئارسلان چاتقاللىقىغا چۈشۈشى بىلەنلا، چۈشتىن بۇرۇن ياغقان قاتتىق يامغۇر يوللارنى تېيىلغاق قىلىۋەتكەچكە ئىلگىرىلىيەلمەي يېرىم يولدا توختاپ قالغانىدى. شۇ چاغدا قازاق بالىلىرى ئېگەرلەنگەن ئاتلارنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، مېھمانلارنى كىگىز ئۆي ئالدىغا ئاتلىق يەتكۈزۈپ كەلدى. قايتقاندىمۇ ساھىبخانلارنى يەنە ئات بىلەن ماشىنا تۇرغان ئورۇنغىچە ئۇزىتىپ قويدى. قازاق خەلقىنىڭ يازغۇچى ـ شائىرلارغا بولغان بۇ ھۆرمىتى مېھمانلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى...

× × ×

24 ـ ئىيۇل كەچتە ئارسلان يايلىقىدىن قايتىپ، نىلقا ناھىيىسىگە كېلىپ قوندۇق. ئەتىسى نىلقا ناھىيىسىدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بالىلىق ھاياتى ئۆتكەن ئۆيىنى كۆرمەكچى بولدۇق. نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئالدىدا ئابرال تاغ تىزمىلىرى بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ تۇراتتى، ئارقىدىكى قارلىق كۆك چوققا بول-

سا ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەڭچىلىرى بازا
قىلغان ئۇلاستاي تاغلىرى ئىدى ... مېھمانلار ئوت يۈرەك شائىر
لۇتپۇللانىڭ تۇغۇلغان ئۆيىنى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.
ئەپسۇسكى، ھازىر بۇ ئۆيىنىڭ ئورنى يوق بولۇپ، ئۇ يەرگە باشقا
يېڭى ئۆيلەر سېلىنىپ كېتىپتۇ. لېكىن، شائىرنىڭ باللىق
ھاياتىغا گۇۋاھ تاغلار، قامەتلىك قارىغايلار يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ
تۇراتتى. قاش دەرياسى شائىرنىڭ ھاياتىغا مەدھىيە ئوقۇغاندەك
قىرغاققا ئۇرۇلۇپ توختىماي شاۋقۇن سالاتتى. شۇ يەردە شائىر
مەھەممەتجان راشىدىن مۇنداق مىسرالارنى يېزىپ قالدۇردى:

نىلقىلىق ئاغىنىلەر، ئامانمۇ سىلەر؟
كۆرۈشمەك نېسىپ بولۇپ كېلىپ قالدىم.
ئۇندەيدۇ شېئىرلارغا ئىلھاملىرىڭ،
ھە، شۇڭا مەنمۇ قەلەم ئېلىپ قالدىم.
ئۇلاستاي چوقانلىرى — سېنىڭ تۆھپەڭ،
كەتمەيدۇ ئوق ئاۋازى قۇلىقىمدىن.
ئاسانمۇ سەندەك ئۇلۇغ شەرەپ قۇچماق،
لۇتپۇللا چىقتى ئەۋلاد - ئۇرۇقىڭدىن.

## خۇدىيار يۈزىدىكى مەشرەپ

25 - ئىيۇل چۈشتىن كېيىن مېھمانلار نىلقا ناھىيىسىدىن
چىقىپ، كەچكە يېقىن غۇلجا ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. ناھە-
يىنىڭ رەھبەرلىرى مېھمانلارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخا-
نىسى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇلار مېھمانلارنى مېھمانخانى-
نىڭ يېڭى ياسالغان بىناسىغا باشلاپ كىردى. بۇ بىنا يېڭىدىن
پۈتكەن بولۇپ، تېخى مېھمان قوبۇل قىلمىغانىكەن. بۇ قېتىم
مېھمانخانا خادىملىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كەل-



گەن بۇ يازغۇچى - شائىرلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ
تەييارلىق قىلىپ، ئۆيلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ چىقىپتۇ. بىنا
ئىچىدىن تېخى سىرنىڭ پۇرىقى كەتمىگەنىكەن. يىپيېڭى ئەدى-
يال، ئورۇن - كۆرپىلەردىن نافتالىن پۇرىقى ئۇرۇپ تۇراتتى.
مېھمانخانا خادىملىرى: «سىلەر بۇ يېڭى بىنانىڭ تۇنجى خېرىدا-
رى بولۇپ قالدىڭلار، بۇ مېھمانخانىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس بىر
شەرەپ» دېيىشتى.
كەچكى تاماقتىن كېيىن، غۇلجا ناھىيىلىك مەدەنىيەت
يۇرتى «ئۆسمۈرلەر سارىيى» دا كۈتۈۋېلىش كېچىلىكى ئۆتكۈز-
دى. مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى بۇ يەردە ناھىيىلىك
پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇللىرى، ئاممىۋى ۋەكىللىرى ۋە
ناھىيىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرى بىلەن ئۇچراش-
تى. غۇلجا ناھىيىلىك شائىرىمىز مەھەممەتجان راشىدىن سو-
رۇندىكىلەرگە مېھمانلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى، ئۇنىڭ
پۈتۈن ناھىيىدىكىلەرگە ۋاكالىتەن ئوقۇغان «خۇش كەپسىلەر»
دېگەن شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار يېزىلغان:

قەلەمكەش مېھمانلىرىم، خۇش كەپسىلەر،
مەرھەمەت ئۆيىمىزنىڭ تۆرلىرىگە.
مەرھەمەت، قوشۇلۇڭلار شائىرەلەر،
جەننەتتەك ۋادىمىزنىڭ ھۆرلىرىگە.

بارچىدىن ئالدىرايدۇ بىرىڭ دوستلار،
نىلقىنىڭ يايلاقلىرى قۇچاقلاشقا.
كەتسەڭلا ئېغىز تەگمەي قالار كۆڭلى،
جىلىۋزىنىڭ مومايلىرى ئەتكەن ئاشقا.

قوندۇرماي قويۇپ بەرمەس قورغاسلىقلار،

كۆزى تۆت كۆندە بېقىپ يولۇڭلارغا.
ئىچكىلى سۇ دېسەڭلار چاڭقىغاندا،
سۇ ئەمەس، قىيام بېرەر قولۇڭلارغا.

× × ×

مەشرەپ — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىي پائالىيىتى. ئۇ ئەدەپ – ئەخلاق مەكتىپى، تالاي «ئوتتۇز ئوغۇل»لار ئەنە شۇ مەشرەپتە تەربىيىلىنىپ ئادەم بولغان؛ مەشرەپ — مەدەنىيەت تارقىتىدىغان سورۇن، قانچە سازەندىلەر، ناخشىچىلار، قىزىقچىلار، خەلق سەنئەتكارلىرى ئەنە شۇ ئوچاقتا تاۋلىنىپ چىققان… غۇلجا ناھىيىسى — ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان چوڭ ناھىيە. بۇ ناھىيىدە مېھمانلارغا «ئىلى مەشرىپى» نى كۆرسىتىش ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. مەشرەپ خۇدىيارىيۈزى يېزىسىغا قاراشلىق بىر چوڭ باغدا بولدى. بۇ باغنى يەرلىك خەلق «مەھەممەت سىيغىزخانىنىڭ بېغى» دېيىشىدىكەن.

ئالدىنقى كۈنى كېچىچە يامغۇر يېغىپ، يوللارنىڭ توپىسىنى بىر قۇر بېسىۋەتكەنىدى. بۈگۈن 26 – ئىيۇل ئەتىگەندە كۈن چاقناپ چىقىپ، ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولدى. بۈگۈنكى مەشرەپكە شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كەلگەن يازغۇچى – شائىرلارنىڭ قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يىراق – يېقىن يېزىلارغا ئاللىبۇرۇنلا تاراپ كەتكەنىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ يازغان كىتاب، ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، نامىنى، داڭقىنى ئاڭلىغانىدى؛ شۇڭا، ئۇلار بۇ قىممەتلىك مېھمانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. قاق سەھەردىن باشلاپلا خۇدىيار يۈزى يېزىسىنىڭ ئەتراپىدىكى قاغىلىق مەھەللە، قوتانتام، بوستان،



تاجىيون، كېپەكيۈزى مەھەللىلىرىنىڭ ئادەملىرى ھارۋىلىق، ۋېلسىپىتلىك، پىيادە بولۇپ مەشرەپ بولىدىغان باغقا قاراپ ئاقتى. مېھمانلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، چوڭ باغنىڭ ئالدىدا ھارۋىلار، ئات – ئۇلاغ، ۋېلسىپىتلەر قاتارلىشىپ تورۇپ كەتكەن بولۇپ، تاۋۇز – قوغۇن، تاماكا – قەغەز ساتىدىغان ئوقەتچىلەر تەنزىلىرىنى يېيىپ، پىششىق تاماق ساتىدىغان ئاشپەزلەر سايىۋەنلىرىنى تىكىپ، قازانلىرىنى ئېسىپ بولغانىدى. بۇ يەر كىشىگە مەشرەپ ئەمەس، بايرام ياكى چوڭ بىر يەرمەنكە بولۇۋاتقان ئورۇندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

بۇ سورۇننى باشقۇرغۇچى — ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ئەخمەت ئۆمەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۈگۈنكى مەشرەپتە داستىخاندا ھازىر بولغان مېھمانلار 1500 كىشىگە يېتىدىكەن. مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن باشقا، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاستلىق ئىدارىلەردىن تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار، يىراق – يېقىن يېزىلارنىڭ ئاما ۋەكىللىرى، مەشرەپنىڭ «ئوتتۇز ئوغلى» ۋە خەلق ئىچىدىكى داڭلىق شەخسلەر بار ئىكەن. بۇ سورۇنغا يەنە شۇ كۈنلەردە ئىلىدا ئېكسكۇرسىيىدە بولۇۋاتقان جەنۇبىي جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار ۋەكىللىرىمۇ يېتىپ چىقتى. شۇ تاپتا بۇ مەشرەپ مەيدانىدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئادەملەرنىلا ئەمەس، مەملىكەتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرىدىن كەلگەن مەشھۇر شەخسلەرنىمۇ تاپقىلى بولاتتى. مېھمانلارنى ۋە مەشرەپ قىزىقچىلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى يېزىلاردىن كېلىپ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان جامائەتنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، باغ ئىچىدىكى ئادەم سانى تۆت – بەش مىڭغا يېتەتتى. مېھمانلارغا توققۇز داش قازان ئېسىلىپتۇ. خۇدىيار يۈزىنىڭ خەلق ئەلنەغمىچىسى، 80 نەچچە ياشلىق ئېلى باقى ئاكا: «خۇدىيارىيۈزى خۇدىيارىيۈزى بولۇپ مۇنداق چوڭ

سورۇن قۇرۇلۇپ باقمىغان» دېدى.

مەشرەپ باشلاندى. بۈگۈنكى مەشرەپنىڭ ئوتتۇز ئوغلى ئىچىدە مەشھۇر مەشرەپ ئەھلىلىرىدىن ئېلى باقى ئاكا، ئىمرەزى ئاكا، شەمى ئىمام، قىزىقچى ھېزىم قاسىم، ئابدۇرېھىم قېيۇملار بار ئىدى. سازدا مۇھەممەت تەمبۇر، ئابدۇكېرىم، ئابدۇرېشىت، ھاپىز غوجىلار بولدى. ئابدۇل قارا، ھۇسەن، نىيازلار مەيداننى ئۇسسۇل بىلەن قىزىتتى. شائىر روزى سايىت بۇ يەردە ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە:

ئاڭلىۋېدىم مەشرەپچى ئەل، دەپ
ئىلىلىقنىڭ ئوغۇل - قىزىنى.
ئېھ، پۇرسىتى كەلدى ئاخىرى،
نەق مەشرەپنىڭ كۆردۈم ئۆزىنى.

دېگەن مىسرالارنى تىزدى.

مەشرەپ سورۇنىنىڭ قىزىقى «گۈلچاي ئويۇنى» غا كەلگەندە ئەۋجىگە چىقتى. ئوتتۇز ئوغۇلدىن بىرى گۈلچاينى شائىر تېيىپجان ئېلىيوپقا تۇتتى. شائىر گۈلچاينى شېئىر ئوقۇپ ھۇسەنجان جامىغا تۇتتى. گۈلچاي ھۇسەنجان جامىدىن ئابدۇۋەلى جارۇللايوپقا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپتىن ئابدۇرېھىم ئىمىنغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مېھمانلارغا ناخشا - ساز جەھەتتىكى ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئاخىردا ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، ئابدۇرېھىم ئىمىن، ئەخمەت ئۆمەرلەر بىرلىشىپ ناخشا ئېيتتى. بۇ مەشھۇر كىشىلەرنىڭ مۇنداق بىر سورۇندا جەم بولۇپ بىرلىكتە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىلگىرى كۆرۈلمىگەنىدى. بۇمۇ بۈگۈنكى مەشرەپنىڭ خاسىيىتى بولۇپ قالدى.



## قەدىمىي جاي — قورغاس

26 - ئىيۇل، كەچتە غۇلجا ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مېھمانلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى، ئەتىسى 27 - ئىيۇل ئەتىگەندە قورغاسقا قاراپ يولغا چىقتۇق. قورغاس — ئىلىدىكى قەدىمىي جايلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى رەسمىي بىر پادىشاھلىقنىڭ مەركىزى بولغان قەدىمىي ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئىزنالىرى بار. چىڭ خاندانلىقى ۋاقتىدا ئىلىغا سېلىنغان توققۇز قەلئەنىڭ ئالتىسى قورغاس تەۋەسىگە جايلاشقان. بۇ يەردە يەنە «تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى»، «جياڭجۈن مەھكىمىسى» گە ئوخشاش مۇھىم ئاسارىئەتىقە نۇقتىلىرى بار.

قورغاس ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى كورەگە ئەگىپ كېتىدىغان يول ئېغىزىدا كۈتۈۋالدى. كۈتۈۋالغۇچىلار ئىچىدە يەنە خەۋەرلىنىش ئۈچۈن ئالدىن كەتكەن شائىر قېيۇم سوپىمۇ بار ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كورەگە قاراپ يۈرۈلدۇق.

كورە — چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئىلى جياڭجۈنى تۇرغان ئورۇن. ئىلى جياڭجۈنى ئەينى يىللاردا شىنجاڭدىكى ئەڭ يۇقىرى ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنلارغىچە يېتىپ باراتتى. ھازىر ئەينى يىللاردىكى مەھكىمە ئورنىدا دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمى تۇرىدىكەن. ھەربىي قىسىمنىڭ يېڭىدىن سالغان ئېگىز بىنالىرى ئالدىدا مەھكىمىنىڭ كونا ئۆيلىرى تولىمۇ كۆرۈمسىز ھالەتتە تۇرۇپتۇ. جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى بولۇپ بۇ يەردە پەقەت بىر كونا شىپاڭ، بىر

جۇپ تاش شىر ھەيكىلىلا قاپتۇ. پەقەت كۆرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان «قوڭغۇراق راۋىقى» لا ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنىڭ شاھىدى بولۇپ، مۇستەھكەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ راۋاق گۇاڭشۇنىڭ 9 - يىلى، گەنسۇنىڭ جۇچۇەن دېگەن يېرىدىن ئاكا - ئۇكا ئىككى بىناكارنى تەكلىپ قىلىپ ياسىتىلغانىكەن. تۆت قەۋەت بۇ راۋاقنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى قەۋىتىدە ئۆز ۋاقتىدا چوڭ قوڭغۇراق ئېسىقلىق تۇراتتىكەن.

مېھمانلار راۋاقنىڭ تار پەلەمپەيلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشتى. راۋاقنىڭ ئۈستىدىن كۆرەنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. تېيىپجان ھادى راۋاقنىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىپ، يىراقتىكى ساقلىنىپ قالغان كۆرە سېپىللىرىغا قارىغىنىچە خىيالغا كەتكەنىدى. ئىلى تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان بۇ پېشقەدەم قەلەم ئىگىسىنىڭ قەلبىدە ھازىر قانداق تەسەۋۋۇرلارنىڭ قانات قېقىۋاتقانلىقىنى كىم بىلىدۇ، دەيسىز! ؟ ... 1864 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا قوزغالغان خەلق ئىنقىلابى ئىلىغىمۇ تۇتىشىپ، ھەر مىللەت قوزغىلاڭچىلىرى غۇلجا شەھىرىنى ئېلىپ، بايانداي سېپىلىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، 1866 - يىلى بۇ كۆرە قەلئەسىنىمۇ ئىگىلىگەن. شۇ چاغدىكى ئىلى جياڭجۈنى مىڭ شۇ ئەلەمگە چىدىماي خوتۇنى، ئىككى ئوغلى ۋە بىر قىزى بىلەن بىللە ئۆزىگە ئوت يېقىپ ئۆلۈۋالغان ... ئەڭ ئاخىرقى ئىلى جياڭجۈنى جى رۇي 1912 - يىلى، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنى ئىچىدە، ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن نەق مۇشۇ راۋاق يېنىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ 150 يىللىق ئىلى جياڭجۈنى ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈل - كېسىل غۇلىغانىدى. ئېھتىمال، شۇ تاپتا تېيىپجان ھادىنىڭ قۇلىقىغا قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆرە سېپىلى ئەتراپىدىكى چۇقانلىرى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن دۇپۇرلەشلەر ئاڭلىنىۋاتقاندۇ...



× × ×

مېھمانلار ناھىيە مېھمانخانىسىدا چۈشلۈك تاماقنى يەپ ئازراق دەم ئالدى. ئاندىن ماشىنىلار يەنە قوزغىلىپ، ناھىيە بازىرىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سوۋېت - جۇڭگو چېگرىسى — قورغاس ئېغىزىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئارىمىزدا نۇرغۇن يولداشلار چېگرا دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرمىگەنىكەن. كىچىك چېغىمدا مەنمۇ: چېگرا دېگەندە ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپ، قاتار تىزىلىشىپ تۇرامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. چېگرىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئىككى مەملىكەتنى ئايرىپ تۇرغان ئاددىي بىر سايىنى كۆردۇق. بۇ ساي دۆلەت ئىچىدە بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئاددىي تاشلىق سايلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى. مېھمانلار سايىنىڭ بىز تەرەپتىكى قىرغىقىغا يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان بىنانىڭ سۇپىسىغا چىقىپ، قارشى تەرەپكە كۆز تىكتى. سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شارقىراپ سۇ ئاقاتتى. مانا بۇ ئىككى دۆلەت زېمىنىنى ئايرىپ تۇرىدىغان قورغاس دەرياسى ئىكەن. سايىنىڭ ئۇ قېتىدىمۇ بىز تەرەپتىكىگە ئوخشاش دەل - دەرەخلەر كۆكىرىپ تۇرۇپتۇ. كىمدۇر بىرى ئۇنى «سوۋېتنىڭ پەنجىم يېزىسىغا قاراشلىق يەرلەرمىكىن» دەپ پەرەز قىلدى. ھەممە نەرسە شۇنداق ئادەتتىكىچە ئىدى، پەقەت سايىنىڭ ئۇ بېشى بىلەن بۇ بېشىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۆمۈر كۆۋرۈك ۋە كۆۋرۈك ئېغىزىغا ئورنىتىلغان تۆمۈر دەرۋازا بىلەن دەرۋازىنىڭ نېرىسىدا ئېگىز چوقچىيىپ تۇرغان كۆزىتىش مۇنارىلا بۇ يەرگە بىر ھەيۋە بېرىپ تۇراتتى ... بۈگۈن 27 - ئىيۇل يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا بۇ يەر شۇنداق جىمجىت ئىكەن. ئادەتتىكى كۈنلەردە بۇ سودا ئېغىزىدىن ئىككىلا تەرەپكە مال ۋە ئادەم

ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە يەنە تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن-
لەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا قىيماي تۆككەن كۆز ياشلىرى-
نى، تۇغقانلىرىنى قارشى ئالغىلى چىققانلارنىڭ قىزغىن قۇچاق-
لاشلىرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.
چېگرا ئېغىزىدىكى خادىملار مېھمانلارغا جۇڭگو ـ سوۋېت
سۆھبەت ئۆيىنى ئېچىپ بەردى. بۇ چىرايلىق سېلىنغان بىر
قەۋەت بىنا بولۇپ، زۆرۈر بولغاندا بۇ يەردە ئىككى تەرەپنىڭ
ئادەتتىكى سۆھبەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىكەن. سۆھبەت ئۆيىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئۈستەلگە ئاپئاق داستىخان يېپىل-
غان بولۇپ، ئۈستەلنىڭ بېشىغا جۇڭگو، سوۋېت ئىككى مەملى-
كەتنىڭ كىچىك بايراقچىسى قاداپ قويۇلغانىدى. شۇ يەردە بىر ـ
ئىككىيلەن قىزىقچىلىق قىلىپ، سۆھبەت ئۈستىلىنىڭ ئىككى
تەرىپىگە قويۇلغان ئورۇندۇقلارنى تارتىپ ئولتۇرۇپ «سۆھ-
بەت» نى باشلىۋەتتى.
— ئىككى دۆلەتنىڭ خەلقى بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىدى-
كەنمىز، ئەرزىمەس ئىشلارغا پالان ـ پۇستان دەپ نىمە قىلى-
مىز، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئۆتەيلى، — دېدى «سۆھبەت-
چى» لەرنىڭ بىرى.
— بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېدى يەنە بىرى.
شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى «دىپلومات» ئاسانلا كېلىشتى.
ھەممە پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. لېكىن، دۆلەتنىڭ چوڭ
ئىشلىرىنى ھەل قىلىشتا نەدىمۇ ئۇنداق ئوڭاي گەپ بولسۇن...

× × ×

چېگرا ئېغىزىدىن قايتىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىغا
يېتىپ كەلدۇق. تۇغلۇق تۆمۈرخان چىڭگىزخاننىڭ 7 ـ ئەۋلاد
نەۋرىسى، شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ 2 ـ خانى. ئۇ 18



يېشىدا تەختكە ئولتۇرۇپ، 24 يېشىدا ئىسلام دىنىغا كىرىپ،
قول ئاستىدىكى 160 مىڭ موڭغۇلغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل
قىلغۇزۇپ، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۇنجى موڭغۇل
خانى بولۇپ قالغان. 1364 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلگەندە،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايلانمىسى 67 مېتىر، ئېگىزلىكى 23 مېتىر
بۇ ھەيۋەتلىك گۈمبەز تۇرغۇزۇلغانىكەن. 600 يىلدىن ئوشۇق
ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئۇلۇغ گۈمبەز يەنىلا مەزمۇت تۇ-
رۇپتۇ. چوڭ گۈمبەز يېنىدا يەنە بىر كىچىكرەك گۈمبەز تۇرات-
تى. چۈشەندۈرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرخان-
نىڭ سىڭلىسىنىڭ قەبرىسى ئىكەن. چوڭ گۈمبەز ئىچىدە چوڭ ـ
كىچىك ئىككى قەبرە بار ئىكەن، چوڭ قەبرە تۇغلۇق تۆمۈرخان-
نىڭ، كىچىك قەبرە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بالىسى ياكى ئىنىسى-
نىڭ بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىنىدىكەن.
گۈمبەز ئەتراپىدا مېھمانلار بەس ـ بەستە سۈرەتكە چۈشۈپ
خاتىرە قالدۇردى. بۇ چاغدا كۈن ئىنتايىن ئىسسىپ كەتكەنى-
دى. «كەگەن» چارۋا فېرمىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار بۇ يەر-
گە قىمىز يەتكۈزۈپ كېلىپ مېھمان قىلدى.

× × ×

شۇ كۈنى كەچتە قورغاس ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن مەدە-
نىيەت ئىدارىسى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ زالىدا كۆڭۈل ئېچىش
كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. بۇ يەردە مېھمانلار ناھىيىلىك سەنئەت
ئۆمىكى بىلەن مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت
گۇرۇپپىسى تەييارلىغان نومۇرلارنى كۆردى. ئويۇن كۆرسەتكەن-
لەر ئىچىدە قورغاستىكى ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن باۋۇ-
دۇن خوجايوپ، توختى چوقپار، سۇلايمان سورۇن، مەھەممەت
ناۋاي، مەھەممەت سىدىق قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ

بەزىلىرى ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن سانا-
يىنەپەسەندە ئىشلىگەن پېشقەدەملەر ئىدى. زۇنۇن قادىرى قور-
غاستىكى يولداشلارنىڭ ئالاھىدە كۈتۈۋالغانلىقىغا چىن كۆڭلى-
دىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

## خەير - خوش مېھمانلار

28 - ئىيۇل قورغاستىكى يولداشلار بىلەن خوشلىشىپ،
چۈشكە يېقىن «ئىلى مېھمانخانىسى» غا قايتىپ كەلدۇق. تەر-
كىبىدە ياش قۇرامى 80 گە يېقىنلىشىپ قالغان مويسىپىتلەردىن
تارتىپ 20 نەچچە ياشلىق ياشلارغىچە بولغان بۇ بىر چوڭ
گۇرۇپپا يازغۇچى - شائىرلار بىر ھەپتە ئىچىدە نەچچە يۈز
كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئىلى ۋىلايە-
تىنىڭ ئۈچ چوڭ ناھىيىسىنى ئايلىنىپ چىققانىدى. چۈشتىن
كېيىن ئۇلارغا يېرىم كۈن دەم ئېلىش بېرىلدى. 29 - ئىيۇل
يېيىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇھاكىمە يىغىنى تاماملاز-
دى.

يىغىننىڭ يېپىلىش نۇتقىنى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ
باش مۇھەررىرى شەكەن ئوڭالبايوپ سۆزلىدى. شائىر روزى
نىياز يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ۋاكالىتەن سۆز سۆزلەپ، ھايا-
جاندىن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرمۇ ئوقۇۋەت-
تى. زۇنۇن قادىرى بۇ قېتىمقى يىغىندىن ئالغان تەسىراتلىرى
ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ قېتىمقى يىغىن ئۇيغۇر، قازاق ئىككى
مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ دوستلۇق - ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈر-
گەن يىغىن بولدى» دېدى.



× × ×

ئىككى ھەپتە ۋاقىت مۇھاكىمە، ئۆگىنىش، تۇرمۇش كۆ-
رۈش بىلەن ئەنە شۇنداق ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى.
ئەدىبلەرنىڭ يۇرتىمىزدا تۇرغان ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ ئۇلار
بېسىپ ئۆتكەن جايلاردا بىر ئۆمۈر ئەستىن چىقماس خاتىرىلەر
قېلىپ قالدى.

مانا بۇ گۈزەل يۇرتتا، شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتا قانچە
تالاش - تارتىشلار بولدى، تالاي شېئىرلار ئوقۇلدى، قانچە
قىزىق ھېكايىلەر سۆزلەندى. يەنە قانچە شېئىرنىڭ ئىلھاملىرى،
قانچە ئەسەرنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرلىرى قەلەمكەشلەر قەلبى-
دىن ئورۇن ئالدى. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ قەلب جامىدىن مۆكەم-
مەل ئەسەر بولۇپ پۇتۇپ قەغەزگە تۆكۈلگۈسى.

خەير - خوش، قىممەتلىك مېھمانلار! ئىلى خەلقى يەنە
يولۇڭلارغا قارايدۇ.

1986 - يىل، غۇلجا

# ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس

(ئوچېرك)

پېشمايىن سىرى مەۋجۇد خام قالدى ئالەم ئۈز پېتى،
يا تېشىلمەي گۆھىرى ھەم قالدى ئالەم ئۈز پېتى.
گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ ھەر كىم ئاڭا مەنا ئېيتسىمۇ،
ئەسلى چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئۈز پېتى.

— فارابى

« ئىلىم گېزىتى» نىڭ 1990 - يىل 20 - سېنتەبىر سانىغا بېسىلغان: « ياش ئوقۇتقۇچى قاسىم سىدىق ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، فىزىكىغا ئائىت يېڭى ئىلمىي قاراشنى ئوتتورىغا قويدى ...» دېگەن خەۋەرنى ئوقۇپ ھەيران قالدىم. مەن بىلىدىغان قاسىم سىدىق فىزىكىچى ئەمەس، بەلكى شائىر ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەمىلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىتابخانىلىرىمىزدا چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. قانداق قىلىپ بۇ ئاپتورىمىز بىر ئەدەبىياتچىدىن فىزىكا نەزەرىيىچىسىگە ئايلىنىپ قالدى؟... بىزنىڭ ئىسلاھات روھىغا تولغان بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە خىلمۇخىل مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاسىمنىڭ ھەممە نەرسە ئۈستىدە ئۆزگىچە تەپەككۇر يۈرگۈزىدىغان «غەلىتە» مىجەزىمۇ كۆپچىلىككە ئايان. شۇڭا، قاسىم سىدىق ھەققىدىكى بۇ يېڭى خەۋەر مەندە قىزىقىش پەيدا قىلدى. ئۇنى ئالاھىدە زىيارەت قىلدىم.



بىرقانچە قېتىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ فىزىكىغا ئائىت يېڭى قاراشلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن يۈزە بولسىمۇ چۈشەنچە ھاسىل قىلدىم. مېنى ھەممىدىن قىزىقتۇرغىنى بۇ نەزەرىيە ئەمەس، قاسىمنىڭ شۇ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئۆز نەزەرىيىسى شەرھلەنگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇرۇش، مۇھاكىمىگە قويۇش ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرۈپ بېشىدىن كەچۈرگەن كۈچۈرمىشلىرى بولدى. شائىرنىڭ بۇ يېڭى سەرگۈزەشتىلىرىنى كەڭ كىتابخانلارنىڭمۇ ئاڭلاپ بېقىشىغا سۇندۇم.

## شائىرنىڭ چۈشى

بىزنى ئوراپ تۇرغان بۇ بىپايان كائىنات ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلسا، سىرلىقلىقى بىلەن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. كېچە ئاسمىنىنى بېزەپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار زادى نېمە؟ ئالەمنىڭ چېكى قەيەردە؟ قۇياش، ئاي، يەر شارى ۋە پۈتۈن ئالەم جىسىملىرىنى پىرقىرىتىۋاتقان قۇدرەت زادى نەدىن كەلگەن؟ نېمىشقا تەبىئەتتە ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى شۇنچە قانۇنىيەتلىك؟... ئىنسان ئالەم توغرىسىدىكى مۇشۇنداق سانسىز سوئاللار ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، قىياس، تەسەۋۋۇر ۋە ئىلمىي تەجرىبە ئۆتكۈزۈشلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنيانى بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. تەبىئەت ئىنساننى ياراتتى، ئىنسان تەبىئەتنى تونۇشقا باشلىدى. ئېھتىمال بۇ تەبىئەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى بولسا كېرەك. لېكىن، بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىز كائىنات توغرىسىدىكى بىلىملەر قامۇسىنىڭ بىر ۋارىقىلا خالاس. مېخانىكىنىڭ ئاتىسى، دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ ئالىم نيۇتون ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئالەم توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى بىر دېڭىزغا ئوخشىتىپ: «مەن ئاشۇ دېڭىز بويىدا ئويناۋاتقان بىر بالىغا ئوخشايمەن؛ بەزىدە يالتىراق

ۋە چىرايلىق بىرەر تاشنى تېپىۋېلىپ خۇشال بولدۇم، لېكىن
ھەقىقەت دېڭىزىغا تېخى يېتەلمىدىم.» دېگەنىدى.
چەكسىز كائىناتتا سادىر بولۇپ تۇرغان ھادىسىلەر شۇنچە-
لىك رەڭگارەڭ ۋە شۇنچىلىك سىرلىق. دەل ئاشۇ سىرلىقلىق
كىشىنى جەلپ قىلىدۇ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. يالغۇز
مەخسۇس پەن خادىملىرى، ئالىملارلا ئەمەس، ھەر كىمنىڭ
ئالەم ئۈستىدە ئويلىنىش ھوقۇقى بار. تەبىئەتنىڭ ئالىي مېۋى-
سى بولغان ئىنسان دەل ئاشۇنداق تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى
بولغاچقا باشقا بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىز
ھەممىمىز ئۇخلاش، تاماق يېيىش، كۈندىلىك ئىشلارنى بېجى-
رىشتىن سىرت، يەنە بەزىدە ئىختىيارسىز ئالەم توغرىسىدىكى
خىياللارغا كېتىپ قالىمىز... بىزنىڭ ياش شائىرىمىز قاسىم
سىدىقنىمۇ خېلىدىن بېرى ئالەم توغرىسىدىكى مۇشۇنداق قىزى-
قىشلار چۇلغىۋالغانىدى. ئالەمدە ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان ماددى-
دىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، دېيىلگەن بولساق، ئۇنداقتا، شۇ
ماددىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ماكانى بولۇپ تۇرغان بوشلۇق نېمە؟
ئېينېشتېيننىڭ بوشلۇق ئەگرىلىكى نوقتىئىنەزىرىگە قارىغان-
دا، بوشلۇقمۇ مۇئەييەن بىر شەكىلگە ئىگە نەرسىمۇ، قانداق؟
ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق نەرسى-
نىڭ قارشى تەرىپى بولىدۇ. ئۇنداقتا، «ھەرىكەت» نىڭ قارشى
تەرىپى «جىملىق» ، «بارلىق»نىڭ قارشى تەرىپى «يوقلۇق»
بولالامدۇ؟ «جىملىق» ۋە «يوقلۇق» دېگەنلەر زادى ئوبيېكتىپ
مەۋجۇدمۇ، يوق؟...
غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى قەدىمىي، خىلۋەت يېزىلارنىڭ
بىرى — دادامتۇ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بۇ شائىرىمىز دا-
ئىم يوقىرىقىدەك سوئاللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى.
شائىرنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىكى سوزۇلۇپ ياتقان ئېتىزلاردا
كۆپكۆك بوغداي مايسىلىرى يەلپۈنەتتى، ئېتىز يوللىرىدا دولد-



سىغا كەتمەن سالغان دېھقانلار، تۆۋەندىكى بۇلاقلاردىن سۇ ئې-
لىپ چىقىۋاتقان سەھرا قىزلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. يۇقىرىدا
بىنەملىكلەر، ئۇنىڭمۇ يۇقىرىسىدا ئاقۋاش تاغلار قەد كۆتۈرۈپ
تۇراتتى. كېچىلىرى يىراقتىكى تاشيولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان
ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى، توپىلىق يېزا يولى بىلەن يىراقلا-
پ كېتىۋاتقان يولۇچىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ قالات-
تى. مانا بۇ مۇھىت قاسىم سىدىقتا نۇرغۇن شېئىرىي تۇيغۇلارنى
ئاتا قىلغان.
بىر شېئىرىدا ئۇ:

ئاسمان يېپىنچامدۇر، زېمىن بۆشۈكۈم،
يۇلتۇزلار خەزىنەمنىڭ لەئىل ياقۇتى.
دېڭىزلار پىيالەم، كەۋسىرىم پەيۋەس،
قوياشلار ئۆمرۈمنىڭ مەڭگۈلۈك ئوتى.

دەپ يازغانىدى. ئاشۇ قوياش، ئاشۇ يۇلتۇزلار ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ
پىكرىنى تولىمۇ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.
ئۇنىڭ خىياللىرى كۆز يەتمەس ئاسمان جىسىملىرى، ئاتوم،
مولېكۇلا ۋە قانداقتۇر بوشلۇق، يوقلۇق دېگەندەك نەرسىلەر
ئارىسىدا تېنەپ يۈرەتتى. تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان قىزى-
قىش ئۇنىڭدىكى ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەسنى بىر مەزگىل بې-
سىپ كەتتى. ئالەم توغرىسىدىكى بۈيۈك پىكىرلەر ئىلكىدە ئۇ
ئويلىناتتى، كىتاب كۆرەتتى، ئويلىناتتى. كۈندۈزى ئويلىغان-
لىرىنى بەزىدە چۈشىدىمۇ كۆرەتتى. ئاخىرىدا قاسىم سىدىق
ئۆزىنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى يېڭى كۆز قاراشلىرىنى بايان قى-
لىپ، ئۈچ پارچە ماقالە يېزىپ چىقتى. بۇ ماقالىلىرىدە ئۇ
ئاساسەن «شەكىل» ۋە «بوشلۇق» دىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى

شەرھلەشنى چىقىش قىلدى.

ئالدى بىلەن بىز قاسىم سىدىق ئىلگىرى سۈرگەن كۆز قاراشلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى يەڭگىل مۇلاھىزىلەرگە ئۆگىنىپ قالغان كىتابخانلارنىڭ ئېغىر پەننىي ئاتالغۇلار بىلەن يېزىلغان تۆۋەندىكى سەھىپىلەرنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەي ئوقۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن:

«شەكىل» نىمە؟ قاسىم سىدىق «بوشلۇق نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسلىرى» دېگەن ماقالىسىدە فىزىكىلىق شەكىلگە تەبىر بېرىپ: «فىزىكىلىق شەكىل ئەلۋەتتە بىر خىل ئوپتىك مۇئەييەنلىك، يەنى ئۇ ئەمەلىي گەۋدە (سۇبستاتسىيە) نىڭ شەكلى» دەپ يازغان بولسا، «بوشلۇق ۋە ئالەمنى بىلىش مەسىلىسى» دېگەن ماقالىسىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ: «شەكىل — مۇئەييەن ئوپتىك ۋە گېئومېتىرىيىلىك قىممەت. ئاپتور ھازىرچە شەكىلگە يۇقىرىقىدەك تەبىر بېرىشنى لايىق تاپىدۇ» دەپ يازىدۇ.

قاسىم «شەكىل» نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىزاھلاپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ بىرى - شەكىل بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتى.

«ھەممىمىزگە مەلۇمكى، — دەپ يازىدۇ قاسىم سىدىق، — مۇئەييەن فىزىكىلىق شەكىل مۇئەييەن فىزىكىلىق كۈچنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. كۈچ ئىپادىلىمەيدىغان شەكىل مەۋجۇت ئەمەس. بىز ھەر قانداق بىر فىزىكىلىق شەكىلنى بۇزماقچى بولىدىكەنمىز كۈچ ئىشلەتمەي بۇزالمايمىز. بۇ ھال شەكىلنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» بۇ مۇلاھىزىدىن قاسىم شەكىل = كۈچ دېگەن نەتىجىنى چىقىرىدۇ.

— «ئېينىشتېيىن كەڭ مەنىلىك نىسبىيلىك نەزەرىيىسىدە ماكان — زامان ئەگرىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بوشلۇقتا شەكىل بېرىدۇ. — دەپ يازىدۇ قاسىم مۇلاھىزىسىنى داۋام-



لاشتۇرۇپ، — ئېينىشتېيىن بوشلۇقتا شەكىل بېرىپلا قالماي، ئۇنى ئەمەلىي گەۋدە (سۇبستاتسىيە) سۈپىتىدە تونۇيدۇ... ئېينىشتېيىننىڭ بۇ كۆز قارىشىنىڭ كېيىنچە تەجرىبىدە ئىسپاتلانغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. يۇقىرىقىلاردىن: شەكىل = كۈچ، بوشلۇق = شەكىل، دېمەك، بوشلۇق = كۈچ، دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ»

مانا بۇ قاسىم سىدىقنىڭ بوشلۇق = كۈچ فورمىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي جەريانى، ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بۇ: « ھەرقانداق شەكىل كۈچ ئىپادىلەيدىكەن، ئېينىشتېيىن نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا بوشلۇقمۇ شەكىلگە ئىگە نەرسە، دېمەك، بوشلۇقمۇ كۈچ ئىپادىلەيدۇ. » دېگەن گەپ بولىدۇ.

ئىككىنچىسى — شەكىل بىلەن مىقدار (ياكى «چەك») نىڭ مۇناسىۋىتى.

«شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، — دەپ يازىدۇ قاسىم، — ھەرقانداق ئوپتىك ۋە گېئومېتىرىيىلىك قىممەت (شەكىل) گە ئىگە نەرسە كونكرېت مىقدارغا ئىگە. يەنى ئۇنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ. ئۆلچىگىلى بولىدىغانلا نەرسىلەر چەكلىك بولىدۇ. شەكىل بىلەن مىقدارنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەكىل = مىقدار دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. » (شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى: قاسىم سىدىق «ھەجىم» نىمۇ «شەكىل» گە يىغىنچاقلىغان.)

يۇقىرىقى مۇلاھىزىسىدىن قاسىم سىدىق ماددا — بوشلۇق ئالىمى چەكلىك بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نەتىجە ئېينىشتېيىننىڭ ئالەمنىڭ كۆلىمى ھەققىدىكى كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاش.

قاسىم سىدىق ئوتتۇرىغا قويغان « بوشلۇق نەزەرىيىسى» نىڭ يەنە بىر مۇھىم ئۇقۇمى — يوقلۇق قاسىم يوقلۇق ئۆزىدىن

ئەڭ كۆپ ئەمگەك تەلەپ قىلغان تېما دەپ قارايدىكەن. قاسىم ئۆز تېزىسلىرىدا پۈتۈن كائىناتنى ماددا، بوشلۇق ۋە يوقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ قاتلاملىق ئالەم، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.
بۇ يەردىكى «يوقلۇق» نېمە؟ « يوقلۇق ۋە ئالەمنى بىلىش مەسىلىسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە ئۇ «يوقلۇق» قا تەبىر بېرىپ: « يوقلۇق — شەكىلسىزلىك ۋە چەكسىزلىك سۈپىتىدىكى بارلىق » دېيدۇ. يەنە ئۇ «ماددا بىلەن بوشلۇق ئوبيېكتىپ چىنلىق بولغىنىدەك، يوقلۇقمۇ ئوبيېكتىپ چىنلىق. ‹يوقلۇق› نى فىزىكا، شۇنداقلا ھەرقانداق پەننىڭ مۇھىم ئۇقۇمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەك » دەپ يازىدۇ.

قاسىم «يوقلۇق» نىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاشتا ئىككى نۇقتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى «چوڭ پارتلاش ئالەم نەزەرىيىسى» . «چوڭ پارتلاش ئالەم نەزەرىيىسى ياكى كۆيۈۋاتقان ئالەم نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا، — دەپ يازىدۇ قاسىم، — ئالەم ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ. ئالەم پەقەت ماددا ۋە بوشلۇق (مەيدان) دىن ئىبارەت ئىككى قاتلامغىلا ئىگە، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس، دېيدىغان بولساق، ئۇنداقتا بۇ ئالەم قەيەرگە كېڭىيىدۇ؟ كېڭىيىش ئىمكانىيىتى بولغان بىرەر ئورۇن بولمىسا ئالەم تاقىشىپ قېلىشى كېرەك - دە! ... كۆرۈنۈپ تۇرىدىكى، كۆپۈيۈۋاتقان ئالەم نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزىلا ‹يوقلۇق› نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. »

قاسىم «يوقلۇق» نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنداق بىر تۈز سىزىق سىزىدى:




بۇ يەردىكى A نۇقتا بىلەن B نۇقتا ئارىلىقى ئىككى قاتلاملىق ماددا — بوشلۇق ئالىمىنىڭ ئەمەلىي رادىئۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، B دىن C غا قاراپ سوزۇلغان ئۈزۈك سىزىقلار بولسا،



شەكىلسىزلىك ۋە چەكسىزلىك سۈپىتىدىكى «بارلىق» بولغان «يوقلۇق» نى ئىپادىلەيدۇ. ئالەمنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە B ھامان C غا قاراپ سۈرۈلۈپ بارىدۇ. لېكىن C غا مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. چۈنكى C ھەرگىز بىر نۇقتا ئەمەس، بەلكى «يوقلۇق » نىڭ بەلگىسى. قاسىم سىدىق: «مۇبادا C نىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېتىراپ قىلىنمىسا، ئىككى قاتلاملىق ئالەمنىڭ كۆپۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىمەنىلىك بولىدۇ.» دەپ قارايدۇ ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى A —— B ...... C فورمىلىسىغا «مەڭگۈلۈك فورما» دەپ نام بېرىپ: «ماددا بوشلۇق ۋە يوقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ ئاشۇ فورمۇلا بويىچە بولغان، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ.
بۇ دېگەنلىك: A بىلەن B نۇقتىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئارىلىقى 200 مىليارد يورۇقلۇق يىلى. بۇ ئارىلىق بىر يورۇقلۇق يىل ياكى تىرىليون يورۇقلۇق يىلى بولغان تەقدىردىمۇ
A —— B ...... C فورما ساقلىنىۋېرىدۇ، دېگەن سۆز.

قاسىم سىدىق «يوقلۇق»نى ئىسپاتلاشتا كەلتۈرگەن ئىككىنچى دەلىلدە «شەكىل» بىلەن «ئارقا كۆرۈنۈش» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:
« بىزگە مەلۇمكى، مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە ھەرقانداق نەرسە جەزمەن ئۆزىگە نىسبەتەن غەيرىي شەكىلگە ئىگە بولغان ئىككىنچى بىر نەرسىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. ھەرقانداق شەكىل جەزمەن ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىسا شەكىلمۇ بولمايدۇ » مەسىلەن، ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان كىتابنىڭ شەكلى ئۆزىگە ئۈستەلنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. مەيلى بۇ كىتاب ئۈستەل ئۈستىدە بولسۇن ياكى باشقا يەردە بولسۇن، ھامان ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئايرىلالمايدۇ.
قاسىم «ئارقا كۆرۈنۈش » ھەققىدىكى بۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ: « نۇرغۇن ماتېرىياللاردا، —

دەيدۇ قاسىم، — ئالەم شارىنىڭ سىرتىدا نېمە بارلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش مەنىسىزلىك، دەپ يېزىلغان. ماھىيەتتە مەسىلىنىڭ ئاچقۇچ دەل مۇشۇ يەردە. ماددا ۋە بوشلۇقتىن ئىبارەت ئالەم شارىنىڭ سىرتىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ۋە ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھەر قانداق نەزەرىيە ئالەمنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىگىلىيەلمەيدۇ. ‹شەكىل ئارقا كۆرۈنۈش شەرتى ئاستىدا مەۋجۇت›، دېگەن ئالدىنقى شەرتكە ئاساسەن ئىككى قاتلاملىق ئالەم شەكلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تامامەن ھەقلىقمىز. ئۇمۇمىي ماددىي ئالەم ئۇمۇمىي ئەگرى بوشلۇق ئالىمىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ ئەگرى بوشلۇق ئالىمىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى نېمە؟ ئۇمۇمىي ماددا ۋە بوشلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەم شارىنىڭ سىرتىدا يەنە ماددا ۋە بوشلۇق بار، دېيىش بىمەنىلىك بولىدۇ. ئەمدى پەقەت ئىككى قاتلاملىق ئالەم شارىنىڭ سىرتىدا ھېچ نەرسە يوق، دېيىشتىن باشقا چارىمىز قالمىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ‹يوق› دەل بىزنىڭ ‹يوقلۇق› ئۇقۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىزنىڭ ئاساسى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئالەملىك ئۇمۇمىي ئەگرى بوشلۇقنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى جەزمەن مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ شەكلى ۋە چېكى بولمىغان ‹يوقلۇق› تىن ئىبارەت. ئەگەر بىز ‹يوقلۇق›نى ئېتىراپ قىلمايدىكەنمىز، ئىككى قاتلاملىق ئالەم شەكلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ۋاز كەچكەن بولىمىز - دە، ئالەمنى شەكىلسىز قىلىپ قويىمىز».

قاسىم يۇقىرىقى مۇلاھىزىدىن: « ئالەم ئېينىشتېين قاتارلىقلار تەسۋىرلىگەندەك ماددا ۋە بوشلۇقتىن ئىبارەت ئىككى قاتلامغىلا ئىگە چەكلىك ئالەم ئەمەس، بەلكى، يوقلۇقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ قاتلاملىق چەكسىز ئالەم» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

زامان — ماكان ئەگرىلىكىدىن « شەكىل » نى كەلتۈرۈپ



چىقىرىش، «شەكىل» دىن «ئارقا كۆرۈنۈش» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىش، «ئارقا كۆرۈنۈش»تىن «يوقلۇق» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىش — مانا بۇ قاسىم سىدىقنىڭ تەپەككۇر يولى. مەنتىقە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى «چۈش» لىرى خېلىلا مۇكەممەللىككە ۋە مول تەسەۋۋۇرغا ئىگىدەك قىلىدۇ. ئۇ يەنە ھەرىكەت ۋە جىملىق، يادرو كۈچى، بوشلۇقنىڭ سىقىلىشى، بوشلۇقنىڭ كۋانتلىششى دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر ئۈستىدە ئۆز «چۈشى» نى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ئولتۇرۇش تېمىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس، ئىشقىلىپ، تىنچ يېزا مۇھىتىدىن ئىلھاملىنىپ، يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان بۇ شائىرىمىز ئەمدى پۈتۈن كائىناتقا «ئاشىق» بولۇپ، تەبىئەت قانۇنلىرى توغرىسىدىكى خىياللار ئىلكىدە توختىماي «چۈش» كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى قىينىغان بۇ «مەشۇقى»نىڭ سىرىنى تېپىپ چىقىپ، جاھانغا يېيىۋېتىشنى نىيەت قىلغانىدى. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق بىر شېئىر يازغانىدى :

كېلىپ مۇھەببەتنىڭ ئاستانىسىگە،
بولدۇم ئاشىق، تەبىئەت جەزبىسىگە.
مېنى ھالال ئاشىق، دەپ ئويلاپ قالماڭلار،
ئوغرىلىقتا چۈشىمەن خەزىنىسىگە:
ئوغرى بولماي ئاشىق بولغان قېنى، كىم؟
ئەزەلدىن ئوغرىدۇر پەيلاسوپ - ھەكىم!
سىرىڭ ئېلىپ قىلۇر ئاندىن ئۇنى پاش،
شۇلاردىن مىراستۇر بۇ خۇيۇم بەلكىم!
تەبىئەت سىرىڭغا ئاشىقمەن سۆزسىز.
ئالىمەن - يايىمەن، مەن شۇنداق يۈزسىز.

## دادامتۇدىن ئۇرۇمچىگە

يۇقىرىدا مەن قاسىم سىدىقنىڭ ماقالىلىرىدىكى مۇھىم
نۇقتىلارنى ئۆزۈمنىڭ چۈشىنىشىچە بايان قىلىپ ئۆتتۈم. ئۇنىڭ
ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرى مېنىڭچە ئالەمنىڭ چوڭ قانۇند-
يەتلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ كۆز قاراشلارنى
ھازىرچە دەسلەپكى قىياس، تەسەۋۋۇرلاردىن ئىبارەت، دېيىشكە
بولىدۇ. ئەمما، ئىلىم - پەن ئىشلىرىدا تەسەۋۋۇرنىڭ رولىنى-
ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئىلمىي تەسەۋۋۇر كەلگۈسى-
دىكى زور كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتنىڭ بىخى. دۇنيادىكى مەشھۇر
ئالىملارنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان «مۇۋەپپەقىيەت قا-
زىنىشنىڭ سىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى لى دېيىڭ: «ئىل-
مىي تەسەۋۋۇر كۆپىنچە چەكسىز خىيال ۋە رومانتىزم تۈسىنى
ئالغان بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. ئېھتىمال، قاسىمنىڭ بۇ كۆز
قاراشلىرىغىمۇ شائىرلارچە جۇشقۇن ئىلھام ۋە ئالەم توغرىسىد-
كى رومانتىك تۇيغۇلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.
قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بۇ قىيىن، ئەمما ئۆزىنى ھاياجانلاندۇر-
دىغان نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
قوللىرىنى ئۇشقۇلاپ، ئەمدى بۇ ماقالىلىرىنى قەيەرگە ئەۋە-
تىش، كىملەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇش ئۇستىدە ئويلاندى.
چۈنكى، ھەرقانداق بىر يېڭى كۆز قاراش ئىلمىي تەنقىد، مۇھا-
كىمە ۋە ئىلمىي تەجرىبىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىگەندىلا ھەقىقەتكە
يېقىنلاشقان ھېسابلىنىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى
بەلكىم بىرەر پەن خادىمى بىر نەچچە ئېغىز ئىلمىي دەلىللەر
بىلەنلا رەت قىلىۋېتەلەيدىغان ئاساسسىز خىيال ياكى ئەرزىمەس
قۇرۇق گەپلەردۇر؛ ياكى بولمىسا باشقىلار تەرىپىدىن ئاللىبۇ-
رۇن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغان كونا نەزەرىيىدۇر. ئىلىم - پەن



تارىخىدا ئۇقۇشماستىن باشقىلار ئىسپاتلاپ بولغان ھەقىقەتلەرنى
ئىسپاتلايمەن، دەپ يىللاپ ئاۋارە بولىدىغان، باشقىلار كەشىپ
قىلىپ بولغان نەرسىلەرنى كەشىپ قىلدىم، دەپ كۆتۈرۈپ يۈرى-
دىغان ئىشلار ئازمۇ! ؟...

شۇنداق قىلىپ، قاسىم سىدىق ئۆزىنىڭ «بوشلۇق»،
«يوقلۇق»، «ئۈچ قاتلاملىق ئالەم» دېگەندەك «غەلىتە» ئۇقۇم-
لار بىلەن تولغان تېزىسلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ، قالغان ھەم-
مە ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ، مەكتەپمۇ مەكتەپ يۈگۈرۈشكە باشلى-
دى. يانچۇقىدىكى ئاخىرقى پۇللىرىنى قېقىشتۇرۇپ قەغەز سې-
تىۋېلىپ، ماقالىلىرىنى شېپىگراپتا كۆپەيتىپ باسقۇزۇپ، ئالا-
قىدار ئورۇن ۋە ئادەملەرگە ئەۋەتتى.

دەسلەپتە غۇلجا ناھىيىلىك مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسى-
نىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە
مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، قاسىمنىڭ يېڭى قاراشلىرى ئۇس-
تىدە قىزغىن مۇھاكىمە بولدى. لېكىن، مەسىلە بۇ يەردە ھەل
بولمىدى. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى يۇقىرى دەرىجىلىك
ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۆتۈ-
نۈپ، قاسىمغا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەردى. قاسىم بۇ تونۇشتۇ-
رۇشنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرىپ، ھەرقايسى پەن - تېخنىكا
تارماقلىرىغا يۈگۈردى. ئۇ يەردىكى بىرەيلەن ئۇنىڭغا: «مۇتە-
خەسسىسلەرنى چاقىرىپ مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پۇل كې-
رەك. بۇ چىقىمنى مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان
كىشى تۆلەيدۇ» دەپ، خېلى كۆپ پۇلنىڭ گېپىنى چىقاردى.
بىزنىڭ بۇ نامرات شائىرىمىز تەپەككۇرغا باي بولسىمۇ، پۇل
دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ قەغەزگە گاداي ئىدى ... نۇرغۇن پايپاسلا-
شلاردىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى بەزى رەھبەر ۋە تونۇش - بىلىش-
لەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدا-
رىسى «فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتى» نامىدىن بىر مۇھاكىمە

يىغىننى چاقىرىپ بەردى. يىغىن «غۇلجا شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى» دە ئۆتكۈزۈلدى. مەن يىغىندىن ئېلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلاپ باقتىم. مېنىڭچە، بۇ مۇھاكىمە يىغىنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى ۋە ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىدىكى بىرنەچچە نوپۇزلۇق فىزىكا مۇئەللىملىرىنىڭ تەييارلىق قىلىشى بىلەن يامان ئەمەس ئېچىلغان. بۇ يەردە قوللاشمۇ، رەت قىلىشمۇ، ھېسداشلىقمۇ، يوشۇرۇن مەسخىرە قىلىشمۇ... ئىشقىلىپ، بىر يېڭى قاراش، ئەنئەنىۋى رامكىلارغا سىغمايدىغان يېڭى تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا چىققاندا سادىر بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى كۆرۈلگەن. يېڭى قىياس ھامان رامكىدىن ھالقىغان، بوسۇش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. دەسلەپتە بەزىلەرگە ھەتتا ساراڭلىقتا ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈۋاتقاندەكمۇ بىلىنىشى مۇمكىن. ھەر قانداق ئىلمىي پەرەز رەت قىلىش بىلەن دەلىللىنىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەي قالمايدۇ.

غۇلجا شەھىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۇتۇقى شۇ بولدىكى، يىغىنغا قاتناشقان 80 دىن ئارتۇق قىزىققۇچىلار مۇشۇنداق مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى پات - پات چاقىرىپ، گۇمانىي كۆز قاراشلار ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ تۇرۇشنىڭ چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىجابىي رولى بارلىقىنى تونۇپ يەتتى. كۆپچىلىك يولداشلار قاسىم سىدىق ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان نەزەرىيە مەيلى توغرا، مەيلى خاتا بولسۇن، ئۇنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش روھىنىڭ ئالقىشلاشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

لېكىن، قاسىم سىدىق بۇ مۇھاكىمىدىكى ئۆزىنى رەت قىلغان پىكىرلەردىن قانائەت ھاسىل قىلمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بەزىلەر مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدىن چەتنەپ كەتكەنىدى. يەنە بەزى يولداشلار بولسا ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋات-



قان كۆز قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى ئاڭقىرالمىغاندەك قىلاتتى. فىزىكا نەزەرىيىلىرى ۋە دەرسلىكلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ قىلىنغان رەت قىلىش پىكىرلىرى قاسىمنى قايىل قىلالمىدى. ئەگەر قاسىم سىدىقنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان قاراشلىرى ئىلگىرىكىلەر سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ بولغان ياكى دەرسلىكلەردىن جاۋابى تېپىلىدىغان مەسىلىلەر بولسا، ئۇنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى. دەرسلىكلەر كۆپىنچە ئومۇمىي ساۋات خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. ئومۇمىي ساۋات پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم - پەننىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىنى چۈشەندۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدۇ. لېكىن، ئالەم چەكسىز، ئىنسانلارنىڭ بىلگەنلىرى بىلمىگەنلىرىنى كۆزدە تۇتقاندا بىر تەرەپلىمە ۋە نىسپىي بولىدۇ. بۈگۈنكى «ھەقىقەت» ئەتىكى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنچە مۇكەممەل دېيىلگەن پىتولېمى ئالەم سىستېمىسى ئاخىر نېمە بولدى؟ «يېنىش ئېلېمېنتى» (فىلوگىستون)، «قايتا پارچىلانمايدىغان» (ئاتوم) ۋەھاكازالارنىڭ تەقدىرى نېمە بولدى؟ XIX - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا بەزى كىشىلەر فىزىكا نەزەرىيىسى ئەمدى مۇكەممەللىشىپ بولدى، دېيىشمۇېدى، نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە كۋانت مېخانىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى فىزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ھازىرچە مۇكەممەللىشىشتىن يىراقلىقىنى ئىسپاتلاپ قويدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، تەييار بىلىملەر بەزىدە يېڭى قىياس، يېڭى تەسەۋۋۇر ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ توغرا - خاتالىقىنى دەل ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولالماي قالىدۇ. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ يېڭى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش روھىنى بوغىدىغان رامكا قىلىۋالماسلىق كېرەك. ئىلمىي ھەقىقەتكە يېقىنلىشىش تارىخى — ئىنكار قىلىش ۋە يېڭىلاش تارىخىدىن ئىبارەت. ئۇنداق بولمىغان بولسا پەن ئارىستوتېلدىلا توختاپ قالغان بولاتتى...

مەن قاسىمدىن:

— ئاڭلىسام، بەزى يولداشلار: قاسىم سىدىقنىڭ كۆز قارىشى نيۇتون ۋە ئېينىشتېيىنلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا توغرا كەلمەيدۇ. ئۇلار ئىنكار قىلىنىپتۇ، دەيدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورىدىم. قاسىم:

- بۇنداق گەپ خېلى ئىلمي كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقتى. مېنىڭچە، مەسىلە ئۇنچىۋالا دەرىجىگە بارمىسا كېرەك. مۇبادا مەن ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلاردا ئازراق بولسىمۇ ھەقىقەت بولۇپ، نيۇتون بىلەن ئېينىشتېيىنگە چېقىلىپ ئۆتكىدەك كىچىككىنە بولسىمۇ قۇدرەتكە ئىگە بولسا، بۇنىڭ ئەجەپلىنىدىغان نەرى بار؟ مۇئەييەن دەۋرنىڭ پەننىي چۈشەنچىلىرى مۇتلەق چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس دىن ئەمەس، تەبىئىي پەن ئالىملىرى ھەرگىزمۇ خۇدا ئەمەس؛ پەننى دوگمىلاشتۇرۇش، ئالىملارنى مەبۇد قىلىۋېلىش ئىلىم - پەننىڭ ئۆزىنىڭ روھىغا خىلاپ. داڭلىق ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپ ليۇدۋىگ فېيىرباخ: «ھاياتىڭدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىڭ - ئەزەلدىن ئادەت بولۇپ قالغان قائىدىلەرگە چېقىلمىغانلىقىڭ ۋە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىڭدۇر... كەمچىلىك - زەپەر قۇچالمىغان ئارتۇقچىلىق، يەنى ئۇ ئارتۇقچىلىق سۈپىتىدە ئىپادىلىنىش شارائىتى تاپالمىغان ئارتۇقچىلىقتۇر.» دېگەنىدى. دەرۋەقە، كوپېرنىكنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئادەت بولۇپ قالغان قائىدە - قاراشلارغا قانائەت قىلغان ۋە زادىلا «جىنايەت» ئۆتكۈزمىگەن بولسا، نيۇتون ۋە ئېينىشتېيىنلارمۇ ئەنە شۇنداق قانائەتچان بولغان بولسا، بىز بۈگۈنكى ئىلىم - پەن رېئاللىقىنى كۆرەلمىگەن بولاتتۇق، — دېدى.

قاسىم سىدىق ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇچ قاتلاملىق ئالەم» نەزەرىيىسىدىكى ماددا ۋە بوشلۇقنىغۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى «يوقلۇق» زادى نېمە؟ ئالەم توغرىسىدىكى ھەرقانداق



بىر ئىلمىي تەسەۋۋۇرنى يەڭگىللىك بىلەن رەت قىلىۋەتمەي، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. قايىمبىر ئالىم: «مەسىلىگە بىز دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ناھايىتىمۇ كىچىك بىرتال قۇرت بار، دەپ پەرەز قىلايلى، بۇ قۇرت ئۆزىنىڭ تولىمۇ كىچىكلىكى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن دېڭىز بېتىگە مەڭگۈ چىقالمايدۇ، دەيلى، ئۇ چاغدا، بۇ قۇرتتا پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولغان بولسا، ئالەمنى ئۇ سۇ بىلەن قورشالغان دۇنيا، دەپلا چۈشەنگەن بولاتتى»، دەپ يازىدۇ. پۈتۈن كائىناتقا نىسبەتەن ناھايىتىمۇ كىچىك بولغان بىز — ئىنسان ھەرىكەت ئىقتىدارىمىز ۋە بىلىملىرىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن ھازىرچە ئاشۇ قۇرتقا ئوخشاش بىچارە ئەھۋالدا بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن.

قانداقلا بولمىسۇن، قاسىم سىدىق غۇلجىدا چاقىرىلغان بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇ: «مۇھاكىمە سورۇنىدا بولۇنغان قارشى پىكىرلەر مېنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرىمنىڭ توغرىلىقىغا بولغان ئىشەنچەمنى كۈچەيتىۋەتتى» دەيدۇ. قاسىم سىدىق ئەمدىلىكتە ئىلىم ئەھلى كۆپرەك توپلاشقان ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاش، ماقالىسىنى بىرەر ئىلىم - پەن ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغۇزۇپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇش قارارىغا كەلدى.

ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ «سەھرالىق» نىڭ كاتتا شەھەردە چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى كاستۇم - بۇرۇلكا، شىبلىت ئېلىپ كىيگۈزۈپ قويدى. بىر دېھقان سۈپۈرگە ساتقان پۇلىغا ماشىنا بېلىتى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. قاسىم بىر ئامال قىلىپ بانكىدىن 500 يۈەنچە قەرز ئېلىپ يانچۇققا سالدى - دە، ئۆيدىكى يەتتە جاننى خۇداغا ئامانەت قىلىپ ئۈرۈمچىگە يول ئالدى. قاسىم: «شۇ چاغدىكى

ئەھۋالىم بارلىق دەسمىسىنى يىغىپ تاۋۇكاغا قاراپ ماڭغان
قىمارۋازنىڭ، ھالىغا باقماي شامال توگمىنىگە ئۇرۇش ئېلان
قىلغان دونكىخوتنىڭ ياكى ياۋروپادىن يېڭى قىتئە ئىزدەپ يولغا
چىققان بىر تەۋەككۇلچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى. مەغ-
لۇپ بولسام شەخسىي ئۆزۈمنىڭ مەغلۇبىيىتى بولىدۇ. غەلىبە
قىلسام شەرەپ مىللىتىمگە، دۆلىتىمگە بولىدۇ. دەيدىغان ياخ-
شى نىيەتلا مېنى داۋاملىق ئالغا بېسىشقا ئۈندەيتتى» دەيدۇ.
قاسىم سىدىق ئۆرۈمچىگە ناھايىتى چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن
بارغانىدى، لېكىن ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولۇپ چىقـ-
مىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يازغانلىرىنى مەلۇم بىرفىزىكا تەتقىقات
ئورنىغا ئاپىرىۋېدى، ئۇلار: «بۇ بىزگە مۇناسىۋەتسىز، نەزەرد-
يىگە ئائىت مەسىلىلەر ئىكەن» دەپ جاۋاب بەردى؛ مەلۇم
پەلسەپە تەتقىقات ئورنىغا كۆتۈرۈپ بېرىۋېدى، «بۇ بىز بىلەن
ئالاقىسىز، فىزىكىغا دائىر مەسىلىلەر ئىكەن» دەپ قولىغا
تۇتقۇزۇپ قويدى. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ كىملىكىنى، نەدىن كەل-
گەنلىكىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلى-
دى. مۇنداق كوچىلاپ كەلگەندە بىزنىڭ بۇ سەھرادىن كەلگەن،
شۇنداقلىقىغا باقماي فىزىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىگە بېرىپ
تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆز ئېچىپ يۈرگەن شا-
ئىرىمىز ناھايىتىمۇ «ئەرزىمەس » بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالات-
تى. قاسىم سىدىقنىڭ تازا ئوقۇپ بىلىم ئالىدىغان دەۋرى «مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئۇ ئاران
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىلا ئوقۇپ پۈتتۈرەلىگەن. شۇ ئېغىر
يىللاردا يالغۇز ئانىسىنى بېقىپ، كۈننى ئېلىش ئۈچۈن ئۇدۇل
كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان، ئەترەتتە نۇمۇرغا ئىش-
لىگەن، خاڭلاردا كۆمۈر چاپقان، ئەلگەك ياساپ، ئېشەك ھارۋا
بىلەن يېزىمۇ يېزا سۆرەپ يۈرۈپ ساتقان، كېيىن، شەھەردىكى
بىر تۇغقىنى بىلەن شېرىكلىشىپ، تۇغقىنىنىڭ يېڭى ۋېلىسىپى-



تىنى سېتىپ دەسمايە قىلىپ باققالچىلىقمۇ قىلغان. پەنجىمدى-
كى بىر ئۆرۈكلۈك باغنى بېقىپ ياتقان يىلى ئۇنى يېزا مەكتىپى
چاقىرتىپ كېلىپ خەلق ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ ئىشلەتكەن.
كېيىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئۇنى مائارىپ شۆيۈەنىگە
بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ يەردە ئۇ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا
ئىككى يىل ئوقۇغان. ھازىر ئۇ دادامتۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ ئادەتتىكى بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى. مۇنداق «قىسقىچە
تەرجىمھال»نى ئاڭلىغاندا، پەن قانۇنىيەتلىرىنى پەقەت مەخسۇس
كەسىپ ئىگىلىرىلا كەشىپ قىلالايدۇ، دەيدىغان ھۆكۈمنى كال-
لىسىغا ئورنىتىۋالغان بەزىلەرنىڭ قاسىمنىڭ ماقالىسىنىڭ ئىل-
مىي قىممىتىگە بولغان گۇمانىي تېخىمۇ كۈچىيەتتى ـ دە،
بېشىنى چايقاپ ئاستالا كېتىپ قالاتتى. شىنجاڭ پېداگوگىكا
ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ بىر دوتسېنتى قاسىمنىڭ
دەردىنى چۈشەنگەندەكلا: «ئۇكام، بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز-
نىڭ مەسىلىلەرگە قارشى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە. ئۇلار سىزنىڭ
يازغانلىرىڭىزنى باھالىمايدۇ. ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈپ ئاۋارە بو-
لۇپ كېتىدۇ» دېدى.
مەكتەپتە قانچىلىك ئوقوغانلىقى بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي
بىلىمىنى ئۆلچەشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم بولالايدىغانلىقى ناتا-
يىن. بەزىلەر شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكى سەۋەبىدىن مەكتەپتە
كۆپ ئوقۇيالمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ يەنە
نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق تولۇقلاپ
كېتەلەيدۇ. ئەگەر سىز قاسىم سىدىقنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز ئۇ-
نىڭ كۆزىگە چېلىققۇدەك تەئەللۇقاتلىرىنىڭ ئاساسلىقى كىتابلار
ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كىتاب جازىلىرىدا ئەدەبىي كىتابلاردىن
كۆرە پەلسەپە، پسىخولوگىيە ۋە تەبىئىي پەنگە ئائىت كىتابلار-
نىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. قىزىقىش دائىرىسى ناھايىتىمۇ
كەڭ بولغان بۇ شائىرىمىز ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش جەھەتتە كۆپ

ئەجىر قىلغان. 70 ـ يىللارنىڭ بىر قىسمىدا، دادامتۇلۇقلار
غۇلجا ناھىيىسىنىڭ توققۇزتارا مەھەللىسىگە ئۈستەڭ چاپقىلى
چىققاندا قاسىمنىڭ سامانخانىدا ياتقانلىقىنى ھازىرمۇ ئەسلىشىدۇ.
شۇ چاغدا ئۈستەڭ چاپقۇچىلار ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ياتىدىغان
كوللېكتىپ ياتاق ناھايىتىمۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىدى. كىشىلەر
ياتاقنى موخۇركىنىڭ ئاچچىق ئىسىغا تولدۇرۇپ، ئاغزى بېسىل-
ماي پاراڭ قىلىشاتتى. بۇ غەۋغادىن ئۆزىنى قاچۇرغان قاسىم
بىر دېھقاننىڭ بورون ئېغىل قىلغان بىر سامانخانىسىنى تېپىپ
ياتاق قىلىۋالغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما
ئەسەرلىرى»نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى كۆرۈۋاتاتتى. پەلسەپە
ئۇنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان دۇنياسى ئىدى. سامانخانىنى ئۇ ئۆزى
ياسىۋالغان جىن چىراغ گۈگۈگا يورۇتۇپ تۇراتتى. چىتەن ئە-
شىكتىن گۇرۇلدەپ سوغ شامال كىرەتتى. قاسىم بولسا يوتقانغا
مەھكەم ئورۇنۇۋېلىپ كىتاب ۋاراقلايتتى. بەزىدە شائىرانە ئىل-
ھامغا كېلىپ:

يۈرىكىمگە ئوخشايسەن چىراغ،
زۇلمەت باسقان بۇ شۇم كېچىدە.
پۈتمەس ـ تۈگىمەس سېھرىي كۈچ بىلەن،
يانماقتىسەن بوران ئىچىدە...

دەپ شېئىرمۇ يادلاپ قوياتتى. ئۈستەڭ چاپقۇچىلار بۇ سامانخان-
نى «قاسىمنىڭ ھۇجرىسى» دېيىشەتتى. قاسىمنىڭ يېگىدىن
خەنزۇچە ئۆگىنىۋاتقان چېغىدا قىلغان بىر ئىشىمۇ ئۇنىڭ ئاند-
سىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. بىر كۈنى ئانا ئوغلىنىڭ يوتقىنى-
نىڭ ئەستىرىگە قاراپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. قاسىم يوتقاننىڭ
ئاپئاق كىرلىكىنى خەنزۇچىدا ئۆچرايدىغان قىيىن خەتلەرنى
يېزىپ تولدۇرۇۋەتكەنىدى. ھەممىدىنمۇ ھەيران قالارلىقى قاسى-



مىنىڭ «بۇ كىرلىكنى يۇمايسەن» دەپ ئاپىسىنىڭ قولىغا ئې-
سىلىۋالغىنى بولدى. شۇ چاغدا ئانا ياقىسىنى تۇتۇپ، «خۇداغا
ئامانەت!» دەپلا قويغانىدى...

شۇنداق، قاسىم سىدىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا سىستېمى-
لىق بىلىم ئالالمىغان، ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەر
ئۇنى بۇ ئارزۇسىغا يەتكۈزمىگەن. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئۇنى
تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. لېكىن، كەشپىيات-
لىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر ئېدىسون تۆمۈرچىنىڭ ئوغ-
لى، ئېلېكتر ئېلېمېنتىنىڭ پېشۋاسى فارادېي ۋېلىسىپىت رې-
مونت قىلغۇچىلاردىن كېلىپ چىققان، ئايروپىلاننىڭ كەشپىيات-
چىلىرى ئاكا ـ ئۇكا رايىتلار... پەن تارىخىدا يەنە مۇشۇنداق
قانچىلىغان كىشىلەرنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ قاي-
سىبىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان؟ تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن
خىلمۇخىل ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولمىغان؟ ئۇلار قىيىن
شارائىتلاردىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى، دادىل پىكىر قىلغانلى-
قىدىنلا نەتىجە يارىتالىغان. ئەمما، قاسىم سىدىق مۇنداق ئۇلۇغ
ئادەملەرنى مىسالغا ئېلىپ سۆزلىگەن بولسا، شۇلارغا ئۆزىنى
سېلىشتۇرغان بولۇپ قىلىپ تېخىمۇ كۈلكىگە قالاتتى. شۇڭا،
دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقىلا مەجبۇر بولدى. ھەتتا ئىلگىرى چەت
ئەلدە فىزىكا ئوقۇغان بىرەيلەن ئۇنىڭغا: «ئاڭلىسام، سىز ئەدە-
بىياتچىكەنسىز، ئەدەبىيات دېگەن سۆز ئويۇنى، ئىلىم ـ پەندە
سۆز ئويۇنى ئاقمايدۇ» دېدى.

توغرا، مەلۇم بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات
ھەقىقەتەنمۇ «سۆز ئويۇنى». لېكىن، ئۇ ھەركىم ئاغزىغا كەل-
گەننى دەۋەرسە بولۇۋېرىدىغان «سۆز ئويۇنى»مۇ ئەمەس؛ ئۇ بىر
تىل سەنئىتى، شۇنداقلا ئۇ ئۆز قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا ئىجادىي
ئەسەرلەرنى بەرپا قىلىپ، ئىنسانلارغا مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ
بېرىدىغان پەن. ئەدەبىيات ئىلمىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇ-

چىلاردىن يالغۇز ئەدەبىياتنىلا بىلىپ قالماي، تەبىئىي پەن،
پەلسەپە ۋە باشقا كائىناتتىن كىشىلىك تۇرمۇشقىچە بولغان ھا-
دىسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىلىملەردىن خەۋىرى بار،
تەپەككۇرغا باي ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا
ئۇنىڭ «سۆز ئويۇنى» جايىغا چۈشىدۇ، كىشىلەرنى قايىل قىلا-
لايدۇ، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىسى چوڭقۇر بولىدۇ. يەنە بىر
تەرەپتىن ئېيتقاندا، بىر شائىرنىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتى
بىر ئالىمنىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتىدىن ھەرگىزمۇ كەم
بولمايدۇ؛ ئەدەبىيات بىلەن باشقا پەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى
بولمايدىغان توساقمۇ يوق. قەدىمكى رىمنىڭ داڭلىق پەيلاسوپى
لوكرىتىس كار پۈتۈنلەي تەبىئەتنى تەتقىق قىلغان ئادەم ئىدى.
لېكىن، ئۇنىڭ «ماددا خۇسۇسىيىتى ھەققىدە» ناملىق تەبىئەت
دۇنياسى توغرىسىدىكى يىرىك ئەسىرى بولسا شېئىر ئىدى.
ئۇلۇغ رۇس ئالىمى لومونوسوۋ يالغۇز تەبىئىي پەن ئالىمىلا
بولۇپ قالماستىن يەنە كۈچلۈك ئەدىب ئىدى. ئۇ شېئىرلارنى
يېزىپ يېڭى رۇس شېئىرىيەت ژانىرىغا ئاساس سالغان. ئوتتورا
ئەسىردە ئۆتكەن شائىر نىزامى، سەئىدى، ئىبنى سىنالار يالغۇز
ئەدىبلا بولۇپ قالماستىن يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ كۈچلۈك مۇتەپەك-
كۇرى، ئالىملىرى ئىدى. كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان،
پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي روبائىيلارنى يېزىپ قالدۇرغان ئۆ-
مەر ھەييام ئەينى يىللاردا شاھ رەسەتخانىلىرىغا يېتەكچىلىك
قىلغان، يېڭى كالېندار تۈزۈپ چىققان، ئالگېبرالىق تەڭلىمى-
لەر ئۈستىدە ئىلمىي ماقالىلار يازغان. يەنە شۇ ئوتتورا ئەسىردە
ئۆتكەن مەشھۇر ئەرەب يازغۇچىسى ئەل جاھىز ئۆز دەۋرىنىڭ
يېتىشكەن ئالىمى بولۇپ، ئۇنىڭ «مەخلۇقاتنامە» دېگەن ئەسە-
رى ئەرەبلەر تارىخىدىكى تۇنجى زوئولوگىيە كىتابى بولۇپ قال-
غان. مىلادىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساس-
لىق تراگېدىيىلىك ئەسەرلىرىنى يازغۇچى سېنېكا پەيلاسوپ ۋە



سىياسىي ئەرباپ ئىدى. XVII ئەسىردە فرانسىيىدە ئۆتكەن روس-
سىمۇ ئەڭ داڭلىق مۇتەپەككۇر بولۇش بىلەن بىللە يەنە تەسىرى
كۈچلۈك ئەدىب ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى كىشىلەر-
نى ھەيران قالدۇرۇپلا قالماستىن، ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ كونا
ئەنئەنىلەرگە قارشى كەسكىن ئىدىيىلەرنى ئىپادىلىگەن. ئېنى-
گېلس: «ھەقىقەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن پۈتكۈل ھاياتىنى بېغىشلى-
غان دېسە مانا مۇشۇ دىدېرۇدەك كىشىلەرنى دېسە بولىدۇ» دەپ
يۇكسەك باھا بەرگەن. مۇتەپەككۇر دىدېرو «تەبىئەتنى چۈشەن-
دۈرۈش»، «ماددا ۋە ھەرىكەت توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قائى-
دىلەر»گە ئوخشاش داڭلىق پەلسەپە ئەسەرلىرىنى يېزىش بىلەن
بىر ۋاقىتتا يەنە «رەسسامچىلىق توغرىسىدا»، «ئارتىسلىك
دېمەك گەپ سېتىش ئەمەس»، «دراما سەنئىتى ھەققىدە» قاتار-
لىق ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئېستېتىكىغا ئائىت نەزەرىيىۋى
ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. شۇنداقلا ئۇ «لامورنىڭ جىيەنى»،
«راھىبە»، «تەقدىرپەرەس ياك ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى» دېگەن
رومانلارنى يېزىپ، فرانسىيىنىڭ XVIII ئەسىردىكى ئاساسلىق
يازغۇچىلىرى قاتارىغا ئۆتكەن. تارىختىكى مۇنداق مىساللارغا
نەزەر ئاغدۇرسىڭىز، بىردە «سۆز ئويۇنى» قىلىدىغان ئەدىبلەر-
نىڭ جىددىي ئىشلەيدىغان ئالىملارغا، بىردە ئالىملارنىڭ «سۆز
ئويۇنى» قىلىدىغان ئەدىبلەرگە ئايلىنىپ قالغىنىنى كۆرىسىز.
تارىختا شۇنداق بولغانىكەن، بۈگۈنكى ئەدىبلىرىمىزنىڭ پەن -
تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىنتىلگىنىگە خاپا بولمىساقمۇ
بولىدۇ.

قاسىم سىدىق تاپا - تەنىلەرگە پەرۋا قىلماي، يەنە باشقا
ئاتاقلىقلارنى ئىزدەشكە باشلىدى. «بوشلۇق»، «يوقلۇق»،
«ئۈچ قاتلاملىق ئالەم» دېگەن مەسىلىلەر ئۇنىڭ مېڭىسىدىن
زادىلا نېرى كەتمەيتتى... پەن - تەتقىقات ئورنىدىكى مەلۇم بىر
ئەرباب قانداقلا بولمىسۇن قاسىمنىڭ ھېلىقى «چىكىش» مەسە-

لىلەر يېزىلغان تېزىسنى ئوقۇپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى
خۇش قىلدى ۋە ئۇ قاسىمدىن:
— چەت ئەل تىللىرىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى قاسىم.
ھېلىقى كىشى كۈلۈپ:
— سىز ئاۋۋال چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىڭ، چەتنىڭ
نۆۋەتتىكى ئىلىم - پەن ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇڭ، — دېدى.
چەت ئەل تىلى دېگەندە ھازىر خەلقئارادا ئېقىپ يۈرگەن
چوڭ تىللاردىنلا بىر قانچىسى بار. چەت ئەللەردىكى گېزىت -
ژۇرناللاردا ھەركۈنى يۈزلەپ ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى خەۋەر
قىلىنىپ تۇرىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللار ئۇنىڭ
ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۈلگۈ-
رىدۇ. قاسىم سىدىقنىڭ ھەم تىل ئۆگىنىپ ھەم بارلىق يېڭى-
لىقلاردىن خەۋەردار بولۇشتەك مۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقالىشى مۇمكىنمۇ؟ قاسىم:
— يائاللا، ئۇنداق بولسا بۇ بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدى-
غان ئىش ئەمەسكەن ! - دەپ قايتىپ چىقتى.
بۇ كىشىنىڭ سۆزىنى سەممىي دېمەسلىككە ھېچقانداق
ھەققىمىز يوق. دەرۋەقە، كۆپ خىل تىللارنى ئۆگەنگەندە كىشى-
نىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. لېكىن، چەت ئەل تىللىرىنى
ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان بىر كىشىنىڭ كاللىسىدا
ھازىرقى زامان پەن ئۇچۇرلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى
ئاساسىدا مەلۇم بىر ئىجابىي قاراش شەكىللەنسە، ئۇ بۇ كۆز
قاراشلارنىمۇ ئاۋۋال چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ، ئاندىن ئوتتۇرىغا
قويۇشى لازىممۇ؟ ... قاسىمنىڭ ئىدىيىسىدىن بۇ پىكىرمۇ ئۆت-
مىدى، ئۇ: «بىر مىللەتنى ئۆز مىللىي تىلىنى ۋاستە قىلىپ
تۇرۇپ نەتىجە يارىتالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟ ھازىرقى زامان
ئىلىم - پەنىنىڭ دەسلەپكى ئۇلىنى سالغان قەدىمىي يۇنانلىقلار



ئەينى ۋاقىتلاردا زادى قانچىلىك چەت ئەل تىلى بىلگەن؟... »
دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.
يەنە، بەزى پېشقەدەملەر ئۇنىڭ يازغانلىرىنى كۆرۈپ چى-
قىپ: «ھەي، سىز تېخى ياش ئىكەنسىز، يەنىمۇ ئۆگىنىڭ »
دېدى. قاسىم ئۇچراشقان ئادەملەر ئىچىدە «ماقالىڭىزنى بىر -
ئىككى بەت كۆرۈپلا تاشلىۋەتتىم. ھەممىسى قۇرۇق گەپ، مۇ-
ھاكىمە قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ! » دېگۈچىلەرمۇ بولدى. ئېھتىمال،
ئۇلار قاسىمنى تۈيۈقسىز كاللىسىغا ئالىم بولۇش خىيالى كىرىپ
قالغان بىر ساراڭ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىمۇ
مۇمكىن. راست - دە، چەت ئەلدە ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئالىي
ئوقۇش ئورۇنلىرىدا تەربىيىلەنگەن شۇنچىۋالا بىلىم ئىگىلىرى
تۇرغان يەردە قاسىمدەك بىر سەھرالىقتا فىزىكىلىق مەسىلىلەر
ئۈستىدە چوڭ گەپ قىلىشنى كىم قويۇپتۇ؟
شۇنداقمۇ ئادەملىرىمىز باركى، مەلۇم بىر ساھەدىكى بى-
لىملەرنى قوبۇل قىلىۋېرىپ كاللىسىنىڭ تەييار بىلىملەر ئىس-
كىلاتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇقماي قالىدۇ. يىللار ئۆتكەن-
سېرى، مۇنداقلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ئۇ-
زىگە رامكا بولۇپ قېلىپ، ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرگە توغرا
كەلمەيدىغانراق گەپ بولۇپ قالسىلا قوبۇل قىلالمايدىغان دەرى-
جىگە يېتىدۇ. ئۆزى شۇنچىۋالا بىلىمى تۇرۇپمۇ يېڭى نەرسىلەر-
نى ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقتىن، ئۆزىدىن بىلىمى تۆۋەنرەك كى-
شىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلال-
مايدۇ. مۇنداق بىلىملا ئىگىلەپ، ئۇنى ئىشلىتىپ تۆھپە يارات-
مايدىغان ئادەملەر پۇللا يىغىپ خەجلىمەيدىغان بېخىللارغا ئوخ-
شاپ كېتىدۇ. پۇل يىغىپ خەجلىمەيدىغان مۇنداق كىشىلەرنى
«پۇلى بار كەمبەغەل» دېسە بولىدۇ. ئۇلار بىلەن ئادەتتىكى
كەمبەغەلنىڭ پەرقى شۇكى، ئادەتتىكى كەمبەغەل پۇلى بولمى-
غاچقا خەجلىمەيدۇ، «پۇلى باركەمبەغەل » بولسا پۇلى تۇرۇپمۇ

خەجلىمەيدۇ. كەمبەغەل قانداقلا بولمىسۇن «پۇل تېپىپ قالسام ئۇنداق قىلاتتىم، مۇنداق قىلاتتىم» دەپ شېرىن خىياللارنى سۈرىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، راستىنلا ئۇنىڭ قولىغا پۇل چۈشۈپ قالسا، ئەلۋەتتە ئويلىغان ئارزۇلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ ھېلىقى «پۇلى بار كەمبەغەل»نىڭ بولسا قانچە پۇل تاپقىنى بىلەنمۇ ئەھۋالى ئۆزگەرمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭ پۇلىنىڭ سانى ئاشىدۇ.

پەن ساھەسىدىكى گىگانتلاردىن بولغان نيۇتون 23 يېشىدا، ئېينىشتېيىن 26 يېشىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم نەزەرىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغانىدى. بۇ چاغ ئۇلارنىڭ ياش ۋە دادىل تەپەككۇر قىلىدىغان چېغى، شۇنداقلا ئۇمۇمىي بىلىمىنىڭ ئاسارىتىگە ئانچە چىرمىلىپ قالمىغان ۋاقتى ئىدى. ئېينىشتېيىننىڭ ھاياتىنى بىزگە تونۇشتۇرىغان ئاپتور چىن گۆەنگىن ئۆزىنىڭ «ئېينىشتېيىن» دېگەن كىتابىدا: «شۇچاغدا ئېينىشتېيىن بىلىم جەھەتتىن دۇنياغا داڭقى چىققان نوپۇزلۇق ئالىملاردىن خېلى تۆۋەن ئىدى. لېكىن، ئانچە ئىش كۆرمىگەن، تەجرىبىسىز بولغاچقا، ئۇنىڭدا تارىخ قالدۇرغان قاتمال قاراش، شۇنىڭدەك مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ كەلگەن ئېغىر بوغچىمۇ يوق ئىدى، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايتتى» دەپ يازسا، «مەيدان» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى لېدىنىك: «بەلكىم ئېينىشتېيىننىڭ تەلىيى — ئالغان تەربىيىسىنىڭ ئۇنچىلىك سىستېمىلىق بولماسلىقى، شۇنداقلا، كاتتا ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرمىگەنلىكىدە بولسا كېرەك» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بىزنىڭ قىسمەن نوپۇزلۇقلىرىمىز ئاغزىدا ياشلار يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك دېسىمۇ، كۆڭلىدە ئىقرا قىلمايدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ھازىر 40 ياشلارغا بېرىپ قالغان ئادەملەرنىمۇ «ھېچنېمە بىلمەيدىغان كىچىك بالا» دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى.



قاسىم سىدىقنىڭ بەزى ئىشلاردىن قاتتىق كۆڭلى قالدى. قۇرساق كۆپۈكىدە ئۇ مۇنداق بىر شېئىر يازدى.

ئۆزى تۇخۇم تۇغمايدۇ، بۇ ھورۇن مېكىيان،
تۇغۇپ بەرسەڭ باسىدۇ، قىلىدۇ پالاق.
تۈزەشنىڭ ئورنىغا بۇزىدۇ دائىم،
تۈزىگەنلەرنى چوقۇلاش ئاڭا خاس «ئەخلاق».
رۇكۇلدايدۇ ھەر كۈنى كونا مۇقامغا،
چىقمايدۇ ئۇنىڭدىن يېڭىراق سادا.
ئۇنىڭچە ئىلىم - پەن مازار ۋە مەبۇد،
نيۇتون پەيغەمبەر، ئېينىشتېيىن خۇدا.
ئەمدى ھاجەت ئەمەس گويا تەپەككۇر،
پەقەت لازىم ئىمىش سەجدە - ئىقتىدا.
قەدىرلىك — نادانلىق، چاكىنا ئېتقاد،
پاراسەت قەدىرسىز ئۇنىڭ ئالدىدا.

ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، قاسىمنىڭ كۆز قاراشلىرىنى دىئالېكتىكىغا، ماركسىزملىق پەلسەپە روھىغا ئۇيغۇن ئەمەس، دېگۈچىلەرمۇ چىقىپ قالدى. بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار «دىئالېكتىكا»، «ماتېرىيالىزم» دېگەن ئۇقۇملارنى ئادەم قورقىتىدىغان ۋاستە قىلىپ ئىشلىتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مۇشۇنداق قالپاقلارنى كىيگۈزۈۋالسىلا ھەرقانداق كۆز قاراشلارنى مۇھاكىمە قىلمايلا رەت قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردە دىنىي سوت نۇرغۇن پەن ئالىملىرىنى «دىنغا قارشى چىقتى»، «خۇدانى رەت قىلدى» دەپ ئەيىبلەپ سوراققا تارتقانىدى. لېكىن، ماركسىزم دىن ئەمەس، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا بىلەن ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئۆزى بىر ئىلمىي ھەقىقەت؛

ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى توغرا تونۇش يولىدىكى ھەربىر ئىزدىنىش دىئالېكتىكا ۋە ماركسىستىك پەلسەپىنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىشىش ئۈچۈن تاشلانغان ھەربىر قەدەمگە باراۋەر.

شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، بىزنىڭ بۇ سوتسىيالىستىك مەملىكىتىمىزدە قانداقلا بولمىسۇن يەنە ئىلىم - پەننى چۈشىنىدىغان، يېڭى شەيئىلەرنى قوللايدىغان بىلىم ئىگىلىرى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. نۇرغۇن نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىڭ ئاپتورى بولغان پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قاسىم سىدىقنىڭ تېزىسلىرىنى تولۇق كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «بۇ قاراشلار ماتېرىيالىستىك پەلسەپىگە زىت ئەمەس، ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ئىختىرانىڭ چەكلىگۈچىسى، تەپەككۇرنىڭ زىندانى ئەمەس، ئۇ ئىلھاملاندۇرغۇچى ۋە ئۆزىنى تولۇقلىغۇچى كەمتەرلىكى بىلەن يېتەكلىگۈچى!» دەپ كەسكىن ئېيتتى. ئۇ قاسىمنىڭ ماقالىسىگە: «قاسىم سىدىقنىڭ فىزىكىلىق بوشلۇق ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار فىزىكىلىق سۇبستانسىيە شەكىل ۋە كۈچ، بوشلۇق، فىزىكىلىق ‹يوقلۇق› ۋە ئالەمنىڭ ئۈچ قاتلاملىقى ھەققىدىكى قاراشلىرى فىزىكا، بولۇپمۇ ماددىي دۇنيا قۇرۇلما نەزەرىيىسىدىكى يېڭى تەپەككۇرنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇنداق قاراش خېلى زور ئىلمىيلىككە، بۆسۈش خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئەگەر ئۇ تولۇقلىنىپ قوبۇل قىلىنسا بىزنىڭ فىزىكىلىق ئالەم قاراشلىرىمىز يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن. پەن قانۇنلىرى بىرى ئاساسىدا بىرى ئىختىرا قىلىنىپ كەلگەن، بىلىش تارىخىمۇ بىر قاتلامدىن يەنە بىر قاتلامغا كۆتۈرۈلگەن. بۇنداق ئىختىرالار ئومۇمەن ئالدىنقى قائىدىلەرگە قانائەتلەنمەسلىك، باشقا نەرسىلەر ئۈستىدىكى تەجرىبە جەريانى، تاسادىپىي تەسەۋۋۇر ياكى ئوخشىتىشلار ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. ئۇ قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن بىلىش ۋە تېخنولوگىيىلىك ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ كەلگەن. قاسىم سىدىقنىڭ تەبىئەت ئىلمىدە



نەزەرىيىۋى فىزىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى ئۈستۈن، قائىدە تۈزۈش ۋە ئىخچاملاش ئىقتىدارى ياخشى ئىكەن. قوللاشقا ئەرزىيدۇ... يوقلۇق بىلەن ‹فىزىكىلىق يوقلۇق› بىر نەرسە ئەمەس، يوقلۇق، فىزىكىلىق يوقلۇق، ماددا ۋە بوشلۇقتىن كېيىنكى تەتقىق قىلىنمىغان 3 - قاتلام سۈپىتىدە يەنىلا پەلسەپىۋى بارلىق. بۇلار زىت ئەمەس. مېنىڭچە، قىزغىن قوللاش، پىكىر ئۇچۇقچىلىقى، ئىقتىسادىي ياردەم مۇھىم. مىللىتىمىز تەبىئەت ئىلمىنى يوقىتىپ قويغىنىغا بەش ئەسىر بولدى. قوللاش ۋە باشقا مىللەت ئالىملىرىغا بۇ ئۇچۇرنى يەتكۈزۈش لازىم. تەبىئەت ئىلمىي قانۇنىيەتلىرى سەمەت ھەل قىلمىسا، ئەمەت ھەل قىلىدىغان زۆرۈر نەرسىلەر بولۇپ، يازغۇچىنىڭ يازمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان ئەسىرى ئەمەس» دەپ تەپسىلىي پىكىر يازدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى پەلسەپە پروفېسسورى باۋدۇن توختى قاسىمنىڭ «‹بوشلۇق نەزەرىيىسى›نىڭ ئاساسلىرى» دېگەن ماقالىسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «بۇ ماقالە ئەسلىدە ئېينىشتېيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ يېزىلغانىكەن. ئېينىشتېيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى زامان بىلەن ماكاننىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ماددا بىلەن بولغان باغلىنىشىنى فىزىكىلىق دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تولۇقلاپ، دىئالېكتىكىغا تۆھپە قوشقانىدى. يولداش قاسىم سىدىقنىڭ بۇ ماقالىسى نەزەرىيە جەھەتتە مانا شۇ مەسىلىنى دەلىللەپ كىشىنى ناھايىتى قايىل قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ماقالە ھەجىم ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ كەڭ ۋە تەپسىلىرەك تېزىلغان بولسا تېخىمۇ ئوبدان بولغان بولاتتى. ھەرقانداق بىر ئىلىم - پەنگە ئوخشاش فىزىكا بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن، فىزىكا تەتقىقاتى ئەگەر ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلىدىكەن، قىڭغىر يولغا كىرىپ قالماي قالمايدۇ. بۇ ماقالە ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭغا ماركسىزملىق پەلسەپە-

نىڭ ماتېرىيالىزىم ۋە دىئالېكتىكا پرىنسىپلىرى مۇناسىپ ھالدا ياخشى سىڭدۈرۈلۈپتۇ. بايان ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە ئۇنىڭغا خىلاپ ئەھۋاللار مەۋجۇت ئەمەس. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىلىم - پەن تەرەققىياتىمىزدا بەزى ئىجتىمائىي پەن جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلىرىمىز بولسىمۇ ، تەبىئىي پەن جەھەتتە، بولۇپمۇ ماتېماتىكا، فىزىكا قاتارلىق ئاساسىي پەنلەردە تېخى كۆپ ئارقىدىمىز. بۇ جەھەتتە يولداش قاسىم سىدىق ئالغا بىر قەدەم تاشلاپتۇ. شۇڭا ياردەم بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. ماتېماتىكا، فىزىكا تەتقىقاتىدا قاسىم سىدىققا ئوخشاش ياش ئىزلەنگۈچىلەرنىڭ يەنىمۇ كۆپ مەيدانغا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن » دەپ ئۆز پىكرىنى يازدى.

شىنجاڭ داشۆ فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىمتىھان ۋاقتىدىكى ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، بىر مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. يىغىنغا فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپ پۈتتۈرۈدىغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى. بۇ فاكۇلتېتنىڭ شاۋكەت تۇرسۇن، شەمشىدىن شاكىر، قۇببەس يولداش قاتارلىق ئۈچ نەپەر دوتسېنتى قاسىم سىدىقنىڭ «بوشلۇق نەزەرىيىسى» گە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى بايان قىلغان ئىككى پارچە ماقالىسىگە: «1 ـ بۇ ماتېرىياللاردا ئادەتتىكى فىزىكا ئۇقۇملىرىنى بىۋاسىتە ئىنكار قىلىدىغان مەزمۇن يوق. ئاساسىي جەھەتتىن ئىجادىي پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇلارنى كلاسسىك فىزىكا ياكى ئەمەلىي نەزەرىيىۋى فىزىكا چۈشەنچىلەرگە قارىتا تەنقىد، دەپ چۈشىنىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. 2 ـ ئالەمنى ماددا، بوشلۇق، ‹يوقلۇق› دىن تۈزۈلگەن، دەپ قاراش ۋە شۇنداق چۈشەندۈرۈش دىئالېكتىك پەلسەپە پرىنسىپلىرىغا خىلاپمۇ ئەمەس. لوگىكىلىق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. 3 ـ ‹چەكلىك ۋە چەكسىز ئالەم› كۆز قارىشىنى



ئۆز شەرتلىرىگە نىسبەتەن توغرا، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە شەكىلنىڭ مىقدارىغا، شۇنداقلا ‹چەك› كە ئىگە بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. 4 ـ ‹مۇئەييەن شەكىل بەلگىلىك كۈچنىڭ تەسىرىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ›، دېيىش فىزىكىدىكى كۈچ ئۇقۇمىغا زىت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يەنە بىر خىل بايان قىلىنىش شەكلى. 5 ـ ‹يوقلۇق› نى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئومۇمىي ئالەملىك بوشلۇق شەكىلگە ئىگە ئەمەلىي گەۋدە بولىدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ شەكىل جەزمەن دىئالېكتىك پەلسەپە نۇقتىسىدىن ‹شەكىلسىزلىك ۋە چەكسىزلىك›، دىن ئىبارەت بولغان ‹يوقلۇق› نى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ» دەپ باھا يازدى.

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى سابىت ھامۇتمۇ قاسىم سىدىقنىڭ ماقالىلىرىگە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ: «يولداش قاسىم سىدىقنىڭ ‹بوشلۇق نەزەرىيىسى›نىڭ ئاساسلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي ئىزلىنىشىنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇ ئىزدىنىشتە لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق ئالەمنىڭ ئۈچ قاتلىمى بايان قىلىنىپتۇ. مېنىڭچە، قاسىمنىڭ فىزىكىلىق شەكىل فىزىكىلىق كۈچنىڭ ئىپادىلىنىشى (ئىمكانلىكى) ، شەكىلسىز ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى، يەنى شەكىل دەل كۈچ دېگەنلىك بولىدىغانلىقى، فىزىكىلىق بوشلۇق، فىزىكىلىق شەكىلگە ئىگە ئىمكانلىكى، بوشلۇق دېگەنلىك كۈچ دېگەنلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىدىيىسى دادىل ئىدىيە. مۇشۇ ۋەجىدىن مەن قاسىمنىڭ بوشلۇق ھەرىكىتىنى ماددا ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەپەككۇرىنى، بوشلۇق ھەرقانداق شەكىلدىكى ماددىنىڭ ئىچى - سىرتىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىسىنى كەسپداشلارنىڭ سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرۈشىگە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ يەنە ھەرقانداق ئەمەلىي گەۋدە

ۋە شەكىل ئىپادىلىنىشتە ‹يوقلۇق›نى شەرت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشى، ماددا ھەرىكىتى مۇتلەق، جىملىقى نىسپىي. بوشلۇق جىملىقى مۇتلەق، ھەرىكىتى نىسپىي نۇقتىئىنەزەرى بىزنىڭ ماددىي دۇنيانى ئىلگىرىلەپ چۈشىنىشىمىزغا قولايلىق ئەكىلىشى مۇمكىن» دەپ باھا يازدى.

## تاسادىپىيلىقمۇ ياكى مۇقەررەرلىكمۇ؟

قاسىم سىدىق ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلار ئۇنىڭ كاللىسىدا تۈنۈگۈن ياكى بۈگۈن، ياكى بولمىسا قانداقتۇر بىر كېچىدە ئۇخلاپ، ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىكى ئۇزۇن يىللىق ئويلىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى

بىزنىڭ بۇ «غەلىتە» كۆز قاراشلىرىنى ئويلاپ تېپىشقا ئامراق قەھرىمانىمىز كۆپچىلىككە تولاراق بىر شائىر سۈپىتىدە مەلۇم. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي شېئىرلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇ شېئىرلا يېزىپ قالماستىن، «ئاتا ـ بالا» ناملىق پوۋېست، «مۇنچىدا»، «خىلۋەتتىكى چوغلۇق » قاتارلىق ھېكايىلەرنىمۇ يېزىپ، پىروزا ئىجادىيىتىدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى ئاشكارىلىغان. لېكىن، ئەدەبىيات قاسىم سىدىقنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپى.

بىر ئادەمنىڭ نەدە تۇرۇشى، نېمە قىلىشى لازىملىقىنى بەلگىلەپ بەرگىلى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ نەلەردە يۈرۈشىنى، ئىشتىن قايتىپ بارغاندىن كېيىن نېمىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىمەك تەس. قاسىمنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دادامتۇ، ئىشلەيدىغان ئورنى ئوتتۇرا مەكتەپ، كەسپى ئەدەبىيات مۇئەللىمى بولسىمۇ، ئويلايدىغان نەرسىلىرىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ناھايىتىمۇ كەڭ،



خىلمۇخىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بۇ شائىرىمىزنىڭ سېتىۋالغان كىتابلىرىنىڭ قىممىتى ئائىلە بىساتىنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت خەنزۇچە كىتابلار، ئۇ ئەدەبىيات، پەلسەپە، فىزىكا، خىمىيە، پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، ئالەمشۇناسلىق ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆرۈپ چىقىپ خاتىرە قالدۇرغان، ماقالىلەر يازغان. ئۇ باشقىلار يازغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە « ‹ئىشتىھالىق كېسەل›دىكى چىنلىق تۇيغۇلىرى»، «ئاچچىق ـ چۈچۈك پاراڭلار» قاتارلىق ئوبزورلارنى ئېلان قىلغان. گېزىت ـ ژۇرناللاردا «خاراكتېرنىڭ ئۈچ تەركىبى ۋە بەدىئىي خاراكتېر توغرىسىدا»، «زوقلانغۇچىلار پسىخولوگىيىسىنىڭ زۆرۈرلۈكى»، «زوقلانغۇچىلار پسىخولوگىيىسىنىڭ كاتېگورىيىلىرى»، «قايتا ئىجاد قىلىش ۋە ئىمكانىيەت»، «ماتېرىيال نەزەرىيىسى توغرىسىدا»، «جېن گۇدئول نەتىجىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى»، «خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىمۇ ئىسلاھاتقا موھتاج»، « ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنس ئالامەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي رولى»، «ئىنتوناتسىيە ۋە ئۇنىڭ رولى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان بەزى ئىلمىي قاراشلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

قاسىمنىڭ «ئاچچىق ـ چۈچۈك پاراڭلار» ناملىق ئوبزورىنى شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى شېرىپىدىن ئۆمەر: «خېلىلا سالمىقى بار يېرىك ئەسەر، چوڭقۇر ئىلمىيلىككە، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە» دەپ باھالىغان بولسا، دوتسېنت ئەخمەتبېك: «بىر تەرەپتىن ئىجادىي مۇستەقىللىككە ئىگە نەزەرىيە تەتقىقاتى··· يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئە-

سەرلەرنى ھەم نەزەرىيە ھەم ئەمەلىي جەھەتتىن ئادىل باھالايدۇ.
غان ئوبزور» دەپ، كۆز قارىشىنى يازغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر
تىلىدىكى جىنس ئالامەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي رولى» ناملىق
ماقالىسى ئۈستىدە تەتقىقاتچى مىر سۇلتان ئوسمان: «ماقالە ئاپ-
تورى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىكى جىنس ئۇقۇملى-
رىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتى-
كى رولىغا خېلى دىققەت قىلغان ۋە بۇ ھەقتە خېلى ئىزدەنگەن.
بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ماقالىنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى مۇئەييەنلەش-
تۈرۈشكە بولىدۇ.» دەپ يازغان. «زوقلۇنغۇچىلار پىسخولوگى-
يىسىنىڭ زۆرۈرلۈكى» دېگەن ماقالە ھەققىدە پىسخولوگىيە
دوتسېنتى ۋاھاپ غاپپار: «تەكلىپ خاراكتېرلىك مۇھىم ئىلمىي
ماقالە ... قىسقا بولسىمۇ ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى زور،
بۇ ئىلىم -پەن ئەھلى ئۈچۈن ئىلھام ۋە ھەيدەكچىلىك بولۇپ،
تەلەپ ئەمەلگە ئاشسا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى يەنە بىر ئىلمىي
قورالغا ئىگە بولغۇسى» دەپ يازغان بولسا، «زوقلانغۇچىلار
پسىخولوگىيىسىنىڭ كاتېگورىيىلىرى» دېگەن ماقالە ھەققىدە
«بۇ ماقالىنى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ئەمەلىي قىممەت-
كە ئىگە، نەزەرىيىۋى يېتەكچى قوللانما خاراكتېرلىك ئىلمىي
ماقالە، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ» دەپ باھا يازغان. ئۇنىڭ
«ماتېرىيال نەزەرىيىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى ھەققىدە
پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «قاتلام نەزەرىيىسى
بويىچە خېلى ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە... بۇنداق نەزەرىيە شىن-
جاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئىچىدە ئاز ئۇچرايدۇ... . مەن
مۇنداق ياخشى ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازغان.

ھەتتا بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا قاسىم سىدىق
«باللىق شېئىرلار ھەققىدە» دېگەن بىر ماقالىنى يېزىپ، يېڭى
بىر شېئىر شەكلىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بەزىلەر قاسىمنىڭ



بۇ نەرسىسىنى كۆرۈپ، «قاسىم سارالڭ بوپتۇ»مۇ دېيىشكەن.
كېيىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كاندىدات
تەتقىقاتچىلىرى قادىر ئەكبەر، مەھمۇت زەئىدىلەر ئۇنىڭغا يۇقى-
رى باھا بېرىپ، «باللىق شېئىرلار ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر
بىر يېڭى ئاكسىيوما، تەتقىق قىلىشقا ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن
مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان پىكىر، ئىلمىي قىممىتى بار.
نەزەرىيە جەھەتتىن بىر يېڭىلىق، دەپ قارايمىز» دەپ يازغان.
ئىشقىلىپ، بۇ «غەلىتە» مىجەزلىك شائىرىمىزنىڭ كاللىسىدا!
يېڭى - يېڭى پىكىرلەر پات - پات ئۇچقۇنداپ تۇرىدۇ. ئۇقۇش-
سام، ئۇ يەنە «ئىلھامنىڭ سىرى» سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىم-
دىكى ئىلمىي ئەسىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن يېزىپ پۈتتۈرۈپتۇ.
«يوشۇرۇن قىممەت - ئىجادىيەت - مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق
ئىلمىي ئەسىرىنى ژۇرنالغان سۇنۇپتۇ. ھازىر «ئومۇمىي مېتودولو-
گىيە»، «ناتۇرال تىللار»، «ئىجادىيەت - ئىجادىي قىممەت -
ئىجادىيەتنىڭ نىسپىيلىكى» قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنى-
ۋېتىپتۇ.

كىتاب ئوقۇش قاسىم سىدىقنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ھوزۇر
ئىش بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزى: «پۇرسەت تاپسىلا ماتېرىيال
كۆرىمەن. ئاساسىي ئۇقۇملارنى ئىگىلەش، ئۇقۇملار بىلەن ئۇ-
قۇملار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى بايقاش، بۇ زىددىيەتلەردىن
يېڭىچە لوگىكىلىق نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىش مېنىڭ تەپەككۇر
ئادىتىم» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «نۇرغۇن كىشىلەردە قاتمال قاراش
بار. ئۇلار تەييار ئۇقۇملار بىلەن قانائەتلىنىدۇ. ئۆگىنىش،
ئۆگەنگە قانائەت قىلماي يېڭى نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزلىنىش...
قانائەتسىزلىك مېنىڭ ئېتىقادىم» دەيدۇ. بىر شېئىرىدا ئۇ:

قانائەت مەن ئۈچۈن يار بولغان قاچان؟
روھىمدا ئەبەدىي ئاچلىق ھۆكۈمران.

تۈنۈگۈن ئىزلىگەن ۋىسال خوپ كەلدى،
ئەتىنى ئويلىسام سېزىمەن ھىجران.

دەپ يازغانىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ «قوينى قاسساپ سويسۇن،
تەبىئىي پەن بىلەن غەربلىكلەرلا شۇغۇللانسا بولىدۇ» دەيدىغان
ئۆر - ئۆزىنى كەمسىتىش روھىغا تۈپتىن قارشى ئىكەنلىكىنى
ئېيتتى. «دەرۋەقە، ئىلىم - پەن تەتقىقاتى مۈشكۈل خىزمەت، —
دەيدۇ، — ئۇ، — لېكىن، ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان
ئىشمۇ ئەمەس. پەننى سىرلىقلاشتۇرۇش پەننىڭ روھىغىمۇ
خىلاپ، ئىلىم - پەندە بۈگۈن غەربلىكلەرنىڭ ئىلگىرىلەپ كەت-
كىنى پاكىت، لېكىن ئەينى ۋاقىتلاردا غەرب دۇنياسىنىڭ
شەرقتىن كېيىن قالغانلىقىمۇ پاكىت ئىدى. غەربلىكلەرنىڭ
ھازىرچە ئىلگىرى كېتىشى ۋاقىت، شارائىتلا مەسىلىسى...
ئېنگېلس : بىر مىللەت پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرماقچى
بولىدىكەن، بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن ئايرىماسلىقى
كېرەك، دېگەن . چۈشكۈنلۈكنىڭ ئورنىغا ئۈمىدۋارلىقنى،
تەركىدۇنياچىلىقنىڭ ئورنىغا ئەمەلىي پائالىيەتچانلىقنى دەسسەت-
سەك، بىزمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايمىز» قاسىمنىڭ مۇنۇ بىر
كۇپلېت شېئىرىمۇ ئوقۇپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ:

مەن ئەھلى زۇننار مەغرىبى ئەمەس،
مەغرىبلا ئىلىمنىڭ چىرىغى ئەمەس.
غېرىب بولسام ئادالەتنىڭ غېرىبى،
لېكىن، پاراسەتنىڭ غېرىبى ئەمەس.

قاسىم سىدىق بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا تەبىئەت
دۇنياسىغا قىزىقىپ، بەزى نەرسىلەرنى يېزىشقا باشلىغان. دەس-
لەپتە ئۇ «ئالەملىك ئىرسىيەت ۋە ئالەم گارمۇنىيىسى» دېگەن



تېما ئۈستىدە ئىزدەنگەن. بۇنىڭدا ئۇ «ئىرسىيەت ئۇقۇمىنىڭ
دائىرىسىنى كېڭەيتىش لازىم، يەنى ئىرسىيەتنى نوقۇل بىئولو-
گىيىلىك ئۇقۇم ھالىتىدىن ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم دەرىجىسىگە كۆ-
تۈرۈش كېرەك» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خىمىيە
ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇ مەكتىپىدىكى بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى
بىلەن بىرلىكتە «ئېلېمېنت سەن نەدە؟» ناملىق بىر كىچىك
ماقالىمۇ يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى «بوشلۇق نەزەرىيە-
سى» توغرىسىدىكى ماقالىلىرىمۇ تويۇقسىزلا ئوتتۇرىغا چىققان
ئەمەس.

1989 - يىل 12 - ئايدا ئۇ «ئىلى گېزىتى» دە «ئەدەبىي
بوشلۇق نۇقتىئىنەزەرى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە
ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدە «بوشلۇق »نىڭ يېزىقچىلىق ۋە
زوقلىنىش پائالىيىتىدىكى ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئە-
سەر پسىخولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرىدا
مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار: «ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىش زۆ -
رۈركى، — دەپ يازىدۇ قاسىم، — بوشلۇق ھادىسىسىگە پەل-
سەپىۋى نۇقتىدىن نەزەر تاشلاش لازىم. بوشلۇقنى پەلسەپىۋى
ئابستراكتسىيە (ئۇقۇم) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش تامامەن مۇم-
كىن. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆز-
ئارا باغلىنىش ۋە خاسلىقلارنى بوشلۇق نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش
قىلىپ ئانالىز قىلغاندا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ
ئالغىلى بولىدۇ. ئەدەبىي بوشلۇق يۇقىرىقى پەلسەپىۋى بوشلۇق
ئىچىدە ئىزاھلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ كونكرېت بىر تارمىقى بولۇپ
قالىدۇ» .

قاسىم شۇنىڭدىن كېيىنلا «بوشلۇق نەزەرىيىسى» ( بۇ نە-
زەرىيىنى «شەكىل نەزەرىيىسى» دېگەن بولسا ئىسمى - جىسمى-
غا لايىق بولغان بولاتتى) دېگەن ئۇمۇمىي تېما ئۈستىدىكى
ئەمگىكىنى باشلىۋەتتى. ئۇ گەرچە دەسلەپ پەلسەپىۋى يىغىنچاق-

لاشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىلىرى بىر ئاز كونكرېتلىشىپ، فىزىكا ۋە ئالەمشۇناسلىقتىن ئىبارەت پەنلەرگە بېرىپ تاقالدى. ئېينىشتېيىن ئوتتۇرىغا قويغان زامان ـ ماكان ئەگرىلىكىنى «شەكىل» گە يىغىنچاقلاش قاسىم سىدىقنىڭ چىقىش نۇقتىسى. دەرۋەقە، ھازىر ھەرقانداق مەزمۇندىكى ئالەمشۇناسلىق ئالەمنى شەكىلگە يىغىپ قويىدۇ. «شەكىل جەزمەن ئارقا كۆرۈنۈش شەرتى ئاستىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ» مانا بۇ قاسىم ئوتتۇرىغا قويغان شەكىلنىڭ تاشقى شەرتى. بىز ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان شەكىلنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىساق، قاسىم بىر تەرەپلىمە ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ؛ «ئارقا كۆرۈنۈش» ئېتىراپ قىلىنسا، مۇقەررەر ھالدا «يوقلۇق» مۇ ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ. ھەرقانداق شەكىل جەزمەن مۇئەييەن مىقدارغا، مۇئەييەن كۈچكە ئىگە؛ ئەگەر بىز كۈچ ئىپادىلىمەيدىغان ۋە چەكسىز بولغان شەكىلنى تېپىپ چىقالىساق، يۇقىرىقى ھۆكۈم بىر تەرەپلىمە بولىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، قاسىمنى كۆزدە تۇتقاندا «بوشلۇق نەزەرىيىسى» نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئۇنىڭ تەپەككۇر يولىنى بويلاپ ماڭسىڭىز، ئۇ مەنتىقى ئىزچىللىق ۋە مەنتىقى مۇقەررەرلىكتىن ئىبارەت.

## ئۇ نېمىگە ئېرىشتى؟

غۇلجىدىكى بەزى يولداشلار قاسىمغا: «ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلمىساڭ بولامدىكىن، بۇ ئىشىڭ بىر باشقا چىقمايدۇ» دېگەندە قاسىمنىڭ «تەتۈرلۈكى» تۇتۇپ، زادى ئۈرۈمچىگە بىر بېرىپ ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىر تەرەپ قىلىپ كەلمەكچى بولغانىدى. ئاخىردا بۇ خۇددى كىچىك باللارنىڭ



«كېچەلمەيدۇ ھە، ھە!» دەپ بەرسە پاتقاقنى تېخىمۇ كەچكىنىدەك ئىش بولۇپ چىقتى.

قاسىمنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشتىكى مەقسىتى، بىرىنچىدىن، ئىلمىي ـ پەن تارماقلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئىدى. قاسىمنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە تايانغان قورالى ھازىرچە لوگىكا ۋە پەلسەپە، ئۆز نەزەرىيىسىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭدا مۇۋاپىق تەجرىبە لايىھىسى ۋە تەجرىبە شارائىتى يوق. مىقدارلىق ئانالىز، ماتېماتىكىلىق ئىسپاتلاش جەھەتلەردە ئۇ كەسىپ ئەھلى ئەمەس. ئالدى بىلەن، ھازىرقى مەنتەقە قۇرۇلما مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. بۇ ئىش لوگىكا باسقۇچىدىلا ئۇجۇقۇپ كەتسە، قالغان ئورۇنۇشلارنىڭ ھاجىتى قالمايتتى. ئىككىنچىدىن، قاسىم ئۆزىنىڭ يېڭى نەزەرىيىسىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا «ھازىرچە بۇ نەزەرىيىنىڭ ئەھمىيىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن، ھېچبولمىغاندا ئۇ ئالەم چەكلىكمۇ ياكى چەكسىزمۇ؟ دېگەن تالاش ـ تارتىشقا خاتىمە بېرىدۇ، ‹شەكىل كۈچ ۋە مىقدار› دېگەن چۈشەنچە قوبۇل قىلىنسا، ئالەمنى بىلىشنىڭ يەنە بىر مېتودى مەيدانغا كەلگەن بولىدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا، دەسلەپكى قەدەمدە قاسىم ئۆز ماقالىلىرىنى بىرەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇشى، كەسىپ ئەھلىلىرىگە ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇچۇر بېرىشى لازىم ئىدى.

لېكىن، قاسىم ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرنەچچە پروفېسسور ۋە دوتسېنتلارنىڭ باھالاش پىكرى تۇرۇپمۇ ئۆز ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىدىغان ئورۇن تاپالمىدى. ئىلمىي ـ پەن، نەشرىيات تارماقلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابى ناھايىتى ئاددى —— بىزنىڭ بۇ ژۇرناللىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش. سىزنىڭ يېڭى نەزەرىيە ئىكەن. باسالمايمىز، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. قىزىق يېرى شۇكى، قاسىمنىڭ بۇ يېڭى قاراش-

لىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە دەل ئاشۇ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلغان كىتاب - ژۇرناللىرىنىڭ تەسىرى زور بولغانىدى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مەقسىتى نېمە؟ باشقىلار تەرىپىدىن بايقالغان، ئىسپاتلانغان قانۇنىيەتلەرنى تونۇشتۇرۇپلا قويۇشمۇ ياكى شۇ ئاساستا ئۆزىمىزمۇ يېڭى نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەنىمۇ بىر قەدەم ئالغا بېسىشمۇ؟... قارالىڭ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئورۇنلىرىمىز جاپالىق ئىشلەپ، ئىلىم - پەننىڭ نۇرغۇن نەتىجىلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەردىيۇ، بۇ ئومۇملاشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان نەتىجىنى قوبۇل قىلالمىدى.

ئالىي مەكتەپلەردىن ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىغا، ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىدىن تەھرىر بۆلۈملىرىگە چېپىپ يۈرۈپ، قاسىمنىڭ ئايىغىنىڭ پاشنىسى چۈشۈپ قالاي، دېدى. ئەل - ئاغىنىلىرى ياردەم قىلىپ ئانچە - مۇنچە پۇل ئەۋەتىپ تۇرغانىدى. ئۈرۈمچىدە تۇرغان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى بۇ پۇللارمۇ تۈگەپ، يانچۇقىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا ئۆيىدىن خەت كېلىپ قالدى. خەتتە ئانىسى: «بالام، ئانچە - مۇنچە شېئىر دېگەندەك بىر نېمىلەرنى يېزىپ تۇرغان ۋاقتىڭدا ئاز بولسىمۇ قەلەم ھەققى ئېلىپ تۇراتتىڭ، تۇرمۇشىمىزغا ياردىمى بولاتتى. ھېلىقى بوشلۇق، يوقلۇق دېگەن بىر نېمىلەر كاللاڭغا كىرىۋالغاندىن بېرى ئۆيدىمۇ ھەممە نېمە يوق بولغىلى تۇردى. ئەمدى بولدى قىلىپ قايتىپ كەلسەڭ!» دەپ يازغانىدى. قاسىم سىدىق ماقالىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلىغا تاپشۇرۇپ، نائىلاج غۇلجىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

قاسىم ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا غۇلجىدىن سودىگەرچىلىك قىلغىلى چىقىپ كەتكەنلەر چېغىدا ئۆيىگە خېلى يانچۇقنى تومپايتىپ قايتىپ كېلىشتى. قاسىم بولسا يەلكىسىگە بىر مۇنچە قەرزنى ئارتىۋالدى. قاسىمنىڭ يېزىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك



ئىش ھەققى بار ئىدى. قەرز ئىگىلىرى پۇللىرىنى سوپلەۋەرگەچكە، قاسىم يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن شۇ پۇلنى ئېلىپ قەرزىنى تۆلىمەكچى بولۇۋېدى، بۇ پۇلمۇ پۈتمىدى. قاسىم يېزا باشلىقى بىلەن «ئالىيلىرى» دەپ ئانچە - مۇنچە چاقچاقلىشاتتى. «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، ئۇنىڭغا قارىتىپ مۇنداق بىر شېئىر يېزىپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالدى.

## «ئالىيلىرى»غا ئەرزى - ھال

ئەيلىيىن ئەرزىم بايان، ئالىيلىرى،
بولسىمۇ دەردىم ئايان، ئالىيلىرى.
قىلمىشىمدىن خەستە روھىم ئالدى نەپ،
بولدى چۈنتەككە زىيان، ئالىيلىرى.

پۇل بۇزۇپ قىلدىم سەيىر «بوشلۇق»نى مەن،
ئاقىبەت قالدىم قۇچۇپ «يوقلۇق»نى مەن.
خەجلىسەممۇ «يوقلۇق» قۇمدىن مىڭ تۈمەن،
كەلمىدى بىر بۇردا نان، ئالىيلىرى.

بالا - ۋاقام «يوقلۇق» قۇمدىن داد، دېدى.
ئەرزىمەس نەغمەڭنى بەس، توختات، دېدى.
تاڭغىچە ياقماي چىراغ ئۇخلات، دېدى.
ئاھ ئەجەب قىينالدى جان، ئالىيلىرى.

كەلدى ھەم قەرزىڭنى بەر، دەپ قانچىسى،
كۆزدە خەنجەر، تىللىرىدا قامچىسى.
قىلدى كۆكرەكنى ماكان خەنجەر بىسى،
ماڭا تار كەلدى جاھان، ئالىيلىرى.

ئۆز پۇلۇمغا «ھەق» دېسەم، كۆپ جورۇدۇم،
بارچىكى خەيرەندىلەرنى دورۇدۇم.
ئۆز گۆشۈمنى ئۆز يېغىمدا قورۇدۇم،
بولدى گويا قەستى جان ، ئالىيلىرى.

ۋاقتىدا بۇ ئىشقا بەرھەم بەرسىلە،
قانچە پۇل بولسا شۇنچە دەرھەم بەرسىلە.
پۇلنى جىقراق، دەردنى كەم - كەم بەرسىلە،
شۇندا تىنجىيدۇ زۇۋان، ئالىيلىرى.

قاسىم سىدىقتا ئوخشاش ئانچە - مۇنچە بولسىمۇ نەپ تېگىدىغان شائىرلىقنى تاشلاپ، ھەممىنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان «يوقلۇق» بىلەن ھەپىلىشىدىغان، ئىلمىي مەقسەت ئۈچۈن شۇنچە نۇرغۇن بەدەل تۆلەيدىغان «ئەخمەق» لەر ئارىمىزدا ھازىر ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

× × ×

مېنىڭ بۇ ئەدەبىي ئاخپاراتنى يېزىشتىكى مەقسىتىم ھەرگىزمۇ قاسىم سىدىقنى مەدھىيىلەش ياكى «بوشلۇق نەزەرىيىسى» نىڭ توغرا - خاتالىقىغا باھا بېرىش ئەمەس. دېمەكچى بولغىنىم، پارتىيىمىز تۈزگەن ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دەۋرىمىز ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. لېكىن، بەزىلىرىمىزنىڭ ئېڭى رېئاللىققا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. بۈگۈنكى ياشلىرىمىز ئىلىم - پەننى ئىگەللەپلا قالماي، يېڭى قىياس، يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولدى. بىز ئۇلارغا ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ توغرا -



خاتالىقىنى دەلىللەش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرەيلى!

بۈگۈنكى ئىلمىي پەرەزلەر ئەتىكى كەشپىياتنىڭ بىخى. پەندە تەكشى يول يوق. بەزى كۆز قاراشلار ئىسپاتلانغىچە نۇرغۇن سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. كوپېرنىكنىڭ «يەر قۇياشنى ئايلىنىدۇ» نەزەرىيىسى دەسلەپتە بىر خىل قىياستىنلا ئىبارەت ئىدى. پەقەت 300 يىلدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكى ئىسپاتلانغان. ھالبۇكى، ئىسپاتلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ ئۇ ھەقىقەت ئىدى. قىياس ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ خاتا چىقىپ قېلىشىدىن نېمە ئانچە قورقىمىز؟ دەلىللىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرسەكلا، مەلۇم بىر نەزەرىيىنىڭ ناتوغرىلىقىنى ئىسپاتلاش جەريانىدىمۇ كىشىلەر نۇرغۇن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بىلىۋالايدۇ. ئېينىشتېين «نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىلىم - پەن تارىخىمىزغا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار يېزىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانالمىغانلاردىن ئىلگىرى يول ئىزلىگەن مەغلۇپ بولغۇچىلار يېزىلمايدۇ؟ مانا بۇ ئادالەتسىزلىك، مەلۇم بىر يولدا مېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشمۇ ئىلىم - پەنگە قوشۇلغان چوڭ تۆھپە» دېگەنىدى.

ئىلىم - پەن تەتقىقاتى مۇشكۇل خىزمەت. ئەگەر بىر كىشى يىللاپ ئەجرى قىلىپ، ئاخىردا ماقالە يېزىپ ئۆزىنىڭ يېڭى بىر ئىلمىي قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئورۇن، ماقالىسىنى ئېلان قىلغۇدەك مەتبۇئات چىقمىسا بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزدە باشقىلارنىڭ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ژۇرناللار بولىدۇيۇ، ئۆز ئىچىمىزدىكى يېڭىلىق يارىتىشتا ئىنتىلگۈچى كۈچلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بىرەر ژۇرنال تەسىس قىلىنمايدۇ؟ ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش، مىللىي قورۇنۇش، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىجاد قىلىپ بەرگەن نەرسىلىرىگىلا تايىنىپ جان بېقىش مىللەتنى تەپەككۇر ھۇرۇنلۇقىغا، كىرىزىسكە باشلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىلمىي ھەقىقەتنى ئۆگىنىپ قويۇشلا

كۆپايە قىلمايدۇ، ئۇ تەتبىق قىلىنغاندىلا ئاندىن كۈچكە ئايلىنا-
لايدۇ. دادىل بولايلى، «كەلگۈسىدە ئىشەنچلىك چىقماي قېلىش
ئېھتىمالى بولغان قىياسنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىمۇ ھامان ھېچ-
قانداق بىر قىياسنىڭ بولمىغىنىدىن ياخشى» مانا بۇ سۆزنى
مەشھۇر خىمىيە ئالىمى مېندېلېيېۋ ئېيتقان!



مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىن تاللانما
1

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 12.375
1999 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1999 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 5,000
ISBN7—228—05081—9/I • 1894
باھاسى: 16.00 يۈەن

责任编辑：买买提伊明·西帕
封面设计：加拉力丁· 巴哈拉木

买买提明·吾守尔短篇小说选(1)(维吾尔文)

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆畜牧印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 12.375印张 2插页
1999年6月第1版 1999年6月第1次印刷
印数：1 — 5,000

ISBN7－228－05081－9/I·1894 定价：16.00元

[illegible]编辑：[illegible]
[illegible]设计：[illegible]

*HARVARD UNIVERSITY*

*http://lib.harvard.edu*

**If the item is recalled, the borrower will be notified of the need for an earlier return.**

WIDENER
AUG 0 2012
FEB 1 0 2013
CANCELLED

WIDENER
MAY 26 2009
FEB 1 0 2009

CARREL STUDY
WIDENER
CHARGE
2013
CANCELLED

*Thank you for helping us to preserve our collection!*